

ئەخەت تۇردى

# كونا كوچا

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

كونا كوچا

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : غالىب شاھ
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى
فوتوگراف : پولات ئابدۇكېرىم خوجا
رەسسام : قەيسەر ھسامىدىن



كونا كوچا

ISBN 978-7-5371-8784-8
باھاسى : 32.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com



ئۇشبۇ كىتابنى ئۆزۈمنىڭ بۈگۈندىن 70 يىل مۇقەددەم ئەنە شۇنداق كونا كوچىلارنىڭ بىرى « جانان كوچا » دا تۇغۇلغان تەۋەللۇت كۈنۈمگە بېغىشلايمەن !

( مىلادىيە 1940 - يىلى 20 - نويابىردىن مىلادىيە 2010 - يىلى 20 - نويابىرغا شۈكۈر - تەشەككۈرلەر بولسۇن ! )

- ئاپتور

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەخمەت تۇردى



# كونا كوچا

( رومان )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىز قېيۇم
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىپ شاھ

# كونا كوچا

(رومان)

ئاپتورى: ئەخەت تۇردى

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچا 1 ـ قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 12.125
2010 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2010 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 – 7 – 5371 – 8784 – 8
سانى: 3000 – 1
باھاسى: 32.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




-يەتمىش ياشلىق خاتىرە سۈرەت

2010-يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

تارىخىڭدۇر كۆپ ئەسىرلەر
ئىچرە پىنھان كۈچىلار.
ساڭا تەڭداش تەڭرىتاغۇ
ئەزىم تارىم كۈچىلار.
سۆزلىسۇن سۇلتان سۇتۇق،
سۆزلىسۇن گۇمنام تىلى،
كونا تارىخ بويىندا —
بىرلا مارجان كۈچىلار.

شۇنداق، ئۇزاق تارىخنىڭ ئۆچمەس ئىزنالىرى، ئەجداد روھىنىڭ نۇر ـ شولىلىرى ئەكسلىنىپ تۇرغان كۆرۈمسىز، غۇربەت، ئەمما ئۇردا سىياقىدىكى بۇ كۈچىلاردىن كىملەر ئۆتمىگەن؟
بۇ كۈچىلاردىن ئۇلۇغۋار خىياللار بىلەن ئانا تىل شۆھرىتىنى بەيگىگە سېلىپ مەھمۇد كاشغەرىي؛
بۇ كۈچىلاردىن قۇت ـ بەخت، ئىلىم ـ ئىرپان سىرلىرىنى ئىچىش يولىدا مەشئەل يورۇتۇپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ؛
بۇ كۈچىلاردىن تۇلپار مىنىپ، شەمشەر ئوينىتىپ سۇلايمان بۇغراخان؛

بۇ كوچىلاردىن بەختى قارا ئاشىق ـ مەشۇقلار ئۇچۇن
سۆيگۈ غەزەللىرىنى تۇۋلاپ ئابدۇرېھىم نىزارى؛
بۇ كوچىلاردىن جۇدالىق ئوتىدا پەرياد ئۇرۇپ
نوزۇگۇم؛
بۇ كوچىلاردىن شاھانە مۇقام كۈي ـ نەغمىلىرىنى
ياڭرىتىپ تۇردىئاخۇن ئاكىلار ئۆتكەن!
بۇ كوچىلاردىن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 1

تـوۋا، جاھاننـىڭ ئىشـلىرىغا بىرنـېمە دېمەك تـەس ئىكەن. تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا تىپتىنچ تۇرغان بـۇ باياشات، ئـازادە ئائىلـىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشـتـى، تىنچلىقى بۇزۇلۇپ، تەشۋىش ئۈستىگە تەشۋىش باستى.

تۈن يېرىم، دىل يېرىم...

زاھىر ھاجى يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كەتتى، بېشى قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى، ھويلىغا چىقماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردىيۇ، لېكىن بېشى قايغاندەك بولۇپ سۇپىنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ قالدى. تاشقىرىدىن شامالنىڭ ئۇشقىرتىشى، دېرىزىنىڭ تىرىقلىشى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئەمما، تازا زەن قويۇپ ئاڭلـىۋىدى، بـۇ ھـەرگىزمۇ شامالـنىـڭ ئۇشقىـرتىشى، دېـرىزىنـىڭ تىرىقـلىشى ئـەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ دەرد ـ ھەسرەتكە تولغان قەلبىنىڭ ھۆۋلىشى، نـالىسـى ئـىكەنلـىكىنـى سەزدى. ئـۇنـىڭ قوللىـرى تىترەيتـتى، مېڭىسى بـەئەينى قـاپاق ھەرە غۇجغـۇن ئويـنىـغاندەك غـوڭـۇلدايتـتى، بايا كـۆرگـەن چۈشـىنى ئەسلىگەندە، پۈتۈن ۋۇجۇدىنـى تېخىمۇ قاتتىق ۋەھىمە باستى...

قىزىق، تەبىئەت بەخش ئەتكەن تـۈن ـــ گويا زاھىر ھاجىمدەك يېرىم كېچىدە ئۇندەرەپ ئـويغىنىپ كەتكەن دەردمەنلەرنى سىناش ئۈچۈن ئاللا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن جازا ئەلچىسى ئوخشايدۇ. ئاۋۋال كۆزۈڭنى كـور قىلىپ،

ئاندىن مېڭەڭنى غوڭۇلدىتىدىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈرىكىڭنى سىقىپ، قۇلىقىڭغا ھەر خىل شەپىلەرنى ئاڭلىتىدىكەن...

زاھىر ھاجى ئەمدى راستتىنلا چىدىمىدى. ئۆيىنىڭ ھاۋاسى يەتمىگەندەك دېمى سىقىلىپ، يۈرىكى ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. ئۇ سۇپىدىن ئاستا سىيرىلىپ چۈشۈپ، چىراغنىمۇ ياقماي، تەمتىرەپ مېڭىپ ھويلىغا چىقتى.

ئۇھ!... نېمىدېگەن ساپ، سالقىن ھاۋا. ئاسماندا يېڭى ئاينىڭ تىنىق، نازۇك ئورغىقى يالتىرايدۇ، گۆھەر دانىلىرىدەك يېرىك - يېرىك يۇلتۇزلار سىرلىق پارلايدۇ. ئەنە تۆمۈر قوزۇق، ئۇنىسى ئۈكەر، ئەنە ئاۋۇ كۈنپېتىش تەرەپتە زۆھرە يۇلتۇزى جىمىرلاپ تۇرىدۇ... بۇلارنىڭ ھەممىسى زاھىر ھاجىغا تونۇش، ھەممىسى قەدىردان، ئەمما ھازىر ھەممىسى يات، بىگانە. يۇلتۇزلار گويا تۇمان ئىچىدە — نەمخۇش قاراڭغۇلۇق قوينىدىكى تۇمان ئىچىدە قالغاندەك خۇنۇك كۆرۈنىدۇ. ئايچۇ؟ شۇ تاپتا ئاي ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى يىغلاۋاتقان ئادەمنىڭ يۈزىگە ئوخشاش يېقىمسىز كۆرۈندى. قايغۇ - ئەلەم، داغ باسقان مۇڭلۇق بىر يۈز...

ھويلىدىكى ئۈجمىنىڭ چاڭ قونغان يوپۇرماقلىرى لەرزان شىلدىرلاپ، سىمابتەك تۆكۈلگەن ئاي نۇرىغا ئەركىلەيتتى. يام ۋە تەشتەكلەردىكى گۈللەر باھار بىلەن ياشناپ ئۆسۈپ، خۇش پۇراقلىرىنى توختىماي پۈركۈپ، ئەتراپقا ھەم ھۆسن كىرگۈزەتتى، ھەم ئىپار پۇرىقى تارقىتاتتى. ھاۋا ئىللىپ، دەرەخلەر ئويغىنىپ، باھار

ھەممە يەردە ئۆز جامالىنى نامايان قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تەبىئەتنىڭ بۇ جەلپكار كۆرۈنۈشلىرى زاھىر ھاجىمغا ھېچقانداق شادلىق بېغىشلىيالمىدى، ئەكسىچە ئۇنى تېخىمۇ بەتتەر تەشۋىشكە سالدى. كونا كوچا ـ مەھەللىلەرنىڭ، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ۋە قەدىردان قورۇ ـ جايىنىڭ تەقدىرى ئۇنىڭ باغرىنى ئېزىپ، دىلىنى غەش قىلاتتى. ئۇ قېرى ئۈجمە دەرىخىنىڭ يېنىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتى. ئاسماننى قاپلىغان يۇلتۇزلارنىڭ جىلۋىلىرىگە تىكىلگىنىچە بىردەمدىلا جاھاننى ئايلىنىپ چىقتى... «خۇدايا توۋا، نېمە ئۈچۈن بۇ ئىش بىزنىڭ بېشىمىزغا كېلىدۇ ـ ھە!؟ بۇ شەھەردە شۇنچە ئادەم، شۇنچە كوچا ـ مەھەللە، شۇنچە دۇكان ـ ساراي تۇرسا، نېمە ئۈچۈن كەلگۈلۈك بىزنىڭ ئۆي بىلەن بىزنىڭ دۇكانغا كېلىدۇ؟...»

ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەنە شۇ بىرلا سوئال ھۆكۈمران ئىدى. شۇ سوئالدىن تۇغۇلغان خىياللار، ئەسلىمىلەر ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلاتتى.

«ھەممە ئىش ئاشۇ كۈنكى قارغىش تەگكۈر يىغىندىن، ھېلىقى ئېگەر قورساق باشلىقنىڭ سۆزىدىن باشلاندىغۇ! بۇ ئۆلگۈرلەر پادىدىن بۇرۇن چاڭ كۆتۈرۈپ، پۈتۈن شەھەرنى تەشۋىشكە سېلىپ نېمە قىلىدۇ!؟»

دەرۋەقە، زاھىر ھاجىنىڭ دەردى ئاشۇ كۈنكى يىغىندىن كېيىن باشلىنىپ، تۇنۇگۈن كوچا باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى ئاچقان يىغىندىن كېيىن ئەۋجىگە چىققانىدى.

مىلادىيە 2003 ـ يىلى باش باھارنىڭ مەلۇم بىر



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆنى، شەھەر بويىچە ئۈچ مىڭ كىشىلىك كاتتا يىغىن ئېچىلىپ، ۋىلايەتنىڭ كاتتىلىرى جىددىي سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەردى. ئۇلار ئالدى بىلەن مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى، قائىدە - نىزاملارنى سۆزلىدى، ئاندىن كونا شەھەرنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى «ئەل رايى قۇرۇلۇشى»، «ساخاۋەت قۇرۇلۇشى» دەپ شەرھلەپ، بۇنى «زادىلا كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ ئىش» دەپ ئاتىدى. شۇ كۈنى پۈتۈن شەھەر غۇلغۇلا بىلەن ساراسىمىگە چۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما تېخى ھېچكىم قايسى كوچا، قايسى مەھەللىنىڭ بۇزۇلۇپ، كىملەرنىڭ ئۆي - دۇكانلىرى چېقىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. پەقەت تۈنۈگۈن ئېچىلغان يىغىندىلا كوچا باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى غۇلام نىياز ئۇزۇن بىر رويخەتنى ئېلان قىلىپ، بىرنەچچە كوچا - مەھەللىنى ئۇۋۇسى بۇزۇلغان ھەرىدەك غۇژۇلدىتىۋەتتى. مانا شۇ رويخەتتىن بىر ئەمەس، گويا ئىككى ئوق ئېتىلىپ چىقىپ زاھىر ھاجىمنىڭ يۈرەك بېغىشىغا تەگكەندەك بولدى. ئۇنىڭ ئەنجان رەستىسىدىكى خېرىدارلىق دۇكىنى بىلەن مانا شۇ ئاتا مىراس ئۆيى چېقىلىدىغان بولغانىدى.

«قېرىنداشلار، تۇغقانلار! — دېگەنىدى غۇلام نىياز ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئېچىلغان يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا، — قەشقەر شەھىرى شىنجاڭدىكى بىردىنبىر دۆلەت دەرىجىلىك تارىخىي شەھەر، ئۇ ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە، قەدىمىي يىپەك يولىدىكى نۇرلۇق بىر مەرۋايىت! ئەمما شەھىرىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىتى ئۇنىڭ مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر دېگەن نامى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئوبرازىغا ماس كەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا، بىز ماكانىمىزنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ ئۆزگەرتىپ، تۇرمۇشىمىزنى بېخەتەر، باياشات ھالەتكە يەتكۈزۈشىمىز كېرەك. بۇ بارلىق شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مۇقەررەر تاللىشى ۋە باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى!»

مانا شۇ يىغىندىن كېيىن زاھىر ھاجىمنىڭ نىرۋا ئەسەبلىرى تارتىشىپ، مىجەزى چاچقۇن بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ تۈنۈگۈن بىر كۈن خامۇش، پەرىشان يۈردى، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ئۇيقۇسىمۇ قاچتى. دېمىسىمۇ، كىم ئويلىغان بۇ كۈنلەرنى! تېخى تۈنۈگۈنلا ئارمان نېمە، غەم نېمە بىلمەي غادىيىپ يۈرگەن بۇ ئادەم بۈگۈن قېرىپ، يېشى يەتمىشكە يېقىنلاپ قالغاندا، بېشىغا بۇنداق تەقدىر - قىسمەتلەرنىڭ چۈشۈشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. بۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ ئەتىمۇئىندىن مۇشۇ كوچىدا، مۇشۇ مەھەللىدە، يەنە كېلىپ دەل ھاجىمنىڭ كۆز ئالدىدا بولۇش ئېھتىمالى ئۇنىڭ يۈرىكىنى سىقاتتى، كۆزىگە دۇنيانى قاراڭغۇ قىلىپ كۆرسىتەتتى. «ئاتىسىغا لەنەت بۇنداق تۇرمۇشنىڭ! — ئۇ ئاچچىقلاپ ئىچىدە سوكۇندى، — ئۆز ئۆيۈڭدىمۇ تىنچقىنە ئولتۇرالمىساڭ، ھەممىگە سېنى سازايى قىلماقچىمۇ، ھاجىم! كىشىلەر ھەمىشە يېڭى باھار كۆڭۈللەرگە ئۈمىد، ئىشەنچ ئەكىلىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ، ئۆتكەن باھاردا ۋۇجۇدقا چىقمىغان ئارزۇلار يېڭى باھاردا جامال ئاچسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئۈمىد قىلىشىدۇ. ئەمما، بۇ يىلقى يېڭى باھار ماڭا نېمە ئەكەلدى؟ زەررىچە ئۈمىد - ئىشەنچ ئەمەس، قاپقارا بالايىئاپەت ئەكەلدىغۇ!...»

مەھەللە مەزىنىنىڭ لاي پەشتاقتا تۇرۇپ بامداتقا ئېيتقان ئەزىنى زاھىر ھاجىنى خىيالدىن سەگىتتى. ئۇ پەرىشان كۆزلىرىنى ئاسمانىنىڭ سۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان يىراق بۇرجىكىگە تىكتى. ئاسماننى يەنىلا كەشتىگە بېسىلغان گۈللەرگە ئوخشاش دۇردانە يۇلتۇزلار بېزىگەن، تاڭ شامىلىدا يېنىك ئۈزۈپ يۈرگەن قارامتۇل، بوزامتۇل بۇلۇتلار ئادەمنىڭ كۆزىگە ھەر خىل تۇس، ھەر خىل شەكىلدە كۆرۈنىدۇ، ئەتراپ يەنىلا جىمجىت، يىراق ـ يىراقلاردىن سەگەك ئىتلارنىڭ ئاندا ـ ساندا ھاۋشىپ قويغان ئاۋازىدىن بۆلەك ئاۋاز يوق... «ئاللانىڭ كارامىتىدىن ئۆرگۈلەي! بەندىسىگە ئاتىغان دەرد ـ ئەسىرى كۆپ ئىكەن ـ دە! شۈكۈر، ھېلىھەم شۈكۈر!...»

زاھىر ھاجى شۇ سۆزلەرنى پىچىرلاپ ئورنىدىن تۇردى، دەھلىزگە كىرىپ چىراغنى ياقتى. دىرىزىدىن چۈشكەن شولا بىلەن ھويلا ۋاللىداپ يورۇدى. ئۇ ئالدىرىماي تەرەت ئالدى، تەرەت ئېلىۋېتىپ، قايسىبىر ئايەتنى كۇسۇرلاپ ئوقۇغاچ، ئەھلى مۆمىنلەرگە ئىمان، يۇرتقا تىنچلىق، ئۆزىگە ئاسايىشلىق تىلىدى.

※ ※

بامدات نامىزىدىن كېيىن زاھىر ھاجى كۆڭلىدىكى غەشلىكنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئىمامنى بىر چەتكە تارتىپ ھال ئېيتتى:

— بۈگۈن كېچە خاسىيەتسىز بىر چۈش كۆردۈم، تەقسىر!— دېدى ئۇ پەرىشانلىق ئىچىدە،— دادام رەھمىتى هويلىدىكى سۇپىدا ياتقانمىش، ئاستىدا كۆرپىمۇ يوق، قۇرۇق تاختا ئۈستىدە يېتىپتۇ. دادا، كۆرپە سېلىپ بېرەي دېسەم، ئۈنچىقمىدى، پەقەت يىغلايدۇ، دادامنىڭ يىغلىغانلىقىنى زادىلا كۆرمىگەنىدىم، قورقۇپ كېتىپ يېنىغا يۈگۈرۈپ بارسام، دادام غايىب بولۇپ كەتتى... يېرىم كېچىدىن بېرى كۆڭلۈم پاراكەندە، خامۇش يۈردۈم، ئاخىر بۇ دەردنى ئۆزلىرىگە ئېيتقۇم كەلدى.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، زاھىر هاجىم!— دېدى ئايۇپ ئىمام سىلىق، مۆلايىم ئاۋازدا تەسەللى بېرىپ،— كۆز يېشى دېگەن يورۇقلۇقنىڭ نىشانى! نىيەتنى ياخشى قىلىش كېرەك، ياخشى نىيەتكىمۇ، يامان نىيەتكىمۇ پەرىشتە ئامىن دەيدۇ!

— ئېيتقانلىرى كەلگەي ئىلاھىم!— دېدى زاھىر هاجىم يېنىك ئۇھ تارتىپ، ئاندىن ئىمامنى سىنىماقچى بولغاندەك گەپنى نەق مۇددىئا ئۈستىگە يۆتكىدى،— سىلى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيمۇ رويىخەتكە پۈتۈلۈپتۇ، تەقسىر، چېقىلىدىكەن... بۇ مەسچىتنىمۇ چاقىدۇ دەيدۇ... بۇنىڭغا قانداق قارايلىكىن؟

بېشىدىن كۆپ ئىشلار ئۆتۈپ قاغدالما بولۇپ كەتكەن ئايۇپ ئىمام كۆزلىرىنى سىرلىق قىسىپ، سۆھبەتدىشىنىڭ ئاچچىق يۇتۇپ پۇرۇشۇپ كەتكەن يۈزىگە بىرپەس تىكىلىپ قارىدى - دە، جامائەت ئالدىدا سىر بەرمەسلىك ئۈچۈن تومتاقلا جاۋاب بەردى:

— ئەھلى جامائەت نېمە بولسا، بىزمۇ شۇ زاھىر ھاجىم! «ئەل بىلەن ئۆلۈم بەجايىكى توي» دېگەن گەپ بار ئەمەسما! ئەمدى مەسچىتنىڭ چېقىلىشىغا كەلسەك، بۇ ئۆزى ئاللانىڭ ئۆيى، ئۇنىڭغا ئاللا ئىگەم ئۆزى بىر نېمە دەيدۇ. مېنىڭچە، ياراتقان ئىگىسى ياخشى كۆرگەن بەندىسىنىڭ بېشىغا ھەر خىل مۇشكۇللۇكنى سېلىپ سىنايدۇ، ئارقىدىن ئۆزى يەنە مۇشكۇلنى ئاسان قىلىدۇ، — ئۇ ئاخىرىدا مەنىلىك قىلىپ قوشۇپ قويدى، — پېقىرمۇ بۇ ئىشلارنى كۆپ ئويلاندى، ئاخىر پىرىمدىن ئەقىل سورىغاندىم، ئۇ كىشى ماڭا مۇنداق نەقىل بىلەن جاۋاب بەردى: «تۆتىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەلى جانابلىرى ئىبنى ئەبۇ تالىپتىن سوراپتۇلەركى: ‹ئاسمان — ئوقيا بىلەن تولغان ساداق بولسا، ياغماقچى بولغان ئاپەتلەر — ئوق بولسا، ئىنسانلار — نىشان بولسا، ئاتقۇچى — ئاللا بولسا، ئادەملەر قاياققا قاچىدۇ؟› ئىبنى ئەبۇتالىپ ئېيتىپتۇلەركى: ‹ئادەملەر ئاللانىڭ ئۆزىگە قاراپ قاچسۇن!›» بەس، بىزمۇ ھۆكۈمەتكە قاراپ يۈزلىنىشىمىز كېرەك، خان خاھىشى — خۇدا خاھىشى!

زاھىر ھاجى ئايۇپ ئىمامنىڭ سۆزلىرىدىن قانائەت تاپمىدى، ئۇ ئەسلىدە ئايۇپ ئىمامنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن قاقشاپ، داد - پەرياد كۆتۈرۈشىنى كۈتكەنىدى. ئايۇپ ئىمام شۇنداق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ جامائەتكە تەسىرى بولاتتى، جامائەت شۇنىڭغا قاراپ سەپ تۈزەتتى، ئەمما ئايۇپ ئىمام ئۇنداق قىلمىدى، ئەكسىچە جامائەتنى رايىشلىق بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا دەۋەت قىلدى، شۇڭا

زاھىر ھاجى كۆڭلىدە ئۇنىڭغا غوم ساقلاپ، ئۇنىڭ تەدانلىقىدىن رەنجىپ، ئىچىدە ۋايساپ قالدى. ئۇ مەسچىتتە ئىمامنى يالغۇز قالدۇرۇپ كوچىغا چىقتى. كوچا ئۇنىڭغا گويا بىردىنلا ھۇۋۇلداپ، ھەممە نەرسە زىمىستان قەرىگە شۇڭغۇپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى، يوللاردا ئەسكى ـ تۈسكىلەر ھەر تەرەپكە پىلدىرلاپ ئۇچاتتى، دۇنيا بەئەينى جۇلدۇرى چىققان كونا چاپاننى ئەسلىتەتتى...

مەسچىتتىن يانغان نامازخانلار كوچا دوقمۇشلىرىدا ۋە چاشقان ئۇۋىسىدەك تەرەپ ـ تەرەپكە شاخ تارتىپ كەتكەن مەھەللىلەرنىڭ ئەگىم ـ دوقاللىرىدا غۇژمەك بولۇشۇپ قىزغىن پاراڭغا ــ شۇ كۈنلەردىكى ھەممىسىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە، ھاياتلىق ماكانىغا تاقاشقان ئۆي چېقىش، ئۆي كۆچۈشتىن ئىبارەت سەزگۈر مەسىلە ئۈستىدىكى غۇلغۇلىغا چۈشكەنىدى. بەزىلىرى ۋارقىراپ، چالۋاقاپ؛ بەزىلىرى باتناپ، قېيىداپ تۇرغان بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ كوچا، مۇشۇ مەھەللىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلار ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بۇ يەرنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ كوچا ئالەمنىڭ چوڭ بىر قىسمى ۋە ئالەمدىكى ئەڭ گۈزەل جاي ئىدى. دىمىسىمۇ، تار، ئەگرى ـ بۈگرى، كۆرۈمسىز بۇ كوچىدا ئاجايىپ سەلتەنەتلىك ئۆيلەر بار ئىدى. بۇ ئۆيلەر بۇ شەھەرنىڭ يىراق، قەدىمي قەلئە مەدەنىيىتىنى بۈگۈن بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئالتۇن ھالقا ئىدى. شۇڭا، بىرى ئاچچىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— قىرىق يىل قىرغىن بولسا، ئەجىلى توشقان ئۆلىدۇ! قېنى، ھۆكۈمەت ئۆيۈمنى چېقىپ باقسۇن، ئەجىلىم توشقان بولسا ئۆيۈم بىلەن بىللە ئۆلەرمەن!

ئۇنىڭ يېنىدىن يانداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان زاھىر ھاجى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق سۆيۈنۈپ كەتتى. بۇ كوچىدا ئۆزىگە ھەمدەم بولىدىغان بۇنداق ئىمانى ئەركەكلەرنىڭمۇ بارلىقىدىن خۇشال بولدى. ئەمما، ئۆزىدىن سەل نېرىراقتا تۇرغان يەنە بىرىنىڭ:

— ئات باسمىغان يەرلەرنى تاينىڭ بېسىشى بەرھەق! ھۆكۈمەتكە باركاللا، خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، بىزنى بۇ قىستاڭچىلىق، مەينەتچىلىك، سېسىقچىلىقتىن خالاس قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ! بىزنى يەر تەۋرەشنىڭ، لەخمىنىڭ ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بوپتۇ. مەن بۇ ئىشقا ئاپىرىن دەيمەن، ئاپىرىن! — دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىغاندا، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئۆز كوچىسىدا بۇنداق تۇزكور، ئاسىي بەندىلەرنىڭمۇ بارلىقىدىن ئۆكۈنۈپ، ئىچ ـ ئىچىدىن پۇچىلىنىپ كەتتى.

زاھىر ھاجى كالتە يۆتىلىپ ھويلىغا كىردى. بۇ چاغدا ئاسمانغا سۈت رەڭ نۇر پۈركۈپ سۈبھى كۆتۈرۈلگەن، ھويلا ـ ئارام يورۇپ قالغانىدى. ئۇ سەللىسىنى ئېلىپ ئۇجمە دەرىخىدىكى مىخقا ئاستى، بېشىغا شەيدايى دوپپىسىنى كىيىۋالدى، ئۇنىڭ بايىقى قامەتلىك گەۋدىسى سەل چۆككەندەك كۆرۈندى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا تىمەن، بەستلىك ئىدى. بېشى يەتمىشكە تاقاپ قالغان بولسىمۇ، تېخى مۇكچەيمىگەن، ئىككى مەڭزى قىزىل، كۆزلىرىدىن خۇن قاچمىغانىدى.

زاھىر ھاجى قەددىنى رۇسلىدى، قولىنى ئارقىغا قىلىپ گويا بۇ ھويلىنى ــ ئاتا ـ بوۋىسىدىن مىراس قالغان بۇ تەۋەررۇك ماكاننى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك بىر خىل ھېرىسمەنلىك، شۇنداقلا بىر خىل ئىچكى ئازاب بىلەن ئۆينىڭ ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاق، ھەربىر تاش ـ كېسەك، ھەربىر ياغاچ ـ لىملىرىغىچە ئۇزاق قارىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، بۇ بىر پاراغەت ۋە ئاسايىشلىق ماكان ــ ئۇنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئانا ماكان ئىدى. زاھىر ھاجى ئۆزى چوڭ بولغان بۇ ئۆيلەردە ئاخىرقى ئۆمرىنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزۈشنى، ئەجدادلىرىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي مۇشۇ تۇپراقتا باقىي ئالەمگە ئۇزاشنى چىن دىلىدىن ئارمان قىلاتتى! ئەمما، كۇتۇلمىگەندە ئۇنىڭ بۇ ئوتلۇق ئارمانلىرى كۆلگە ئايلىنىش ئالدىدا تۇراتتى.

«ئۇلار بۇ يەرنى چاقماقچى، ۋەيران قىلماقچى! نەچچە يۈز يىلدىن بېرى قەد كۆتۈرۈپ، تالاي ئەۋلادنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن بۇ قەدىمىي، مۇقەددەس ئابىدىنى يەر يۈزىدىن يوق قىلماقچى! دۇنيادا يوق قىلىش، ۋەيران قىلىشتىن ئاسنى يوق! ئەمما، يارىتىشنىڭ، تۈزەشنىڭ تەسلىكىنى ئۇلار ئويلاپ بېقىپتىمۇ!؟...»

زاھىر ھاجىنىڭ دەردى بىداۋا ئىدى، ئىچىنى كۆيدۈرگەن چوغ تۇتەپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۆرتەپ داغلاۋاتقاندەك ئىدى.

زاھىر ھاجى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئېسىنى يىغدى. ئەڭنىدىكى ئۇزۇن يەكتەكنى سىلىپ بىر يەردە قويماقچى بولۇۋىدى، نېرىدا ھويلا سۈپۈرۈۋاتقان چوڭ كېلىنى مەستۈرىخان كەكلىكتەك يورغىلاپ كېلىپ، ئۇنىڭغا

ئېگىلىپ تەزىم قىلغاچ قولىدىكى يەكتەكنى ئالدى.

— كۈيەيىڭىز نامازغا چىقمىدىغۇ؟ — دېدى زاھىر ھاجى مەستۈرىخانىنىڭ يۈزىگىمۇ قارىماستىن سوغۇقلا، — نامازنى قازا قىلغۇدەك نېمە بوپتۇ ئۇنىڭغا!

— يوقسۇ، دادا، نامازنى ئۆيدە ئوقۇدى، پىشكە تاۋى يوق بولۇپ قاپتىكەن، مەسچىتكە چىقالمىدى، — دەپ چۈشەندۈردى مەستۈرىخان ئېگىلىپ تۇرۇپ.

زاھىر ھاجى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆگزىگە قارىدى. راست دېگەندەك كۈنچىقىش تەرەپتىكى مەنزەرىنىڭ چىرىغى يېنىق، ئۆي ئىچىدىن نامازدىن كېيىنكى قىرائەتنىڭ خىرگەي ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. بۇ يەردە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى تۇراتتى. ئەمما، كۈنپېتىش تەرەپتىكى مەنزەرىنىڭ دېرىزىسى تېخىچە قاراڭغۇ، ئۆي ئىچى جىمجىت ئىدى. بۇ يەردە كىچىك ئوغلى بىلەن كىچىك كېلىنى تۇراتتى. زاھىر ھاجى بۇ تەرەپكە قاپىقىنى تۈرۈپ خېلى ئۇزاق قارىدى ۋە ئۇلارغا سىگنال بەرمەكچىدەك، تامىقىنى قاتتىق قىرىپ يۆتىلىپ قويدى.

— تېزرەك ناشتىلىق تەييارلاڭ، مەستۈرىخان، — دېدى ئۇ مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ، — ئوغۇللار چۈشسۇن، مۇھىم گەپ بار!

ئەتىگەنلىك چاي داستىخىنى مول تەييارلاندى، قايماق چاي، گىردە نان، ھەر خىل مېغىز ۋە مۇراببا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. كىچىك كېلىن ئاشخانىدىلا ناشتا قىلىپ ئىشقا كەتتى، چوڭ كېلىن ئاشخانا بىلەن مېھمانخانا ئوتتۇرىسىدا پايپېتەك ئىدى. ئائىلىنىڭ ئايال خوجايىنى ھاجى خېنىم بولسا، كۆزى

خىرەلىشىپ قالغانلىقتىن، كۆپ ۋاقتىنى جايناماز ئۈستىدە ئۆتكۈزۈپ، قورسىقى ئاچقاندا ئايرىم غىزالىناتتى، باياتىندىن بېرى ھويلىنى بېشىغا كىيگەن نەۋرىلەرمۇ ئۈدۈل كەلگەن يەردە چېپىنى ئىچىپ مەكتەپلەرگە كېتىپ بولۇشقانىدى. زاھىر ھاجى ئىككى ئوغلىنى ئىككى تەرىپىگە ئولتۇرغۇزۇپ جىمجىت ناشتا قىلىشقا باشلىدى. ئىككى ئوغۇل دادىسىغا يەر ئاستىدىن قاراپ، ئۇنىڭ چېھرىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن ئىچىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەتنى چۈشەنگەندەك بولۇشتى. دېمىسىمۇ، زاھىر ھاجىنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن سالپايغان قاپاقلىرى ئارىسىدىكى پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىدە چوڭقۇر ئەلەم، ئېيتقۇسىز بىر غۇسسە بار ئىدى.

ئوغۇللار داستىخاندىن باش كۆتۈرمەي غىزالىنىشقا باشلىدى. زاھىر ھاجىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان كۆتمەك بورۇتلۇق، سېمىز، بويىنى قىسقا، ئىشتىھالىق ئوغلىنىڭ ئىسمى چوڭخۇن بولۇپ، دادىسى ئۇنىڭغا «تۇنجى ئوغۇل، چوڭ ئوغۇل» دېگەن مەنىدە ئاشۇ ھۆرمەتلىك ئىسىمنى قويغانىدى. ئەمما، بۇ ئىسىم كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزگىرىپ، كىشىلەر ئۇنى ئەركىلىتىپمۇ، كەمسىتىپمۇ ياكى تىلغا ئاسان كېلىدۇ دەپمۇ، ئىشقىلىپ «چوڭخاق» دەپ ئاتايدىغان بولدى. بۇنىڭغا دادىسىمۇ، ئۆزىمۇ دەسلەپتە كايىپ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ تۇرغاندا، خۇددى «بورۇتقا خاپا بولسام، ساقال چىقتى» دېگەندەك، خەقلەر ئۇنىڭ بىمەھەل قورساق سېلىپ كەتكەن كېلەڭسىز ئەپتىگە قاراپ چوڭخاق «بوغاز» دەپ ئاتايدىغان بولۇۋالدى.

زاھىر ھاجىنىڭ سول تەرىپىدە ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ بەخىرامان ئولتۇرغان كىچىك ئوغلىنىڭ ئىسمى ئابدۇشۇكۇر بولۇپ، دادىسى ئۇنىڭغا «ئاللانىڭ شۇكۇرلۇك بەندىسى بولسۇن» دېگەن نىيەتتە شۇ ئىسمنى تاللاپ قويغانىدى. ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ ئىسمىمۇ كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەر تەرىپىدىن «ئابدۇش»قا ئۆزگىرىپ، دادىسىدىن باشقا ھەممىسى ئۇنى ئاشۇنداق چاقىرىدىغان بولدى.

بۇ ئىككى ئوغلىنىڭ نامىشەرىپى ئوخشاشمىغانغا ئوخشاش، تەق ـ تۇرقى بىلەن مىجەز ـ خۇلقىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايتتى. ئابدۇش پۇتۇنلەي ئاكىسىنىڭ ئەكسى ــ جۇغى كىچىك، چەبدەس يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ قىزلارنىڭكىگە ئوخشاش چىرايلىق كۆزلىرى ئويچان باقاتتى، بۇ كۆزلەر يەنە شۇنداق سەممىي ئىدىكى، ئىچىدە غۇبار يوقلۇقى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى، كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ زامانغا لايىق مودا ئىدى. ئاكىسى چوڭخۇن بولسا، بەش ۋاخ نامازدىن باشقا ھەرىكىتى يوق، ئەتىگەندە دۇكانغا چىقىپ، كەچتە ئۆيگە كىرىپ يېيىش ۋە ئۇخلاشتىن باشقىغا ھەۋەس قىلمايدىغان «كالا مىجەز» بەندە ئىدى. ئۇ ئىچمەيتتى، چەكمەيتتى، خوتۇن ـ قىزلارغىمۇ ھەۋەس قىلمايتتى. قىسقىسى، ئوغۇل بالىنى بەتنامغا قويىدىغان جىمى نەرسىلەردىن خالىي ئىدى. «بەندىسىنىڭ بېشى ــ ئاللانىڭ تېشى!ــ دەيتتى ئۇ ھەمىشە قېرى ئادەملەردەك،ــ خۇدا خالىسا، ئاللاغا قىرىق نەچچە يىل سەممىي ـ سادىق بەندىچىلىك قىلدىم...»

چوڭخوَن دادىسىغا ئىنتائەتچان ئىدى، دادا ئالدىدا بىرەر ئۆزگىچە ئىستەك ـ خاھىشى ۋە تەلەپ ئىلتىجاسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن دادا بەئەينى مۇقەددەس بىر مازار، ئۇنىڭ بۇ مازارغا چوقۇنۇش، ئىبادەت قىلىش مەجبۇرىيىتىلا باركى، ئۇنىڭغا بويۇنتاۋلىق قىلىشنى ئۆزى ئۇچۇن گۇناھىئەزىم ھېسابلايتتى. شۇڭا، دادىسىمۇ ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. دادا ئۇنىڭ ئۆزى تاللاپ ئېلىپ بەرگەن خوتۇن بىلەن يىگىرمە يىلغا يېقىن غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلماي ئۆي تۇتۇپ، ئۈچ پەرزەنتىنى ساق ـ سالامەت چوڭ قىلىۋاتقانلىقىدىن، شۇنداقلا دۇكاننىڭ ئىشلىرىغا قارا سانىماي، بەتخەجلىك قىلماي تىجارەتنى ئاقتۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خۇشال ھەم خاتىرجەم ئىدى. ئەمما، دادا كىچىك ئوغلىدىن ئانچە خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بەڭباش، تورگۇنلۇكىنى ياقتۇرمايتتى، ئىمانى سۇسلۇقىدىن خاپا ئىدى. ئەدناسى، ئوغلىنىڭ ئۆزى تاللاپ ئېلىپ بەرگەن بوۋى سوپەت، رايىش خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتماي قويۇۋېتىپ، «مۇھەببەتلەشتۇق» دەپ يۇزى ئوچۇق، شېتىلە بىر قىز بىلەن توي قىلىۋالغانلىقىنى ھازىرغىچە كاللىسىدىن ئۆتكۇزەلمەي ئاۋارە ئىدى. «كونىلار: ‹شەھەر كۆرگەن ئىتتىن قاچ› دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن!ــ دەپ ئويلاتتى ئۇ كىچىك ئوغلى توغرىسىدا،ــ مەن ئۇنى بىكاردىن خارجى ئەللەرگە چىقىرىپ، نابىكار، ناجىنسلارنىڭ تەسىرىگە يولۇقتۇرۇپتىمەن!...»

راست، دادىسى توغرا ئويلىغانىدى. ئابدۇش ھەقىقەتەنمۇ شەھەر كۆرگەن، جاھان كەزگەنىدى. چەت

ئەللەردە ئۆتكۈزگەن بىرنەچچە يىللىق مۇساپىرلىق، سەرگەردانلىق ھايات ئۇنىڭغا مۇساپىرلىق ـ غېرىبلىقنىڭ مۇشەققىتى بىلەن بىللە خاسىيىتىنىمۇ كۆرسەتكەنىدى. بۇ خاسىيەت ئۇنىڭغا نەگە بارسۇن، نەدە تۇرسۇن ئۆز ئەتراپىدىكى ئادەملەر توغرىسىدا، ياشاۋاتقان جەمئىيەت ۋە ئۆز يۇرتىنىڭ گۈزەل كەلگۈسى توغرىسىدا ئويلاش ۋە ئىنتىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇ ھەمىشە: «بىز ھەرقانچە چەت، خىلۋەت يەردە ياشىساقمۇ، ھامان دۇنياۋى يۈزلىنىشنىڭ تەسىرىدىن ئۆزىمىزنى توسۇپ قالالمايمىز. مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارنى بارغانسېرى تاكامۇللاشتۇرىدۇ...» دەپ ئويلايتتى.

زاھىر ھاجى ناشتا قىلىپ بولۇپ ئوغۇللىرىغا قارىدى، ئۇلارمۇ داستىخاندىن قول ئۈزۈپ، يۈز ـ كۆزلىرىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈپ ئولتۇراتتى. زاھىر ھاجى بىر كېكىرگەندىن كېيىن، بېلىدىكى شايى رومالچىسى بىلەن باش ـ كۆزلىرىنى سۈرتتى ۋە قىسقىلا دۇئادىن كېيىن سۆرلۈك قىياپەتتە گەپ باشلىدى:

ــ باللىرىم، يېقىندىن بۇيان بۇرنۇمغا بىر شۇملۇق پۇراپ تۇرۇۋاتىدۇ!ــ دېدى ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ رايىنى تارتىش ئۈچۈن سۆزىگە بىر خىل جىددىي تۈس بېرىپ،ــ سىلەرمۇ خەۋەر تاپتىڭلار، كوچا باشقارمىسىدىكى ھېلىقى غۇلام «چاپاق» رويخەتنى ئېلان قىلدى، بىزنىڭ بۇ قەدىم جاي بىلەن ھېيتگاھتىكى دۇكىنىمىز چېقىلىدىكەن. ئاھالە كومىتېتىدىكى سالىكلەرمۇ دەپتەر ـ قەلەملىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئىشنى

باشلىۋەتتى. ئەمما، ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، مەن بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايمەن! مەنلا ئەمەس، ئاخىرەتتىكى ئەجدادلار روھمۇ يول قويمايدۇ! چۈشۈمدە ئايان بولدى، ئاتا ـ بوۋامنىڭ روھى قوزغىلىپ كەتتى، ئۇلار بىزگە مەددەتكار!

زاھىر ھاجى دېمى كېسىلگەندەك ئېغىر تىنىپ سۆزدىن توختىدى، چوڭ ئوغۇل دەرھال سۆز قىستۇرۇپ كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى:

— دادا، مەن مۇشۇ ئۆينىڭ ئوتىدا پىشىپ، سۈيىدە كۆككەرگەن! سىلى خاتىرجەم بولسىلا، مەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇ ئۆيگە قول سوزۇپ بىر تال چالمىسىغا چېقىلىشىغا يول قويمايمەن!

— ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ، بالام! — دېدى زاھىر ھاجى چوڭ ئوغلىنىڭ يەلكىسىگە قېقىپ، — دۇنيادا تۇزمەكنىڭ خاسىيىتىدىن ئارتۇقى يوق! تۇزمەكتىن بۇزماق ئاسان، بىر دەرەخنى يوغىنىتىپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش ئەمرى مەھەل ئىش. لېكىن، ئۇنىڭغا پالتا ئۇرۇپ غۇلىتىش بىردەملىكلا ئىش. بىرى بۇ دۇنياغا ئىبادەت ئۈچۈن كېلىدۇ، بىرى ئىمارەت ئۈچۈن كېلىدۇ. ئىككىنچىسىنى تاللىغانىنىڭ ئۆمرى باقىيدۇر. سەن بۇنى چۈشىنىپسەن، ئوغلۇم!

زاھىر ھاجى بىر دەقىقە ئولتۇرۇپ، ئېغىر بىر پۇشۇلداشتىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخشامدىن بېرى ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى:

— سىلەرچە قانداق قىلساق بولار، بالىلىرىم؟ ئۆينى چاقمايسەن، دەپ ئۇلار بىلەن تاياق ـ توقماق كۆتۈرۈپ

ئۈرۈشقىلى بولمايدۇ. بۇ زاماندا ئىشنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، كۆزىنى بىلگەنگە ئامەت كۈلۈپ باقىدۇ! ئەقىل بىلەن ئىش قىلىش كېرەك. مەن بۇنداق ئويلاۋاتىمەن، دۇنيادا نەپسى يوق ئىنسان يوق. «ئالتۇننى كۆرسە خىزىرمۇ يولدىن چىقىدۇ» دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان، ھازىر نۇرغۇن ئىشلار پۇل ۋە كۇچكە تايىنىپ ھەل بولۇۋاتىدۇ، ئۆزۈڭگە زۆرۈر بولغان ھەرقانداق نەرسىنى سېتىۋالساڭ بولىدۇ، بۇ ئەركەك كىشىنىڭ قۇدرىتىنى، ئەرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، بىزمۇ ئىشنى مۇشۇ يولدىن باشلايلى، ۋاقىت زىچ، باللىرىم، غۇلام «چاپاق» قىسقا مۆھلەت ئىچىدە ئۆينى بوشىتىشنى جاكارلىدى، ئەمدى بىز جىددىي ھەرىكەت قىلمىساق بولمايدۇ. تەدبىرىمىز قانداق بولسا، تەقدىرىمىز شۇنداق بولىدۇ، باللىرىم!

— توغرا ئېيتتىلا، دادا! — دېدى چوڭخاخۇن يەنە شۇ ئىتائەتمەنلىكى بىلەن مەيدىسىگە ئۇرۇپ، — ئاتا - بوۋىمىز: «چوڭ ھارۋا قاياققا ماڭسا، كىچىكىمۇ شۇ ياققا ماڭىدۇ» دېگەن. مانا بىز تەييار، نېمە ئىش بولسا تاپشۇرسىلا!

شۇ تاپتا چوڭخاخۇن ئۈچۈن قارشىسىدىكى بۇ ئادەمدىن دانا ۋە بۇ ئادەمدىن مۆتىۋەررەك زات يوق ئىدى. لېكىن، كۇتۇلمىگەندە ئۇنىڭ سۆزى ئىنىسى ئابدۇشنىڭ بىرنەچچە ئېغىز گېپى بىلەن رەت قىلىنىپ كەتتى:

— زامانغا بېقىپ ئىش قىلىش دانىشمەنلىكنىڭ ئالامىتى، دادا! — دېدى ئۇ قىلچە ئەيمەنمەي، — بۇ يالغۇز بىزنىڭلا بېشىمىزغا كەلگەن ئىش ئەمەس، پۈتۈن كوچا، پۈتۈن مەھەللە چىقىلماقچى. بۇ بىر شەھەرنىڭ

تەرەققىيات پىلانى، دادا! بۇنىڭدا ھۆكۈمەت خەلقنى يوشۇرۇن ئاپەتتىن، ناچار مۇھىتتىن قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلغان. بۇ بىر غەمخورلۇق! سىلەرمۇ كېزىتتىن ئاڭلىغانسىلەر، تېلېۋىزوردىن كۆرگەنسىلەر، ئۆتكەندە ئىراننىڭ بام شەھىرىدە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەشتە پۈتۈن شەھەر ۋەيران بولۇپ، نەچچە ئون مىڭ ئادەم تاش ـ تۇپراق ئاستىدا قالدى. مەن بۇنى چەت ئەلدىكى ۋاقتىمدا تېلېۋىزوردىن تولۇق كۆردۈم. بام شەھىرىمۇ خۇددى بىزنىڭ قەشقەرگە ئوخشاش ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغان كونا قەدىمىي شەھەر ئىكەن...

ــ سەن زادى نېمە دېمەكچى، ئابدۇشۇكۇر!؟ ــ زاھىر ھاجىنىڭ بىردىنلا قاپىقى تۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئاۋازى قەھرلىك ئىدى، ــ قەيەردە گۇناھىمىز بىر كۆپ بولىدىكەن، شۇ يەر خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، يەر تەۋرەش دېگەن خۇدانىڭ غەزىپى! ئەمما لېكىن قەشقەرنى ئەزەلدىن خۇدا ئاسراپ، پاناھىدا ساقلاپ كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئەزىزانە قەشقەر دەيمىز! ئەمدى ساڭا ئېيتىپ قوياي ئوغلۇم، سەن دەۋاتقان پىلان، تەرەققىيات، غەمخورلۇق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئادەم ئالدايدىغان شەيتاننىڭ گېپى!

ــ دادا، يېڭى رايونغا سېلىنغان قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ زادى نېمىسى يامان!؟ ــ دېدى ئابدۇشمۇ كۆڭلىدىكىنى ئوچۇق ئېيتىپ، ــ بىز قاچانغىچە سۇيى يوق، خالاسى يوق، مۇنچىسى يوق، ئەۋرىزى يوق كونا ئۆيلەردە ياشاپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز خورلايمىز؟! تاختا كۆۋرۈككە سېلىنغان يېڭى ئۆيلەردە ئولتۇرساق بولمامدىكەن، ئۇ

يەردە ھەممە شەرت ـ شارائىتلار تولۇققۇ؟!

ــ تولۇق ئەمەس!ــ دېدى چوڭاخۇن ئۇكىسىغا ئۆكتە قوپۇپ،ــ شەھەر ھاۋاسىغا قېنىپ، شەھەرنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك قۇچىقىدا ياشاپ ئۆگەنگەن ئادەملەر ئۈچۈن تولۇق ئەمەس!

ئابدۇشمۇ ئاكىسىغا زەردە بىلەن جاۋاب قىلدى:

ــ ئۇ يەر شەھەر بولماي نېمە؟! ناھايىتى ھېيتگاھتىن ئازراقلا ماڭساڭ بارىسەنغۇ! ساڭا خۇدايىمدىن ئۆمۈر بويى ھېيتگاھتىن نېرى سىلجىما دەپ ۋەھيي كەلگەنمۇ! ھە دېسە «ھېيتگاھ ـ ھېيتگاھ» دەپ يېپىشۋالىدىكەنسەن، تاختا كۆۋرۈكمۇ مۇشۇ ئەزىزانە زېمىنىمىزنىڭ بىر پارچىسىغۇ؟! خۇددى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز مۇشۇ كوچا، مۇشۇ مەھەللىلەرنى گۈللەندۈرگەندەك، بىزنىڭمۇ شۇ يەرلەرنى گۈللەندۈرۈش مەجبۇرىيىتىمىز يوقما؟!

ــ بولدى بەس!ــ زاھىر ھاجىنىڭ سەپراسى ئۆرلىدى،ــ سەن نېمە دەۋاتىسەن، بۇ گەپلەر بىلەن ئاتا ـ بوۋاڭغا، كوچا ـ مەھەللەڭگە، ئۆي ـ ماكانىڭغا تۆزكورلۇق قىلماقچىمۇسەن؟!

زاھىر ھاجىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ يۈزىگە قان تەپتى. ئادەتتە ئۇ بىرەر نەرسىدىن ئاچچىقلانسا شۇنداق بولاتتى. لېكىن، ئابدۇش دادىسىنىڭ بۇ ھالىتىدىن پەرۋايى پەلەك يەنىلا ئۆز گېپىنى يورغىلاتتى:

ــ لېكىن، دادا، ھازىرقى ھاياتنىڭ، مەدەنىي تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى شۇ تۇرسا...

ــ ئاغزىڭنى يۇم!ــ زاھىر ھاجى ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى،ــ سەن بۇنداق بولمىغۇر، ئاقماس

گەپلەرنى نەدىن تاپتىڭ!؟ ھېلىقىدەك كېچىسى ئۇخلىماي ئوقۇغان كۆپۈر كىتابلاردىن تاپتىڭ، شۇنداقما!؟ ئەمما، بىلىپ قويغىن، بۇ كوچا، بۇ مەھەللە، بۇ ئۆيلەر ئۆز بېشىدىن نى - نى زامانلارنى ئۆتكۈزگەن. كىمنىڭمۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، مىڭبىر جاپالاردا ئاۋات قىلىنغان جاينى تاشلاپ كەتكۈسى كېلىدۇ!؟ سەندەك ساياقلارغا ئاسان، ھەر ياقلاردا ياشاپ، ئويناپ ئۆگەنگەنسەن!

— ئەمما، دادا، ھايات قانۇنى شۇنداق بولىدۇ، — دېدى ئابدۇش. ئۇ شۇ تاپتا چىن دىلىدىن سۆزلەۋاتاتتى، ئىچ - ئىچىدىن بىر خىل قىزغىن، ئوتتەك ئىنتىلىش دەۋرەپ چىقىۋاتاتتى، — بۇ دۇنيادا بىر مەخلۇقنىڭ ياشىشى، ئۆمۈر سۈرۈشى ئۈچۈن، ھەر كۈنى يۈزلەپ باشقا مەخلۇقلار قۇربان بولۇپ كېتىدۇ، شۇنداق قۇربانلىقلار بولمىسا ھاياتلىق يوقىلىدۇ! بۈگۈننىڭ ئەتىگە، كونىنىڭ يېڭىغا يول بېرىشىمۇ بىر مۇقەررەرلىك. بۇنىڭ نېمىسى يامان؟!

زاھىر ھاجى نېمە دېيىشىنى بىلمەي، غەزەپتىن چەكچەيگەن كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئەزەلدىن ئۆز پىكىر - خاھىشى ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىشنى، ئۆكتە بولۇشنى ياقتۇرمايدىغان ھۆكۈمران دادا ئۈچۈن بۈگۈن كىچىك ئوغلىنىڭ بىغەرەز، تەرسالىقى ئېغىر كەلدى. بۇ خۇددى «يېغا ياندىن چىقىدۇ»دېگەندەك ئويلىمىغان بىر ئىش بولغانىدى. ئەمما، زاھىر ھاجى ئوغلى ئابدۇشنىڭ بىرنەچچە يىل غېرىب - مۇساپىرچىلىقتا يۈرۈپ خېلى نۇرغۇن پۇل تاپقانلىقىنى ئويلاپ، بىردىنلا ئاچچىقىغا ھاي بەردى. ئەمما، چوڭ ئوغلى چوڭئاخۇننىڭ ئەرۋاھى ئۈچۈپ

ئولتۇرالماي قالدى. پۈتۈن ـ سۆرۈك بىر دادا ئالدىدا ئىنىسىنىڭ بۇنداق مەمەدانلىقى، ھۆرمەتسىزلىكى ئۇنىڭ جېنىغا تەگكەنىدى. ئۇ گويا سوقۇشماقچىدەك كۆزىنى ئالايتىپ، ئاغزىنى پۈرۈپ، دېكىنىپ ـ دېكىنىپ ئولتۇراتتى. ئەگەر دادىسىدىن ئەيمەنمىسە ئابدۇشنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ ئىككىنى سېلىپ، دادىغا ئۆزىنىڭ ھۆرمىتى بىلەن ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ قويغان بولاتتى. ئابدۇش ئاكىسىنىڭ ئەلپازىدىن پەرۋايى پەلەك بەخىرامان ئولتۇراتتى. قورقۇش، ئەيمىنىش دېگەنلەر ئۇنىڭغا بىگانە ئىدى.

چاي داستىخىنىدىن پەيز كەتتى، ھەممەيلەن جىمىپ، ئۆز خىيالى ئىچىدە قالغانىدى. ئابدۇش شۇنى سەزدىكى، دادىسى ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇھ تارتىپ، نالە قىلىۋاتاتتى. بۇ بىر ئەلەملىك، ئىزتىراپلىق نالە ئىدى، پەقەت ئۆزىلا چۈشىنىدىغان ھەسرەتلىك نالە ئىدى.

— خۇداۋەندە بىر بەندىسىگە ئىككى دۇنيانى بېرىپتىكەن، — دېدى دادا ئاخىر مەنىلىك قىلىپ، — ئەمما ئىمانى سۇس بەندە ئۇچۇن ھەر ئىككى دۇنيا ھارام ئىكەن. سەن مېنى نائۇمىد قويدۇڭ، يارىماس!

شۇ گەپتىن كېيىن زاھىر ھاجى ئابدۇش تەرەپكە قاراپ قويدى. ئۆزىنىڭ ھەقلىقىيۇ، ئوغلىنىڭ ناھەقلىكىگە؛ ئۆزىنىڭ قۇدرىتىيۇ، ئوغلىنىڭ ئاجىزلىقىغا ئىشەنچ بىلەن تولۇپ تاشقان بۇ قاراشتا يەنە بىرنەرسە — بىر خىل نەپرەت تۇيغۇسى بار ئىدى.

ئابدۇشنىڭ تۇيغۇن يۈرىكى بۇلارنى سەزدى. دادىسىنىڭ ئۆزىنى «ئىمانى سۇس بەندە»لەر قاتارىغا

www.uyghurkitap.com

چىقىرىپ، ئىخلاسى ۋە ئۈمىدى قايتقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۇ بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرىشنى ئارتۇقچە كۆرۈپ، دادىسىنىڭ يېنىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

## 2

رېشىت پەلەڭ شەھەردە نامى بار كەپتەرۋاز ئىدى. ئۇ كەپتەرلەرنى ئادەمدىن بەكرەك چۈشىنەتتى، ئادەمدىن بەكرەك ياخشى كۆرەتتى. رېشىت پەلەڭ بازار كۈنى قۇش بازىرىغا چىقسا، ئارقىسىغا ئاز دېگەندە ئون نەچچە كەپتەرخۇمارلار كىرىۋېلىپ، بىرى: «رېشىت ئاكا، ماڭا ئويۇنچى ئېلىپ بەر» دېسە، بىرى: «ماڭا دەمدە ئېلىپ بەر» دەيتتى. يەنە بەزىلىرى بولسا: «رېشىت، ماۋۇ نەمۇ ـ مېدىمۇ؟» دەپ سورىشىپ ئۇنى زادىلا ئارامىدا قويمايتتى. ئەمما ئۇمۇ بۇنداق سوئال ـ سوراقلارغا كۆنۈك ئىدى، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى چوڭ بىلگىنىدىن پەخىرلىنىپ، گويا مۇشۇ بازارنىڭ پىر ـ پېشۋاسىدەك غادىيىپ مېڭىپ كېتەتتى.

بۈگۈن رېشىت پەلەڭنىڭ ئۆيىگە كۈتۈلمىگەن بىر مېھمان — يىراقراق قوشنىسى چوڭاخۇن كىرىپ كەلدى. ئۇ كىرگەندە رېشىت پەلەڭ ئۆگزىدە كەپتەرلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرەتتى. ھويلىغا مېھمان كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ پەسكە چۈشمەكچى بولۇۋىدى، چوڭاخۇن ئالدىنى توستى:

— سىلى قوزغالمىسىلا، رىشىت ئاكا، مەن ئۆگزىگە چىقاي،— دېدى ـ دە، بىسمىللانى سوزۇپ ئېيتىپ بۇلۇڭدىكى شوتىغا ياماشتى، بىرنەچچە يېرىگە ئۇلاق سالغان كونا شوتا خېلى تىك ئىدى، چوڭاخۇن ئىنجىقلاپ، پۇشۇلداپ ئاران تەستە ئۆگزىگە چىقتى، ئۇنىڭ «لوڭگىدە» پەيدا بولغان كېلەڭسىز گەۋدىسىنى كۆرۈپ، دانلاۋاتقان كەپتەرلەر ئۇركۈپ پالاقشىپ كەتتى.

— ھەيھات!... بۇ يەر بىر بازار ئىكەنغۇ،— دېدى ئۇ ھەر خىل ھەرىكەتلەر بىلەن قىلىقلىنىپ يۈرگەن كەپتەرلەر دۇنياسىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ.

راست دېگەندەك، چوڭاخۇننىڭ كۆز ئالدىدا خىلمۇخىل رەڭ، خىلمۇخىل تۇستە جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئوتتۇز ـ قىرىقچە كەپتەر دانلىشىپ، بازلىشىپ، ئۇنلىشىپ يۇرۇشەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قۇمىدا، بەزىلىرى كۇۋۇكتا، بەزىلىرى بولسا پەغەزدە ئىدى. ئۆگزىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا كۇمەك، تېرىق، قاغا جىگدىسى، كەندىر دېگەندەك نەرسىلەر چېچىلىپ ياتاتتى، قۇما ئىچىدىكى بىرنەچچە تەشتەككە سۇ توشقۇزۇلغان بولۇپ، كەپتەرلەرنىڭ بەزىسى سۇ ئىچىپ، بەزىسى سۇغا پىشىلىپ ئوينايتتى... تۇرمۇشنىڭ بۇنداق جانلىق، ئەركىن، ئۆزگىچە مەنزىرىسى ھاياتنى ھەمىشە بىر خىل دائىرە، بىر خىل ئەندىزە ئىچىدە مەنىسىز ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن چوڭاخۇن ئۈچۈن تولىمۇ يېڭى، تولىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلۇپ كەتتى.

— بازار دېگەنلىرى نېمىسى، چوڭاخۇن،— دېدى رىشىت پەلەك مېھماننىڭ بايىقى گېپىگە جاۋابەن

كەپتەرلىرىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ، ــ جەننەتۇل مەئىۋا دېسىلە، بۇ كەپتەرلەر مېنىڭ كۆڭلۈمگە ھەمىشە جەننەتتىكى ھۆر ـ غىلمانلاردەك كۆرۈنىدۇ، كاساپەت... بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ ئىشقىغا نېمە يەتسۇن! كەپتەرۋاز دېگەن جاندىن تويسا تويىدۇكى، كەپتەرگە تويمايدۇ! لېكىنزە، «ھەممە ئىشەكنىڭ قولىدىن كەلمەس لويىلا يېيىش» دېگەندەك، بۇنى ھەممە ئادەم قىلالمايدۇ دېسىلە، چوڭئاخۇن!

قىرىق يىللىق ئۆمرىنى كەپتەر بىلەن ھەپىلىشىپ، كەپتەرنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ ئۆتكۈزگەن ئاق كۆڭۈل، چىقىشقاق، ساددا بۇ ئادەم كەپتەر توغرىسىدا گەپ بولسىلا ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ، ئاغزى بېسىقماي كېتەتتى.

ــ مەن سىلىگە دېسەم، چوڭئاخۇن، ــ دەپ يەنە گەپ باشلىدى ئۇ جىيەكلىرى مايلىشىپ، گۈللىرى ئۆڭۈپ كەتكەن چېكەن دوپپىسىنى تاقىر بېشىنىڭ ئارقىسىغىراق ئىتتىرىپ قويۇپ، ــ كەپتەر دېگەن ئادەم نەسلى نەرسە. شۇڭا، ئۇنى تەربىيەلىسە ئۆگىنىدۇ، ئۇنىڭمۇ ئادەمگە ئوخشاش ھوشيارلىرى، دۆتلىرى بولىدۇ. بۇنى ئايرىشنىڭ ئۇسۇلى: ئۆزى ياتقان كۇۋۇكتىن چۈشۈرۈپ پەستە دانلىتىمىز، بۇ چاغدا ئەتراپتا قۇغۇنەك پەيدا بولىدۇ، كاساپەت... ئەگەر ئۇ قۇغۇنەكنى كۆرگەندە ئۇركۈپ، ئۆزىنىڭ كۇۋۇكىنى تېپىپ چىقالىسا، مانا بۇ ھوشيارلىرى بولىدۇ، كۇۋۇكىنى تېپىپ چىقالمىغانلىرى دۆتلىرى بولىدۇ، ئۇنداقلارنى بىر ئامال لاپ قولدىن چىقىرىۋېتىمىز

دېسلە، كاساپەت... يەنە بىر ئىش، چوڭئاخۇن، كەپتەر باققان ئادەم كەپتەرلىرىنى ئەتىگەندە ئۇچۇرغاچ، سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىنى يەيدۇ، شۇڭا كەپتەرۋاز قېرىسىمۇ تېتىك، جانلىق تۇرىدۇ، كۆزى كۈندۈزدە يۇلتۇز كۆرگۈدەك ئۆتكۈر بولىدۇ...

شۇ چاغدا ئۇچۇرما بولغان بىر باچكا پەغەزدىن «پۇررىدە» ئۇچۇپ چۈشۈپ رېشىت پەلەڭنىڭ يەلكىسىگە قوندى، رېشىت پەلەڭ يېنىدىكى چەينەكتىن سۇ ئوتلاپ، ئاغزىدىكى سۇنى باچكىغا ئىچۈردى، باچكىنىڭ ئاپپاق، ئۇچلۇق، سىلىق تۇمشۇقى ئۇنىڭ ئاغزىدىكى سۇنى گويا ھەسەل ھەرىسى گۈل شىرنىسىنى شورىغاندەك شورايتتى، ئۇنىڭ ئاق جىيەكلىك، دۈپدۈگىلەك قىزىل كۆزى بەئەينى قىزىل ياقۇتتەك جۇلالايتتى، بېشىنىڭ يۇمران، پارقىراق تۈكى خۇددى يۇپيۇمىلاق ئەتىرگۈلگە ئوخشاش بېشىنىڭ ھەممە يېرىنى ياپقانىدى، سۇس زەڭگەر رەڭدىكى توقۇمى ئۇنى تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ جىلۋىدار قىلىۋەتكەنىدى. قىسقىسى، تەبىئەت ياراتقان بۇ مۇلايىم، ئوماق جانىۋار ئادەمنى ئۆزىگە شۇنداق مەپتۇن قىلغۇدەك سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىدى.

توۋا، كەپتەر دېگەنمۇ بۇنداق جەلپكار، رەڭدار، يېقىشلىق بولىدىكەن ـ ھە! چوڭئاخۇن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھويلىسىدىكى سىراج تام بىلەن پېشايۋانغا قونۇپ گۇگۇلدىشىپ يۈرگەن پاختەكلەرنى كەپتەر دەپ يۈرۈپتىكەن ـ دە!

چوڭئاخۇن شۇندىلا رېشىت پەلەڭنىڭ ئاتمىش ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا بوز يىگىتلەردەك

www.uyghurkitap.com

روھلۇق، ساغلام يۈرۈشىنىڭ، شاھانە يەپ ـ ئىچكەن كۈنلىرى كېرىلىپ كەتمەيدىغان، كەپتەرلىرىدەك چالا پوكان بولۇپ ئاچ ـ توق قالغان كۈنلىرى شۈمشىيىپ زارلانمايدىغان شۈكۈر ـ قانائەتلىك تۇرمۇشىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى. رېشىت پەلەڭ ھەقىقەتەنمۇ كەپتەرلىرى بىلەن باي، كەپتەرلىرى بىلەن كۈچلۈك، كەپتەرلىرى بىلەن خۇشال ئىدى. ئۇ ئۆگزىدىكى مانا شۇ كىچىككىنە قۇمىدىن ئۆزىگە ھەمىشە ئالەمچە خۇشاللىق، بايلىق ۋە قۇدرەت تاپالايتتى. رېشىت پەلەڭ قىرىق يىلدىن بېرى بېشىغا كېيىلگەن بىر روزغارىنى مانا مۇشۇ كەپتەرلىرىگە تايىنىپ خېلى باياشات قامداپ كېلىۋاتاتتى. بەزى بازار كۈنلىرى بىرەر كويغا ئالغان بىر نۆۋەسنى[1] ئۆز قولىچە پەرۋىش قىلىپ بېقىپ، تەربىيەلەپ، ئاخىر يېتىلگەندە بىرەر مىڭ، ھەتتا ئۈنىڭدىن كۆپ پۇلغا ساتالايتتى. شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىمۇ بەزى بايرام ۋە كاتتا يىغىن كۈنلىرى رېشىت پەلەڭگە بىرنەچچە يۈز يۈەن بېرىپ، كەپتەرلىرىنى كۆككە قويدۇرۇپ، يىغىن مەيدانىنىڭ ئۈستىدە بىر خىل تىنچلىق، خۇشاللىق كەيپىيات پەيدا قىلاتتى. ئىشقىلىپ، رېشىت پەلەڭ تۇرمۇشىنىڭ ئۆز ئەجرىگە يارىشا رىزقىنى، مۇكاپاتىنى ئېلىپ تۇراتتى.

ــ رېشىت ئاكا، بۇ كەپتەرلەرنىڭ نوچىسى قانچە پۇلغا يارايدۇ؟ ــ سورىدى چوڭخۇن ئېسىنى يىغىپ.

---

① نۆۋەس ــ ئۈچۈرما بولغان كەپتەر.

— كەپتەر دىگەننىڭ تۈرى كۆپ، چوڭئاخۇن،— دېدى رىشىت پەلەڭ ئۇنىڭغا ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈپ،— ئاز دىگەندىمۇ بىر يۈز يىگىرمە خىل دىسىلە، كاساپەت... بۇغۇل دەيمىز، قىزىلچى دەيمىز، چىكەن دەيمىز، رەخشە دەيمىز، ئاق دەيمىز، زاغ دەيمىز، ئالا دەيمىز... ئىشقىلىپ، ساناپ كەلسەم جىق گەپ بۇ، كاساپەت... ئەگەرچەندە مۇشۇ كەپتەرلەرنىڭ تازا تولغان، يېتىلگەن، ئۆلچەمگە توشقانلىرى بولسا ئون بەش مىڭ كويغا، ئۆلچەمگە توشمايدىغانلىرى بولسا بەش كويغا ئالىدۇ... ئەگەرچەندە، راسا يېتىلگەن، ئۆلچەمگە توشقان قوش بالداق ئارغۇن بولۇپ قالسا، سىلى ماڭا ئون مىڭ كوي بەرسىلىرىمۇ مەن ئاشۇ ئون مىڭ كويغا قارىماي، يەنە شۇ كەپتىرىمگە قارايمەن جۇما، ئۇنىڭ ئىشقىغا ھېچنېمە تەڭ كەلمەيدۇ دىسىلە، كاساپەت...

— سىلىدە ھازىر ئاشۇنداق يېتىلگەن نوچىسى بارمۇ، رىشىت ئاكا؟— چوڭئاخۇننىڭ بۇ سوئالى رىشىت پەلەڭنى قىزىقتۇردى.

— ئۆزلىرىمۇ نوچى كەپتەردىن بىر-ئىككىنى باقاي دەملا نېمە، چوڭئاخۇن؟— دېدى ئۇ مېھمانغا سوئال نەزىرىدە قاراپ،— ھەي ئىسىت... سەل كېچىكىپ قاپلا، تازا يېتىلگەن ئارغۇندىن ئىككىنى ئۆتكەندە مەكىتلىك بىر ئاغىنەم بىر توقماق تىزىنى تاشلاپ بېرىپ ئەكەتتى دىسىلە. ئۆزۈممۇ لېۋىمنى چىشلەپ قالدىم، ئاق پەرىشتىدەك كەپتەرلەر ئىدى، كاساپەت...

رىشىت پەلەڭنىڭ ئازراق چېچەك ئىزى بار، ماش گۈرۈچ ساقاللىق گۆشسىز يۈزى راستىنلا بىر نەرسىگە

قىيمىغاندەك تارتىشىپ، پۆرۆشۆپ كەتتى.

— ئەمدى يوق دېسلە؟— چوڭاخۆننىڭ كۆڭلى يېرىم بولغاندەك ئاۋازى زەئىپ چىقتى،— ئەمما لېكىن، سىلى شەھەردىكى ھەممە كەپتەرۋازلارنى بىلىلا، رېشىت ئاكا، ئاشۆنداق نوچى كەپتەردىن ئىككىنى نەدىن تاپقىلى بولار؟

— نېمە؟ سىلى راستتىنلا ئالاملا، چوڭاخۆن؟— بىر تەرەپتىن ھەيران بولۆپ، بىر تەرەپتىن قىزىقىپ سورىدى رېشىت پەلەڭ،— باقاملا... يۆڭداپ يېمەيدىغانلا؟

— يوقسۆ، رېشىت ئاكا،— دېدى چوڭاخۆن كۆڭلىدىكىنى يوشۆرۆپ،— بەكمۆ لازىم بولۆپ قېلىۋىدى...

رېشىت پەلەڭ كەپتەرلىرىگە بىرپەس قاراپ قويۆپ، ئاندىن دېدى:

— ئەمدى، ئۆكام، مەندە بولمىغان كەپتەر باشقىلاردا بولمايدۆ جۆما. مەن ئۆلارنىڭ قۆمىسىدا نېمە بارلىقىنى ئۆبدان بىلىمەن. ئەمما لېكىنزە، كەپتەرنىڭ نوچىسى شەھىرىمىزدىكى بىر ئادەمدە بار، كاساپەت...

— كىمدە؟— ئالدىراپ سورىدى چوڭاخۆن.

— شەھەرنىڭ بىر كەپتەر خۆمار باشلىقىدا،— دېدى رېشىت پەلەڭ سۆھبەتدىشىغا تەمەننا نەزىرىدە قاراپ،— ئۆ كىشىمۆ بىزنىڭ تائىپەدىن دېسلە، كاساپەت... مەن بىلەن پات ـ پات سوقا ـ سۆھبەت قىلىپ تۆرىدۆ. ئۆنىڭ كەپتەرلىرى ئىچكىرىدىن ئاچىقىقان ئالامەت نوچى كەپتەرلەر دېسلە، ئالدى يىگىرمە ـ ئوتتۆز مىڭ كويلۆق، ئەمما لېكىن، ئۆ ساتمايدۆ ـ دە!

بۇ گەپ بىلەن چوڭاخۇن شۈكلەپ، «لاسسىدە» بولۇپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ رېشىت پەلەڭدىن ئالماقچى بولغان كەپتەرلىرىنى ئاشۇ كەپتەر خۇمار شەھەر باشلىقىغا سوۋغا قىلىپ، ئۇنى بۇرنىدىن ئىلماقچىدى. چۈنكى، بۇ كەپتەر خۇمار شەھەر باشلىقى شەھەرنىڭ ئۆي ـ مۈلۈك ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. چوڭاخۇننىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان بىر ئەقىلدار ئاغىنىسى ئۇنىڭغا: «ئۇ گەرچە مۇئاۋىن باشلىق بولسىمۇ، ئەمما پىچىقى جىڭنىڭكىدىن ئۆتكۈر. ئەگەر سەن ئۇنى قولغا كەلتۈرەلىسەڭ، ئىشىڭ ئوڭغا تارتىپ، ئۆي بىلەن دۇكاننى ساقلاپ قالالايسەن! بۇ باشلىق ئۇچىغا چىققان كەپتەر سارىڭى. ئۇنى ئۇندەككە كەلتۈرۈشىنىڭ بىردىنبىر يولى — نوچى كەپتەر سوۋغا قىلىش!» دەپ ئەقىل كۆرسەتكەنىدى. شۇڭا چوڭاخۇن بۈگۈن ئۆمرىدە دەسسەپ باقمىغان رېشىت پەلەڭنىڭ كەپتەرخانىسىغا شۇ مەقسەتتە قەدەم تەشرىپ قىلغانىدى.

«بۇ ئىشمۇ ئاقمىدى! — دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، — دانىسى يىگىرمە — ئوتتۇز مىڭ كويلۇق كەپتەرلىرى بار ئادەمگە ئادەتتىكى كەپتەرلەرنى سوۋغا قىلسام ھەرگىز مەنزۇر تۇتمايدۇ! ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ يەنىلا دادامدىن مەسلىھەت سوراي، چوڭنىڭ ئەقلى چوڭ.»

چوڭاخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ بەللىرىنى رۇسلىدى، يەنە بىر قېتىم كەپتەرلەرگە ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ قويدى.

— خوش، ئەمدى مەن چىقاي، رېشىت ئاكا، — دېدى

ئۇ شوتا تەرەپكە كېتىۋېتىپ ۋە تۇيۇقسىز كۆڭلىدىن بىر ئىش كەچكەندەك سورىدى،ــ ئۆزلىرىنى ئۆي چىقىش توختامىغا قول قويىدىكەن دەپ ئاڭلىدىم، راستمۇ؟

ــ خۇدا بۇيرۇسا، راست!ــ دېدى رىشىت پەلەك خۇشال هالدا،ــ ئۇنىڭغا قول قويماي هۆددىسىدىن چىققىلى بولامدۇ چوڭئاخۇن! قاتتىق سىياسەت يولۋاستىن يامان دېگەن گەپ بار، كاساپەت...ــ رىشىت پەلەك بىر ئاز توختاپ، كۆزۈكتىن پۇرۇلداپ ئۇچۇپ، بېشىغا كېلىپ قونغان بىر كەپتەرنى ئاستا قولىغا ئېلىپ، قانات - قۇيرۇقىنى مېھىر بىلەن سىلاپ تۇرۇپ داۋام قىلدى،ــ هەي!... ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان بۇ ئۆيلەر بەكمۇ كونىراپ هالىدىن كەتتى دېسىلە، كاساپەت... بىزمۇ بۇ ئۆيلەرنى هەر يىلى يامايمىز، ئۇلدايمىز دەپ هالىمىزدىن كەتتۇق...

ــ شۇ... شۇ... ئۇغۇ شۇنداق،ــ دېدى چوڭئاخۇن تىلىنى چاينىپ،ــ ئەمدى مەن دەيمەن، يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىقسىلىرى بۇ جانىۋارلار قانداق قىلار، بىچارىلەرگە ئۇۋال بولامدىكەن دەيمىنا...

رىشىت پەلەك قولىدىكى كەپتەرنى ئوينىتىپ تۇرۇپ ئىشەنچ بىلەن دېدى:

ــ مەنلا هايات بولسام، بۇلار نۇزەمبىللا بىچارە بولۇپ قالمايدۇ، چوڭئاخۇن. تۇنۇگۇن ئاهالە كومىتېتىدىكى هېلىقى بەختى «شالدام» دېگەن هېساباتچى كېلىپ، هەممىنى هېسابلاپ بەردى، مۇشۇ كەپتەر قۇمىلىرىغىمۇ پۇل كېلىدىكەن، كاساپەت... مۇشۇ ئەسكى ئۆيۈمنىڭ تۆلەم پۇلىغا يېڭى جايدىن ئوبدانلا بىنا ئۆي كېلىدىكەن،

تېخى ھېلىقى شامالدايدىغان لەمپىسىگە قوما سېلىپ كەپتەرلىرىمنى باقسام بولىدىكەن دېسىلە، كاساپەت...

چوڭقاخۇن ئەمدى زېرىكىشكە باشلىدى، رېشىت «پەلەڭ»نىڭ سۆزلىرى بارغانسېرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ياقمىدى، بەلكى ئۇنىڭ غەشلىكىنى، ھەتتا ئۆچلۈكىنى كەلتۈرۈۋاتاتتى. رېشىت پەلەڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى يوق، بارغانسېرى قىزىپ، ھاياجانلىنىپ سۆزلەۋاتاتتى:

— يېڭى ئۆيگە كۆچۈشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، قىزىم ئالتۇنگۈلنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى دېسىلە، كاساپەت...

بۇ گەپ راست ئىدى، ئالتۇنگۈل ئۇنىڭ ئوتتۇز ياشتىن ئاشقاندا تاپقان قىزى، ھەم تۇنجىسى، ھەم كەنجىسى ئىدى. زىلۋا كەلگەن، مېھرى ئىسسىق، مۇلايىم تەبىئەتلىك، شېرىن سۆخەن بۇ قىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئۆرلەشكە قۇربى يەتمەي ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ يىگىرمە بىر ياشقا كىرگەن يىلى قوشنا مەھەللىدىكى بىر مىسكەرنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلىندى. ئەمما، بىر يېرىم يىل بولغاندا «قورساق كۆتۈرمىدى» دېگەن ئەيىب بىلەن نىكاھتىن ئاجراشتى. بىر ھېسابتا، ئۇ ئاجراشقىنىغا خۇشال بولدى. چۈنكى بىر يېرىم يىلغىچە ئالتۇنگۈلنىڭ ئۇ ئۆيدە تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا قىز بولۇپ تۆرىلىپ قالغانلىقىدىن ئۆكۈنگەن، ھەسرەتلەنگەنىدى. شۇ چاغدا بېشىدىن ئۆتكەن ئىككى ئىش ئالتۇنگۈلنىڭ

ياشاش، تۇرمۇش ۋە مۇھەببەت قارىشىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ ئىشلار مۇنداق بولغانىدى:

ئېرىنىڭ ئۆيىدىكى ھاجەتخانا ئۆگزىدە ئىدى، ئىشىك ئورنىدىكى تار تۆشۈككە چىت مەللەۋزە تارتىپ، ئەتراپىنى قەغەز يەشىكلەرنىڭ پارچىلىرىدا چالا ـ پۇچۇق دالدا قىلىپ قويغان بۇ يەردە ئادەم تۇگۇلۇپ، تەمتىرەپ ئاران ئولتۇراتتى. بىر كۈنى ئالتۇنگۈل چۈش مەھەلدە ھاجەتكە چىقتى ۋە ئەتراپىغا ئەندىكىپ قاراپ، يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاختا ئوچاققا ئاران ئولتۇردى، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر يات بىر ئەر كىشى ئۆزىگە قاراپ تۇرغاندەك سېزىم بىلەن قورۇنۇپ، ئوڭايسىزلىنىپ ئولتۇردى. دېگەندەك، ئالتۇنگۈلنىڭ سېزىمى خاتا چىقمىدى، ئۇنىڭ ھايا بىلەن ئەندىكىپ تۇرغان كۆزلىرى ئۇدۇلدىكى قوشنا سىراج تامنىڭ تۆشۈكىدىن ھاياسىزلارچە ماراپ تۇرغان بىر جۈپ شەھۋانىي كۆزنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە «ۋاي...» دېگىنىچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، تەرەتنىڭ يېرىمىنى ئىشتىنىغا قىلىپ سالدى... بۇ ئىش ئۇنىڭغا گويا قىزلىق ئېپپەت ـ نومۇسى خورلانغاندەك بەكمۇ ھار كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالتۇنگۈل بۇ ھاجەتخانىغا كۈندۈزى چىقمايدىغان، كېچىسى چىقسىمۇ چۆچۈپ، ئەندىكىپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

يەنە بىر ئىش مۇنداق ئىدى: بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ھاجەتخانىلارنى شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن دېھقانلار كىرىپ تازىلاپ، توپا تۆكۈپ بېرەتتى، تېخى بەزى شەھەرلىكلەر ئۇلارنى ئوتۇن يېرىشقا، زىلچا ـ

گىلەملىرىنى قىقىشقا، سۇ توشۇشقا سىلىپ، بەرگەن قىغىنىڭ ھەققىنى ئالاتتى. ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە دېھقانلار شەھەردىن قىغ ئاچىقمايدىغان، شەھەرلىكلەر ئۆزى چىقارغان قىغنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى. شۇڭا، ھەممە ئائىلىلەر دېگۈدەك ھاجەتخانىغا داس ـ چېلەكلەرنى قويۇپ، ھەر كۈنى قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن تەڭ، نىجاسەتكە تولغان ئاشۇ داس ـ چېلەكلەرنى غالتەك، ئەپكەش ياكى قوللىرىدا كۆتۈرۈپ، چوڭ يول بويىدىكى ئەۋرەزلەرگە ئاچىقىپ تۆكۈشەتتى. بۇنداق چاغدا پۈتۈن كوچا ـ مەھەللىنى گەندە ـ سېسىقچىلىق ئاچچىق، سېسىق پۇرىقى قاپلاپ، ئادەمنى ماڭغۇسىز قىلىۋېتەتتى، كۆڭلىنى ئاينىتىپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىراتتى...

ئالتۇنگۈل ئىبرىنىڭ ئۆيىدە بىر يېرىم يىلغىچە مانا شۇ يۇندىخورلۇقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ دېدىقاپ كەتكەنىدى. بىر كۈنى كەچتە ئۇ يوغان بىر چېلەك تەرەتنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يولدىكى بىر كاتاڭغا پۈتلىشىپ يىقىلىپ كەتتى، قولىدىكى چېلەك كۆمتۈرۈلۈپ، ئۈستىباشلىرى بۇلغاندى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش ئەمەس، قان ئاققاندەك بولغانىدى. شۇ كۈندىن تارتىپ ئالتۇنگۈل بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆزىنىڭ بەدىنىدىن ئۆزى سەسكىنىپلا قالماي، ھەتتا باشقىلارمۇ ئۆزىدىن سەسكىنىۋاتقاندەك خۇدۇكسىنىپ يۈرگەنىدى.

مانا شۇنداق ئايىغى ئۈزۈلمەس ئىشلار ئالتۇنگۈلنىڭ

تۇرمۇشىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ئاچچىق ئەسلىمىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ كېيىنكى تۇرمۇش قارىشىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى.

ئۈچ ئاي بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كەلگەندە، ئالتۇنگۈل تۇساتتىن: «ئانا، ئۇلارنىڭ ئۆيى نەدىكەن؟» دەپ سورىدى ۋە ئانىسىنىڭ: «گودالڭ كوچىسىدا ئىكەن، بالام» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپلا، كەسكىن نارازىلىق بىلدۈردى: «ياق، مەن ياتلىق بولمايمەن، ئانا! ئۇنداق كۆتەلەك ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان ئادەمگە ئەمدى ياتلىق بولمايمەن! مەن بۇنىڭ دەردىنى بەك تارتىپ كەتتىم. ئەگەر بىنادا ئۆيى بار قېرى ئادەم بولسىمۇ مەن رازى، بىر كۈن بولسىمۇ تۇرمۇشنىڭ راھىتىنى كۆرەي!...»

ئۇ بىرنەچچە قېتىم بىنا ئۆيدە ئولتۇرىدىغان ئاداشلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇلارغا ھەۋەسى كەلگەن، ئۇلارنىڭ پاكىز، ئازادە، قولاي تۇرمۇش مۇھىتىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇنداق تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇش ئىستىكى كۈچەيگەنىدى.

شۇڭا، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قېتىمقى قىسمەن كونا ئۆيلەرنى چېقىپ، شەھەر مۇھىتىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى قارارى ئېلان قىلىنغاندا ئالتۇنگۈل ھەم خۇشاللىق، ھەم بىر خىل ئىچكى ئازاب بىلەن: «ئەجەب بەلەن ئىش بوپتۇ! دادا، راستتىنلا ئېيتسام، بىر كۈنمۇ تۇرغۇم يوق بۇ غۇربەتخانىدا!» دەپ رىشتە پەلەڭگە ئەركىلىگەن، ئالەمچە خۇشاللىقا چۆمگەنىدى.

# 3

زاھىر ھاجى ھەربىر گېپىدە غۇلام «چاپاق» دەپ كەمسىتىپ كېلىۋاتقان ئادەم مۇشۇ شەھەرنىڭ يىگىرمىگە يېقىن قەدىمىي، ئاۋات كوچىسى بىلەن سەككىز ئاھالىلەر كومىتېتىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان كوچا باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى غۇلام نىياز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي قاتلاملاردا ئىشلىگەن ۋاقتى ئۇزاق بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئۇنى «غۇلام مۇدىر» دەپ ئاتايتتى. ئەللىك ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان بۇ ئادەمنىڭ مىجەزى ئېغىر، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، تۇرمۇشتىكى راھەت بىلەن ئازابنىڭ تەمىنى ئوبدان تېتىيالايدىغان، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك ئادەم ئىدى.

يۇقىرىنىڭ ھۆججەت ـ قارارى يەتكۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ تەۋەسىدىن بىر قىسىم ئۆي ۋە دۇكانلارنىڭ چېقىلىپ كۆچۈرۈلىدىغانلىقى ئاۋامغا ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ھەممە مالامەت بىراقلا ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىرنەچچە كوچا ـ مەھەللىنىڭ تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەقە — كۆڭۈلسىزلىك، تەشۋىش، غۇلغۇلا، يىغا ۋە كۈلكە تەڭلا پەيدا بولدى. بۇ ئىش زاھىر ھاجىنى ۋە زاھىر ھاجى باشلىق بىر قىسىم كىشىلەرنى گويا ئۆزلىرى كۆيگەن، سۆيگەن، قەدىرلىگەن ئانا ماكانى بىلەن بىر ئۆمۈرگە خوشلىشىۋاتقاندەك ئاچچىق خىياللارغا چۆمدۈردى. بۇنداق ئۆزگەرتىش ئۇلارغا گويا دۇنيا بىلەن مەڭگۈ

ۋىدالاشقاندەك ھەسرەتلىك تۈيغۇلارنى بەرگەنىدى...

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ، غۇلام مۇدىرنىڭ ئىشلىرى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا نە ۋاقىت ـ قەرەلىدە تاماق، نە ۋاقىت ـ قەرەلىدە ئۇيقۇ يوق ئىدى. ئۇغۇ مەيلى، بىرەر ـ ئىككى كۈن ئاچ قالسىمۇ، بىرەر ـ ئىككى كېچە ئۇيقۇسىز قالسىمۇ كارى چاغلىق. بۇنىڭغا ئۇ ھەرگىز زارلانمايدۇ، دادلانمايدۇ. غۇلام مۇدىر ئەزەلدىن «سەن ئەلنى سىلىساڭ، ئەل سېنى سىلايدۇ» دېگەن ئەقىدە بىلەن ئىشلەپ، مۇشۇ نامرات، نادان، جاپاكەش خەلقنىڭ غېمى ئۈچۈن ھەممىگە ــ ھەتتا قوقاسقا دەسسەشكىمۇ تەييار روھ بىلەن ياشاپ كەلگەنىدى. ئەمما، بۇ قېتىمقى ئىش ئۇنى ھەم روھىي، ھەم جىسمانىي جەھەتتىن تەڭلا خورىتىپ، ھالسىرىتىپ قويدى. بەزىلەر ئۇنىڭ ئادىمىي سالىمىغا تۈكۈرۈپ جاۋاب قىلدى، بەزىلەر يۈزىدىن ـ يۈزىگە ياپتا، تەنە گەپلەر بىلەن چاپاندەك چېقىۋالدى، ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، تۈگمىلىرىنى يۇلۇۋالدى. زاھىر ھاجىمۇ بىر قېتىم ئۇنى ئۈچرىتىپ، مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈگكىنىچە بەئەينى قاتتىق غەزەپكە كەلگەن يولۋاستەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ: «ھۆكۈمدار خەلقنىڭ بېشىنى سىلىمىقى لازىم. لېكىن ساڭا ئوخشاش خەلقنىڭ بېشىنى مۇشتى بىلەن سىلىغان ھۆكۈمدارنىڭ ھالىغا ۋاي!...» دەپ قارغىش ياغدۇردى...

بۇنداق تىل ـ ئاھانەت، تەنە ـ تەئەددىلەر ھەددى ـ ھېسابسىز بولۇۋەرگەندىن كېيىن، غۇلام مۇدىرنىڭ ھالىغا ئېچىنغان بەزىلەر، بولۇپمۇ شەھەرلىك پارتكومدىن

بۇ يەرنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىشكە چۈشكەن ھېزىم ھەسەن ئىسمىلىك بىر كادىر كەسكىن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— بۇنداق تاپتىن چىققان بىشەم، دۇز كېپەن ئادەملەرگە ھۆكۈمەتنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ قويمىساق بولمايدۇ! بۇلارنىڭ ئىچىدىكى يامان مەرەزلەردىن بىرنەچچىنى قولغا ئېلىپ ئەدەپلەپ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلايلى!

بۇ پىكىر باشقارمىدىكى بەزى رەھبەرلەرنىڭ قوللىشىغا، ھېسداشلىقىغا ئېرىشتى. ئەمما، بۇ خىل قوللاش بىلەن ھېسداشلىقنى يەنىلا رىيازەت ئىگىسى غۇلام مۇدىر ئۆزى ناھايىتى چىرايلىق، يوللۇق گەپلەر بىلەن رەت قىلىۋەتتى:

— يولداشلار، ھەممە نەرسىگە بىردىنلا ئېرىشكىلى بولمايدۇ، تېز ئاقىدىغان دەريادا ئۈزۈش ئاسان ئەمەس! مېنىڭچە، خەلقىمىز ياخشى خەلق، بۇ ئىشتا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشىمىز لازىم. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ياشاپ ئاۋات قىلغان ماكاندىن، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كوچا ـ مەھەللىدىن ئايرىلىشى ئاسان ئەمەس. بۇ كوچا ـ مەھەللىلەرنىڭ ئالدىغا نەچچە يۈز يىل، كەينىگە سەكسەن — توقسان يىل بولغان، شۇڭا ئۇنىڭغا چىدىمايدۇ، يۈرىكى ئېچىشىدۇ. سىلەر ئادەملەرنىڭ كاللىسىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشنى بىر ـ ئىككى ھۆججەت، بىر ـ ئىككى تەشۋىقات بىلەنلا چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارامسىلەر؟ بۇ ئۇنداق ئوڭاي ئىش ئەمەس، بۇ بەزى ئادەملەرنىڭ قېنىغا، ئېتىقادىغا، ھەتتا ئىمانىغا

سىڭىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر جەريان كېرەك. بىز ئەڭ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ روھىيىتىدە ئۆزگىرىش ياسىشىمىز لازىم!

شۇ چاغدا، ئۇنىڭ خىيالىدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن شەھەرلىك پارتكومدا ئېچىلىپ، ئۆزىگە يېڭى پىكىر، يېڭى تەسەۋۋۇر ئاتا قىلغان بىر يىغىننىڭ كۆرۈنۈشى قايتا ئۆتكەندەك بولدى.

يىغىننى شەھەرلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ خاۋ ئاچقانىدى. بۇ ئادەم ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى قەشقەرگە كەلگەن پېشقەدەم ئىنقىلابچىنىڭ ئەۋلادى ئىدى. ئۇ قەشقەردە تۇغۇلدى، قەشقەردە ئوقۇدى، كېيىن ئالىي مەكتەپ بىلەن ئاسپىرانتلىقنى بېيجىڭدا تاماملاپ، يەنە ئۆز خاھىشى بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئۇيغۇر باللار بىلەن ئويناپ چوڭ بولغاچقا، ئۇيغۇر تىلىنى ئوبدان سۆزلەيتتى.

ئۇ بۈگۈن شەھەر دائىرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار بىلەن ھەرقايسى كوچا باشقارمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى يىغىپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەر توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش قىلغانىدى.

ـــ يولداشلار! ـــ دېگەنىدى ئۇ سالماق ئاۋازدا، ـــ ھازىر بىز بىر قىسىم كوچا ـ مەھەللىلەر بىلەن يوللارنى ئۆزگەرتىپ، شەھىرىمىزنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلىماقچىمىز. بۇ ۋەزىپە ئېيتماققا ئوڭاي بولغان بىلەن، ئىشلىمەك ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس! چۈنكى، كوچا ـ مەھەللە، ئۆي ـ ئىمارەتنىڭ ئۆزىلا ئۆزگەرمەس بىر

تارىخ. بۇ تارىخ شۇ دەۋرلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. كونا شەھەر رايونى گەرچە ھازىر قەشقەر شەھىرىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا قەدىمىي تارىخىي شەھەرنىڭ شەكلى ساقلاپ قېلىنغان. بۇ يەردىكى نۇرغۇن كوچىلار جۇڭگو بويىچە بىردىنبىر مۇكەممەل ساقلانغان، ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئالاھىدىلىك قىلغان، سىرلىق ئوردىسىمان كوچىلار. شۇڭا ئۇ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە قويۇق تارىخىي مەدەنىيىتى، سۈلكەتلىك ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئۆزگىچە تەبىئىي مەنزىرىسى بىلەن ئەڭ تىپىك خاراكتېرلىك شەرق - غەرب مەدەنىيىتى يۇغۇرۇلمىسىنىڭ ۋەكىلىگە ئايلانغان. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە بۇ يەردە ياشاپ كەلگەن، ئەۋلاد كۆپەيگەنسېرى ئۇستىگە بالىخانا، باستۇرمىلارنى سېلىپ، ئەجدادلىرىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمىگەن!— ئۇ بىر يۈتۈم چاينى ئوتلىۋېتىپ، ئەسلىي مۇددىئاغا كۆچكەندەك ھاياجانلىق ئاۋازدا داۋام قىلدى،— لېكىن، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پەقەت يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. بۇ دۇنيادا مەڭگۈ ئۆزگەرمەي قېتىپ تۇرىدىغان ھېچ نەرسە يوق. جىمى شەيئىلەر پەقەت ئۆزگىرىش ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. كونا شەھەرمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشى ھەم ئۆزىمىز ئىلىپ بارغان ھەر خىل سۈنئىي ھەرىكەتلەر تۈپەيلىدىن، كونا كوچا - مەھەللە، كونا ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ھاياتىي كۈچى

خوراپ، بەئەينى مىتە يېگەن بۇغدايدەك ئۆز ئىچىدىن زەئىپلىشىپ كەتتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا قارىغۇلارچە پىلانسىز كولانغان لەخمىلەر خەتەرلىك يوشۇرۇن ئاپەتكە ئايلاندى. شۇڭا، بىر قىسىم مەھەللە، بىر قىسىم ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى ئۆزگەرتىش بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك تەخىرسىز ۋەزىپىمىز بولۇپ قالدى. لېكىن بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ قەدىمىي شەھەرنى پۈتۈنلەي تۈزلىۋېتىش، پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىش دېگەنلىك ئەمەس. بىز ھەرگىزمۇ كونا كوچا، كونا ئۆي ـ ئىمارەتلەردىكى تارىخىي مەنىنىڭ بەلگىلىرىنى يوق قىلىۋەتمەيمىز! بىز پەقەت ئۆزگەرتمىسە بولمايدىغان يەرلەرنى ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش ئارقىلىق، قەدىمىي شەھەرگە يېڭى ھۆسن، يېڭى مەنزىرە ۋە يېڭى ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىپ، خەلقىمىزنى بىخەتەر، ئازادە تۇرمۇش مۇھىتىغا ئىگە قىلماقچىمىز. دېمەك، بۇزۇشتىكى مەقسەت ـــ قۇرۇش! دەرۋەقە، بۇنداق قۇرۇش ھەممە ئادەمنى تەڭ رازى قىلىپ كېتەلمەيدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە دەز كېتىشى مۇمكىن، بەزى ئادەملەر ئاز ـ تولا بەدەل تۆلىشى مۇمكىن. شۇڭا بىز، سەۋرچانلىق، تەمكىنلىك بىلەن ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەسىر قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا يېڭى مەدەنىيەت ئېڭىنى ئويغىتىشىمىز لازىم!...

يىغىندىن كېيىن غۇلام مۇدىر نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدى، ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان شەھەرنىڭ يىراق ـ يېقىندىكى تارىخىنى ئەسلىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە بۇ شەھەر ئەسلىدىنلا بىر مۇقەددەس ئوردا ئىدى. ئەمما ئۇ، بۇ

ئوردىغا كېيىنكى ۋاقىتلاردا باشقا بىر نۇقتىئىنەزەر سىڭىشقا ئادەتلەنگەنىدى. بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ كىشىلەرگە بەخش ئېتىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ يالغۇز قەدىمىي تۇستىكى كارامىتى ۋە گۈزەللىكى بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا بولمايدىغانلىقىنى ئۇ ئاستا ـ ئاستا ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ قەلبىدە ئانا يۇرتىنىڭ رېئال قىياپىتىگە بولغان ساددا مۇھەببەت بىلەن كەلگۈسى ئىستىقبالىغا بولغان قىزغىن ئىنتىلىش تەڭلا باش كۆتۈرگەنىدى.

بۈگۈنكى يىغىن ئۇنىڭ روھىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتتى. بولۇپمۇ، ئۆزى ھۆرمەتلەيدىغان جۇ خاۋنىڭ كەسكىن، لىللا سۆزلىرى ئۇنىڭ پىكىر ۋە قاراشلىرىغا تېخىمۇ يېڭى مەنە ۋە يېڭى چۈشەنچىلەرنى ئاتا قىلغانىدى.

شۇڭا ئۇ، بۈگۈنكى كوچا باشقارمىسىنىڭ يىغىنىدا، ھېزىم ھەسەن قاتارلىقلارنىڭ پىكرىگە دادىللىق بىلەن ئۆكتە قوپۇپ، يۇقىرىقى گەپلەرنى قىلدى ۋە ئاخىرىدا ئۆز پىكرىنى يەنە بىر قېتىم ئوچۇق شەرھلىدى:

ــ يولداشلار، بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئېچىلغان شەھەرلىك پارتكوم يىغىنىدا، جۇ شۇجى قالتىس گەپ قىلدى. ئۇ كىشىنىڭ گېپى بويىچە بولغاندا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قولىدا ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن قوپۇرۇلغان بۇ شەھەر ئەۋلادلارنىڭ قولىدا خىش ـ داشگالغا ئايلىنىپ قالسا ھەرگىز بولمايدۇ. بىز بۇ چوڭ قائىدىنى ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىگە سىڭدۇرۇپ، قىسمەن دائىرىدىكى بۇزۇشتىكى مەقسەت ــ چوڭ دائىرىدىكى قۇرۇش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشىمىز لازىم!

ئۇنىڭ شۇ گېپى بىلەن كوچا باشقارمىسىدىكى، ئاھالە كومىتېتىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىرنەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، قاتلامۇقاتلام خىزمەت ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى.

غۇلام مۇدىر بۇگۇن ئۆزى ھېزىم ھەسەن قاتارلىق بىرنەچچە كادىرنى باشلاپ، ئەرز ـ دادى كۆپرەك بولۇۋاتقان زاھىر ھاجى تۇرۇشلۇق كونا كوچىغا كەلگەنىدى. كوچىدىكىلەر بىر ـ بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشۈپ، بىردەمدە كوچا دوقمۇشىدىكى ئۈچ بۇرجەك سەيناغا يىغىلدى. زاھىر ھاجىنىڭ بۇ كادىرلارنى كۆرەرگە كۆزى يوق ئىدى، شۇنداقتىمۇ بىرەر «يېڭى گەپ» چىقىپ قالارمىكىن دېگەن تەمەدە بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئۇ، ئاق پاكچۇ يەكتەكنىڭ پېشىنى تىقىمىغا قىستۇرۇپ، خۇددى بىرىگە قېيىدىغاندەك يۈزىنى بىر چەتكە بۇرىغىنىچە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇ ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىگە — ئادەملەرگە، ئۆيلەرگە ۋە كۆز ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقان ئىمىر ـ چىمىرلارنىڭ ھەممىسىگە يۈرىكى ئېزىلىپ قارايتتى. «ئەجەبا، بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسە ئۆتكۈنچىمۇ؟!— دەپ ئازاب بىلەن ئويلىدى ئۇ،— شانۇ شەۋكەت، دەۋر ـ دەۋران، ياخشى يامان ھەممىسى؟! ئۇنداقتا، ياشاشتىن، بۇ دۇنياغا كېلىشتىن مەقسەت نېمە؟ بۇ دۇنيا نېمە ئۈچۈن يارالغان؟ ئەگەر ئادەم ئۇنىڭدىن بىرەر تەسەللىگە ئېرىشەلمىسە، ئۇنىڭ نېمىسى ئۈمىدلىك دۇنيا!؟...»

ئۆز سوئالىدىن ئۆزىنىڭ كۆڭلى خىرە بولدى، ئۇ ئاپتاپنىڭ بىنەپشە رەڭ نۇرىدىن قاماشقان كۆزلىرىنى

يۇمۇپ يەنە خىيالغا پاتتى: «ئاھ خۇدا! ئىككى ـ ئۈچ يۈز يىللىق كوچا ـ مەھەللىلەر ۋەيران قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ!... دۇنيادا جانان كوچىسىدەك، ئەنجان كوچىسىدەك، باغ كوچىسىدەك، مىزلى كوچىسىدەك شىشە رەڭلىك جانان ماكان نەدە بار؟ مانا شۇنداق يەرلەرنى ئاۋات قىلىش ئورنىغا ۋەيران قىلماقچى! قايسى گۇناھى ئۈچۈن؟ ئۇنىڭ كىمگە ھالاقىتى تېگىپتۇ؟! مەھەللىدىكى ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئاۋاز ـ سادالىرىنى ئىشىتىپ، ناخشا ـ غەزەللىرىگە جور بولۇپ ياشىغانلىغا نېمە يەتسۇن! سالقىن ھويلىنىڭ سۇپىسىدا يانپاشلاپ يېتىپ، مۇڭداشقانلىغا نېمە يەتسۇن! ئۇيغۇرنىڭ نېمىسى كۆپ؟ توي ـ تۆكۈنى، نەزىر ـ چىرىغى، ئىشقىلىپ، مەرىكىسى كۆپ! ئېگىز بىنالاردىكى تۆت تامنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىشسا، بۇنداق ئىمكانىيەتلەر نەدە!؟ ئادەم دىققىنەپەس بولۇپ، ئالتە كۈندە كاردىن چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۆزىمىز ئۆگەنگەن تۇڭلۇكلۇك، شاماللىق ھويلا ـ ئاران ئەۋزەل ئەمەسما!؟...»

قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە زاھىر ھاجىنىڭ بېشىدىن بىر دۇنيا خىيال ئۆتتى. خىيالنىڭ بېشىمۇ، ئاخىرىمۇ يەنە شۇ كوچا ـ مەھەللە ئىدى. گويا بۇ ئاجايىپ ئالەمنىڭ بىر چېتىدە زاھىر ھاجى تۇراتتى، مەركىزىدە ئۇنىڭ ئانا كوچىسى — مۆتىۋەرلىكتە مۆتىۋەر، پازىللىقتا پازىل، يېتۇكلۇكتە يېتۇك مانا شۇ كونا كوچا تۇراتتى!...

غۇلام مۇدىرنىڭ تەمكىن ئاۋازى زاھىر ھاجىنى خىيالدىن سەگىتتى.

— ھۆرمەتلىك جامائەت، قېرىنداشلار! دەۋر

ئۆزگىرىۋاتىدۇ، — دەپ گېپىنى باشلىدى غۇلام مۇدىر ئورنىدىن تۇرۇپ، — شۇنىڭغا يارىشا ئادەملەرنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجلىرىمۇ ئۆزگىرىۋاتىدۇ. بۈگۈن بىز دەۋاتقان كونا، خەتەرلىك ئۆيلەرنى چېقىپ، يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈرۈش ئىشى قانداقتۇر بىرەر ئادەمنىڭ خاھىشى ياكى تەلەپ ـ ئېھتىياجى بويىچىلا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ئىش ئەمەس، بەلكى بۇ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى! ئىسلاھات، ئۆزگەرتىش بولمىسا، تەرەققىياتمۇ بولمايدۇ. شەھىرىمىز بۇنداق ئىسلاھات ـ ئۆزگەرتىشنى تارىختىن بېرى ئۈزۈلدۈرمەي قىلىپ كەلگەن. سىلەر قەشقەرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى ۋاراقلاپ باقساڭلار بۇنى بىلەلەيسىلەر. ئالايلى، 1839 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى زوھۇرىدىن ھېكىمبەگ دەۋرىدە شەھەر كېڭەيتىلىپ، كۆلىمى چوڭ، كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك سېپىل سوقۇلغان. 1864 ـ يىلى ياقۇپبەگ زامانىسىدا ئوردا دەرۋازىسىنى يۆتكەش ۋە كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى قىلىنىپ، بىرنەچچە كوچا ۋە گۈزەرلەر ئۆزگەرتىلگەن. 1934 ـ يىلى شېڭ شىسەي دائىرىلىرى ئېلىپ بارغان كوچا ئىسلاھاتى، 1937 ـ يىلىدىكى يەنە بىر قېتىملىق شەھەر ـ كوچا ئىسلاھاتى ۋە ئازادلىقتىن كېيىن 1956 ـ يىلى ئېلىپ بارغان شەھەر ئىسلاھاتىدا نۇرغۇن ئۆي ـ ئىمارەتلەر چېقىلغان، كوچىلار ئۆزگەرتىلگەن، بۇنىڭ ھېسابىغا شەھەر كېڭىيىپ، گۈزەللىشىپ زامانغا لايىق يېڭى تۈس ئالغان. دېمەك، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۇ قەدىمىي، داڭلىق شەھەرنى ئۈزلۈكسىز بۇزۇپ، ئۈزلۈكسىز قۇرۇپ،

بۇگۈنكىدەك «يېپەك يولىدىكى يېشىل مەرۋايىت» ھالىتىگە كەلتۈرگەن. لېكىن ھازىر بەزىلەر: «ئۆي كۆچۈرۈش — يەر تەۋرەشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن دەيدىكەنسىلەر، ئەمما يەرنى تەۋرىگەندە كۆرمەيمىزما!» دەپ تەۋەككۈلچىلىك قىلىۋاتىدۇ. ئاپەت دېگەن ھەرگىزمۇ پۈت ـ قولنى ساڭگىلىتىپ كەلمەيدۇ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان نەرسە. مېنىڭچە، مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە 1902 ـ يىلى مۇشۇ يەردە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەشنىڭ پاجىئەسىدىن خەۋىرى بارلار باردۇ. كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ چاغدا شەھەر يوللىرىدىكى دەرەخلەرنىڭ يىلتىزى قومۇرۇلۇپ، سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ ئۇچى يەرگە تېگىپتىكەن...

بىرەيلەن ئۇنى قۇۋۋەتلەپ دەرھال قوشۇمچە قىلدى:

— ئۇ چاغدىكى قاتتىق زىلزىلىدە ھېيتگاھ جامەئەسىمۇ ئاپەتكە ئۇچراپتىكەن. شۇنداق پۇختا سېلىنغان جامە خانىقاسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كايىۋاننىڭ بىر قىسمى يىمىرىلىپ، پەشتىقىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى مۇنارمۇ سىگار يان بولۇپ قاپتىكەن...

— شۇنداق، ھەق دېسىلە، ھەق... — دېدى كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن يېرىم ـ يارتا كۆتۈرۈلگەن رېشىت پەلەڭ بويۇنلىرىنى غازدەك سوزۇپ، — دادام رەھمەتلىكنىڭ ئېيتىشىچە، كۆلنىڭ سۇلىرى چايقىلىپ تېشىپ كېتىپتىكەن، كاساپەت...

— توغرا، ھەقىقەتەن شۇنداق، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى غۇلام مۇدىر، — شۇ قېتىملىق يەر تەۋرەشتە

شەھىرىمىزدىن بەش يۈزدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ، توقسان
پىرسەنت ئۆي ـ جاي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. بىر ياخشى
يېرى، ئۇ چاغدا كوچا ـ مەھەللىدىكى ئۆيلەر مۇنداق
زىچ، قىستاڭ ئەمەسكەن. لېكىن، ھازىر نوپۇس
كۆپىيىپ، بەكمۇ قىستاڭچىلىق ئىچىدە قالدۇق.
قېرىنداشلار، ئويلاپ بېقىڭلار، بۇرۇن بىر ئۆيدە قانچە
ئىدىڭلار، ھازىر قانچە بولدۇڭلار؟ مۇشۇ كىچىككىنە
زېمىندا نوپۇس بۇرۇنقى نەچچە مىڭدىن كۆپىيىپ، ھازىر
ئىككى يۈز مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، ئەمما يەر يەنە شۇ
يەر، ئۆي يەنە شۇ ئۆي. شۇغىنىسى، بىز بۇرۇنقى خام
كېسەك ئۆيلەرنىڭ ئۈستىگە قەۋەتلەپ بالىخانا، مەنزەر
سالدۇق، ئۆگزە تارلىق قىلسا، كوچىنىڭ ئۈستىنى
باستۇرما قىلىپ ئۆي قىلدۇق، بۇ خۇددى پۈتىمىز مەسە ـ
ئۆتۈككە پاتمىغانسېرى پايتىمىنى يوغان يۆگىگەندەك
ئەخمىقانە ئىش بولدى، مۇشۇ كۈندە بىزنىڭ كوچا
باشقارمىمىز تەۋەسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ زىچلىقى
شاڭخەيدىنمۇ ئېشىپ، بەزى يەرلەردە بىر كىۋادرات
كىلومېتىرغا قىرىق نەچچە مىڭدىن ئادەم توغرا
كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئەگەر بۇنداق كېتىۋەرسە بۇ
زېمىن ئەمدى بىزنى كۆتۈرەلمەيدۇ، قېرىنداشلار! ئۇنىڭ
ئۈستىگە، بىز ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى
«لەخمىنى چوڭقۇر كولاش، ئاشلىقنى كەڭرى جۇغلاش،
زومىگەر بولماسلىق» سىياسىتى بويىچە، ھەربىر كوچا ـ
مەھەللىلەردە كولىغان يەتتە ـ سەككىز مېتىر
چوڭقۇرلۇقتىكى لەخمىلەرنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ.
ھەر قېتىم يامغۇر ياغسا بۇ لەخمىلەرگە سۇ سىڭىپ،

تاملىرى زەيلىشىپ، لەخمىلەرمۇ ھامان بىر كۈنى بېشىمىزغا چىقىدىغان باسماق بولۇپ قالدى. تاملىرىمىز كونىراپ پىشىپ كەتكەن ئۈجمىدەك تۆكۈلۈپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا، بىز ھەرقانداق ئىشنى ئويلىغاندا، بۇلارنى ھېسابقا ئالمىساق بولمايدۇ. بۇ دۇنيادا ھەممە ئىشنىڭ چەك ـ چېكى، ھېساب ـ كىتابى بولىدۇ. ھۆكۈمەت مانا شۇلارنى ئويلىشىپ، زور مەبلەغ سېلىپ، تاختا كۆۋرۈكتە سەككىز بال يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان زامانىۋى ئۆيلەرنى سالدى...

غۇلام مۇدىرنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى زاھىر ھاجىنىڭ يەنە سەپراسىنى ئۆرلەتتى. «سېنىڭ سالغان يېڭى ئۆي ـ ئىمارەتلىرىڭنىڭ كىمگە كېرىكى؟!ــ ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىۋاتاتتى،ــ كىم خۇشتار بولۇپتۇ ئۇنىڭغا؟! ئالتۇن قەپەسكە سېلىپ باقساڭمۇ، قۇش قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئاچقان ھامان ئۇچۇپ كېتىدۇ، ئورمانلارغا، باغلارغا كېتىدۇ. ئاخىر ئورمان بىلەن باغ ئۇنىڭ تۇخۇمدىن چىققان ماكانى ـ دە! بىز قانچە ئەۋلاد مۇشۇ كوچا، مۇشۇ مەھەللىدە تۇخۇمدىن چىقمىدۇق!...»

لېكىن، غۇلام مۇدىرنىڭ ئىچ كۆيەرلىك بىلەن ئېيتقان سەمىمىي گەپلىرى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ كۆڭۈل غۇبارىنى تازىلاپ، روھلىرىنى يەڭگىل قىلغانىدى. شۇڭا، بىر قىسىم ئادەملەر ئۇنىڭغا ئىشەنچ ۋە ئىخلاس بىلەن قاراشتى، غۇلام مۇدىر بۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ گەپنى ئۇلاپ كەتتى:

ــ قېرىنداشلار، بىز ھەمىشە ئىبادىتىمىزدە بولسۇن، داستىخان ئۈستىدە بولسۇن بەخت ھەققىدە گەپ

قىلىمىز، ئۆزىمىزگە، ئۇرۇق ـ ئەۋلادلارغا بەخت تىلەيمىز. مېنىڭچە، بىز ئەمدى قۇرۇق بەخت ھەققىدە ئويلىغاندىن كۆرە، بەختكە ئېلىپ بارىدىغان يوللارنى ئىزدىشىمىز كېرەك. بۇ يول ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بىز يەنە ھەر خىل قۇرۇق خىيال، ئەپقاچتى گەپلەر بىلەن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويمايلى!

— توغرا گەپ بولدى، بەلەن گەپ بولدى، كاساپەت...— دېدى رىشىت پەلەڭ قانداقتۇر قۇۋناق ئاۋازدا،— ئۆزى... ئۆزى زامان شۇنداق، زامانغا قاراپ قەدەم تاشلىمىساق بولمايدىكەن. مەن چۈشەندىم... بۇ ئىش ھۆكۈمەتنىڭ خەلقنىڭ غېمىنى يېگەنلىكى ئىكەن، كاساپەت...

— ھۆكۈمەت خەلقنىڭ غېمىنى يېمەي، ئۆزىنىڭ غېمىنى يېسە بولمامدا؟!— رىشىت پەلەڭنىڭ سۆزىنى قاق بەلدىن ئۈزۈپ، تەئەددى بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆز ھەممەيلەننى ئاۋاز چىققان تەرەپكە بويۇنداپ قاراشقا مەجبۇر قىلدى، ئۇ زاھىر ھاجى ئىدى، زاھىر ھاجى تېخىچە ئۆز گېپىنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلىماقچىدەك، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇراتتى، ئەمما، ھېزىم ھەسەن ئۇنى قايتا ئېغىز ئېچىشقا يول قويمىدى:

— ھاي ـ ھاي!... بۇ گەپلىرى قاملاشمىدى، زاھىر ھاجى!— دېدى ئۇ قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ،— ھۆكۈمەت خەلقنىڭ غېمىنى يېمىسە، ئۇ قانداقمۇ خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى بولالايدۇ؟ خەلقنىڭ غېمىنى يېيىشى يامانما؟!

زاھىر ھاجىمۇ بوش كەلمىدى، شۇغىنىسى ئۇ ئىلاجىنىڭ بارىچە سىلىق، يۇمشاق سۆزلەشكە ھەرىكەت

قىلدى، ئەمما كۆڭلىدىكى يوشۇرۇن غەزەپ ۋە ئەلەمنىڭ ئاچچىق ئىسسىتمىسى بەرىبىر ئاشكارىلىنىپ، ئۇنىڭ نىيىتىنى ھەممىگە ئايان قىلدى:

— بىزنىڭ غېمىمىزنى يەيمەن دەپ، بىزنى پاراكەندە قىلغىنى نېمىسى!؟ ساق بېشىمىزنى ئاغرىتىپ، ئۆي چاقىمىز، دۇكان چاقىمىز دەۋاتىدۇ، بۇنىڭ نېمىسى خەلقنىڭ غېمىنى يېگەنلىك؟! بۇنىڭ ئۆزى خەلقنىڭ غېمىنى يېگەنلىك ئەمەس، ئەكسىچە خەلقنىڭ غېمىنى كۆپەيتكەنلىك!...

زاھىر ھاجىنىڭ ئۇجەر – جاھىللىقىدىن بىرى ئەندىشىدە، بىرى ھەيرەتتە، بىرى ھەۋەستە ئىدى.

يىغىن مەيدانى بىر ئاز دەۋرەپ قالدى، ئۇ يەر – بۇ يەردە كۇس – كۇس، ئۇ يەر – بۇ يەردە گال قىرىش، دىماغ قېقىش، ئۇ يەر – بۇ يەردە قوللاش، نارازى بولۇش ۋە قاراپ بېقىشقا ئوخشاش سادا ۋە ئىنكاسلار پەيدا بولدى. يىغىن مەيدانى گويا كىم نوچى بولسا شۇ ئىلىكىگە ئالىدىغان چېلىشىش مەيدانىدەك بولۇپ قالغانىدى. شۇ تاپتا زاھىر ھاجى بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە ھەرقانداق تاجىسى بار ئادەمگىمۇ ھەددى سىغىپ گەپ قىلالايدىغان نوچىغا ئايلانغانىدى. گەپنى زاھىر ھاجى قىلسا، ئۇلار پۇخادىن چىقىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇلار چىرايلىرىدىكى مەمنۇن كۈلكە، كۆزلىرىدىكى مەستانە بېقىشلىرى بىلەن زاھىر ھاجىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىۋاتاتتى. زاھىر ھاجىمۇ ئۇزاق يىللىق تىجارەت جەريانىدا ھەر خىل ئادەملەر بىلەن ھەپىلىشىپ يۇرۇپ يېتىلدۇرگەن سۆزمەنلىكى بىلەن يۇرىكىدىكى دەرد –

ئەلەملىرىنى چىقىرىۋاتاتتى، ھازىر ئۇنىڭغا راھەت بىلەن ئازابنىڭ تەمى ئوخشاش بىلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— بۇ گەپلىرى دۇرۇس بولمىدى، زاھىر ھاجىم! — دېدى غۇلام مۇدىر ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ، — ئۆزلىرى جاھان كۆرگەن، ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئادەم. ئادەمنىڭ نىيىتى دۇرۇس بولسا، جاھانمۇ كەڭ بىلىنىدۇ. بىز دەۋاتقان گەپلەر بۇ يەردىكى بىر نەچچىمىزنىڭ گېپى ئەمەس، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ قارارى. بۇ قارارنى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا شەھەرنىڭ بىر يۈز توقسان سەككىز نەپەر ۋەكىلى نۇرغۇن كېڭىشىش، نۇرغۇن تالىشىش ئارقىلىق ئاخىرىدا قول كۆتۈرۈپ قارار قىلغان...

— خەلق قۇرۇلتىيى قارار قىلدى دەيدىكەنسىلەر! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى زاھىر ھاجى تەرسالىق بىلەن، — خەلق قۇرۇلتىيىدا زادى قانچىلىك خەلقنىڭ ۋەكىلى بار؟! بىزنىڭ كوچىدىن نەچچىسى بار؟! يوق - يوق، بىرىمۇ يوق! ھەممىسى ئۆزۈڭلارغا ئوخشاش ئەمەلدارلار. قول كۆتۈر دېسە، كۆتۈرىسىلەر، چاۋاك چال دېسە، چالىسىلەر. قايسى ۋەكىل خەلقنىڭ كۆلكىسىگە كۆلۈپ، يىغىسىغا يىغلاپ بېقىپتۇ؟!

بۇ قېتىم ھېزىم ھەسەن تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە زاھىر ھاجى ھازىر پۇتۇنلەي تاپتىن چىقىپ، ھۆكۈمەتنى ۋە ئۇنىڭ دانا سىياسەتلىرىنى چىشلەپ تارتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق زەھەرخەندە سۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇش ئۇنىڭغا يان باسقانلىق، ھېسداشلىق قىلغانلىق بولاتتى. شۇڭا ئۇ، غۇلام

مۇدىرنىڭ سۆزلىشىنىمۇ كۈتمەستىن، تىلىنى تايالماي،
ئاغزىنى قويۇۋەتتى:
— بۇ ئازغۇنلۇق! ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت،
قارارلىرىغا ئوچۇق - ئاشكارا قارشى قوپقانلىق!
ھۆكۈمەتكە قارشى مۇقامدا توۋلىغان ئادەمنىڭ ئاقىۋىتى
نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلەمدىلا، ھاجىم!؟ ئاقىۋىتى
تۈرمە بولىدۇ، تۈرمە!
كېيىنكى گەپ سەل ئېغىر كەتتى، ئۇنىڭ ئېغىر
كەتكەنلىكى ئەلەمدىن قىسىلغان كۆزلىرىنى نەشتەردەك
تىكىپ، چار كەپتەرنىڭ پېيىدەك ئاقىرىشقا باشلىغان
ساقاللىرىنى دىردەيتىپ تۇرغان زاھىر ھاجىنىڭ
ئەندىككەن تۇرقىدىنلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىچى
مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى، لېكىن ئۇ تېزلا ئۆزىنى
ئوڭشىۋالدى، ھېزىم ھەسەنگە دىققەت بىلەن تىكىلىپ
قارىدى، بىر مەھەل شۇنداق تۇرغاچ كاللىسىغا
كىرىۋالغان ئاللىقانداق تۇتۇق خىياللارنى گويا قېقىپ
چۇشۇرمەكچى بولغاندەك، بېشىنى بىرنەچچە رەت
سىلكىدى - دە، ناھايىتى تەمكىن، ئەمما زەھەرخەندىلىك
بىلەن دېدى:
— كۆز بار ئىكەن — ئادەم كۆرىدۇ! ئېغىز بار ئىكەن —
ئادەم گەپ قىلىدۇ! بۇنى تەقىبلەپ قويۇشقا سىزدەك بىر
كادىر ئەمەس، ھەتتا دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ سەلتەنەت
ئىگىلىرىمۇ قادىر بولمىغان! ئەگەر مېنى گەپ
قىلغانلىقىم ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلىماقچى بولسىڭىز، مانا
قېرى جېنىم ئالىقىنىڭىزدا تۇرۇپتۇ!
ھېزىم ھەسەن خۇددى تاشپاقىنىڭ ئۇستىگە

چىقىۋالغان چاياندەك، رەقىبىنىڭ قەيىرىگە نەشتەر سانجىشنى بىلەلمەي بىرپەس تېرىكىپ تۇردىيۇ، كېيىن بىردىنلا قولىنى بىگىز قىلىپ ۋارقىرىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى يىغىندىكى خامۇش ئولتۇرغان بەزى ئادەملەرنى چۆچۈتۈۋەتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى غەلىتە ئىدى — قەتئىي ۋە ھېسسىز، خۇنۈك ۋە يېقىمسىز:

— سەندەك بىشەم، كۆكەرمىلەردىن بىر-ئىككىسىنىڭ نوخلىسىنى ئالماي بولمايدىغاندەك ئوخشايدۇ! ئەجىلى توشقان چاشقان مۈشۈككە غەمزە قىلار، دېگەن گەپ بار. بولىدۇ، بولىدۇ! تۈرمىدە ياتقۇڭ بولسا، مەن سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزۈپ قوياي!

ھېزىم ھەسەننىڭ بىردىنلا سەنلەپ چالۋاقىشى ئۆزىنى بۇ كوچىدىكى چوڭ مۆتىۋەر ھېسابلاپ كەلگەن زاھىر ھاجىنىڭ غۇرۇرىغا قاتتىق تەگدى، بۇنداق چاغدا ئۇ كىشىلەر ئالدىدا ئۆز ئابرۇيىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن يانمايتتى. شۇڭا، ئۇمۇ قولىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى:

— قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل! سەن بىلەن تالاشمايمەن، سەن بىلەن گەپ تالاشقۇچە ئىت بىلەن سۆڭەك تالىشىمەن!...

يىغىن مەيدانى بىردىنلا جىددىي تۈس ئېلىپ كەتتى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنى خۇددى «يانتاق ئۆزىنى باغ چاغلايدۇ، تەنتەك ئۆزىنى تاغ چاغلايدۇ» دېگەندەك، بىر-بىرىگە يول بەرمەي بازلىشىپ قالدى. كىشىلەر ئارىسىدىمۇ «كۇس-كۇس» پاراڭلار باشلاندى. بىرى ھېزىم ھەسەننى ئىما قىلىپ «كىم ئۇ» دېۋىدى،



www.uyghurkitap.com

يېنىدىكى بىرى ئاۋازىنى پەس قىلىپ: «كىم بولاتتى، شەھەرلىك پارتكومدىن كەلگەن كادىركەن، كادىر دېگەننىڭ ھەممىشە ئاتقان ئوشۇقى ئالچۇ، پىچىقى ماي ئۈستىدە تۇرىدۇ جۇما! ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىپ پايدا ئالغىلى بولامدا؟...» دېسە، يەنە بىرى ئەتراپىدىكىلەرگە زاھىر ھاجىنى ئىما قىلىپ: «بۇ ئادەمنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، ئاچچىقى تۇتسا، سۇدىكى بېلىقنىمۇ تىللاپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان زەردىسى يامان ئادەم بۇ!...» دەپ، ئۆزلىرىچە بۇ ئىككى ئادەمنى مۇھاكىمە قىلىشتى. ئەگەر شۇ چاغدا، غۇلام مۇدىر دەرھال ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، يىغىن ئەھلىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتمىغان بولسا، ھېزىم ھەسەن بىلەن زاھىر ھاجى يەنە بىر قەپەس «تىل ئۇرۇشى» قىلغان بولاتتى.

— ھاي ـ ھاي... توختاڭلار، توختاڭلار!— دېدى غۇلام مۇدىر قولى بىلەن بېسىش ھەرىكىتىنى قىلىپ،— بىردەم تاقەت قىلىڭلار، تاقەتلىككە تاغ باش ئېگىدۇ، دېگەن گەپ بار. بىز بۈگۈن بۇ يەرگە ئۆزئارا دەتالاشقىلى، ئارازلاشقىلى كەلمىدۇق، بەلكى كۆز ئالدىمىزدىكى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە، خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بىرلىكتە ھەل قىلغىلى كەلدۇق. بۇ جەرياندا بىزدىن ئۆتكەن يەرلەر بولسا ئەپۇ قىلىڭلار. كونىلاردا: «لېيى پىشمىغان خۇمىرلار تېز سۇنىدۇ» دېگەن نەقىل بار. ئىنسان بالىسىنىڭ بېشىغا ھەر خىل سىناقلار چۈشىدۇ، بۈگۈنكى بۇ ئىشمۇ بىزنىڭ بېشىمىزغا چۈشكەن جىددىي بىر سىناق. مەن ھەممىمىزنىڭ بۇ سىناقتىن خۇددى

www.uyghurkitap.com

لىيى پىشمىغان خومرىدەك سونۇپ كەتمەي، ئابرۇي بىلەن ئۆتۈشىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن!

غولام مودىرنىڭ بۇ بىرنەچچە ئېغىز سەمىمىي، مۇلايىم گەپلىرى ھەرھالدا يىغىن ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزگەرتىپ، كۆڭۈلسىز كەيپىياتنى ئوڭشىۋالدى، زاھىر ھاجىمۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت نەزىرىدىكى «قاشقىلىق» ئادەم بولۇپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلدىمۇ قانداق، ئۆزگىچە سەل ـ پەل ھاي بەردى ۋە شۇ گەپتىن كېيىن شۈكلەپ، ئاخىرىغىچە ئۈندىمەي پەرىشان ئولتۇردى.

شۇ ئارىلىقتا، غولام مودىر ھېزىم ھەسەنگە ئاكىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن ئاز ـ تولا نەسىھەت قىلىپ قويۇش خىيالىغا كەلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھېزىم ھەسەن قىزىققان، ھەرقانداق ئىشتا سىمابتەك لىغىرلاپ تۇرىدىغان بىقارار ئادەم ئىدى. بۇنداق مىجەز ـ خۇلق ئۇنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىۋى خىزمەت ئىشلىشىگە ئېغىر پۇتلىكاشاڭ بولاتتى.

ــ ئۇكام ھېزىمجان، ــ دېدى غولام مودىر ئۇنىڭ قولىقى تۈۋىدە ئاستا سۆزلەپ، ــ ئۇرالمايدىغان ئادەم كالتەكنىڭ چوڭىنى كۆتۈرىدۇ، دېگەن گەپ بار. بۇنداق قۇرۇق ۋارقىراشتىن، پوپوزىدىن ھېچ ئىش چىقمايدۇ، ئەكسىچە ئۆزىمىزنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىمىز. قاراڭە، ئالدىڭىزدا ئولتۇرغان بۇ ئادەملەر شۇنچە سەمىمىي، مۇلايىم، رايىش. بىرلا ئەيىبى، ئۇلار نادان، شۇڭا، تەربىيەگە موھتاج...

ــ ئۇلارچۇ... ــ ھېزىم ھەسەن يەنە شۇ جاھىللىقى بىلەن غولام مودىرنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، ــ ئۇلارچۇ،

باي بولۇپ پالتىسى يوق، گاداي بولۇپ خالتىسى يوق بىر كۆكەرمىلەر ئىكەن. بۇنداق ئادەملەرنى ئۆز رايىغا قويۇپ بوشاڭلىق قىلساق ھەرگىز بولمايدۇ! بىز باستۇرمىساق، ئۇلار بېسىپ كېلىدۇ، ئاخىرىدا يىلاننىڭ ئوردىسىنى قۇرۇپ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا قارشى قويىدۇ!

— ياق، ياق! — دەپ بېشىنى كەسكىن سىلكىدى غۇلام مۇدىر، — سىز بۇ خەقنى تازا چۈشەنمەيدىكەنسىز، ئۇكام. ئەگەر بىز ئۇلارنى توغرا يېتەكلىيەلىسەكلا، ئۇلار بىزنىڭ ئارقىمىزدىن ئوتقا دېسەك ئوتقا، سۇغا دېسەك سۇغا كىرىدۇ. سىز ئۇلارغا بولغان قارىشىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ. ئۆچەكىشىش ئادەمنى پەسلەشتۈرىدۇ، گۇناھىدىن كېچىش ئالىيجانابلىق ھېسابلىنىدۇ! ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۇكام، بىرىگە قاتتىق تەگمەك ئاسان، ھالبۇكى كۆڭۈل ئالماق قىيىن!

ھېزىم ھەسەن قايىل بولمىغاندەك، ئۆز پىكرىنى يورغىلاتتى، ئەمما ئۇ بۇ قېتىم ئۇششاق، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئەمەس، بەلكى يوغان، نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرنى سۆزلەپ، گويا غۇلام مۇدىرغا دەرس بەرمەكچىدەك گىدەيدى:

— بىزنىڭ قېتىپ قالغان پىكىر يوللىرىمىز ئۆزگىرىشى كېرەك، غۇلام مۇدىر! بۇ زورۇرىيەت ئالەمنىڭ تەلىپى. ھايات ئىلگىرىلەپ كېتىۋېرىدۇ، ئۇنى ھېچكىم توختىتالمايدۇ. تەرەققىيات ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئويلاپ تاپقان قېلىپىغا چۈشمەيدۇ!...

غۇلام مۇدىر بۇ قېتىم ھېزىم ھەسەننىڭ سۆزلىرىنى پەرۋاسىزلىق بىلەن ئاڭلاۋېتىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرى

www.uyghurkitap.com

توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدى. بۇ سۆزلەر ئۇنى تەئەججۇپكە سالدى. خۇددى مانا شۇ تەئەججۇپ تۇرۇپلا ۋەھىمىگە ئايلاندى. ھە، ئۇنىڭدىن ھەرقانداق نەرسىنى كۈتسە بولىدىكەن. شۇنداق، ئۇنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى بىر تېپىشماق ئىكەن!

— ئۇكام ھېزىمجان، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا تومتاقلا قىلىپ، — غادايغان قېچىرنىڭ باھاسى ئۆرە بولىدۇ، لېكىن غادايغان ئادەمگە ھېچكىم خېرىدار بولمايدۇ!

بۇ گەپلەر بىلەن غۇلام مۇدىر ئۇنى ماختىدىمۇ، كايىدىمۇ، نەپرەتلەندىمۇ ياكى سۆيۈندىمۇ ھېزىم ھەسەن بۇنى ئاجرىتالمىدى.

يىغىن ئاخىرلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى، غۇلام مۇدىر ئەمدى ئورنىدىن تۇرۇپ خۇلاسە قىلماقچى بولۇۋىدى، قايسىبىر بۇلۇڭدىن بىرىنىڭ ھەم ياڭراق، ھەم زەردىلىك ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ، ھەممەيلەننى يەنە تاڭ قالدۇردى:

— قەشقەرنىڭ ئۆزى بىر دەريا، ئىككى مىڭ يىللاردىن بېرى توختىماي ئېقىۋاتقان ئۇزۇن بىر دەريا. ھازىر دۇنيانىڭ قەيرىدە بۇنداق تارىخى ئۇزۇن، تاشلاندۇق بولماي ھايات كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان قەدىمىي شەھەر بار!؟ يوق، ھېچ يەردە يوق! ئەمما بىز قەدرىنى بىلمەيۋاتىمىز، بىز بىلمىگەن بىلەن چەت ئەللىكلەر بىلىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل ئۆرپ - ئادىتى، ھۈنەر - سەنئىتى بىلەن مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ جانلىق ھۈجەيرىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن تەۋەررۈك شەھەر، دەپ قاراۋاتىدۇ. دېمىسىمۇ، بىزنىڭ بۇ شەھەرنى

«ئۇستى ئوچۇق مۇزېي» دېيىشكە بولىدۇ. ۋاھالەنكى، بۈگۈنكە كەلگەندە بىز ئۆز قولىمىز بىلەن مۇشۇنداق تەۋەررۇك يادنامىنىڭ تارىخىي ئورنى بىلەن سەلتەنەتىنى يوقاتماقچى بولۇۋاتىمىز. بۇنىڭغا سىلەرنىڭ يۈرىكىڭلار ئېچىشمىغىنى بىلەن بىزنىڭ ئېچىشىدۇ، بىزنىڭ!

كەسكىن قول ھەرىكىتى بىلەن بۇنداق مەنىلىك سۆزلەرنى ئېيتىپ، يىغىن ئەھلىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان كىشى ــ مۇشۇ كوچىدىكى پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم گېزىتچى خالىق ئەپەندى ئىدى. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن تېخى بايىلا پەسكويغا چۈشۈپ قالغان يىغىن مەيدانى يەنە جانلىنىپ باشقىچە تۈس ئالدى. بەزىلەر گويا تۇساتتىن ئەڭگۈشتەرگە ئېرىشكەندەك قايتىدىن روھلىنىپ، ئەتراپقا بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراشتى، بەزىلەر بولسا «قېنى، ئەمدى نېمە دەيسەنكىن!» دېگەندەك تەكەببۇرانە نەزەر بىلەن غۇلام مۇدىرغا قارىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، خالىق ئەپەندىنىڭ سۆزى باياتىندىن بېرى بولۇنغان سۆزلەرنىڭ قايمىقى بولۇپ، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئۆتكۈر، يوللۇق سۆزلەر ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ھەممىشە سۈر - ھەيۋە بىلەن سۆزلەشكە ئادەتلىنىپ قالغان مەمەدان ھېزىم ھەسەنمۇ گويا تەڭلىكتە قالغان ئادەمدەك كۆزلىرىنى ئۈچ بۇرجەك قىسىپ، بىردە غۇلام مۇدىرغا، بىردە يىغىن ئەھلىگە قاراپ تۇراتتى.

غۇلام مۇدىر تەمكىنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە ھەممەيلەننى يەنە بىر قېتىم ھەيرانلىقتا قالدۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇ گەپ بەك ياخشى ئېيتىلدى، جامائەت! خالىق ئەپەندى ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم گەپنى ئېيتتى. دېمىسىمۇ، شەھەر دېگەن ئۇزۇن يىللىق تارىخىي تەرەققىياتنىڭ سىمۋولى، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئىزناسى. قەشقەر شەھىرى تېخىمۇ شۇنداق! ئەمما ھازىر جەمئىيەتتە بىر قىسىم كىشىلەر: «ھۆكۈمەت پۈتۈن كونا شەھەر رايونىنى چېقىپ تۈزلەپ، ۋەيران قىلماقچى!» دېگەندەك ئىغۋالارنى تارقىتىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى چالغىتىۋاتىدۇ. مەن شۇنداق ئادەملەردىن سوراپ باقاي: ھۆكۈمەتنىڭ قايسى ھۆججەت، قايسى بەلگىلىمە ۋە قايسى يىغىن خاتىرىسىدە شۇنداق گەپ ـ سۆزلەر بار ئىكەن!؟ مەن سىلەرگە دېسەم، بۇ پۈتۈنلەي پىتنە ـ پاسات! — غۇلام مۇدىر ئېغىر بىر تىن ئالدى، ئاندىن كۆپچىلىككە ئوچۇق چىراي بىلەن بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن ئىشەنچ بىلەن داۋام قىلدى، — جامائەت، خاتىرجەم بولۇڭلاركى، ھۆكۈمەت ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ! بايا خالىق ئەپەندى ئېيتقاندەك، بۇنداق «ئۈستى ئوچۇق مۇزېي»غا ئايلانغان، كوچىلىرى بىر ـ بىرىگە گىرەلەشكەن، بازارلىرى ئۆزئارا تۇتاشقان قەدىمىي ۋە تەبىئىي قەلئە دۇنيانىڭ ھېچ يېرىدە يوق. بىزنىڭ مۇشۇ كىچىككىنە زېمىندا بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان توقسان توققۇز كوچا بار. بۇ كوچىلارنىڭ ھەربىرى ئۆز زامانىسىدا بىردىن ئۇلگۇجە سېتىش بازىرى بولغان، شۇڭا بۇ كوچىلارنىڭ نامىمۇ تارىختىن بېرى «تاغارچى كوچىسى»، «زەرگەرلى كوچىسى»، «ئەگلەكچى كوچىسى»، «زىلچى كوچىسى»، «يىلقىچى كوچىسى»، «چەكمەنچى كوچىسى» دېگەندەك

كەسپىي نامالار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. شۇڭا، ھۆكۈمەت بۇنى تارىخىي ئابىدە سۈپىتىدە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ساقلايدۇ، بىز پەقەت شەھىرىمىزنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات پىلانىغا دوقال كەلگەن ئايرىم يەرلىرىنىلا چاقىمىز. نېمە ئۈچۈن دېگەندە، ھەر زامانىنىڭ ئۆزىگە لايىق يولى، بازىرى، تۇرالغۇسى، مەيدانى بولىدۇ. ئېيتىپ بېقىڭلار، ھېيتگاھ مەيدانىنى كېڭەيتمىسەك، ياسىمىساق بولامدۇ!؟ تار، ئېگىز ـ پەس يوللىرىمىزنى كېڭەيتىپ، راۋانلاشتۇرمىساق بولامدۇ؟ سۇ يوللىرىنى، ئەۋرەز يوللىرىنى يۇرۇشلەشتۇرمىسەك بولامدۇ؟ كوچا ـ مەھەللىمىزدە ئوت ئاپىتىگە، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرالايدىغان شارائىت ھازىرلىمىساق بولامدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە بىر قىسىم كوچا ـ مەھەللىلەر چېقىلىپ، ئاھالىلەر كۆچۈرۈلىدۇ، بۇنىڭلىق بىلەن ھەرگىزمۇ شەھەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە تەسىر يەتمەيدۇ. ئىشەنمىسەڭلار ھېسابلاپ بېقىڭلار: قەدىمىي كونا شەھەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان «يارباغ»، «چاسا»، «قۇم دەرۋازا»، «ئۆستەڭبويى»دىن ئىبارەت تۆت كوچا باشقارمىسى تەۋەسىدە ئوتتۇز مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە بار. بۇ قېتىم بىزنىڭ كوچا باشقارمىمىز تەۋەسىدىن چېقىلىدىغان ئائىلە پەقەت ئىككى يۈز نەچچە، بۇنىڭ بىلەن ئالتە مىڭ بەش يۈز ئائىلىسى بار بىر پۈتۈن ئاھالىلەر رايونى تۈگەپ كېتەمدۇ، ۋەيران بولامدۇ؟! ــ غۇلام مۇدىر سۆزدىن توختىدى، ئالدىدىكى قايناق سۇ قاچىسىنى ئېلىپ، ئىككى ـ ئۈچ يۇتۇم ئوتلىدى ۋە گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ،

www.uyghurkitap.com

سۆزىنى داۋام قىلدى، — جامائەت، دۇنيادا نېمە ئەڭ قىممەتلىك؟ ئادەمنىڭ ھاياتى ئەڭ قىممەتلىك. ئادەم بولغاندىلا، مەدەنىيەت ئاندىن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قېتىمقى ئىشى دەل ئەنە شۇ دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئادەمنىڭ ھاياتىنى ئويلىغانلىق! — غۇلام مۇدىرنىڭ سۆزى گويا ئېغىر بىر پارچە تاشتەك ئوتتۇرىغا چۆكۈپ، بايا تەۋرەپ كەتكەن يىغىن مەيدانىنى سۈكۈتكە چۆمدۈردى. خالىق ئەپەندىمۇ قانائەت تاپتىمۇ قانداق، ئىشقىلىپ بېشىنى خىيالچان لىڭشىتىپ قويۇپ ئۈنسىز ئولتۇرۇپ قالدى.

شۇ چاغدا بىرىنىڭ خۇددى قېيىدىغاندەك:

— بۇ گەپچە، جىمى كەلگۈلۈك بىزنىڭ مۇشۇ نەس باسقان كونا كوچىغا كەپتۇ - دە! — دېگەن نالىكار ئاۋازى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا يەنە بىر بۇلۇڭدىن مويسىپىت بىر كىتابپۇرۇشنىڭ خۇددى قىرائەت قىلغاندەك:

«ئالەمنى بىلگەنلەر دېمىشلەر چۇنان،
جەڭنى تاشقىرىدىن كۆرمەكلىك ئاسان.»

دەپ ئوقۇغان شېئىرى بىلەن يىغىن ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتتى.

## 4

ھاياتتا يوللار كۆپ، ھەربىر ئادەم ئۆزىگە لايىق

كەلگىنىنى تاللاپ مەقسىتىگە يېتىشكە ئۈرۈنىدۇ. مەسىلەكىداشلىق، پىكىرداشلىق، خۇي ـ پەيلى ئوخشاشلىق ئادەملەرنى يېقىنلاشتۇرۇپ، دوست ـ بۇرادەر قىلىپ قويىدۇ.

ماي ئېيىنىڭ ئاخىرى بىغۇبار ئاخشام ئىدى، قۇياشنىڭ مەغرۇر بېشى ئاللىقاچان تاغ كەينىگە پاتقان... خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئايۇپ ئىمام ئەڭ ئاخىرىدا مەسچىتتىن چىقتى، يوغان ئىشكەل قۇلۇپ بىلەن ئىشىكنى ئەتتى ۋە يولنىڭ چېتى بىلەن مېڭىپ زاھىر ھاجىنىڭ ئۆيىگە يول ئالدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاي كېزەتتى، يۇلتۇزلار سوغۇق جىمىرلايتتى. ھەممە ئۆز دۇنياسىدا: ئوقەتچىلەر بۇگۇنكى بازارنىڭ غەللىسىنى يىغىشتۇرۇپ، ئەتىكى بازارنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراش؛ چوڭلار تىرىكچىلىك ۋەسۋەسىسى بىلەن بىردەم ئۇنداق، بىردەم بۇنداق پىلان تۈزىدۇ، چوت سوقىدۇ؛ ھارغان ـ تالغان باللار كونا تېلېۋىزور ئالدىدا ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ يېتىشىپ مۈگدەيدۇ؛ ئاياللار قۇچاقتىكى بوۋاقلىرىنىڭ ئاغزىغا ئەمچىكىنى تىقىپ قويۇپ، كوچا ـ مەھەللىسى، قولۇم ـ قوشنىسى توغرىسىدا سوقا ـ سۆھبەتكە چۈشىدۇ؛ بەڭگىلەر بىرەر پىنەكتىن چېكىشىپ، ئاندىن ئالايغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىشىپ قىمارغا چۈشىدۇ...

زاھىر ھاجىنىڭ ئۆيىمۇ بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس، ئۇ نامازدىن كىرىپ، ئىككى ئوغلىنى ئىككى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، يەنە شۇ كونا خامانىنى سورۇدى، ئوغۇللىرىغا پەند ـ نەسىھەت قىلدى:

— روزا مەھشەردە يۈزىمىز يەرگە قاراپ قالىدىغان بولمىسۇن، ياراتقان ئىگەمنىڭ ئالدىغا ئوچۇق يۈز بىلەن بارايلۇق، بالىلىرىم! ئۇلار بىر تاش ئاتسا، سەن ئىككىنى ئېتىشىڭ كېرەك. بوشاڭلىق — زەئىپلىكنىڭ ئالامىتى!

شۇ چاغدا ئىشىك قېقىلىپ ئۆيگە ئايۇپ ئىمام كىرىپ كەلدى. زاھىر ھاجى كۈتۈلمىگەن بۇ قەدەم تەشرىپتىن خۇشال بولۇپ كەتتى.

— كىرسىلە، تەقسىر، كىرسىلە! — دېدى ئۇ خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن، — قەدەملىرىگە ھەسسىنات!

ئايۇپ ئىمام كالىچىنى پەگاھقا سېلىپ، تۆرگە سېلىنغان يۇمشاق يېكەنداز ئۈستىگە يۈكۈندى. شۇ ئارىلىقتا چوڭخاخۇن بىلەن ئابدۇش چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىۋىدى، ئايۇپ ئىمام ئۇلارنى توستى:

— سىلەرمۇ ئولتۇرۇڭلار، سىلەر بىزنى يالغۇز قويماقچىمۇ؟ يالغۇزلۇق ئادەمگە ئەمەس، خۇداغا يارىشىدۇ!

ئابدۇش نائىلاج بىر چەتتە ئامانەتكىلا ئولتۇردى. چوڭخاخۇن ئايۇپ ئىمامنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىش، نازۇنېمەتلەرنى تىزىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

— بىر يۈرەكسىز ئون يۈرەكلىككە باش بولسا، ئون بىر قورقاق پەيدا بولارمىش، — دېدى ئىمام قولىدىكى پىيالىدىن بىر ئوتلام چاي ئوتلاپ، — ۋە لېكىن بىر يۈرەكلىك ئون يۈرەكسىزگە باش بولسا، ئون بىر باتۇر مەيدانغا كېلەرمىش!...

ئايۇپ ئىمامنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق تېپىشماقتەك بۇ سۆزلىرى دەسلەپ ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى، كېيىن ئۇنىڭ:

— ئۆزلىرى شىر يۈرەك ئادەم جۇما، ھاجىم! — دېگەن گېپىدىن كېيىنلا ئۇلار ئىشىنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتكەندەك بولدى، ئايۇپ ئىمام تۇنۇگۇنكى يىغىننى شەمە قىلىپ سۆزلەۋاتاتتى، — ئادەم دېگەندە قۇياشقا تىك قاراش ئۇچۇن ئۆتكۈر كۆز، ئۇنىڭ نۇرىغا بەرداشلىق بېرىشكە لايىق جۇرئەت بولۇش لازىم. مەن سىلىگە قايىل ھاجىم، سىلىدە ئۆتكۈر كۆزمۇ، يېتەرلىك جۇرئەتمۇ بار ئىكەن!

زاھىر ھاجى ئايۇپ ئىمامغا لۇتپ قىلغاندەك تەۋازۇ بىلەن دېدى:

— شۈكۈركىم، ناھەقتىن بۇرنىمىز قانىسا، تەرىپىمىزنى ئالدىغان بۇرادىرىمىز يېنىمىزدا ئىكەن!

ئايۇپ ئىمام پىيالىدىكى خۇش پۇراق زەپەچايىنىڭ يۇزىدە ئويناۋاتقان نۇرغا تىكىلگىنىچە بىر نەپەس ئويغا چۆمدى، كېيىن ئاۋازىنى ئەمرىمەرۇپقا كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— ئاللاتائالا ھەركىمگە بىر ۋەزىپە يۈكلەيدۇ، ھاجىم. بىرىگە بەرپا قىلىشنى، يەنە بىرىگە ۋەيران قىلىشنى! بۇنى ئۇنىڭ تەقدىر - پېشانىسى بىلىدۇ. مەن... ئاللاتائالا پېشانەمگە نېمە پۈتكىنىنى سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن...— ئۇ بىرئاز تۇرۇۋالدى، زاھىر ھاجىنىڭ ئىلتىجالىق كۆزلىرىگە قارىدى، ئالدىرىماي پىيالىدىن چاي ئوتلىدى، ئاندىن ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىپ داۋاملاشتۇردى، — چاچ - ساقىلىم ئىسلام ئەھكاملىرىنى، شەرىئەت ئىلمىنى ئۆگىنىش بىلەن ئاقاردى. بىراق ئەزەلدىن ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا

ئارىلاشمىغانمەن. ئەمما، بۇ قېتىم قاراپ تۇرسام بولمىغۇدەك. پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللا ئەلەيھى ۋەسسەلەم ئەيتىدۇلەركى: «زۇلۇم قىلغۇچى زالىم بۇرادىرىڭگىمۇ، زۇلۇم قىلىنغۇچى بۇرادىرىڭگىمۇ ياردەم قىل». سورىدۇلەركى: «زالىمغا ياردەم بېرىش قانداق بولىدۇ؟» جاۋاب بەردۇلەركى: «زالىمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، زۇلۇم قىلىشتىن توسۇپ قېلىشىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياردىمىڭ بولۇر...» پىقىرمۇ رەسۇلۇللانىڭ دېگىنى بويىچە ئەھلى جامائەت ئۈچۈن ئاز ـ تولا ئىش قىلاي دەيمەن.

ــ بارىكاللا! ــ دەپ ئورنىدىن قوزغىلىپ قويدى زاھىر ھاجى. ئەمدى ئۇ «ئاللاغا ياقاي دېسەڭ ئەزىنىڭ، موللىغا ياقاي دېسەڭ قازىنىڭ بولسۇن» دېگەندەك، ئايۇپ ئىمامغا سۆلكەت قىلىشقا باشلىدى، ــ ئەھلى يۇرت ئۈچۈن قىلىنغان ئىش خۇدا يولىدا قىلىنغان ساۋابلىق ئىش بولىدۇ، ئىمام. ئەۋلىياغا ئىككى دۇنيا ــ بىر قەدەم دېگەن گەپ بار. ئۆزلىرى ئەۋلىيا سۈپەت ئادەم. مەن ئۆزلىرىنى ئۆزۈمگە قىيامەتلىك دوست ـ قەدىردان دەپ بىلىمەن.

ئايۇپ ئىماممۇ ئۆز نۆۋىتىدە زاھىر ھاجىغا خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن دېدى:

ــ بىز ھەممىمىز خۇدانىڭ خوش كۆرگەن بەندىلىرى، ھاجىم. «يېنىڭدا نار تۆگەڭ تۇرسا، يۈك كۆتۈرۈشتىن نېمە غەم» دېگەن گەپ بار. سىلى يېنىمدا بولسىلىرىلا مەنمۇ ھېچ نەرسىدىن غەم قىلمايمەن!

ئايۇپ ئىمام بىلەن دادىسى ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان

سۆھبەت ئىككى ئوغۇلغا ئىككى خىل تەسىر قىلدى. ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى، تۇيغۇلىرى بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشاشمايتتى. چوڭاخۇن بۇ سۆھبەتتىن ئۆزىچە ناھايىتى مەنىۋى قۇدرەتكە ئىگە بولدى؛ ئىمانى كامىللاشتى، ئىرادىسى چىڭىدى. ئايۇپ ئىمامنىڭ رەسۇلىللانى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى شىپى كەلتۈرۈپ ئېيتقان سۆزلىرىدىن چوڭاخۇن قاتتىق تەسىرلەندى، ئىخلاسى ھەسسىلەپ ئاشتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئايۇپ ئىمامغا بولغان ئىشەنچ ـ ئېتىقادى تېخىمۇ كۈچەيگەندى.

ئەمما، ئابدۇشنىڭ تەسىراتى، ھېسسىياتى باشقىچە ئىدى. تۇرمۇش ئۇنىڭغا يەڭگىللىك بىلەن بىرەرىگە ئىشەنمەسلىكنى ئۆگەتكەن، ساددىلىق بىلەن ھەممىگە ئىشىنىۋەرگەن دەۋرلىرى ئۆتۈپ كەتكەندى. ئابدۇش ئەزەلدىن ئايۇپ ئىمامغا ئوخشاش ۋەز ـ نەسىھەتچىگە ئىشەنمەيتتى. «بۇلارنىڭ ھەممىسى بىمەنە گەپ، ھەر خىل چالا موللىلارنىڭ ئويۇنى» دەيتتى ئۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ھەرقانداق ئادەم ئۆز ئالدىغا بىر تېپىشماق ئىدى. ئىشەنمىسەڭ، ئۇنىڭ قەلبىگە قول سېلىپ كۆرچۇ — تۈۋىسىز قۇدۇقنىڭ ئۆزى، تېگى كۆرۈنمەيدۇ، دەپ قارايتتى.

ئايۇپ ئىمام بۇگۈن ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ بىر تېپىشماقتەك، بەلكى تونۇش بىر تېپىشماقتەك كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇڭا، ئايۇپ ئىمام ھەر قېتىم سۆزلىگەندە ئۇنىڭغا ئالاھىدە زەن سېلىپ، ئۇنىڭ تونۇش يەرلىرىنى ئىزدىدى. خۇددى تاۋۇزغا سەللە ئوراپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان، زەيپانە ئاۋازلىق بۇ ئادەمنىڭ كۆزى

ئالاھىدە ئىدى. ئۆزى كۈلگەندە كۆزى كۈلمەيتتى. بۇنداقلارنى كونىلار: «يۈزىدە پەرىشتىسى يوق» دەپ تەرىپلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، بايىقى شېرىن كالام ۋە ساختا تەبەسسۇملارنىڭ شۇنچىكى بىر نىقاب ئىكەنلىكىنى ئابدۇش ئەمدى چۈشەندى، چۈشەندىيۇ، خېلىدىن بېرى تومۇرلىرىدا تىنىپ ياتقان قان قايناپ، ۋۇجۇدى مىستەك قىزىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا:

— دادا، سىلەر تېخىچە ئۆتمۈشتە ياشاۋېتىپسىلەر! — دېدى ئۆزىنى تۇتالماي، — كۆزۈڭلارنى يوغان ئېچىپ زامانغا قاراپ باقساڭلار بولمامدۇ؟! يورۇق دۇنيادا قېتىپ قالغان مۇقىم نەرسە يوق. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ۋە ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى، سەزگىلى بولىدۇ!

خۇددى «تۆلۈمدىن توقماق چىققان»دەك، قىزىق، شېرىن سۆھبەتكە بەرھەم بەرگەن بۇ سۆز زاھىر ھاجىنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىۋەتتى.

— سەن، سەن شۇم ئېغىز! — دېدى زاھىر ھاجى ۋۇجۇدى قاقشاپ، — ھەممىشە ئاسماننى ھەۋەس قىلىپ، يەردىكى رىزقى نېسىۋەڭدىن ۋاز كەچمەكچىمۇ سەن!؟ — زاھىر ھاجى بۇ گەپنى بىلەن ئوغلىغا خۇددى «مىراس تەھدىتى» سالغاندەك بىر مەنىنى ئىپادىلىگەندى، ئەمما ئابدۇش ھېچ ئىش بولمىغاندەك پەرۋايى پەلەك تۇرىۋەرگەنلىكتىن، زاھىر ھاجى تېخىمۇ بوغۇلۇپ، تېخىمۇ قاتتىقراق بىر نەرسە دېمەكچى بولۇۋىدى، ئايوپ ئىمام ئۇنىڭ ئاغزىنى توستى:

— هاي - هاي، هاجىم... ھېچ گەپ يوق،— دېدى ئۇ سالاچىلىق بىلەن،— ياش ئەمەسمۇ، ياشلىق دېگەن ئېقىن سۇغا ئوخشايدۇ، شارقىراپ ئاقىدۇ! ئەلۋەتتە ئاققىنى ياخشى، ھەممىنىڭ ئاققىنى ياخشى...— ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ، چوڭاخۇن بىلەن ئابدۇشقا بىر - بىرلەپ قارىۋېتىپ يەنە داۋام قىلدى،— ئەمما بىلىڭلاركى، ئاتا - ئانا ھەققىنى ئادا قىلماق ئۇلۇغ سائادەت، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېيتقانكى، جەننەتنىڭ خۇشبۇيلۇقى بەش يۈز يىللىق يەرلەرگىچە يېتىپ بارىدۇ، ئەمما ئۇ، ئاتا - ئانىسىغا ئازار بەرگۈچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغانلارغا ھەرگىز يېتىپ بارمايدۇ!

— ئاڭلىدىڭمۇ؟!— دېدى زاھىر ھاجى تەئەددى بىلەن ئابدۇشقا،— ئوبدان ئاڭلا، ئايۇپ ئىمامنىڭ ھەربىر سۆزى ئىمانىڭغا قۇۋۋەت بولىدۇ، ئۇ سەن ئوقۇغان ھېلىقى ئازغۇن كىتابلاردىن مىڭ ھەسسە ئەۋزەل!

دادىسىنىڭ ئىچ - ئىچىدىن كۆيۈپ - پىشىپ ئېيتىۋاتقان بۇ سۆزلىرى ئابدۇشنىڭ ئوڭ قۇلىقىدىن كىرىپ، سول قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ زېھنى، ئەقلى ھازىر بۇ گەپلەردە ئەمەس، بەلكى ئايۇپ ئىمامدا ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى بېشكەكتە سودا قىلىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا، يۈرتتىن چىققان «ئايۇپقارى» ئىسىملىك بىر ئادەم توغرىسىدا ئاجايىپ گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئايۇپ ئىمامغا قاراپ ئولتۇرۇپ، شۇ ئىشلارنى ئەسلەۋاتاتتى ۋە «ئايۇپ ئىمام» بىلەن «ئايۇپقارى» ئوتتۇرىسىدا بىرەر باغلىنىشنىڭ بار - يوقلۇقى ئۈستىدە ئويلاۋاتاتتى.

www.uygurkitap.com

ئۇنىڭ خىيالىنى يەنە شۇ ئايۇپ ئىمامنىڭ سىلىق، يۇمشاق ئاۋازى بۇزۇۋەتتى:

— ئاتا - ئانا دېگەن خەزىنە، ئاكا - ئۇكىلار بىر - بىرىگە تايانچ دوست بولىدۇ. مەن سىلەرنىڭ بىر - بىرىڭلارغا ھەمدەم بولۇپ، بۇزرۇكۋار داداڭلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشىڭلارنى تىلەيمەن!

چوڭاخۇن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي: «بەرھەق شۇنداق قىلىمىز، ئاتا رازى — خۇدا رازى ئەمەسما!» دەپ ئايۇپ ئىمامغا سۈلكەت قىلدى. لېكىن، ئابدۇش يەنىلا ئۆز خىيالى بىلەن ئايۇپ ئىمامنىڭ تېگى - تەكتى توغرىسىدا ئۆز - ئۆزىدىن سوئال سوراپ قېلىۋەردى.

## 5

ئادەمزات قىزىق بولىدۇ. ھەرقانچە ئويلاپ تاپالمىغان، مىڭ ئۇرۇنغىنىڭ بىلەن خىيالىڭغا كەلتۈرەلمىگەن ئىشلار بەزىدە تورمۇشۇڭنىڭ يا ئازاب، يا خۇشاللىق، يا تەشۋىشلىك پەيتلىرىدە «لاپ» ئېتىپ ئېسىڭگە كېلىپ قالىدۇ.

زاھىر ھاجى شۇنداق بولدى، بىر چاغلاردا كىمدىندۇر ئاڭلىغان بىر ئىش تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىپ قالدى.

زاھىر ھاجى كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئىككى ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ، ھېيتگاھ جامەسىگە قاراپ ماڭدى.

ھېيتگاھ ــ ئەزەلدىن مۇساپىرلارنىڭ پاناھگاھى، ئۇششاق ئوقەتچىلەرنىڭ تىرىكچىلىك مەنبەسى بولغان، ھازىر ئۇ قەشقەرنىڭ ماگلىيىغا ياراشقان گۈزەل بىر خال. شۇ تاپتا بۇ يەردە ئۇزاپ كېتىۋاتقان باھار ئېيىنىڭ كەچقۇرۇنى ئۆز شاۋقۇنى بىلەن گۈزەللىكىنى كۆرسەتكەن. قۇياش ئاۋۇ تاغ چوققىلىرىغا گويا خوشلىشىۋاتقاندەك ئاستا ـ ئاستا باش قويدى، ئاندىن دەرەخ شاخلىرىغا، ھەيۋەتلىك مۇنار ۋە گۈمبەزلەر ئۈستىگە، ئاپپاق بۇلۇتلارنىڭ قىرغاقلىرىغا ئاخىرقى قان رەڭ نۇرلىرىنى چاچتى ـ دە، ئۆزىنىڭ تۈگىمەس، ئەبەدىي يولىنى داۋام ئېتىش ئۈچۈن چوققا ئارقىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى. شەپەق بىلەن نۇرلانغان پايانسىز ئاسمان شۇ قەدەر تىنىق ئىدىكى، بىغۇبارلىقىدىن كۆز شادلىناتتى، كۆڭۈل ياشنايتتى. چەت ـ چېتى كۆرۈنمەيدىغان يوللار، بازارلار، ھېيتگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈك كەچكى شەپەقنىڭ ئاشۇ زەر رەڭلىك شولىسىغا پۈركىنىپ تاۋلىناتتى، پارقىرايتتى. ئۇپۇقنى سۆيۈپ ئەركىلەپ يۈرگەن غۇر ـ غۇر شامال قايناق بازار باغرىدا كېزىپ، كىمنىڭدۇر شۇ تاتلىق ھايات، شۇ شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولغان ئارامبەخش ئالەم، شۇ ساپ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ھەققىدىكى ناخشا ـ غەزەللىرىنى ئۇچۇرۇپ كېلەتتى. ھېيتگاھنىڭ يېقىملىق ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا تولغان ھايات شاۋقۇنى ئادەمگە بىر خىل روھىي ھۇزۇر بېغىشلايتتى. بۇ يەرنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى بىلەن توپا ـ چاڭلىرىدىنمۇ ئۆزگىچە خاس ھىد كېلىپ تۇراتتى، قەدىردان ھىد! دالا ـ قىرلاردىن، تۇمەن

دەريا ساھىلىدىن، نىمىلەرنىدۇر ۋەدە قىلىپ ئۆزىگە چاقىرىۋاتقان يىراق - يىراق ئۇپۇقلاردىن، ھەممە - ھەممە يەردىن بىر تونۇش ھىد تارقىلىپ، دىلدا چۈشىنىپ بولماس ھېس - تۇيغۇلارنى جۇش ئۇردۇراتتى...

سۇ سېپىلگەن كوچا - يوللارنىڭ ئىككى قاسىنقىدىكى ئاشپۇزۇللاردىن مەززىلىك كاۋاپ، سامسا، پولۇلارنىڭ ئىشتىھانى غىدىقلىغۇچى پۇرىقى بىلەن يېڭىلا پىشقان ئۈجمە، مايسەن ئۆرۈك، گىلاس، جىنەستە ۋە ئۆپكە - ھېسىپ، كاللا - پاقالچاق، توخۇ گۆشى، پاقلان گۆشى، بېلىق گۆشى قاتارلىقلارنىڭ ئۆتكۈر، يېقىملىق پۇراقلىرى ئۆزئارا ئارىلىشىپ، ئاجايىپ بىر ئىشتىھا ھاۋاسى پەيدا قىلغانىدى. ئۇنى ساتىدىغان، بۇنى ساتىدىغان، ئۇ ئالىدىغان، بۇ ئالىدىغان... ئىشقىلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېيتگاھ ئاتالمىش مۇشۇ بازاردا بار ئىدى.

زاھىر ھاجى ئىككى ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ، ھېيتگاھ بازىرىنى ئايلاندۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. بازارنىڭ قايناۋاتقاندەك ۋاز - ۋۇزغا تولغان قىياپىتى، قۇچىقىدىن ياڭراۋاتقان شادىيانە ناخشا سادالىرى ئۇلارغا چوڭقۇر لەززەت ھەم سۆيۈنۈش بەخش ئېتەتتى.

ئابدۇش ئەتراپقا قىزىقىپ قارىدى، راستتىنلا ئاجايىپ مەنزىرە: سەككىز كوچا تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ھېيتگاھ مەيدانىغا قول بەرگەنىدى. ئەنە كۈنپېتىشتا ئۆستەڭبويى، جانان كوچىسى، نور بېشى كوچىلىرى، كۈنچىقىشتا ئوردا ئالدى، قاراڭغۇ رەستە، خام بازىرى

كوچىلىرى... قايناق، كۆجۈم بۇ مەيدانغا قەدىمىي ھېيتگاھ جامەسى — بەش يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ مۆتىۋەر ئىبادەتگاھ ئاجايىپ كۆركەملىك بىلەن سالاپەت بەخش ئېتىپ تۇراتتى...

ئاھ، مۆجىزىكار تەبىئەت، ئاجايىپ زور قۇدرىتىڭ بار سېنىڭ! مۇشۇنداق رەڭدار خۇش مەنزىرىگە، مۇشۇنداق گۈزەل، قايناق تۇرمۇشقا ئاۋۋىلا ئۆزۈڭ ئاشىقسەن تەبىئەت! بىراق، گۈزەللىكتىن، رەڭدار ھايات نۇرىدىن قورقىدىغان، نەپرەت قىلىپ، ئۆزلىرىنى قاراڭغۇ تۆشۈككە ئۆرىدىغان بەتپېئىل، بەتخۇي، بەتبەشىرە مەخلۇقلىرىڭمۇ بار سېنىڭ!...

زاھىر ھاجى شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولغان قايناق بازارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، ئوغۇللىرىنى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا باشلاپ كەلدى. قىيا ئوچۇق دەرۋازا ھەيۋەتلىك، كۆركەم ئىدى. بۇ يەردە قەدىمىي تۇرمۇش شەكلى بىلەن ھازىرقى ھايات رىتىمىنىڭ خۇنۇك ۋە نۇرلۇق مەنزىرىسى گىرەلىشىپ، يەنە بىر خىل ئەبجەش كۈينى پەيدا قىلغانىدى. جامە دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پەشتاق ـ سۇپىلاردا ئولتۇرغان ھەر خىل ياش، ھەر خىل سىياق، ھەر خىل جىنسىتىكى ئادەملەرنىڭ بەزىسى ساپايى سوقۇپ تىلەمچىلىك قىلسا، بەزىسى تەسۋى سىيرىپ ئىبادەت قىلاتتى. بەزىلىرى بىرنەچچە ئادەمنى ئاغزىغا قارىتىپ مەدداھلىق قىلسا، بەزىلىرى راۋابنى تىرىڭلىتىپ ھاپىزلىق قىلاتتى. بەزى ئېلىشىپ قالغانلار بولسا، ئېگىز ـ پەس دەسسەپ، كىملەرنىڭدۇر قارغاپ،

www.uyghurkitap.com

كىملەرنىدۇر ماختايتتى. بولۇپمۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر بۇردا نان ئۈچۈن ئۆلۈپ - تىرىلىۋاتقان يوقسۇل بىچارىلەرنى، قارىغۇ، چولاق، مايماق ۋە گۆدەك تىلەمچىلەرنىڭ سوزۇلغان قوللىرىنى كۆرۈپ، زاھىر ھاجى ئۆزىنىڭ خۇدانىڭ سۆيگەن بەندىسى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدى ۋە مۇشۇنداق كۈنلەرگە قالمىغانلىقى ئۈچۈن ئىچىدە ئاللاغا مىڭ قەترە شۈكۈر دېدى، ئاندىن ئۇ ئەتراپقا بىر قۇر سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن، ئىككى ئوغلىغا قاراپ:

— كۆردۈڭلارمۇ؟ مانا بۇ ھەقىقىي تۇرمۇش، ھېيتگاھنىڭ ئاتام زاماندىن بېرى ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان ھەقىقىي تۇرمۇشى! ھېيتگاھتىكى بازاردەك بۇنداق بازار ئالەمدە يوق!— دېدى ھاياجان بىلەن، كېيىن ئوغۇللىرىغا دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بوشلۇقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سورىدى،— سىلەر ئوبدان قاراپ بېقىڭلار، بۇ ئىككى تەرەپتىكى بوشلۇق ئوخشاشما؟ سول تەرەپتە ئىككى مېھراب بار ئىكەن، ئوڭ تەرەپتىچۇ؟

ئىككى ئوغۇل ھەيرانلىق ۋە ئەجەبلىنىش ئىچىدە دادىسى كۆرسەتكەن تەرەپلەرگە قارىدى. راست دېگەندەك، جامەنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىز مۇنار بىلەن دەرۋازىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بوشلۇق بىر - بىرىگە ئوخشاشمايتتى. سول تەرەپتىكى بوشلۇق كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭغا چىرايلىق ئىككى مېھراب چىقىرىلغانىدى، ئوڭ تەرەپتىكى بوشلۇق كىچىك بولۇپ، ئۇ يەر بىرەر مېھراب چىقىرىشقىمۇ تارلىق قىلغانىدى.

چوڭاخۇن بىلەن ئابدۇش بۇ يەردىن كۆزلىرىنى

ئېلىپ، سوئال نەزىرىدە دادىسىغا قاراشتى. چوڭ ئوغۇل ھەم ھەيرانلىق، ھەم قايىللىق بىلەن دېدى:

— راست، ئىككى تەرەپ ئوخشاشمايدىكەن، دادا. بۇنداق كاتتا جامەنىڭ قۇرۇلۇشىدىمۇ بۇنداق كەمتۈكلۈكنىڭ بولۇشى غەلىتە ئىش ئەمەسما؟

— نېمىسى غەلىتە؟!— پەرۋاسىزلا دېدى ئابدۇش ئاكىسىغا قاراپ،— دۇنيادا مۇكەممەل ئىش بولمايدۇ، چۈنكى ئادەمنىڭ ئۆزى مۇكەممەل ئەمەس تۇرسا. مېنىڭچە، ئۆز ۋاقتىدا جامەنى ياسىغاندا، مەلۇم سەۋەب بىلەن مۇشۇنداق ياساشقا مەجبۇر بولغان گەپ!

— ياق، بۇ ھەرگىزمۇ شۇنداقلا ياسىلىپ قالغان نەرسە ئەمەس!— دېدى زاھىر ھاجى ئابدۇشقا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قاراپ،— بۇ ئىشقا بىر تۇل خوتۇننىڭ كامىل ئىرادىسى بىلەن بىر ئاقىل زاتنىڭ تەسىرلىك ھېكايىسى سىڭگەن. ئەسلىي ھەر ئىككى تەرەپ ئوخشاش لايىھەلىنىپ، ئوخشاش مېھراب چىقىرىلماقچى بولغان. ئەمما، ئوڭ تەرەپكە بىر تۇل خوتۇننىڭ بىر ئېغىزلىق كۆتلەك ئۆيى پۇتلاشقان. شۇ چاغدا تۇل خوتۇنغا شەھەرنىڭ ھەرقانداق يېرىدىن قانداق ئۆينى تەلەپ قىلسا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆينى چاقماقچى بولغاندا، تۇل خوتۇن كۆكرەك كېرىپ چىقىپ: «ئۆينى چېقىشتىن ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرۈڭلار، بولمىسا مەن بۇ ئۆيدىن تىرىك چىقمايمەن!» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن شەرىئەت تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ، ئايالغا: «بىز ئۆيىڭىزنىڭ ھەممە يېرىگە ئون سوملۇق تىللانى ئالا قويماي تىزايلى، شۇ چاغدا سىزنىڭ ھەربىر تىللا چوڭلۇقتىكى يېرىڭىز

www.uyghurkitap.com

تىللاغا تەڭ بولىدۇ، بىز تىزغان تىللا قانچە بولسا، ھەممىسى سىزنىڭ بولىدۇ، سىز شۇ تىللالارنى ئېلىپ بۇ ئۆيدىن كۆچۈپ بېرىڭ» دەپتۇ. ئەمما تۇل خوتۇن يەنىلا: «بۇ يەر مېنىڭ ئاتا مىراس قەدىم جايىم، مېنىڭ جىنازام مۇشۇ ئۆيدىن چىقىشى كېرەك. بولمىسا مەن ئەجدادلىرىمغا يۈز كېلەلمەيمەن!» دەپ قەتئىي تۇرۇۋاپتۇ. بەزى كىشىلەر تۇل خوتۇننى مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ، ئۆينى زورلۇق بىلەن چاقماقچى بوپتۇ. ئەمما، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان شەھەرنىڭ قازىكالانى مۇنداق دەپتۇ: «ياق، زورلۇق قىلمايلى، بىر كەمبەغەلنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش يەتتە قېتىم ھەجگە بېرىش ساۋابىدىنمۇ ئارتۇقراقتۇر! بىز بۇ تۇل خوتۇننىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ بۇ ئىشنى قىلساق، قىلغىنىمىز ساۋابلىق ئىش بولماي قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەسچىتكە كىشىنىڭ ھەققى قوشۇلۇپ قالسا، ئىبادەت دۇرۇس بولمايدۇ، ھازىرچە قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك قىلىپ تۇرايلى، قالغان كەم يېرىنى بۇ مەزلۇم كۆز يۇمغاندىن كېيىن قىلساقمۇ بولىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇش لايىھەسى ئاز - تولا ئۆزگەرتىلىپ، ئوڭ تەرەپتىكى ئارىلىق تار، مۇنارمۇ ئىنچىكىرەك ياسىلىپتۇ...

زاھىر ھاجى ھېكايىسىنى تۈگەتتى، چوڭقۇر ئۈھسىنىپ ئوغۇللىرىغا قارىدى. ئىككى ئوغۇل ئىككى خىل خىيال، ئىككى خىل كەيپىياتتا جامەنىڭ ھەيۋەتلىك مۇنار ۋە گۈمبىزى بىلەن قاراڭغۇلاشقان دەل - دەرەخلىرىگە قاراپ تۇرۇشاتتى. چوڭاخۇن دادىسىنىڭ ھېكايىسىدىن تەسىرلەنگەن، ھاياجانلانغان ۋە دادىسىنىڭ

كۆتكىنىدەك، ھېلىقى تۇل خوتۇنىنىڭ ئىرادىسىدىن، جاسارىتىدىن روھىي مەدەتكە ئىگە بولغانىدى. ئەمما، ئابدۇش بولسا باشقىچە خىيالدا، بايىقىدەك بىغەم، پەرۋاسىز ھالەتتە تۇراتتى. ئۇ دادىسى ئېيتقان ھېكايىنىڭ راستلىقىغا ئانچە ئىشەنمىگەنىدى. «مۇبادا، راست بولسىمۇ نېمە بوپتۇ!— دەپ ئويلايتتى ئۇ،— ھەر زاماننىڭ، ھەر دەۋرنىڭ ئۆز ئادىمى، ئۆز ئىشى بولىدۇ، ئۇ تۇل خوتۇن بۈگۈن بولغان بولسا، بەلكىم ھېلىقى سان ـ ساناقسىز تىللالارنى ئېلىپ، باياشات ياشىغان بولاتتى. ئادەم دېگەن قايسى تاغدا بولسا شۇ تاغنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىشى كېرەك ـ دە!»

ئۇنىڭ خىيالىنى دادىسىنىڭ ئۆكتەم ئاۋازى بۆلۈۋەتتى:

— مەن ئەمدى بىر نەرسە دېمىسەممۇ، مەقسەت ـ مۇددىئايىمنى چۈشەنگەنسىلەر؟!

— چۈشەندۇق، دادا!— دېدى چوڭاخۇن ئالدىراپ ـ تېنەپ،— بىر تۇل خوتۇن قىلغان ئىشنىمۇ قىلالمىساق، بىزنى قانداقمۇ ئەركەك دېگىلى بولسۇن!؟

— ھەببەللى، ما گېپىڭ جايىدا!— دەپ چوڭاخۇندىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى زاھىر ھاجى،— دۇنيا خىيانەتكار خوتۇنغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ خۇشتارلىرى كۆپ... بۇ دۇنيادا تالىشىپ ـ تارتىشمىساڭ، ھەرقانداق نەرسىدىن قۇرۇق قالىسەن، سەن بېسىپ بارمىساڭ، سېنى بېسىپ كېلىدۇ!— ئاندىن ئۇ كىچىك ئوغلى ئابدۇشقا قارىدى، ئۇنىڭ يەنىلا شۇنداق پەرۋاسىز ھالدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى،— سەنچۇ؟ گەدىنىڭنى

تۇماقچىنىڭ قىلىپىدەك گىدەيتىپ تۇرىسەنغۇ!

— مەن شۇ... باشقا بىر نەرسىنى ئويلاپ قالدىم، دادا،— دېدى ئابدۇش زاھىر ھاجىغا قىيا بېقىپ.

— نېمىنى ئويلاپ قالدىڭ؟!— تەئەددى بىلەن سورىدى دادا،— قىلغان گەپلىرىم قۇلىقىڭغا ياقمىدىمۇ، نېمە؟

— ياق، ياقەي... ئۇنداققۇ ئەمەس،— ئابدۇش دەسلەپ ئىككىلىنىپ، كېيىن دادىللاشتى،— لېكىن، مەن بۇ ھەقتە باشقىچىرەك گەپنى ئاڭلىغانىدىم. ئەسلىدە بۇ يەردە سەن دېگەن تۇل خوتۇننىڭ ئۆيى ئەمەس، بەلكى كىچىك بىر ئازنا مەسچىت بار ئىكەن، مەسچىتنىڭ يېنىدا ساتىراشلىق دۇكانلىرى، چايخانا ۋە ھاماملار بولۇپ، ئادەملەر ئۆكسۈمەيدىغان مەنزىرىلىك بازار ئىكەن. ئۇلىمالار بۇ يەردىكى نۇرغۇن ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە ھېلىقى ئازنا مەسچىتنىڭ چىرايلىق مەنزىرىسىنى ئويلىشىپ، جامە مۇنارىنىڭ ئەنە شۇنداق تەكىپۈكسىز بولۇپ قېلىشىغا يول قويغانىكەن...

— نېمە دەيدىكىن دېسەم، سەنمۇ ئايلاندۇرۇپ يەنە شۇ يەرگە كەلدىڭغۇ مانا!— دېدى زاھىر ھاجى ئابدۇشقا تەمەننا كۆزلىرى بىلەن قاراپ،— ئىشقىلىپ، ئۇلار كونا مەسچىت، كونا دۇكانلارنى بۇزۇپ ـ چېقىشقا جۈرئەت قىلالمىغان گەپ! مەيلى تۇل خوتۇن بولسۇن، مەيلى ئازنا مەسچىت بولسۇن، ئۇلار ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىققان!...

— لېكىن، دادا، ئۇلار ھازىر قېنى؟— سورىدى ئابدۇش تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك ئۇچەرلىك بىلەن،— سەن بۇ جامەنى ئەزەلدىن مۇشۇ يەردە مۇشۇ

پىتى پەيدا بولغان دەپ ئويلامسەن؟ ياق ـ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، دادا! بەش يۈز يىلدىن بېرى بۇ جامەنىڭمۇ بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۆتكەن...

ــ كاپشىما!ــ دېدى زاھىر ھاجى ئوغلىنىڭ سۆزىنى قاپ بەلدىن بۆلۈپ،ــ بۇ دېگەن ئاللانىڭ ئۆيى، بىزنىڭ ئىبادەتگاھىمىز! بۇ دېگەن ئاللاتائالا ئۆز قولى بىلەن بىزگە بەخش ئەتكەن مۇشۇنداق ئازادە، ھەيۋەتلىك، چېقىلغىلى بولمايدىغان مۇقەددەس جاي! ئۇنىڭ بېشىدىن يەنە قانداق ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۆتمەكچىتى!؟...

زاھىر ھاجى قايناپ يەنە نېمىلەرنى دېمەكچىدى، ئەمما ئابدۇش ئۇنىڭ سۆزىنى مۇلايىم، ئەستايىدىل ئاۋازدا بۆلۈۋەتتى:

ــ دادا، بۇ جامە ئەزەلدىن مۇشۇ پېتى بولغان ئەمەس. ئەسلىدە، بۇنىڭ ئورنى كىچىك بىر قەبرىستانلىق ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاددىي بىر سۇپا ـ سەھنىدىن[①] بارا ـ بارا كىچىك مەسچىتكە، ئۇنىڭدىن كېيىن جۇمە نامىزى ئوقۇيدىغان ئازنا مەسچىتكە، ئۇنىڭدىن كېيىن جامەگە ئايلانغان بەش يۈز يىلدىن ئارتۇق تارىخىي مۇساپىسىدە، ئىلگىرى ـ ئاخىر يەتتە قېتىم ئۆزگەرتىلىپ، كېڭەيتىلىپ بۈگۈنكى ھالغا كەلگەن. ئازادلىقتىن كېيىنمۇ ئىككى قېتىم رېمونت قىلىنىپ زىننەتلەنگەن. شۇڭا، بايا سەن ئېيتقان تۆل خوتۇننىڭ ئۆيى ۋە مەن ئېيتقان ئازنا مەسچىت بىلەن

① قەبرىستانلىقتا چىققانلار قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىغان ئورۇن.

دۇكانلار ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى ئۆزگەرتىشتە چېقىلىپ جامەگە قوشۇۋېتىلگەن...

زاھىر ھاجىنىڭ كەيپى ئۇچتى، ئوغلىنىڭ زوۋۇاندارداز، ئۆكتەملىكى تېخىمۇ جىنىغا پاتتى.

— سەن دۆيۈز!— دېدى ئۇ چېچىلىپ،— بۇ گەپلەرنى نەدىن تاپتىڭ؟! ھېلىقىدەك كۇپۇر كىتابلاردىن ئوقۇغانسەن، ھەرقاچان؟!

— دادا، كىتابنى ئەيىبلىمە!— دېدى ئابدۇشمۇ بىر خىل تورگۈنلۈك بىلەن،— كىتاب دېگەن ئادەمنىڭ قەلبىگە نۇر بېغىشلايدىغان چىراغ. ئەگەر بۇ ئالەمدە كىتاب بولمىغان بولسا ھەممە يەرنى جاھالەت باسقان بولاتتى!

— بولدى، بولدى! دادامنىڭ ئالدىدا تولا مەمەدانلىق قىلما!— دەپ زاھىر ھاجىغا ئارا بولدى چوڭخاخۇن،— سەن يېرىم چېلەك سۇدەك ھەرقانچە شالاقلىساڭمۇ، دادام بىر چىمدىم توز بولۇپ ساڭا تېتىيالايدۇ جۇما، ئابدۇش!

ئابدۇش دادىسىنىڭ، ئاكىسىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ پەسكويغا چۈشتى. زاھىر ھاجىنىڭ كۆڭلى بەكمۇ غەش بولدى. «تۇل خوتۇننىڭ ھېكايىسى بىلەن ئوغۇللىرىمنى تەربىيەلەيمەن، قايىل قىلىمەن» دېگەن كاتتا نىيەت بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ، كۈتۈلمىگەندە كىچىك ئوغلى تەرىپىدىن لەت يېيىش ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەنىدى. ئەمدى گەپ قىلىشقىمۇ، بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكىمۇ رايى قالمىدى. بىر خىل ھارسىنىش ۋە بىزارلىق تۇيغۇسى بىلەن جامەنىڭ ئالدىدىن ئۈن ـ تىنسىز يىراقلاشتى.

# 6

چوڭاخۇن ئۇيلا ـ ئۇيلا ئاخىر خېلى مۇشكۇل، ئەمما ئەپلىسە بولىدىغان بىر يولنى تاپتى.

توغرا، دادىسىنىڭ گېپى ھەق: بۇ دۇنيادا نەپسى يوق ئادەم بارمۇ؟ «ئالتۇننى كۆرسە خىزىرمۇ يولدىن چىقىدۇ» دېگەن ھېكمەت بىكار چىقمىغان ـ دە! بۇ كۇنلەردە زامانىنىڭ قەھرىمان، باتۇرلىرى ھەرگىزمۇ رېشىت پەلەڭگە، سەلەي قاداقچىغا، ئابلا «جىنازا»غا ئوخشاش ئەبگار، كۆكەرمىلەر ئەمەس، بەلكى بىزگە ئوخشاش ئىشنىڭ كۆزىنى بىلىدىغان پۇلدارلار، كۇچلۇكلەر! ئاشۇ «خەلقنىڭ چاكىرى» دېيىلگەن مەنسەپدارلارمۇ ئايلىق ئېلىپ ئىشلەيدۇ، ئاي دېگەن سوقىنىڭ شاپالىقىدەك كېلىۋېرىدۇ دېگەنبىلەن، ئوتتۇز كۇننى ساناپ باقە، ئۇنىڭ ھەممىسىگە پۇل بولمىسا بولمايدۇ. بىر كۇنگە كېمىپ قالسا ئاچ قالىدىغان گەپ، قېنى، سەن ئاشۇ ئايلىقچى كادىرلارغا تۆت تەڭگىنى كەم بېرىپ باققىنە، ئۇلارنىڭ نەپسىنىڭ قانداقلىقىنى شۇ چاغدا كۆرىسەن!...

ئەمما لېكىن، غۇلام «چاپاق» زادى قانداق ئادەم؟ تۇرغان ـ پۈتكىنى بىر سىر، كىملىكىنى، قانداقلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئەڭ بۈيۈك ئادەم دېسە، بەزىلەر ئۇنى ئەڭ پەسكەش ئادەم دەيدۇ، زادى قايسىسى توغرا؟ ئەجەبا، بىر تەندە ئىككى ئادەم بارمىدۇ؟!

يەنىلا دادام ئۇلۇغ، ئۇ ھەمىشە: «دۇنيادا مۇتلەق ياخشى ئادەم يوق، شۇنداقلا مۇتلەق يامان ئادەممۇ يوق،

www.uyghurkitap.com

ياخشىنىڭمۇ بەزەن بىزار قىلىدىغان يامان قىلىقلىرى؛ يامانىنىڭمۇ بەزەن خۇش قىلىدىغان ياخشى سۇپەتلىرى بولىدۇ» دەيتتى. راست، غۇلام «چاپاق» ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، پەرىشتە ئەمەس ـ تە! يەمچۇكنى ئوبدان سالساڭ، قارماققا ئىلىنمايدىغان بېلىق بولامدۇ؟...

چوڭاخۇن شۇنداق خىياللار بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇتتى، ئۆزىگە ئۆزى ئىشەنچ ۋە مەدەت بەردى، شۇ كۇچىنىڭ تۇرتكىسى بىلەن تۇنۇگۇن كەچتە تەييارلاپ قويغان «ئاددىيغىنە» سوۋغا ـ سالامنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇ بۇنى ئۆز كوچىسىدىن ئىككى يول يىراقلىقتىكى «تاقىچى مەھەللىسى»دە ئولتۇرۇشلۇق غۇلام مۇدىرنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭغانىدى. ئەگەر چوڭاخۇن غۇلام مۇدىرنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ، ئۆزىگە مايىل قىلالىسا، ئۆي بىلەن دۇكاننى ساقلاپ قېلىشتىن ئۇمىد بار ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە غۇلام مۇدىر خېلى چوڭ ئىناۋەتى بار، قىلىدەك ھوقۇقنى پىلىدەك قىلىپ ئىشلىتەلەيدىغان، خالىغان يېرىدىن كېسىپ، تۇتقان يېرىدىن ئۈزۈۋالالايدىغان تۇرگۇن ئادەم ئىدى. شۇڭا، غۇلام مۇدىر ئوتتۇرىغا چىقىپ، زاھىر ھاجى ئۇچۈن بىرنەچچە ئېغىز لىللا گەپ قىلىپ قويسىلا، ئىش ئوڭغا تارتاتتى...

چوڭاخۇن شۇ خىياللار بىلەن ئۆزىچە ۋاقىتنىڭ تېزگىنىنى تۇتۇۋالغاندەك تۇيغۇدا بولدى. ئۆزىنى بوش، ئەركىن قويدى ـ ۋاقىت دېگەن مىسالى دەريا، دولقۇنسىز، رايىش. ئۇ بولسا، سالدا تىنچ ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ. پەيتى كېلىپ دەريا مەۋجلىرى بۇ سالنى

ئاستا ـ ئاستا قىرغاقتا ئىتتىرىپ چىقىرىدۇ، ئۇ قەددىنى رۇسلاپ، ئاپتاپ نۇرى چاقنىغان تاپتازا قۇملۇق ساھىلنى كۆرىدۇ، ساھىل ئادەمسىز، شاۋقۇنسىز، ھەتتا سۇ مەۋجىنىڭ قىرغاقتا ئۇرۇلغان لەرزان ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايدۇ. ئۇ، قۇم ئۇستىدە راھەتلىنىپ ياتىدۇ، بەلكى تاتلىققىنە مۇگدەپمۇ ئالىدۇ. كېيىن ئويغىنىپ قارىسا، دۇنيا ھامان بۇرۇنقىدەك ئاسايىش، نۇرلۇق، ھەممە ئۆز جايىدا ــ ئەنە مېھرى ئىسسىق كونا كوچا؛ ئەنە ئەجدادلار روھى كۆمۈلگەن قەدىم جاي؛ ئەنە، تىللا قاقىدىغان كۆك سايىۋەنلىك دۇكان، قاراپ ـ قاراپ تويمايسەن!...

چوڭاخۇن ئەنە شۇنداق شېرىن ھېسلارغا چۆمۈلۈپ، خۇددى سىرلىق قەسىرلەردەك بىر يەردىن كىرسە بىرنەچچە يەردىن چىقىپ كەتكىلى بولىدىغان ئېزىتقۇ كوچىلارنى ئارىلاپ، غۇلام مۇدىرنىڭ ئۆيىگە كەلدى ۋە بېغىر رەڭدە سىرلانغان قوش قاناتلىق دەرۋازىنىڭ قۇببە شەكىللىك ھالقىسىنى ئاستا قاقتى، ئۆيدىن ئوتتۇرا ياشلىق مۇلايىم ئايال ــ ئۆي بىكەسى شەرۋانىخان چىقتى.

ــ غۇلام مۇدىر بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىۋىدىم،ــ دېدى چوڭاخۇن ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن بېشىنى ئېگىپ.

ــ ئۇ كىشى ئۆيدە يوق ئىدى،ــ دېدى شەرۋانىخان ۋە دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىپ سۆزىنى داۋام قىلدى،ــ بولمىسا ھويلىغا كىرىپ بىردەم ساقلىسىلا، ئۇ كىشى ھايالشىماي كېلىپ قالار...

— خوش، رەھمەت! — دېدى چوڭاخۇن غۇلام مۇدىرنىڭ يوقلۇقىدىن كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە خۇشال بولۇپ، — ماۋۇ نەرسىنى تۇغقانلىرىمىز مارالبېشىدىن ئالغاچ كەپتىكەن، ياۋا قىرغاۋۇل، غۇلام مۇدىرنىڭ ئاشقازان كېسەللى بار دەپ ئاڭلىغۇدىم، بىرەر قېتىم شورپا قىلىپ بېرەرلا، — ئۇ قايتىشقا تەمشىلىپ، قولىدىكى خالتىنى ئايالغا ئۇزاتتى.

— رەھمەت، رەھمەت... — دېدى شەرۋانىخان ھەم ھودۇقۇپ، ھەم خىجىل بولغاندەك ئوڭايسىزلىنىپ، — بۇنى ئۆزلىرى ئالغاچ كەتسىلە، كۆڭۈللىرى بىزگە تېگىل بولدى، ئۇ ئادەم بىلسە خاپا بولىدۇ...

— قولۇمنى ياندۇرمىسىلا، — چوڭاخۇن تېز - تېز، ئەمما دانە - دانە گەپ قىلاتتى، ئۇ شۇ تاپتا ئۆتمەيدىغان مېلىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاۋاتقان چار - بازارچىغا ئوخشىشىپ قالغانىدى، — بۇ ناھايىتى ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر نەرسىغۇ! غۇلام مۇدىرنىڭ بىز پۇقرالارغا قىلغان تالاي - تالاي ياخشىلىقى ئۇچۇن تۆگە سويساقمۇ ئەرزىيتتى، ئەمما ئۇ كىشى بىزنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمايدۇ، بۇ پەقەت مېنىڭ تېرىقچىلىق كۆڭلۈم... زاھىر ھاجىمنىڭ چوڭ ئوغلى چوڭاخۇن يوقلاپ كەپتىكەن دەپ قويسىلىرى بولىدۇ، خوش، مەن قايتاي...

شەرۋانىخان تەڭلىكتە قالدى، سوۋغىنى ئالاي دېسە، ئېرىنىڭ كايىشىدىن قورقاتتى، بۇنداق ئىشلار بۇرۇنمۇ ئىككى - ئۈچ قېتىم بولغاچقا، ئايال دەككە يەپ، يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەنىدى؛ ئالماي دېسە، پۈتۈن -

سۈرۈك بىر ئەر بوينىنى سىڭار يان ئېگىپ، ئاغزىدىن شېرىن ـ سۆخەن گەپلەرنى ياندۇرۇپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىلتىجا بىلەن مۆلدۈرلەپ تۇراتتى، ئاخىر ئۇنىڭ كۆڭلىدىن: «ناھايىتى بىر قىرغاۋۇل ئىكەنغۇ، غۇلامجان يا بىلەر، يا بىلمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە، زاھىر ھاجىدەك ھاجى ھەرەم ئادەم ئەۋەتىپتۇ، قايتۇرۇۋەتسەم ئۇ كىشىنىڭ ياخشى كۆڭلىگە ئازار بولمىسۇن» دېگەن خىيال غىل ـ پال ئۆتتى ـ دە، چوڭاخۇننىڭ قولىدىكى سوۋغىنى ئېرىنىپ ئالدى. چوڭاخۇن قوش مۈشتەك خالتىنى بېرىۋېتىپ، ئۆزىنى گويا يەلكىسىدىن بىر تاغنى ئىرغىتىپ تاشلىغاندەك يەڭگىل سەزدى ۋە ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ: «ياخشى گەپ بىلەن يىلان ئىنىدىن چىقىدۇ دېيىشەتتىغۇ، ياخشى گەپنىڭ ھەممىسى قىرغاۋۇلنىڭ ئىچىدە! ئەمدى ئۇنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئىنىدىن چىقىرىمەن، خۇددى ھىندىلارغا ئوخشاش سۇناي چېلىپ ئوينىتىمەن! پاتماننى يۇتۇش ئۈچۈن ئەجدىھا بولۇش شەرت ئەمەس، قۇرت ـ قوڭغۇزغا ئوخشاش ئۆمىلەپ يۈرۈپمۇ پاتمانلاپ يۇتۇۋېتىش مۇمكىن. ئەرزىمەس قازاننىڭ قارىسى بولغىنۇ، يۈزۈڭگە چۈشكەن داغنىڭ ئىزى كۆزگە چېلىقمىسۇن، ئۆزگىگە بەختىسىز كۆرۈنۈپ، بەختنىڭ پېشىنى تۇتۇپ يۈرگەنگە نېمە يەتسۇن! دادام توغرا دەيدۇ: ھەرقانداق مۇناپىقلىقنىڭ ئەنە شۇنداق رەسىم ـ يوسۇنلىرى بار. ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىغان ئامەتتىن قۇرۇق قېلىشى تۇرغان گەپ! ئارپا تېرىپ، بۇغداي ئۇندۇرۇشنىڭ خاسىيىتى باشقىچە ـ دە! بۇنى بىلگەن ھېچقاچان ئۇتتۇرمايدۇ!...»

شۇغىنىسى، چوڭاخۇن كۆڭلىدە شۇنداق ئويلىغان بىلەن، يۇرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە يەنىلا ئەنسىزلىك بار ئىدى: «ئەگەر غۇلام ‹چاپاق› بۇ سوۋغىنى كۆرۈپ، خوتۇنىغا كايىپ ياندۇرۇپ ئەۋەتسىچۇ؟! ئۇ چاغدا شۇنچە ئارزۇ ـ ئۇمىد، شۇنچە هەشەم ـ دەرەم بىلەن قىلغان ئىش نۆلگە تەڭ بولمامدۇ؟! لېكىن... لېكىن، بۇ دۇنيادا بەز يېمەيدىغان مۇشۇك، يالاق يالىمايدىغان ئىت نەدە بار!؟ بۇ كادىر دىگەننىڭ ئىچىدە شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇلارنىڭ پىرى يوق، ۋىجدانىمۇ يوق! پىرىمۇ، ۋىجدانىمۇ پۇل! غۇلام ‹چاپاق›مۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس!»

چوڭاخۇن ئۆزىگە ئۆزى ئەنە شۇنداق تەسەللى بېرىپ، كۇنىنى سائەتلەپ ساناپ ئۆتكۇزۇشكە باشلىدى. بىر كۇن تىپتىنچ ئۆتۈپ كەتتى، ئىككى كۇنمۇ غويۇلداپ ئۆتتى. ئۇچىنچى كۇنمۇ هېچقانداق شەپىسىز، ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ كەتتى. چوڭاخۇننىڭ كۆڭلى جايىغا چۇشتى، غۇلام مۇدىرنىڭ قىرغاۋۇلنى مەززە قىلىپ يېگەنلىكىگە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئالامەتلەرنى كۆرۈپ كۆزلىرى ئويناپ كەتكەنلىكىگە ئىشەندى، ئەمدى ئۇنى سۇناي چېلىپ ئۆز پەدىسىگە ئويناتتىشقا، هەتتا چاۋاك چالسىمۇ يورغىلاپ ئۇسسۇلغا چۇشىدىغان قىلالىشىغا پۇتۇنلەي كۆزى يەتتى.

## 7

ئابدۇش غەلىتە ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتى. نىمىلىكىنى چۇشىنەلمەي خېلىغىچە گاراڭشىپ ياتتى.

ئېسى جايىغا كەلگەندىن كېيىن بىلدىكى، ئايالى ئايجامال تەتۈر قاراپ يىغلاپ يېتىپتۇ، ئۇنىڭ چىقارماسلىق ئۈچۈن ياستۇقنىڭ بىر چېتىنى چىشلىۋېلىپ مۆكۈلدەپ يىغلاۋېتىپتۇ. ھەربىر ھېقىقلىقلىگەندە نازۇك گەۋدىسى سىلكىنىپ ـ سىلكىنىپ كېتىدۇ...

ئابدۇش ئۆزىنى ئۇخلىغانغا سېلىپ يېتىۋەردى، ئەمما ئۇنىڭ تاقىتىمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى. يېنىكدا چىن دىلىدىن سۆيگەن ئادىمىنىڭ ئۆكسۈپ يىغلاپ ياتسىنۇ، سەن ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز شېرىن سۆز بىلەن تەسەللى بېرەلمىسەڭ قانداق بولغىنى!؟ تۇرۇپلا ئابدۇشنىڭمۇ يىغلىغۇسى كېلىپ كەتتى.

ئابدۇش كارىۋات يېنىدىكى ئۈستەل چىرىغىنى ياندۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى. چىراغنىڭ يېنىدا قېلىن بىر كىتاب ئېچىقلىق تۇراتتى، بۇ ئابدۇشنىڭ ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئوقۇغان كىتابى ئىدى. ئۇ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇيالمىغاچقا، بىلىمگە تەشنا قەلبىنى ھەمىشە مانا مۇشۇنداق خىلمۇخىل كىتابلارنى ئوقۇش ۋە مۇتالىئە قىلىش بىلەن قاندۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئابدۇشنىڭ ئېيتىشىچە، كىتاب دېگەن پۇلسىز ساياھەت كېمىسى ئىدى. بۇ كېمە ئادەمنى دۇنيادىن، ھاياتتىن، تارىختىن ۋە ئىنسانلارنىڭ خىلمۇخىل تەقدىر ـ قىسمەتلىرىدىن خەۋەردار قىلاتتى، ئادەمنى ئادەمدەك ياشاشقا ئۆگىتەتتى. شۇڭا ئۇ، ئۆزىنى «كىتاب خالتىسى» دەپ مەسخىرە قىلغان بۇرادەرلىرىگە ئېرىنمەي مۇنداق دەيتتى: «مەن دۇنيانى كىتابسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. مېنىڭ

نەزىرىمدە، كىتاب مۇقەددەس نەرسە، چۈنكى ئۇ ئەسىرلەر ئەلچىسى، ئىلىملەر خەزىنىسى!»

چىرايلىق، چوڭ سۈپەت بېزەلگەن چاغراق مەنزەر ئۆي ئىسسىپ، تىنچىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئابدۇش دېرىزىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ، قاپقاقلارنى ئېچىۋەتتى، ھاۋا ناھايىتى ساپ ئىدى، سالقىن ۋە يېقىملىق ھاۋا ئەكىرگەن گۈل - گىياھلارنىڭ خۇشبۇيي ھىدى ئۆي ئىچىنى تولدۇردى، دېرىزە ئېچىلغاندا ھويلىدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ يۇمران شاخلىرىغا تېگىپ سىلكىنىپ كەتتى ۋە مەي باغلاپ پىشقان ئۈجمىلەر تورۇكلاپ يەرگە تۆكۈلدى.

ئابدۇش دېرىزە ئالدىدا بىردەم تۇرۇپ ساپ ھاۋادىن تويۇپ - تويۇپ نەپەسلەندى ۋە تۈننىڭ مەنزىرىسىگە مەپتۇن بولۇپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. شەھەرنىڭ تۈندىكى مەنزىرىسى ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل ئىدى، چاڭ - توزاندىن، شاۋقۇن - سۈرەندىن، غەلدە - غەشتىن خالىي، ساپ ۋە تىنچ ئىدى. تىنىق ئاسماندىكى يۇلتۇزلار پىيالىدەك - پىيالىدەك بولۇپ كۆرۈنەتتى، ئۇلار ناھايىتىمۇ يېقىن، خۇددى قول ئۇزاتسا يېتىدىغاندەك قارىغان ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى. لەرزان سوققان شامال ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھلارنى سىلكىپ، نە - نەلەردىن ئۇلارنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى ئەكېلەتتى، دەرەخ شاخلىرى بىلەن ئايۋان - پېشايۋانلىرىنى ماكان قىلغان ئويغاق جانۇجانىۋارلار بىرى توختىسا، بىرى قوپۇپ چىرايلىق خەندان قىلاتتى. شەھەر تېخى تۈن قوينىدا ئىدى. جەنۇب تەرەپتىن ئۇيۇق يورۇشۇپ كېلىۋاتقىنىنى

كۆرگەن بەزى خامۇش خورازلار ئالدىراش قىچقىرىشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇيۇقنى يورۇتۇۋەتكىنى تاڭ ئەمەس، بەلكى ئاشپۇزۇل ۋە ھۆپىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرىدىكى چىراغ شولىسى ئىدى.

ئالاھازەل قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئابدۇش خوتۇنىنىڭ تېخىچە ئۆكسۇۋاتقانلىقى ئېسىگە كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئەركىلىتىش تەلەپپۇزىدا سورىدى:

— نېمە بوللا، خېنىم! چۈشلىرى بۇزۇلۇپتىمۇ نېمە؟

— ھەئە! — دېدى ئايجامال يۈزىگە يۆركىۋالغان ياستۇقنى نېرى ئىرغىتىپ، — چۈشۈمدە بۆرىلەر قورشىۋالغانمىش...

ئايدىڭدا ئايجامالنىڭ يۈزى بىردىن ئۆزگىرىپ، قاپىقى ئېسىلىپ، تۇمشۇقى ئۇچلانغىنى ئېنىق سېزىلدى، كۆزلىرى ياۋا مۈشۈكنىڭ كۆزلىرىدەك سۇرلۇك ياندى، ئابدۇش ئەزەلدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ بۇنداق سۇرلۇك چاقنىغىنىنى كۆرمىگەنىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىسيانكارانە لاۋۇلدايتتى. ئابدۇشنىڭ نەزىرىدە خوتۇنى ھەمىشە لەۋلىرى غۇنچىدەك سىپايە، يۈزى سۈتتە چايقالغاندەك ئاپپاق، ئەگىم قاشلىرى ئاستىدىكى بوتا كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، مىجەزى ئوچۇق، خۇي - پەيلى مۇلايىم، پۈتۈن تۇرقىدىن شوخلۇقى، نازلىقى چىقىپ تۇرىدىغان ھېسسىياتلىق، سەزگۈر چوكان ئىدى.

— ياخشىغۇ، ئوبدان چۈش كۆرۈپلا، خان... — دېدى ئابدۇش ئايجامالنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن يەنە

www.uyghurkitap.com

شۇنداق ئەركىلىتىش تەلەپپۇزى بىلەن، ــ چۇشىنىك تەتۈرى بولىدۇ دېيىشىدۇ. ئىشقىلىپ...

ــ ياق، ياق! ــ دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى ئايجامال بېشىنى كۆتۈرۈپ، ــ ئەزرائىلنىڭ بىر تۈرقى بۆرە دېيىشىدۇ، ئاڭلىمىغانمىتىڭىز؟!

ــ زادى نېمە بولدى ساڭا، ئايجامال؟ ــ ئابدۇش ئەمدى رەسمىي گەپكە كۆچتى، ــ بىر ئۇخلاپ قوپۇپ يىغلاپ كەتكىنىڭ نېمىسى؟

ــ سىز بىر ئۇخلىغان بولسىڭىز، مەن تېخى كىرپىك قاقمىدىم! ــ دېدى ئايجامال ناخۇشلۇق بىلەن، ــ ئابدۇشۇكۇر، سوراپ قالدىڭىز، ئەمدى مەن ئېيتاي: ئەگەر سىز مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، بىر پەرزەنتلىك مۇشۇ ئىناق ئائىلىمىزنى ساقلاپ قالاي دېسىڭىز، مېنى بۇ ئۆيدىن ئەكىتىڭ! بىزمۇ ئايرىم بىر ئۆي تۇتۇپ، بەش كۈنلۈك بۇ ئالەمدە غەم ـ غۇسسىسىز ياشاپ باقايلى!

ئابدۇش توي بولغان شۇنچە يىلدىن بۇيان، خوتۇنىدىن ئۆي ئايرىش توغرىسىدا بۇنداق كەسكىن تەلەپنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا، بۇ ئىش ئۇنىڭغا خېلىلا تاسادىپىي بىلىندى.

ــ نېمىشقا تۇيۇقسىزلا بۇنداق خىيالغا كېلىپ قالدىڭ، خوتۇن؟ ــ سورىدى ئابدۇش ئەجەبلىنىپ.

ئايجامال ئىچ ـ ئىچىدىن پۇچىلىنىپ دېدى:

ــ بۇ ھەرگىزمۇ تۇيۇقسىز ئەمەس، ئابدۇشۇكۇر، بۇ ئۇزاقتىن بېرى يىغىلىپ كەلگەن دەرد ـ ئەلەمنىڭ بوگۇن پارتلىشى!

ــ ئۇنداق بولسا، بوگۇن بىرەرى بۇ پارتلاشنىڭ

پىلتىسىگە ئوت ياققان ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى ئابدۇش خوتۇنىنىڭ ياش يۇقى كۆزىگە قاراپ.

ئايجامالنىڭ غەم - غۇسسە ئارىلاش مېھىر بىلەن يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىرنەچچە كۈن ئۇيقۇسىز قالغان ئادەمنىڭ كۆزىدەك قاغجىراپ كەتكەنىدى.

— ياقتى، ياققاندىمۇ تازا ياقتى!

— كىم؟

— كىم بولاتتى، ھېلىقى زىيدە پەس مەستۇرەك! — ئايجامال بەئەينى قاڭسىق مېغىز يەۋالغاندەك چىرايىنى بىر قىسما پۈرۈشتۈردى، — مېنى تېخى دادامغا چاقتى. دادامىمۇ ماڭا بىردەم يېنىچە، بىردەم قىرىچە تېگىپ، ئۇنىڭغا بولاشتى!

— نېمە بولدى زادى؟ — سورىدى ئابدۇش تىت - تىت بولغاندەك، — ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقماي ئوچۇقراق دېگىنە!

ئايالى بۈگۈن كەچتە بولغان ئىشلارنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەردى:

ھەممە ئىش مەستۇرىخاننىڭ ھەسەتكە تولغان بىر ئېغىز سېسىق گېپىدىن باشلانغانىدى. مەستۇرىخان ھەمىشە ئۆيدە بولغاچقا، بۇ ئائىلىنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ زىممىسىدە ئىدى. ئاش - تاماق ئېتىش، كىر - قات يۇيۇش، ئەتىگىنى - ئاخشىمى ھويلا - ئارامنى سۈپۈرۈش، سۇ چېچىش قاتارلىق ئايىغى چىقماس ئىشلار ئۇنىڭ كۈندىلىك بولجۇماس ۋەزىپىسى ئىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، تېجىمەل ئېرى بىلەن بەڭباش بالىلىرىنىڭ

ھەر قىسما خەقىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن خېلى مۈشكۈل ئىشلار ئىدى. ئايجامال خىزمەتتە بولغاچقا، ئۇنىڭ مۇقىم ۋەزىپىسى يوق ئىدى. ئەمما، سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە، بۇ چوڭ، مۆتىۋەر ئائىلىدە ئۇنىڭ قولى تەگمەيدىغان ئىش يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزى تاتلىق، ئايىغى ئىتتىك، قولى چەبدەس بولغاچقا، ھەرقانداق ئىشنى بىردەمدە جاي ـ جايىدا قىلىپ، ھەممەيلەننى رازى قىلىۋېتەتتى. دەم ئېلىش كۈنلىرى دۆۋە ـ دۆۋە كىرلارنى يۇياتتى، ئوخشىمىغان غىزالارنى ئېتىپ، چوڭلارنىڭ دۇئاسىنى ئالاتتى. ئىشقىلىپ، ئۆيدە بولسىلا تىنىم تاپمايتتى، ھەممە ئىشقا ئارىلىشىپ، گۈلىنى گۈلگە كەلتۈرۈپ قوياتتى...

ئەمما، بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئايجامال بىرئاز ئالدىراش بولۇپ قالدى. ئۇ دائىم ئىككى كۈن ئىدارىنىڭ ئىشى بىلەن ئۆيگە كەچ قايتتى. قاتار چاي، بۆشۈك توي، خەتنە توي دېگەندەك مەرىكىلەر بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ، رېستورانلاردا ئويۇن ـ تاماشا بىلەن بولۇپ كەتتى.

ئۇزاق يىللىق بۇرۇقتۇرما تۇرمۇش مۇھىتى مىجەز ـ خۇلقىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن مەستۇرىخاننىڭ كۆزىگە بۇ مالامەتلەر ئانچە سىغمىدى، ئېرىنىڭ بېسىمى بىلەن بوسۇغا ئاتلىسا يۈز ـ كۆزىنى رومال بىلەن چۈمكەپ، ئوشۇقىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن تامبال كىيىپ، تۈز يولدىمۇ تەمتىرەپ ماڭىدىغان بۇ رايىش چوكان ئاستا ـ ئاستا ئايجامالنىڭ ھەمىشە مودا كىيىملەر بىلەن قورچاقتەك ياسىنىپ، دەريادىكى بېلىقلاردەك ئەركىن ـ

ئازادە يۈرىدىغان زامانغۇي تۇرمۇشىنى كۆرەلمەيدىغان، ئۆزى بەھرە ئالالمىغان ئىشتىن باشقىلارنىڭمۇ بەھرە ئېلىشىنى خالىمايدىغان يوشۇرۇن ھەسەتخورغا ئايلانغانىدى.

ئايجامال ئاخشاممۇ كەچ قايتتى، ئۇ ئەمدىلا كىرىشىگە، ئۆزىنى پايلاپ ئولتۇرغان مەستۇرىخاننىڭ سېسىق تاپا ـ تەنىسىگە قالدى، بۇ ئۆينىڭ تۆگمەس ئىشلىرىدىن تويۇپ، دېدىقاپ كەتكەن چوڭ كېلىن قورساق كۆپۈكىنى ئايجامالدىن ئالغانىدى.

ــ ھۆي، ئەتىۋارلىق مېھمان خېنىم!ــ دېدى ئۇ كۆزىنى سۈزۈپ، بوينىنى قىقىپ،ــ مەنچا، سىلىنىڭ يۈندىخورلىرى ئەمەس، سىلىمۇ مۇشۇ ئۆينىڭ بىر يۈندىخورى! ئەجەب ئەتىگەندە تاراقشىپ چىقىپ كېتىپ، كەچتە دىككاڭشىپ كېلىپ، بۇ قارغىش تەگكۈر ئۆينىڭ ھېچنېمىسى بىلەن كارىلىرى بولمايدا؟! ئەتىگەندىن كەچكىچە قولامنى كۆسەي، چېچىمنى سۈپۈرگە قىلىپ، ئاش ئېتىۋاتقان، كىر يۇيۇۋاتقان، ھويلا سۈپۈرۈۋاتقان... مەن زاھىر ھاجىنىڭ ھاشارچى كېلىنى بولاپ، سىلى ئارزۇلۇق قىزىمىتىلە ـ يا؟!

مەستۇرىخان ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي چالۋاقاپ سۆزلەپ كەتتى، ئايجامال ئېغىز ئاچالمىدى، چۈشەنچىمۇ بېرەلمىدى. خەيرىيەت، «ئۆپكە ـ قېرىن گۆش ئەمەس، ئەپىيەڭگە ئەپ ئەمەس» دەپ بىكار ئېيتمىغان ـ دە! بوپتۇ، ئۇنىڭ ئىچ ـ قارنى دەرد ـ ئەلەمگە توشۇپ كېتىپتىكەن، قورسىقىنى بوشىتىۋالسۇن!...

مەستۇرىخان راستىتىنلا خېلى دادلىدى، ۋايسىدى،

چالۋاقىدى، گويا پۈتۈن ھويلىدا تىرىكچىلىكنىڭ ۋەھىمىسى، ئەلەم ـ ھەسرەت تۈيغۇسى، بولغۇسى غوۋغالارنىڭ شاۋقۇنى ھاۋادا كېزىپ يۈرگەندەك بولدى. چوڭ كېلىنىنىڭ تەنە ـ تەئەددىلىرى گويا يىلانغا ئايلىنىپ، كىچىك كېلىنىنىڭ نەق مېڭىسىدىن چاقتى، ئوغا ـ زەھىرى ئاستا ـ ئاستا پۈتۈن ۋۇجۇدىغا يېيىلىشقا باشلىدى...

شۇ ئارىلىقتا ھويلىغا خۇپتەن نامىزىدىن يانغان زاھىر ھاجى كالتە يۆتىلىپ كىرىپ كەلدى. سۇرلۇك، سۆلەتلىك قىيىنئاتىسىنى كۆرۈپلا، مەستۇرىخان يىغا ئارىلاش يەنە دادخورلۇق ئېيتتى، ئايجامالنىڭ رېستورانىدىكى ئويۇن ـ تاماشىلىرىنىڭ گەپلىرىگىچە دەپ ـ ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئىككى پۇللۇقىنى قويمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ نەچچە كۈندىن بېرى ئايجامالنىڭ ئۆيگە كەچ قايتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن زاھىر ھاجىنىڭ سەپراسى ئۆرلەپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ، چوڭ كېلىنىنىڭ يېنىنى ئېلىپ، كىچىك كېلىنگە قاتتىق تەگدى:

— سىز بەكمۇ ھەددىڭىزدىن ئېشىپ كەتتىڭىز، خىزمىتى بار، بالىسى كىچىك دەپ يول قويساق، شىللىمىزگە مىنمەكچى بولۇۋاتىسىز! بۇ ئۆينىڭ قايمىقىنى سىز يەپ، تايىقىنى باشقىلار يېسە بولماس!

ئايجامال ئۇجۇقۇپ كەتتى. شۇنچە يىلدىن بېرى ھۆرمەتلەپ، ئىززەت ـ ئىكرامىنى قىلىپ كەلگەن قىيىنئاتىسىنىڭ بۇنداق يولسىز گەپلىرى قاتتىق ھار كەلدى. لېكىن ئۇ، چىش يېرىپ يا ئۆزىنى ئاقلىيالمىدى،

يا ئىزاھات بېرەلمىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، قېيىنئاتىسى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ دوق قىلىشقا ئۆتتى:

— سىز تولا ئېرىڭىزنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرماڭ! سىز ھەرقاچان قورۇ - جاي چېقىلسا، يېڭى بىناغا كۆچۈپ، ئايرىم ئۆي تۇتىمىز دەپ چوت سوقۇۋاتقان ئوخشايسىز! خام خىيال، مەنلا ھايات بولسام ھېچكىم بۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئايرىم بولۇپ چىقالمايدۇ! نىيەت - ئىقبال بىر يەرگە كەلمىسە، ھەرقانداق ئاپەتتىن ساقلىنىش تەس. سىز بىلىپ قويۇڭ، ئەگەر بۇ دۇنيادا ئىتنىڭ تىلىكى قوبۇل بولسا، ئاسماندىن سۆڭەك ياغقان بولاتتى!...

ئايجامالنىڭ يۈرىكىگە بىردىن ئېغىر مۇڭ چۈشتى. ئۇ ئىككى پەنجى بىلەن كۆكرىكىنى چاڭگاللاپ تۇرۇپ بىر «ئاھ» ئۇردى. ئىچىدىن قايناق بىر نەپەس ئېتىلىپ چىقتى، بۇ نەپەس بوغۇزىنى كۆيدۈردى. ئەگەر كۆڭۈلنى شىشىگە ئوخشىتىشقا توغرا كەلسە، شۇ دەقىقىدە ئايجامالنىڭ شىشە كۆڭلى چۇل - چۇل سۇنغانىدى...

— بىزنىڭ توي قىلغىنىمىزغا يەتتە يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن سىز مېنىڭ يېنىمدا كۆپ تۇرالمىدىڭىز، ئابدۇشۇكۇر، — دېدى ئايجامال شىكايىتىنى تۈگىتىپ، — مانا، بوينۇمدا سىز بەرگەن تىلتۇمار تۇرۇپتۇ. ئاردىن شۇنچە ۋاقىت ئۆتسىمۇ، بۇ مېنىڭ جېنىمغا ھەمراھ، دەردىمگە دەۋا بولدى. مەن بىلەن بىرلىكتە جاپا چەكتى، دەرد تارتتى، يىغلىدى، كۈلدى، گاھ سېھىرگەر مەلىكە بولۇپ يوپۇتتى، ئەركىلىدى، زۇلمەتتە قالسام، چىراغ بولۇپ يولۇمنى

يورۇتتى، ئاداشسام يول باشلىدى، قورقسام دالدا بولدى، يىقىلسام تۇرغۇزدى، يىغلىسام بەزلىدى، يالغۇز قالسام سىزنى يېنىمغا يېتەكلەپ كېلىپ، شېرىن سۆھبەتكە ۋاستە بولدى... شۇڭا، مەن بۇ ئائىلىنى ئۆز ئۆيۈمدەك كۆرۈپ، پۈتۈن مۇھەببىتىمنى، ئېتىقادىمنى بەردىم، لېكىن ئەزەلدىن بۇ ئائىلىنىڭ ئۆز ئەزاسى بولالماي كەلدىم. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە، مەن بۇ ئائىلىنىڭ ئىشىغا چۈشكەن چىۋىن، گېلىمگە چىققان ھونناق بولۇپ قالدىم!

ئايالىنىڭ نالىكار سۆزلىرى ئابدۇشىنىڭمۇ يۈرەك ـ باغرىنى ئەزدى. ئۇ ئايجامالنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەت ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ، گاھ قاشلىرىنى يىمىرىپ، گاھ لەۋلىرىنى ئۇمچەيتىپ، ئەندىكىپ ـ ئەندىكىپ گەپ قىلىۋاتقان تۇرقىدىن ئۇنىڭ قاتتىق ئازابلانغانلىقىنى چۈشەندى. دېمىسىمۇ، ئايجامالنىڭ سۆزلىرى ھەق، يوللۇق ئىدى، ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىن، ئابدۇش چەت ئەلدە تىجارەت بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆيدە كۆپ تۇرالمىدى، ھەتتا قىزى تۇغۇلۇپ ئىككى ياشقا كىرگۈچە ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرەلمىدى. شۇنداق چاغلاردىمۇ ئايجامال ئېرىگە بولغان مۇھەببىتىنى قەلبىگە پۈكۈپ، تۇرمۇشتىن، قىيىنچىلىقتىن، يالغۇزلۇقتىن زارلانمىدى، بەلكى قولىدىن كېلىشىچە قېيىنئاتىسى بىلەن قېيىنئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاقتى. ئۇ چاغلاردا ئابدۇشمۇ پۇل تاپىمەن دەپ موسكۋا، ئىستانبۇل، تاشكەنت، بىشكەك قاتارلىق يەرلەردە يۈرۈپ،

مۇساپىرچىلىقنىڭ، غېرىب - مىسكىنلىكىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى. كۈنلەر، ئايلار، يىللار — ئالتۇندەك ئەزىز ئۆمۈرنىڭ ئالتۇندەك دەقىقىلىرى تىرىكچىلىك ۋەسۋەسىسى بىلەن تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك كۈندىلىك تەشۋىشلەرگە ئارىلاش - قۇرلاش بولۇپ يۇمىلاپ ئۆتۈپ كېتىۋەردى. ئەمما ئۇ، شۇ ئۇزاق يىل تارتقان روھىي ئازابلىرى ھېسابىغا ئەقىل - ئىدراك، ئوي - پىكىر ۋە ئىنسانىي خىسلەت جەھەتلەردە خېلى ئوبدان پىشىپ يېتىلدى، ئابدۇش ئۆزىنىڭ ئەگرى - توقاي ھايات مۇساپىسىدىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىكى، ھايات ئەسلىدە يالغۇز سەپەرگە چىققان يولۇچىغا ئوخشايدۇ، سەپەر مۇشكۇلاتلىرىنى يولۇچى ئۆزى تارتىدۇ. ئۇنىڭ شادلىقى - قايغۇسى، بەختى - بەختسىزلىكى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق. ھاياتتا مۇشكۈلچىلىك بولمىسا، گۈزەل ئارزۇمۇ بولمايدۇ، مۇشكۈلچىلىكنى قانچە كۆپ تارتساڭ، گۈزەللىككە شۇنچە تەشنا بولىسەن!...

— ھەربىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، قائىدە - يوسۇن ۋە تەلەپ - ئېھتىياجلىرى بولىدۇ، — دەپ ئايالىغا تەسەللىي بېرىشكە باشلىدى ئابدۇش، — لېكىن دادام بىلەن ئاكام بۇنى چۈشەنمەي، بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق تەلۋىلىك بىلەن بىرەر ئىش تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ يۈرۈۋاتىمەن! سەن ئويلاپ باقە، چوڭ دەرەخ يىقىلسا، شاخلىرى سۇنماي ساق قالىدىغان ئىش نەدە بار؟ بايىقى گېپىڭگە مەنمۇ قوشۇلىمەن، بىزمۇ چوڭ بولدۇق،

بالىلىق بولدۇق، ئەمدى ئايرىم روزغار تۇتۇپ، مۇستەقىل
تۇرمۇش كەچۈرسەك بولىدۇ. مېنىڭچە، ئاتا ـ ئانا
بولغۇچى بالا ئۈچۈن تەخت ياساپ بېرەلىسىمۇ، لېكىن
بەخت ياساپ بېرەلمەيدۇ، ھەر كىشى ئۆز تەقدىرىنىڭ
تۆمۈرچىسى! ــ ئابدۇش بىردەم تۇرۇۋېلىپ ئۇلۇغ ـ
كىچىك تىنىدى، ئاندىن خوتۇنىغا كۆڭلىدىكىنى
ئېيتتى، ــ ئەمما، ئايجامال، ھازىر ۋاقتى ئەمەس، بۇ
ئىشقا دادامنى كۆندۈرمەك تەس، ئۇ بىزنىڭ ئايرىم
بولۇپ، كۆڭلىمىزنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىدىن، ئۆزى
باشقۇرۇۋاتقان مال ـ دۇنيانىڭ چېچىلىپ كېتىشىدىن
قورقىدۇ. شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى، يەنە ئازراق سەۋر
قىلايلى، سەنمۇ روھىي ھالىتىڭنى تەڭشەپ، بىر مەزگىل
چىداپ تۇرغىن، ۋاقىت بۇ ئىشنى ئۆزلۈكىدىن ھەل
قىلىدۇ، جاھاننىڭ ئىشلىرى ھەرگىزمۇ دادام بىلەن
ئاكامنىڭ ئىرادىسى، مۇددىئاسى بويىچە بولمايدۇ. سەۋر
قىلساق، دەردنى بەرگەن خۇدا چوقۇم داۋاسىنىمۇ بېرىدۇ!
ئايجامال بىردەملىككە دىلغۇل بولۇپ تۇردىيۇ، ئەمما
دەررۇ بۇ دىلغۇللۇق ئورنىنى باشقا بىر نەرسە ــ
كۆڭۈلنى ئۇۋلايدىغان، تۈيغۇلىرىنى ئەركىلىتىدىغان بىر
خىل روھىي تەسەللى ئىگىلىدى. شۇڭا، ئەمدى ئۇنىڭ
كۆزىدىن قەترىمۇ ياش چىقمىدى، بايىلا تامىقىنغىچە
قادىلىپ تۇرغان ئاللىقانداق تۈگۈنىمۇ گويا ئېرىپ
كەتكەندەك... يۈرىكى بوم ـ بوش، دىمىقىغا نەم ئارىلاش
ئۇچمە ھىدى ئۇرۇلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ رەڭدار يۈزىدە
ئاشۇ تونۇش، مەيىن جىلمىيىش يەنە نۇرلىنىپ كەتتى.
ئۇلار چىراغنى ئۆچۈرۈپ، يېڭىباشتىن ياتتى،

ئابدۇشنىڭ باغرىغا ئىللىقلىنە تەگكەن يۇمران، ئىسسىق ۋۇجۇد ئۇنىڭ ئەزايى ـ بەدىنىنى تىترىتىۋەتتى. قىرانلىق يېشىغا يەتكەن پۈتۈن ـ سۆرۈك بىر يىگىتنى تىترىتىۋاتقان بۇ ئىللىق ۋۇجۇد دۇنيانىڭ راھەتلىرى ئىچىدە ھېچ نەرسىگە تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدىغان بۈيۈك بىر راھەت ئىدى.

## 8

رىشىت پەلەڭ تۇنجى بولۇپ ئۆي چىقىش توختامىغا قول قويدى، تېگىشلىك تۆلەم پۇلىنىمۇ ئالدى. ئەمما، كوتۇلمىگەندە يېڭى بىر پېشكەللىككە يولۇقتى. ئۇنىڭ ئۇزاق يىل كۆرۈشمەي، ئۇنتۇلۇپ كەتكىلى تاس قالغان بىر ئىنىسى بىلەن سىڭلىسى ئۇلۇشكۇن خۇددى خالىس ئىپتارچىدەك كۆن قىزىلى تۇگەي دېگەندە ئۆيگە كىرىپ كېلىشتى.

رىشىت پەلەڭنىڭ ئىنىسى ھەلالجى بەئەينى توشقاندەك ئەندىكىپ تۇرىدىغان تىرتەك بىر ئادەم ئىدى، ئۇنى بۇنىڭدىن يىگىرمە يىللار ئىلگىرى دادىسىنىڭ خوتەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان نەۋرە ئىنىسى بالا قىلىپ ئەكەتكەنىدى. رىشىت پەلەڭ ئىنىسى بىلەن شۇ خوشلاشقانچە كۆرۈشۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا، ئۇلۇشكۇن ئۇنى كۆرگەندە تونۇيالماي، بىر ھازا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. سىڭلىسى ئىپارخان چىرايلىق، شېتىلە قىز ئىدى. سەككىز يىل بۇرۇن ئۇنى مەكتىلىك بىر شوپۇر

ئەپقاچقانچە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇزۇلۇپ قالغانىدى. بۇ ئۇزاق جەرياندا بۇ ئۈچ بىر تۇغقاننىڭ تۇرمۇشىدا، تەقدىر ــ قىسمەتلىرىدە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇلار ئاۋۋال ئانىسىدىن، كېيىن دادىسىدىن ئايرىلدى، ھەر ئىككىلىسى رىشىت پەلەكنىڭ قۇچىقىدا جان بەردى، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى رىشىت پەلەك قىلدى. جاپانى ئۇ چەكتى، دەردنى ئۇ تارتتى، ئەمما قوشۇق قايماقنىڭ تەمىنى بىلمىگەندەك، جاپاغا تۇشلۇق راھەت، دەردكە تۇشلۇق پاراغەت ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى. شۇڭا، دادىسى جان ئۈزۈش ئالدىدا مەھەللىدىكى بىرنەچچە مويسىپىتنى چاقىرىپ: «مەن ئۈچ پەرزەنتلىك بولغان بولساممۇ، پەقەت مۇشۇ چوڭ ئوغلۇم پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلدى. ئەمما راھەت كۆرمىدى، ھەربىرلىرى ۋاقىپ بولغايلا، مەن بۇ ئۆي ــ زېمىننى مۇشۇ ئوغلۇمغا بەخشەندە قىلدىم، ئۇ بالا ــ چاقلىرى بىلەن مېنىڭ چىرىغىمنى يېقىپ، بۇ خاكى زېمىندا خاتىرجەم ياشىسۇن!» دېگەنىدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن رىشىت پەلەك ئۆزىنى بۇ ئۆينىڭ بىردىنبىر ئىگىسى، ھەقدار خوجايىنى دەپ كەلگەنىدى. ئەمدى كۇتۇلمىگەندە، خۇددى بۇ ئۆينىڭ تۆلەم پۇلىنى ماراپ ياتقاندەك، ئىككى ياقتىن ئىككى مىراسخور پەيدا بولدى. بۇ ئىش بىردەمدە مەھەللىگە پۇر كەتتى. كىشىلەر ھەر خىل مۇلاھىزە قىلىشاتتى، بەزىلەر: «يېتىمنىڭ ھەققىنى يېيىش يامان، مىراسنى بۆلۈشمىسە بولمايدۇ» دېسە، بەزىلەر: «بۇ ئۆي رىشىتاخۇنغا دادىسىدىن بەخشەندە بولۇپ قالغان، ئۆزى ئىگە بولسا قانۇنغىمۇ، شەرىئەتكىمۇ

چۈشىدۇ» دەيتتى. يەنە بەزىلەر بولسا: «ھەي، رىشىت پەلەڭگە يامان بولدى، تۆلەم پۇلىنى ئۈچ ئوق قىلىپ بۆلسە، ئۇ يېڭى بىنادىن ئۆي ئالالماي، ماكانسىز قالىدىغان بولدى» دەپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشاتتى. دېمىسىمۇ، بۇ ئىش رىشىت پەلەڭنىڭ يېڭى مەھەللىدىكى بىنالاردىن ئۆي ئېلىش - ئالالماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، بىر كۈن ئىچىدىلا ئۇنىڭ خۇشال - خۇراملىقىغا تولغان ئۆيىنى بىردىنلا مۇڭ ۋە تەشۋىش باستى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇنگۈلنىڭ مۇڭ - زارى ھەممىدىن ئېغىر ئىدى. ئۇ تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا دادىسىنى توختامغا قول قويۇشقا ئالدىرىتىپ، بىر خىل تەقەززالىق بىلەن: «دادا، تېزرەك كۆچەيلى، بىر كۈن بۇرۇن بولسىمۇ تۇرمۇشنىڭ راھىتىنى كۆرەيلى!» دېگەنىدى.

بۇ ئىشتا يەنە غۇلام مۇدىر ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇ مىراسخورلارغا خىزمەت ئىشلەپ، رىشىت پەلەڭنىڭ دەردىنى يەڭگىللىتىشكە ئۇرۇندى.

— تۇغقانلار، خۇدانىڭ ئەھلى مۆمىن بەندىسى كەڭ قورساق، ئەپۇچان، سەمىمىي كېلىدۇ، — دېدى ئۇ ھەللاجى بىلەن ئىپارخانغا چاي تۇتۇپ، — دۇنيادا پۇلدىن ئۇستۈن تۇرىدىغان، پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان نەرسىمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ قېرىنداشلىق مېھرى! ھېچبولمىغاندا بىز ھەممىمىز ئادەم، ئۆزئارا ئادەمگەرچىلىك قىلىش، مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتىمىز بار. ئاكاڭلار ئۇزاقتىن بېرى مۇشۇ ئۆيىنى ماكان قىلىپ، ئاتا - ئاناڭلارنى باقتى، دۇئاسىنى

www.uygurkitap.com

ئالدى، ئاخىرىدا ئۇ دۇنياغا ئۇزاتتى. شۇڭا، داداڭلار كۆز يۇمۇشتىن بۇرۇن ئۇ ئۆينى ئاكاڭلارغا بەخشەندە قىلىپ بەرگەن، بۇنىڭ گۇۋاھچىلىرىمۇ مۇشۇ مەھەللىدە بار...

— ئۇنداق بولسا، دادامنىڭ بەخشەندە قىلىپ يېزىپ قالدۇرغان تىلخېتىنى چىقارسۇن! — دېدى ھەللاجى تەرسالىق بىلەن. سىڭلىسى ئىپارخانمۇ ئۇنى قۇۋۋەتلىدى:

— توغرا، بەخشەندە قىلىنغان نەرسىنىڭ پەتۋاسى بولىدۇ، شۇنى كۆرسەتسۇن! ئەگەر ئۇنى كۆرسىتەلمىسە، پۇلىنى ئۈچ ئوق قىلىپ بۆلىمىز. ئاتا - ئانىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك مىراسنى تەڭ بۆلۈشمىسەك، شەرىئەتكىمۇ توغرا كەلمەيدۇ، ئاكامۇ يېتىمنىڭ ھەققىگە قارا سانىغان دېگەن بەتنامغا قالىدۇ!

تىلخەت، پەتۋا دېگەن نەرسىلەر ئەلۋەتتە يوق ئىدى، نادان، ساددا دادا پەقەت ئۈچ گۇۋاھچىنىڭ ئالدىدا ئاغزاكى گەپ بىلەنلا بەخشەندە قىلىش ۋەسىيىتىنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. ئەپسۇسكى، ھازىر بۇ گۇۋاھچىلارنىڭ ئىككىسى بۇ ئالەمدە بولمىغاچقا، بۇ ۋەسىيەتنى ئەلۋەتتە قانۇنمۇ، شەرىئەتمۇ ئېتىراپ قىلمايتتى. ئاخىر ھەللاجى بىلەن ئىپارخان يەڭدى. تۆلەم پۇلى ئۈچ ئوققا ئايرىلىدىغان بولدى.

رىشىت پەلەڭنىڭ ئۆيىگە ئاتمىش تۆت مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىلگەنىدى. ئەگەر بۇنى ئۈچكە ئايرىسا، ھەربىر مىراسخورغا يىگىرمە مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پۇل تېگەتتى، رىشىت پەلەڭ بۇ پۇلغا ھەرگىز يېڭى بىنادىن ئۆي سېتىۋالالمايتتى. كادىرلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، يېڭى

رايونىكى ئەڭ كىچىك ئۆي قىرىق بەش كىۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئەرزان بەشىنچى قەۋەتتىكىسى يىگىرمە ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز سەكسەن يۈەن بولاتتى. دېمەك، ئوتتۇز مىڭ يۈەنگە يېقىن تۆلەم پۇلغا ئېرىشەلمىگەنلەر بۇ ئۆيلەرگە كۆچۈپ چىقالمايتتى. بۇ ئىش يالغۇز رېشىت «پەلەڭ»نىڭلا ئەمەس، غۇلام مۇدىرنىڭمۇ بېشىنى قاتۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن بىرمۇنچە ئىشلار ئۆتتى...

تۇغقانلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىدە يەنىلا رېشىت پەلەڭ ئوغۇل بالىچىلىق قىلدى. «مال ـ دۇنيا دېگەن ئايال كىشىنىڭ قېشىدىكى ئوسمىدەك نەرسە، بىرلا يۇيسا تۈگەيدۇ!ــ دېدى ئۇ تۇغقانلىرىغا،ــ ئەمما، تۇغقان دېگەننىڭ بېغىشى چىڭ، رىشتى چوڭقۇر بولىدۇ. شۇڭا كونىلار: ‹يات يېگۈچە، تۇغقان ئۆلگۈچە›، دېگەن. سىلەر رازى بولساڭلارلا مەن شۇنىڭغا خۇشال!...» ئۇ يوقسۇل بولغىنى بىلەن قولى كەڭ، باغرى يۇمشاق ئادەم ئىدى. شۇڭا، كۆپ ئىشلاردا زىيان تارتىپ، كۆڭلى يېرىم بولسىمۇ، ھەرگىز بەل قويۇۋەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۆمرىدە ئاچچىق قىسمەتلەرگە تولغان شۇنچە يىللار، شۇنچە ئىشلار بولۇپ ئۆتتى، ئۇ ئۆلۈپ قالمىدى، مانا تېخى مىلتىقنىڭ ئوقىدەك يۈرۈپتۇ! تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىزلىكلىرىگە كۆپ ئۇچراپ، ئازابىنى چېكىۋېرىپ، ئۇنىڭ بەدەنلىرى ئازابقا كۆنگەنىدى. ئۇ تۇغقانلىرىنى رازى قىلىپ، خۇشال ـ خۇرام يولغا سالغاندىن كېيىن، غۇلام مۇدىرنى ئىزدەپ كەلدى.

ــ گەرچە ماڭا ئۇكا يوللۇق بولسىلىرىمۇ، ئاكا

دەيمەن، مۇدىر. چۈنكى، باشلىقىمىز سىلى، باشلىق — ئاتىدىن ئۇلۇغ دېگەن گەپ بار، — دېدى رىشىت پەلەك يىرىك ساقال باسقان يۈزىنى تاتىلاپ تۇرۇپ، — بۇ دۇنيا شۇنداق ئىكەن ئاكا. ئالەم يارىتىلغاندىن بېرى بىرىگە بەخت كېلىدىكەن، بىرىگە ئەلەم، كاساپەت... ئادەم يەنە چىدايدىكەن، چىدىماي نېمە ئىلاج! مەن سىلىنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، مۇدىر، مەن قىزىمغا يېڭى بىناغا كۆچىمىز دەپ ۋەدە بەرگەن، كاساپەت... بىزنىڭ ئادەم بولغىنىمىز مۇشۇ، چوپچوڭ ئادەم تۇرۇپ ۋەدىگە ۋاپا قىلالمىسام بولمايدۇ، سىلى ماڭا كېپىل بولۇپ، بانكىدىن ئىككى توقماق قەرز ئېلىپ بەرسىلە، خۇدا بۇيرۇسا، نوچى كەپتەرلىرىمدىن بىرنەچچىسى بار، كاساپەت... ئۇبدان ئۆگەتسەم ئالامەت ئويۇنچى، موللاقچى بولۇپ چىقىدۇ. شۇنى سېتىپلا شىللەمدىكى قەرزنى گاچچىدا تۆلىۋېتىمەن، ئاكا!

غۇلام مۇدىر رىشىت پەلەڭگە مەمنۇنلۇق بىلەن قاراپ تۇراتتى. كۆڭلىنىڭ ئاللىقەيېرىدە بۇ ئاددىي، سەممىي ئادەمگە نىسبەتەن مېھرىمۇ، ھۆرمەتمۇ ياكى مۇھەببەتمۇ — ئىشقىلىپ، يۈرەك قېتىدىن ئىسسىق بىر دولقۇن كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى سېزەتتى.

— بولىدۇ، رىشىت ئاكا، — دېدى ئۇ دەرھال جاۋاب بېرىپ، — مەن سىزگە كېپىل بولاي، سىز تۇغقانلىرىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى چىرايلىق ھەل قىلىدىكەنسىز، ئۇلاردىنمۇ خاپا بولغىلى بولمايدۇ، تۇغقاندىن خاپا بولساق تۇغقانسىز قالىمىز. ئۇلارنى بۇ كويغا سالغان نەرسىمۇ تۇرمۇش — ھاياتنىڭ موھتاجلىقى!

بۇ ئىشقۇ چىرايلىق ھەل بولدى، ئەمما تەقدىر دېگەن قىزىق نەرسە ئىكەن. ئالەم يارالغاندىن بۇيان ھەرقانداق بىر ئادەم، ھەرقانداق بىر ئىش ھەممە تەرەپتىن بىر ـ بىرىگە ماس كەلمىگەن بولسا كېرەك. ياۋاش، مۆمىن ئەرگە ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان ھازازۇل ئايال ئۇچرايدۇ؛ نەدىكى سەت، بەتبەشىرە ئەركەكلەر ئانىسى سۆيۈشكىمۇ قىزغىنىدىغان ھۆرلىقالارغا ئۆيلىنىدۇ؛ سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر نەدىكى قارا نىيەتلەرنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن بەتنامغا قېلىپ ئۇۋالچىلىق تارتىدۇ؛ ئەركىن پىكىرلىك ئادەملەر كاللىسى قېتىپ قالغان ھاماقەتلەر تەرىپىدىن جازاغا تارتىلىدۇ. يىراق تارىختىمۇ قۇللار ئېگىز بىنالاردىن تاشلانغان، دەھرىيلەر ئوتتا كۆيدۇرۇلگەن، ھۆر پىكىرلىك كىشىلەر خۇدا قارغىۋەتكەن يەرلەرگە سۈرگۈن قىلىنغان ئىشلار ئاز بولغانمۇ؟!...

بەلكىم تەڭرى ئەنە شۇنداق ئېگىز ـ پەس، ئۇزۇن ـ قىسقا ئىشلارنى، سەت ۋە چىرايلىق، ئاقىل ۋە نادان ئادەملەرنى بىر ـ بىرىگە ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇلارنى سىنايدىغان ئوخشايدۇ!...

رېشىت پەلەڭ يەنە بىر قېتىم ئەنە شۇنداق سىناققا دۇچ كەلدى. ئۇ تۇنجى بولۇپ توختامغا قول قويغاندىن كېيىن، مەھەللىدىكى بىرنەچچە ئائىلە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ توختامغا قول قويدى ۋە يېڭى ئۆيگە كۆچۈشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشتى. ۋاھالەنكى، بۇ ئىش زاھىر ھاجى بىلەن ئايۇپ ئىمامنىڭ يوشۇرۇن ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى.

ئايۇپ ئىمام بىلەن رىشىت پەلەك بىر ـ بىرلىرىنى خېلى ئوبدان بىلىشەتتى ـ يۇ، ئەمما كۆرۈشكەندە كۆڭۈللىرى ئېچىلىدىغان دوستلاردىن ئەمەس ئىدى. رىشىت پەلەك ھەر كۈنكى ناماز بامداتنى مەسچىتكە چىقىپ قازا قىلماي ئوقۇيتتى ۋە نامازدىن كىرىپلا كەپتەر ئۈچۈراتتى. قالغان تۆت ۋاخ نامازغا بولسا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيتتى. شۇڭا، ئايۇپ ئىمامنىڭ نەزىرىدە، ئۇ «ئىمانى سۇس، ئېتىقادى بوش» بەندە ئىدى.

بۈگۈن ناماز بامداتتىن كېيىن، ئايۇپ ئىمام جامائەتنى قوزغالماي، سۆھبەتكە داخىل بولۇشقا چاقىردى ۋە بىرىنچى بولۇپ ئۆزى ئېغىز ئاچتى:

— بۇ دۇنيادەشتىنى كەزمەك — ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يولدا يۈرمەككە ئوخشايدۇ. ئاسان يول يوق! ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتا ئاللاغا تەۋەككۈل قىلىمىز، ئاللاغا تەۋەككۈل قىلمىغان ئادەمنى مۇسۇلمان دېگىلى بولمايدۇ، پايدا بولسىمۇ، زىيان بولسىمۇ كېيىن كۆرىمىز! ئەي ئەزىز جامائەت! ھەممىمىز ئىنشائاللا، خۇدانىڭ بەندىسىدۇرمىز... بەندىگە خاس پىكىر قىلمىقىمىز لازىم. بۇ كۈنلەردە بېشىمىزغا قاتتىق سىناق چۈشتى، سىناق ئەمەس، كۈلپەت چۈشتى... يۇرت ـ مەھەللىمىز خەۋپ ئىسكەنجىسىدە، قەدىمىي كوچا، قەدىمىي شەھىرىمىز خاراب بولۇش ئالدىدا تۇرىدۇ! ئەگەر ئۆيگە ئوت چۈشسە، ئۇ يېنىۋاتقان بولسا، قانداق ئۆچۈرىمىز دەپ كېڭىشىپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ، ۋاقىت قولدىن كېتىپ قالىدۇ. ئاقىللار ئويلىنىپ ئولتۇرماي، چېلەكتە سۇ ئېلىپ، ئوتنى ئۆچۈرۈشكە

www.uyghurkitap.com

ئالدىرايدۇ! — ئۇ جاۋغايلىرىدىن بوزغۇپ چىققان كۆپۈكىنى كۆڭلىكىنىڭ ئۇزۇن يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، خۇددى ئۇيقۇ باسقان ئادەمدەك خامۇشلۇق نەزىرى بىلەن يېنىدىكى زاھىر ھاجىغا قاراپ قويىدى. ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن زاھىر ھاجى سەگەكلىك بىلەن سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى:

— شۇنداق، جامائەت، جەننەت ماكان شەھىرىمىزدە ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرۈشى كېرەك. ئىلاھا، شەھىرىمىز يۇرتىنىڭ كۆزىدۇر، باشقىلار ئىبرەتنى مۇشۇ يەردىن ئالىدۇ. ئەمما ئۇلار نېمىشقا ئۆز مەيلىمىزچە كۈن كەچۈرۈشكە يول قويۇشمايدۇ!؟ نېمىشقا دىلىمىزغا، مېلىمىزغا، جېنىمىزغا ئىگىدارچىلىق قىلماقچى بولىدۇ؟! ئاخىر بىز ئادەممۇ، ئەمەسمۇ؟! ئۇلار بىزنى ئادەم ئورنىدا كۆرمىگەن گەپ! بىر ئىت جېنىدىمۇ ئۆز ئۆۋىسىنى قوغدايدۇ! ئۇلار بىزنى قوش چاڭگىسىدەك بىر يەرگە سولاپ، مۇئەللەقتە ئېسىپ قويماقچى! ئۇلار بىزنىڭ تۇرالغۇ شارائىتىمىزنى ياخشىلايمىز دېگەنبىلەن، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ تېرىمىزنى شىلىپ، يىلىكىمىزنى شورىماقچى، بىزنى ئورۇقلىتىپ، ئۆزلىرى سەمرىمەكچى!...

زاھىر ھاجى ساقاللىرىنى تىترىتىپ ئەلەم بىلەن، دوق بىلەن نۇرغۇن سۆزلىدى، ئۇنىڭ ئارقىدىن ئايۇپ ئىمام يەنە دوست تارتتى، ئۇلارنىڭ ئاللانى، پەيغەمبەرنى، شەرىئەتنى شېپى كەلتۈرۈپ قىلغان گەپلىرى بىر قىسىم جامائەتنىڭ كۆڭلىگە قوقاق سالدى، راۋان ئېقىپ تۇرغان سۇنى لايغىتتى.

ئايۇپ ئىمام، زاھىر ھاجىغا ئوخشاش نادان، جاھىل ئادەملەرلا مۇشۇنداق قىلىشقا قادىر. ئۇلار خۇددى ئىچى بوش غارغا ئوخشايدۇ، ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن ھالدا، ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەۋېرىدۇ. ئۇلار ئاللانىڭ ئۆز بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان شەرىئەتنى چۈشەنمەيدۇ. دىنىنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى بىلمەيدۇ. ئىنسان قاچان گۇناھكارۇ، قاچان گۇناھسىز بولىدىغانلىقىغا ئەقلىلىرى يەتمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خىرە كۆزلىرى بىلەن نەرسىنىڭ ئاشكارا تەرىپىنى كۆرىدۇ، بىراق يوشۇرۇن تەرىپىگە پەھملىرى يەتمەيدۇ. جاھالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، كورلۇق بىلەن ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە گۇناھكارمۇ، گۇناھسىزمۇ، ياخشىمۇ، يامانمۇ باباراۋەر. شۇڭا، ھۆكۈم چىقارغانلارغىمۇ لەنەت، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغانلارغىمۇ لەنەت!

ئۇلار كۈتكىنىگە يارىشا، ئاز ـ تولا ئۇنۇمگە ئېرىشتى. ئۆي كۆچۈشتە بىر قارارغا كېلەلمەي دېلىغۇل بولۇپ يۈرگەن بىر قىسىم كىشىلەر ئۇلارغا جور بولدى.

ـــ دەرھەقىقەت، قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ نېمىسى ياخشى؟!ـــ دېدى بىرەيلەن قاقشاپ،ـــ ئۇنىڭ ئەڭ يامان ئىللىتى شۇكى، ئادەم ئۇنىڭغا بېقىندى بولۇپ قالىدۇ: سۇ توختاپ قالسا، ئۇسسۇزلۇق ئۆرتەيدۇ، دۇكان تاقىلىپ قالسا ـــ ئاچلىق. بېقىندىلىق ئادەمنى ھەممە جەھەتتىن چىرمىۋالىدۇ. باللار ھورۇنلىشىپ كېتىدۇ، مېھنەتتىن قاچىدىغان بولۇپ كېتىدۇ، ئاخىر قىڭغىر ئىشلار شۇنىڭدىن چىقىدۇ!

ـــ مەن ئەمدى چىڭ تۇرىمەن، توختامغا قول

قويمايمەن! ــ دېدى يەنە بىرى ئىرادىسىنى بىلدۈرۈپ، ــ سۈغا چۈشكەن ئادەم يامغۇردىن قورقمايدۇ. مەن سىلىگە قوشۇلدۇممۇ ئەمدى ئارقىغا قايتىش يوق. بىز توختامغا قول قويمىساقلا ھېچنېمە قىلالمايدۇ!

ــ لېكىن، توختامغا قول قويغانلار بار ئەمەسما!؟ ــ دېدى ئاربىدىن بىر نامازخان،ــ بۇ خۇددى «يىلان چۆلگە تارتىپ، پاقا كۆلگە تارتىپ» دېگەندەك ئىش بولمامدا!

بۇ گەپ ئايۇپ ئىمام بىلەن زاھىر ھاجىنىڭ كۆڭلىدىكى ئەينى مۇددىئا ئىدى. ئۇلار كوچا بويىچە تۈنجى بولۇپ توختامغا قول قويغان رېشىت پەلەڭنى جامائەت ئىچىدە راسا بىر رەسۋا قىلىپ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلماقچى، ئەگەر ئەپلەشسە ئۇنى توختامدىن يېنىۋېلىشقا كۆندۈرمەكچىدى.

شۇڭا، ئايۇپ ئىمام سۈرلۈك قىياپەتتە يىراقتىن گەپ ئەگىتىپ مۇنداق دېدى:

ــ بۇ دۇنيادا جەننەت يارىتىش ئاسان ئەمەس، جامائەت! كىشىلەر ھەمىشە كاللىسىدا جەننەتتە ياشىغاندەك ياشىسام، دەپ ئويلايدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە، جەننەت ــ مۈشكۈل نەرسە، كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا تۇغۇلغان گۈزەل خىيالدىنمۇ مۈشكۈل نەرسە! ۋاھالەنكى، ھازىر بەزىلەر ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي جەننەت ياسىدۇق، جەننەتتەك ماكاندا ياشايسىلەر دەپ خەقنى قىزىقتۇرۇۋاتىدۇ،ــ ئايۇپ ئىمام ئەمدى گەپنى ئۇدۇل رېشىت پەلەڭگە قاراتتى،ــ رېشىتاخۇن، سىلىمۇ بەزىلەرنىڭ ئاغزىدىكى ئاشۇ جەننەتكە مەھلىيا بولۇپ قاللىغۇ دەيمەن! بۇ ئۆزى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى!

ربشتاخۇن، سلى خۇددى «توخۇ قونداقتا چىققاندا ھەممىنى ئۇنتۇپتۇ» دېگەندەك، تۆت باغلام پۇلنى كۆرۈپ، پۈتۈن كوچىدىكى ئەھلى مۆمىنلەرنى، خۇدانىڭ ئۆيى بولمىش مۇشۇ قۇتلۇق مەسچىتتىكى نامازخان جامائەتنى ئۇنتۇپ كەتلىما؟!

— تەقسىر، — قۇۋناق ئاۋازدا دېدى ربشت پەلەڭ، — دان تاپقان كەپتەر پەرۋازنىڭ زوقىنى ئۇنتۇيدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ سلى؟

— بولدى، بولدى، — دەپ ربشت پەلەڭگە قولىنى شىلتىدى ئىمام، — بۇ دېگەن مەسچىت، كەپتەر - پەپتەر دېگەن بىدئەت گەپلەرنى قويۇپ ئۆزلىرىنىڭ گۇناھىنى ئويلىسىلا. بىر يۈزنى گۇناھقا تۇتقان كىشى ئىككىنچى يۈزنى جازاغا تۇتۇشى مەقبۇلدۇر!

— تەقسىر، مەن نىمە گۇناھ قىلدىمكىن؟ — دەپ ئورنىدىن قوزغىلىپ قويدى ربشت پەلەڭ، — يەر قاتتىق بولسا ئۆكۈز ئۆكۈزدىن كۆرىدۇ دېگەندەك، كاساپەت... ئەمدى مەن ئەيىبلىك بولدۇمما؟!

— ئادەم ئۆزىنى قەدىرلەشنى، قانائەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك! — دېدى ئايۇپ ئىمام ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ، — سلىنىڭ گۇناھلىرى جامائەت بىلەن ھەمنەپەس، ھەمقەدەم بولمىغانلىقلىرىدا. ئۆز جامائىتىگە سادىق ئادەم ئاللاتائالا نەزىرىدە ئەڭ ياخشى ئىنساندۇر. ئەمما سلى جامائەتنى نەزەرگە ئالمىدىلا، ئالدىراپ كەتتىلە، ئاللاتائالا سەۋر قىلغان بەندىسىگە ئاز دېگەندە سەككىز يىل رۇشنالىق بەخش

ئېتىدۇ، سىلى ئاللانىڭ بۇ بەخت - پاراۋانلىقىدىن مەھرۇم قالدىلا.

— رېشىتاخۇن!— دېدى زاھىر ھاجىمۇ ئىمامغا ئۇلاپلا تاقەتسىزلىك بىلەن گەپلىرىنى ئۇرغۇلۇق قىلىپ،— دوزاخقا مەنچاناق بىلەن چىقسا چىققىلى بولىدۇكى، ئەمما ئۇ يەرگە ھەرگىز چىقسا بولمايدۇ، جۇما!

— نېمىشقا ھاجىم؟— سىپايىلىك بىلەن سورىدى رېشىت پەلەڭ.

— ئۇ يەرنىڭ ئىسمى تاختاكۆۋرۈك،— دېدى ھاجىم ئەلەمزادىلىك بىلەن،— نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئەجدادلىرىمىز شۇ يەرنىڭ ئەتراپىغا كۆمۈلگەن، بىز ئۇلارنىڭ بېشىغا دەسسەپ ماكان تۇتساق، ئۇلارنىڭ روھى بىزنى ئۇرىدۇ، بىزنى ھەرگىز ئارام تاپقۇزمايدۇ!

رېشىت پەلەڭ بىردە ئايۇپ ئىمامغا، بىردە زاھىر ھاجىغا ۋە بىردە ئەتراپىدىكى جامائەتكە قاراپ قويغاندىن كېيىن، سەمىمىي - سىپايىلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— كەمىنىلىرى ئەقىل - پاراسەتتە ئاجىز، ئۇرۇش - سوقۇشتا ناقابىل ئادەممەن. كاساپەت... ئەمما نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ناماز ئوقۇپ، ھەربىرلىرىنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىنى ئاڭلاپ، بىر نەرسىنى بىلدىمكى، ئاللاتائالا ھېچقاچان بەندىسىنىڭ بەختسىز بولۇشىنى خالىمايدۇ، ئۇ بەندىسىنىڭ دىلىغا بەختكە قاراپ ئىنتىلىشنى سالغان، بەندىسىنىڭ بەختى بىلەن ئۇ خۇشال بولىدۇ، تەقسىر،— دەپ ئايۇپ ئىمامغا قاراپ

www.uyghurkitap.com

داۋام قىلدى ئۇ، — بابا ئۆزلىرى «ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتا ئاللاغا تەۋەككۇل قىلىمىز» دېدىلە، كاساپەت... مەنمۇ توختامغا قول قويۇشتا ئەنە شۇ ئاللاغا تەۋەككۇل قىلىشنى ئويلىدىم. ھەممىمىز ئادەم، ئادەمنىڭ ھەر دائىم ئۆزگە يارىشا ئېھتىياجى بولىدۇ، ئادەم ھەمىشە كۆڭۈلنى كەڭرەك تۇتقان ياخشى، كاساپەت...

رىشىت پەلەڭنىڭ بۇنداق گەپلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىشىنى ئويلىمىغان ئايۇپ ئىمام دەسلەپ بىر ئاز مەڭدىدى، كېيىن ئۆزىنى ئوڭشاپ، يوغان گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىماقچى بولدى.

— ئىنسانىنىڭ يىلتىزى ئىمان، رىشىتاخۇن! — دېدى ئۇ ئاۋازىنى قىرائەتكە كەلتۈرۈپ، — بۇ دۇنيادا ئىماندىن يانغان ئادەم سەرجادا ئېقىپ، ھارۇت ـ مارۇتتەك ئىت ئاۋازىدا كېتىدۇ. سىلى ھەمىشە كەپتەر ئۇچۇرۇپ، تۇخۇم سوقۇشتۇرۇپ يۈرگەچكە، ئىمانلىرى سۇسلاپ كەتكەن. شۇڭا بىزدىن، جامائەتتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىلا. ئۆز قوۋمىغا، ئۆز قوشنىلىرىغا يېقىن بولغان ئادەم ئاللاغىمۇ يېقىن سانىلىدۇ. بىز بىر ـ بىرىمىزنى قوللاپ، بىر ـ بىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارساق، ئارىمىزدىن رىشتە ئۈزۈلمىسە، ئاندىن ئادەملەر بۇ دۇنيادىلا ئۆزىنى باقىي سېزىدۇ...

— شۇنداق، رىشىتاخۇن! — دەپ ئىمامغا ئۇلاپلا سۆزلەپ كەتتى زاھىر ھاجى، — بىز ئادەملەر — خۇدانىڭ نەزىرىدىكى بىر چۈمۈلە. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەنە شۇنداق ئەرزىمەس زەررە ئىكەنلىكىمىزنى بىلگەندىلا، ئاندىن خۇدانىڭ بۈيۈكلۈكىنى ھېس قىلالايمىز ھەم خۇدانىڭ

خاھىشى، خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولىمىز. ھازىر خۇدا بىزنىڭ دىلىمىزغا ئۆزىمىز تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان مۇشۇ كوچا - مەھەللىمىزنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى ئۇچۇپ يۈرگەن بۇ تۇپراقنى قەدىرلەشنى، ئاسراشنى، بىزنىڭ قولىمىزدا ۋەيران بولۇپ كەتمەسلىكىنى سالدى. شۇڭا بىز خۇدانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلساق بولمايدۇ، ھەرگىز بولمايدۇ، بولمىسا گۇناھكەبىرگە پاتقان بولىمىز!

گەپلەر كۆپەيگەنسېرى رىشىت پەلەڭنىڭ زېھنى ئېچىلىشقا، نېمىلەرگىدۇر پەھمى يېتىشكە باشلىدى. ھازىر ئۇ شۇنى چۈشەندىكى، بۇگۈنكى بۇ مەسچىت سۆھبىتى قانداقتۇر دىنىي ئەمرىمەرۇپلار بىلەن جامائەتكە پەند - نەسىھەت قىلىش ئەمەس، بەلكى رىشىت پەلەڭنى ئۆي چېقىش توختامىدىن ياندۇرۇپ، بىر قىسىم ئارىسالدىلارغا ئىبرەت قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق پۈتۈن جامائەتنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاش ئىكەن. توۋا، دۇنيا ھەقىقەتەن قىزىق ئىكەن، ئادەملەرنى ھەمىشە ناغرىسىغا ئۇسسۇل ئوينىتىدىكەن. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئىجتىمائىي ھاياتتا ئانچە - مۇنچە سىياسىي سىلكىنىشلەرنىڭ بولۇپ تۇرغىنىمۇ تۈزۈك ئوخشايدۇ. بولمىسا، ھەممە نەرسە قېتىپ قالىدىكەن، ئادەمزاتنىڭ ھاياتىمۇ خىلمۇخىللىقتىن، رەڭدىن مەھرۇم بولىدىكەن. خۇددى ئادەم تاش قەپەسكە كىرىپ قالغان، پۈتۈن ئۆمرىنى شۇ تاش قەپەس ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە مەھكۇم ئېتىلگەندەك: ئۇ ئەمدى زادىلا ئوچۇق ھاۋانى، پاكىز ئاسماننى كۆرمەيدىغاندەك ۋە كۆرۈشنى خالىمايدىغاندەك. ئادەم

قاراڭغۇ قەسىر ئىچىدە تۇرىۋەرسە، ئاخىر ئۇنىڭغا كۆنۈكۈپ، ئىشىنىپ كېتىدىكەن ــ دە!...

رىشىت پەلەك ئىشىنىڭ تېگىگە يەتكەندىن كېيىن، ئەمدى ئۆزىنىڭ ئېنىق مەيدانىنى بىلدۈرمەي بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ، گەپنى ئەگىتمەي ئۇدۇللا ئېيتتى:

— بۇ دۇنيادا ئاغزىدىن كەلگەن قولىدىن كەلسە، ھەممە ئادەم پادىشاھ بولاتتى، جامائەت، گەپ دېگەن چىقىۋېرىدۇ، كاساپەت... ئېغىز دېگەننىڭ جىبىسەكچىسى يوق، مەن بىر قارا قورساق، تۈز كەتكەن ئادەم. بايا ئىمام ئاخۇنۇممۇ ئېيتتى: مېنىڭ قولۇمدىن كەپتەر ئۇچۇرۇش بىلەن توخۇم سوقۇشتۇرۇشتىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ. كاساپەت... ئەمما مەن بىر نەرسىنى بىلىمەن: چىشىم چىققاندىن بىرى ھۆكۈمەت بىلەن ئۆرىدىشىپ پايدا ئالغان ئادەمنى كۆرمىدىم. مېنىڭ كەپتەرلىرىمۇ شۇنداق — ماڭا مۇتلەق بويسۇنۇشى، «قۇۋ» دېگەندە ئۇچۇپ ئاسماننىڭ قەرىگە شۇڭغۇشى، «كەھ» دېگەندە بېشىمنى ئايلىنىپ پەغەزگە قونۇشى كېرەك، كاساپەت... بولمىسا تاپتىن چىققانلىرىنى ئېلىشىغا سېتىۋېتىمەن ياكى بوينىنى ئۈزۈۋېتىمەن دېسىلە...

شۇ ئارىلىقتا ئىمام بوينىنى قىيسايتىپ زاھىر ھاجىغا كۆسۈرلىدى:

— گۈلنىڭ ئىچىدە زاغزاقنىڭ بولۇشىنى ئويلىماپتىكەنمەن! — ئىمام شۇنچە پەس ئاۋازدا سۆزلىگەندەك قىلىسىمۇ، لېكىن كۆزى ئۆتكۈر، قۇلىقى

سەگەك رىشىت پەلەكـ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— شۇنداق، ئىمام ئاخۇنۇم! گۈلنىڭ ئىچىدە زاغزاق، كەپتەرنىڭ ئىچىدە قۇغۇنەك دېگەنلەر بولۇپ تۇرىدۇ، كاساپەت...— دېدى كىنايە بىلەن،— شۇڭا، ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئادەملەر بۇ دۇنياغا ئىبادەت قىلغىلى، باشقىلارغا ئىمان ئۆگەتكىلى كەلگەن، بىز بولساق كەپتەر ئۇچۇرۇپ، تۇخۇم سوقۇشتۇرغىلى كەلگەن، كاساپەت... ئاللاتائالا تولىمۇ ئادىل، ئۇ ئىنسانلارغا ھەممە نەرسىنى ناھايىتى ئادىل تەقسىملىگەن: بەزىدە سىلىگە ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ ئاغزىغا مىڭنى قاراتقان؛ بەزىدە غۇلام مۇدىرغا ئوخشاش بىر ئادەمنى مىڭنىڭ ئاغزىغا قاراتقان!...— رىشىت پەلەكـ شۇ گەپلەرنى قىلدى - دە، «لوڭگىدە» ئورنىدىن تۇرۇپ،— خوش، ئەمدى مەن چىقاي، كەپتەر ئۇچۇرىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى،— دەپ ئىشىكنى تاراققىدە يېپىپ مەسچىتتىن چىقىپ كەتتى.

ئايۇپ ئىمام ئۇنىڭ يىراقلىشىۋاتقان قارىسىغا قاراپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆز نەزىرىدە رىشىت پەلەكنى كەپتەر ئۇچۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، كىمنىڭ يالىقى قويۇق بولسا شۇنىڭ گېپىنى قىلىدىغان تۇتامسىز، گەپ - سۆزىنىڭ تايىنى يوق ئادەم دەپ بىلەتتى. شۇڭا، بۈگۈن بىرنەچچە ئېغىز تەنبىھ سۆزلىرىم بىلەنلا ئۆز ئىزىمغا دەسسىتىمەن دەپ ئويلىغانىدى. نەدىكىنى، رىشىت پەلەكـ ھەرگىزمۇ ئۇ ئويلىغاندەك تۇتامسىز، تايىنى يوق ئادەم ئەمەسكەن،

بەلكى مۆڭگۈزى ئىچىگە يوشۇرۇنغان خەتەرلىك، زوۋاندار از ئادەم ئىكەن!

— خەير! — دېدى ئايۇپ ئىمام راسا بىر ئۇھسىنىپ قويۇپ، — خۇدا قازى بولۇپ، رەسۇلۇللا شاپائەت تەختىدە ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭ قانداق جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى كۆرەرمىز! ئۇ مېنىڭ يۈزۈمگە ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى، بۇ ئەلەم ـ خورلۇقنى خۇداغا قويدۇم. قۇرئاندا پۈتۈلگەن: «خۇدا ھەممە نەرسىنى كۆرگۈچىدۇر». ئۇ بۈگۈن مېنىڭ يۈزۈمگە مەسچىتنىڭ ئىشىكىنى ياپقان بولسا، خۇدايىم جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ياپار ئىلاھىم! — ئۇ ئاغزىدا ئاشۇنداق گەپلەرنى دەۋېتىپ، كۆڭلىدە: «سېنىمۇ ئوبدان بىلىپ قويدۇق، رېشىت پەلەڭ! — دەپ ئويلىدى زەھەرخەندىلىك بىلەن، — لېكىن ھەرقانچە كۆرەڭلىسەڭمۇ، ‹قۇرتنىڭ داۋاسى قايناق سۇ› دېگەن گەپ بار! ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلدىڭ كاساپەت!...»

رېشىت پەلەڭنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ زاھىر ھاجىنىڭمۇ ئەلىمى ئىچىگە سىغماي، غەزەپتىن تىترەپ كەتكەندى. شۇڭا ئۇ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن جامائەتكە ئاڭلانغۇدەك قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئەھلى مۆمىنلەر، نېمە ئىش بولسا ئۆزىمىزدىن بولدۇ. ئۆزىمىزنىڭ نادان ـ ساددىلىقىمىز ئاقىۋىتىدە ئەنە شۇنداق رېشىت كەپتەرۋازدەك خاكسارمىز! بۇ كۈنلەردە زامان غوۋغالىق، ئىتمۇ ـ پىتمۇ زوكۇنچى! لېكىن بىزمۇ بوش ئەمەس، يىلانغا يىلانمىز، چايانغا چايان!

بۈگۈنكى ناماز بامدات رېشىت پەلەڭنىڭ چالۋاقاپ چىقىپ كېتىشى بىلەن ئەنە شۇنداق كۆڭۈلسىز كەيپىياتتا تارقالدى.

# 9

كونا كوچىنىڭ ئىشلىرى خۇددى بىرى ئالدىغا سۈرسە، بىرى قۇشقۇنغا ئولتۇرۇپ ئارقىغا داجىۋاتقان قوش ئاتلىق ھارۋىدەك بولۇپ قالغانىدى. بىر قىسىم ئائىلىلەر توختامغا قول قويۇپ، تۆلەم پۇلىنى ئېلىپ يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈشكە باشلىدى، گەرچە ئۇلارنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، يۈرىكىنىڭ بىر پارچىسى مۇشۇ كونا كوچا ـ مەھەللىدە قالغاندەك ئازابلىق ھېس ـ تۇيغۇلاردا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا، گۈزەللىككە تەشنا قەلبى، ھايات لەززىتىگە بولغان موھتاجلىقى بۇ خىل ئازابلىق ھېس ـ تۇيغۇلار ئۈستىدىن غالىب كەلدى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى ئاشۇ تەشنالىق سۈيىنىڭ زور دولقۇنىغا تەڭكەش بولۇپ ئاقتى. ئەمما، يەنە بەزىلەر تۈرلۈك ـ تۈمەن باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئىشنى ئارقىغا سۆرەۋاتاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە زاھىر ھاجى قاتتىق تۇگۈلۈپ، بىر قىسىم پاسسىپ قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ سەردارى بولۇپ قالغانىدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە بەلگىلەنگەن مۆھلەتنىڭ يېرىمى ئۆتۈپ كەتتى. ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، غۇلام مۇدىر بۈگۈن ئەتىگەندىلا بۇ مەھەللىگە كەلدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم ئاممىۋى قوزغىتىش قىلىپ، خىزمەتنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتمەكچى بولدى.

بۈگۈنكى يىغىلىشتا زاھىر ھاجى «تاۋىم يوق» دەپ چىققىلى ئۇنىمىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭئاخۇن چىققانىدى، يىغىننى ھېزىم ھەسەن باشقۇردى، ئۇ سۆزىنىڭ بېشىدىلا ھەيۋە كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى:

— ئارىمىزدىكى بەزى ھاماقەتلەر ھە دېسىلا كونا تارىخنى سۆزلەپ، كونا تارىخنى ئەسلەپ، يېڭىلىقتا يۈزلىنىشكە ئۇنىمايۋاتىدۇ! ئۇلار تەلەي سىناپ، ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلاشماقچى! مەن بۇنداقلارغا دەپ قوياي: تۆگە تاپىنىدا ھەرگىزمۇ خامان يۇمشىمايدۇ، ئۇلار بىھۇدە ئاۋارە بولمىسۇن!

ئۇنىڭ سۆزىدىن كېيىن كادىرلار ئىچىدىمۇ، پۇقرالار ئىچىدىمۇ ئۇزۇن ـ قىسقا، سىلىق ـ قوپال، ئاچچىق ـ تاتلىق دېگەندەك سۆزلەر بولۇپ ئۆتتى. دەل شۇ چاغدا غۇلام مۇدىر ئورنىدىن تۇرۇپ ھەم كۆيۈنۈش، ھەم ئاغرىنىش بىلەن مۇنداق دېدى:

— جېنىم تۇغقانلار، ئويلاپ بېقىڭلار! بىز قاچانغىچە مۇشۇنداق ناچار، خەتەرلىك مۇھىتتا، مۇشۇنداق غۇربەتچىلىكتە ياشايمىز؟ بۇ ئەزەلدىن بىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن تەقدىرما؟! ياق، ياق، بۇنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزگە باغلىق! بۇ دۇنيادا ھېچكىم ھېچكىمنى قۇتقۇزالمايدۇ، ھەركىم ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزىدۇ. كىمدەكىم بەختسىز ئىكەن، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزالمىغانلىقىدىن بولىدۇ! بىز بەكمۇ، بەكمۇ ئارقىدا قالدۇق. قېرىنداشلار! ياشاش مۇھىتىمىز بىر ـ ئىككى يۈز يىل بۇرۇنقى ھالەتتە تۇرۇۋاتسا، كوچا ـ مەھەللىمىزدىن كېچە ـ كۈندۈز پوق ـ سۈيدۈك پۇراپ تۇرسا، تار ـ



www.uyghurkitap.com

قىستاڭچىلىق دەستىدە ئادەملىرىمىز ۋايدادلىشىپ، چاچقۇن، سەپرا مىجەز بولۇپ كېتىۋاتسا، يوللىرىمىز ئېگىز ـ پەس، قىڭغىر ـ سىڭغىر تۇرسا بىزنىڭ شەھىرىمىزگە كىممۇ مەبلەغ سېلىپ، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا قىزىقىدۇ؟! سىرتنىڭ مەبلىغى كىرمىسە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز، ئىگىلىكىمىز قانداق تەرەققىي قىلىدۇ؟ ھازىر ھۆكۈمەت ھېيتگاھ مەيدانىنى ياساپ گۈزەللەشتۈرۈشكە نۇرغۇن پۇل ئاجراتتى، تۈمەن دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا مەنزىرە رايون بەرپا قىلىشقا زور مەبلەغ سالدى، شەھەر يوللىرىنى كېڭەيتىش، كۆكەرتىش ۋە يورۇشلەشتۈرۈشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ، ئىش باشلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، سىرتنىڭ مەبلىغىنى كىرگۈزۈپ، ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ، پۇل تېپىش ئۈچۈن! ھۆكۈمەت شۇنداق چوڭ ۋە ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا بەل باغلىغاندا، شەھەرنىڭ ئىگىسى بولغان بىز پۇقرالار قاراپ تۇرساق بولامدۇ؟ ھۆكۈمەت سىلەرنى كونا ئۆينىڭ ئورنىغا يېڭى ئۆيگە كۆچۈڭلار، بۇنداق قىستاڭچىلىق، سىبىقچىلىق، خەتەرلىك مۇھىتنىڭ ئورنىغا يېڭى، ئازادە مۇھىتتا ياشاڭلار، دەپ چاقىرىۋاتىدۇ. بۇنىڭ نېمىسى يامان؟ بىز نېمە ئۈچۈن شۇنچە زور ئۆزگىرىش، تەرەققىيات ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بەختى ئالدىدا كىچىككىنە كونا كوچا، كونا ئۆيلەرنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەيمىز؟! تۇغقانلار، بىز نەزىرىمىزنى يىراققا ــ كەلگۈسىگە سېلىپ، ئەۋلادلىرىمىزنى ئويلىساق، مېنىڭچە بىز

مېھرىدىن كىچەلمەيدىغان ھېچ نەرسە قالمايدۇ. دەۋر ئېقىمى بىزنىڭ بەدەل تۆلىشىمىز، تەر تۆكۈشىمىز ھېسابىغا ئالغا قاراپ سىلجىيدۇ!

بىرپەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، نۇرغۇن كىشىلەر غۇلام مۇدىرنىڭ بۇنداق سەمىمىي، ئىچ كۆيەرلىك بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىدىن تەسىرلەندى، ئۈمىدلەندى، ئەمما قۇشقا ئوخشايدىغان ئىنسان ھېسسىياتىنىڭ قونار جايىنى ھېچكىم بەلگىلەپ بېرەلمىگەندەك، بەزى ئادەملەر يەنىلا ئۆزى بىلگەن غەزەلنى توۋلىدى:

— مۇدىر، بايا سىلى ھېيتگاھنى گۈزەللەشتۈرمەكچى دەۋاتىلا، — دېدى چالا ساۋات بىر كىچىك تىجارەتچى، — ئەمما لېكىن، مېنىڭ قارىشىمچە، ھېيتگاھنىڭ بىر چىرايلىق گۈللۈك مەيدانىنى بۇزۇپ، بەئەينى ناۋاينىڭ تەۋىگىدەك قىلىپ قويۇۋاتىدىيا! تېخى ئۇنىڭ ئەتراپىغا دۇكان، سودا سارايلىرىنى سالىدىكەن، بۇ خۇددى ساھىبجامالغا پوقاق چىققاندەك بىر - بىرىگە ماس كەلمەي قالامدا؟!

— ماس كېلىدۇ، تازا ماس كېلىدۇ! — دېدى غۇلام مۇدىر تەمكىنلىك بىلەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، — بىز ھېيتگاھنى ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنقى يىپەك يولى تۈگۈنىدىكى ئاۋات بازار ھالىتىگە كەلتۈرمەكچى. بۇ ھەرگىزمۇ ساھىبجامالغا پوقاق چىققاندەك ئەمەس، بەلكى ساھىبجامالغا ئالتۇن تاج كىيدۈرگەندەك بولىدۇ.

يەنە بىر بۆلۈكتىن بىرى قوپتى، تۇرقىدىن يا لەڭپۇڭچى، يا زاسۇيپەز ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— مەن بىر ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي تۇرۇۋاتىمەن، مۇدىر، — دېدى ئۇ تاقىر بېشىنى تاتىلاپ قويۇپ، — ئاڭلىسام، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارنىڭ قۇپقۇرۇق داق يېرىنىڭ بىر كىۋادرات مېتىرى يۈز نەچچە كوي ئىكەن، ئەمدى بىز ئولتۇرغان ئۆيلەرنىڭ بىر كىۋادرات مېتىرىغا ئىككى يۈز نەچچە كويدىن بەرسە، بۇ تازا ھەق بولماي قالدىمۇ قانداق؟ بىزنىڭكىنى خام خىش ئۆي دەيدىكەنسىلەر، خام خىش بولسىمۇ ئۆيغۇ، ئۇنىڭدا شۇنچە يىللاردىن بېرى ئادەم ئولتۇرغان تۇرسا! كەمبەغەللىنى تۈگىنىڭ ئۇستىدىمۇ ئىت تالاۋەرسە بولماس!

بۇ سوئالغا غۇلام مۇدىرنىڭ ئىشارىتى بىلەن قېلىن بۇلغار سومكىنى قولتۇقلاپ ئولتۇرغان چىكەن دوپپىلىق، كۆزەينەكلىك، ئاقپىشماق كەلگەن ھېساباتچى جاۋاب بەردى:

— سىلىنىڭ دەۋاتقانلىرى ئەڭ تۆۋەن باھا، تاياخۇن. ھەر نەرسىنىڭ ئۆزىگە لايىق قىممىتى، باھاسى بولىدۇ، بىز ئۆيلەرگە تۆلەم بېرىشتە، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى، دەرىجىسى ۋە كونا ـ يېڭىلىقىغا قاراپ باھا بېكىتكەن. پىشىق خىش، بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ بىر كىۋادرات مېتىرىغا تۆت يۈز يۈەندىن ئارتۇق تۆلەم بېرىلدى، ئەمدى تاختاكۆۋرۈكتىكى بەش ـ ئالتە قەۋەتلىك بىنا ئۆيلەرنىڭ بىر كىۋادرات مېتىرى ئالتە يۈز قىرىق يۈەن ئەتراپىدا بېكىتىلدى. بۇ — رايونىمىز بويىچە ئەڭ تۆۋەن باھا، ھېچ يەردە سەككىز بال يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان پولات قۇرۇلمىلىق

ئۆيلەرنىڭ باھاسى بۇنداق ئەرزان ئەمەس. بىز خەلقىمىزنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئويلىشىپ، تۆلەم پۇلى بىلەن يېڭى ئۆينىڭ باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئامال بار كىچىكلىتىشكە، ئازايتىشقا تىرىشتۇق. بۇ يەردىمۇ ھۆكۈمەت خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدى!

ھېلىقى تاياخۇن ئىسىملىك ئادەم بۇ جاۋابتىن قانائەتلەندىمۇ، يوق؟ ئىشقىلىپ، جىمىپ قالدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردە بولۇۋاتقان كۇسۇر ـ كۇسۇردىن باشقا، يىغىن مەيدانى بېسىقىپ قالغانىدى. شۇ چاغدا غۇلام مۇدىر گەپنى ئوچۇقراق ئېيتىش نىيىتىگە كەلدىمۇ قانداق، يىغىن ئەھلىگە مۇلايىم نەزەر بىلەن بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— قارىسام، ئاراڭلاردا زاھىر ھاجىم يوقتەك قىلىدۇ، سىلەر خالىس گەپنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، ئەمدى ئۇ كىشى جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋەرمىسۇن، بىز ھەرگىزمۇ بىرنەچچە ئادەمنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ، پۈتۈن ـ سۈرۈك بىر تەرەققىيات پىلانىدىن يالتىيىپ قالمايمىز. سەت ئاڭلانغان راست گەپ ـــ چىرايلىق ئاڭلانغان يالغان گەپتىن مىڭ مەرتىۋە ئەلا!

— ياقا بۇقا بولىمەن، دەپ يىرىلىپ ئۆلگەنىكەن! ـــ دېدى ھېزىم ھەسەن تولۇمدىن توقماق چىققاندەكلا قوپاللىق بىلەن، ـــ ئۇ كىشىمۇ شۇنداق تەقدىرگە گىرىپتار بولۇپ قالمىسۇن، يەنە!

— ئاغزىلىرىنى ئۇششۇتمىسىلە! ـــ توپ ئىچىدىن

لوڭگىدە كۆتۈرۈلگەن بىر گەۋدە غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى. ئۇ كۆزلىرى چەكچىيىپ، بۇرۇتلىرى دىردىيىپ كەتكەن چوڭاخۇن ئىدى، — ھەرقانچە يوغان ئادەم بولسىلىرىمۇ دادامنى چىشلەپ تارتمىسىلا!

يىغىندىكىلەر دەۋرەپ كەتتى. ھېزىم ھەسەنگە قارىتىلغان بۇ دوقتىن بەزىلەر خۇشال بولسا، بەزىلەر بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بىر بۇلۇڭدا مۆكچىيىپ، سېرىق كەھرىۋا تەسۋىنى سىيرىپ ئولتۇرغان ئايۇپ ئىمام چوڭاخۇننىڭ غەيرەت - جاسارىتىدىن ھەيران قالدى ۋە ئۇنىڭغا تېخىمۇ مەدەت بەرمەكچىدەك تەسۋىنى تېز - تېز سىيرىپ بىرنەرسىلەرنى پىچىرلاپ ئوقۇدى ھەم ئۇنىڭغا قاراپ سۇپ - سۇپ قىلىپ بىرنەچچە قېتىم ھۇردى. بۇ چاغدا غۇلام مۇدىر جىددىي كەيپىياتنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەمدى بىرنەرسە دەي دەپ ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، ئەسەبىيلەشكەن چوڭاخۇن نەشتىرىنى ئۇنىڭغا سانجىدى:

— خەلقنى شىلىپ يەپ، ئەجەب نەپسىلىرى يوغىناپ كېتىپتا! دوزاخنىڭ ئوتى بولسىمۇ، پۇۋلىمەي يەيدىغان ئوخشىمامدىلا، غۇلام مۇدىر!

غۇلام مۇدىر تۇرۇپلا قالدى، بۇ گەپ گويا ئۇنىڭ كومشىرىغا تەگكەن تۇيۇقسىز كاللىدەك ئېسەنگىرىتىپ قويغانىدى.

— بۇ نېمە گەپ، چوڭاخۇن... نېمە دېمەكچىسىز؟ — ئۇ پەقەت شۇ گەپنىلا قىلالىدى.

— نېمە گەپ بولاتتى! — چوڭاخۇن ھەممەيلەن

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ئەسەبىي ۋارقىرىدى، — قىرغاۋۇلنى يەپ، پۇلنىمۇ يەپ، يەنە ئۆيىمىزنى چاقماقچىما؟! بىر قىرغاۋۇلنىڭغۇ يۈزى بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئون بەش مىڭ كوي قىزىل تېزىنىڭمۇ يۈزى يوقما؟! ئالماقنىڭ بەرمىكى، يېمەكنىڭ قۇسمىقى بار جۇما، غۇلام مۇدىر!

جامائەت دەۋرەپ كەتتى، چوڭخۇنىنىڭ گېپى گويا بىر هارۋا قۇرۇق پالاڭغا ئوت قويۇۋەتكەندەك قىزىق ۋە ئەنسىز ۋەزىيەت شەكىللەندۇردى. غۇلام مۇدىر نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئېغىر سۈكۈتتە تۇرۇپ قالدى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن شۇ تاپتا بىرلا ئادەم — غۇلام مۇدىرغا ھىيلىگەرلىك ۋە كۆرەڭلىك نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرغان ھېزىم ھەسەن ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇۋاتاتتى. «ئادەمزات قىزىق - دە ئۆزى... — دەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ، — خۇددى مىڭ خىل يىپنى ئېشىپ - ئېشىپ كېلىپ بىر يەردە تۈگۈپ قويغاندەك... ھەممىنىڭ ئايىغى سىرقىرايدىغان جاي بار بۇ دۇنيادا. سېنىڭ ئايىغىڭ ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا سىرقىرىسا، ئۇنىڭكى مانا مۇشۇنداق ئەھلى جامائەت ئالدىدا بەتتەر سىرقىرايدۇ!...»

غۇلام مۇدىر يۈرىكى بەرداشلىق بېرەلمەي، «بۇ تۆھمەت، بۇ جىنايەت، بۇ رىزالەت» دەپ ۋارقىرىغۇسى كەلدى، لېكىن نەپسى بوغۇلۇپ، ئاۋازى چىقمىدى. ئۇنىڭ غەزەپتىن، نومۇستىن تىلى باغلىنىپ قالغان، ئىنسان زاتىنىڭ بۇ قەدەر مەككار، ھەييارلىقى، تەقدىرنىڭ بۇ قەدەر سىرلىق - شەپقەتسىزلىكىدىن

ھەيرەتتە ئىدى. بايىلا بارلىقنى ئۆز قەھرىگە ئالغان زۇلمەت ئاستا ـ ئاستا تارقىلىپ، غۇلام مۇدىرنىڭ كۆز ئالدى روشەنلىشىشكە باشلىدى. ئۇ بارلىق كۈچ ـ غەيرىتىنى يىغىپ، چوڭخاخۇنغا يۈزلەندى ۋە: «چوڭخاخۇن ئۇكام، ماڭا قارا چاپلىماڭ، يامان بولىدۇ!» دېدىيۇ، يەنە نېمە ئۈچۈندۇر بىردىنلا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قىلغان گېپى ئۆزىگە مەنىسىزدەك تۇيۇلدى. نېمە ئۈچۈن گەپ قىلدى؟ كىمگە گەپ قىلدى؟ ئۇنىڭغا ئەمدى كىم ئىشىنىدۇ؟!

ئاھ خۇدا، غۇلام مۇدىردەك بىر گۇناھسىز بەندەڭدە نېمە قەستىڭ بار بولغىيتتى؟! نېمە ئۈچۈن ئەل ماختاپ ئەزىزلەيدىغان بىر ئادەمنى، يۇرت ئەھلى ھۆرمەتلەيدىغان پاك، كەمتەر بىر پەزىلەت ئىگىسىنى بەئەينى قەدىرسىز قۇرت ـ قوڭغۇزلاردەك ئاۋام ئالدىدا بۇنچىلىك خارۇزار قىلىسەن؟! ئەمدى پۈتۈن كوچا ـ مەھەللە، پۈتۈن شەھەر ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن سەۋدالارنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەيدۇ، بەزى بەتنىيەت شۇم ئېغىزلار بىرگە ئىككىنى قوشۇپ، قىلنى پىل قىلىشىدۇ!... دېمىسىمۇ، چوڭخاخۇن ئەكەلگەن قىرغاۋۇلنىڭ ئۇ ئۆيگە كىرگەنلىكى راست. ئەمما ئۇن بەش مىڭ كوي پۇلچۇ؟ غۇلام مۇدىر بۇنى بىلمەيتتى. شۇڭا كۈتۈلمىگەن ئاھانەتكە يولۇققان شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ ئىچىگە ئوت كەتكەندەك بولدى، يۈرىكى ئاشۇ ئوت ئىچىدە تېخىمۇ تاۋلىنىۋاتقان ماگما تېشىدەك پۈتۈن ۋۇجۇدى يېلىنجىدى، ئۆرتەندى! ھەتتىگىنەي، ئۇ بۇ ئوتتا كۆيۈپ، پۇچۇلۇنۇپ كەتمىسە بولاتتى! ياق، ئۇ بۇنداق ئاسان تۈگىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدا بۇنداق كۈتۈلمىگەن بالا ـ قازالارغا تاقابىل تۇرغۇدەك مەنىۋى

قۇدرەت بار. بۇ تەڭداشسىز قۇدرەت ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى، ئاندىن قالسا، ئۆز قەلبىنىڭ ئۆزىگە ئەينەكتەك ئايان بولغان پاكلىقى، دېيانىتى!

غۇلام مۇدىر ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىگە ئىشىنەتتى. ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى ئاچ كۆزلۈكتىن يىراق تۇتتى، تاماخورلۇق قىلمىدى، ھارامدىن ھەزەر ئەيلىدى. زامانىنىڭ شاپائىتى بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن باي بولغان بەزى مەھەللىداش بايلار، چەت ئەل تىجارىتىنى تەۋرىتىۋاتقان بەزى ھاجەتمەن سودىگەرلەر ئۇنىڭغا «كۆڭۈل» ئىزھار قىلىپ، خېلى ـ خېلى نەرسىلەرنى سوۋغا قىلغاندىمۇ، ئۇ ئۆزرە ۋە تەۋازۇ بىلەن: «رەھمەت، كۆڭۈللىرى ماڭا تېگىپ بولدى، ئاتام رەھمەتلىك ھەمىشە: ‹ئوغلۇم، ئەجىرسىز يېگەن نان گالغا تۇرىدۇ! ئۆزۈڭنى، ئائىلەڭنى، ھاياتىڭنى تىنچ، پاك، ئاسايىش ئۆتكۈزەي دېسەڭ، ھالالغا شۈكۈر قىلىپ، ھارامدىن ھەزەر ئەيلە، ھارام نەرسە ھامان ئادەمنى ئەتىۋارسىز قىلىپ، ئۆمرىنى قىسقارتىدۇ› دەيتتى. شۇڭا، ماڭا ھارام ياراشمايدۇ!» دەپ رەت قىلىپ كەلگەن. ئۇ ھەمىشە ئاتا نەسىھەتىنى كۆڭلىگە مەھكەم پۈككەچكە، تۇرمۇشتا ئەنە شۇ ئەقىدە، ئەنە شۇ مىزان بىلەن ھالال ياشايدىغان قەيسەر بىر خىسلەتنى يېتىشتۈرگەنىدى. ئەمما، شۇ تاپتا چوڭاخۇننىڭ كۆرەڭلىك بىلەن تەپ تارتماي ئېيتقان گەپلىرى بەئەينى غۇلام مۇدىرنىڭ ئۆپكىسىگە قېقىلغان مىختەك جىنىغا تەگدى، ئازابتىن بىر ئىچكى جاراھەت ئۆزلۈكىدىن قانىغاندەك بولدى. ئۇ ھازىر ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم يولسىز زەربىنىڭ تەمىنى تېتىۋاتاتتى، روھى

ئازابىنىڭ ئاچچىق بوسىنى تونجى قېتىم پوراۋاتاتتى. ئۇ ئەندىكىپ، بىرپەس ھېس ـ ھاياجىنىنى تىزگىنلىۋالالماي قالدى، كۆكرىكىنى سىقىپ، كۆكسىنىڭ ئاستىدا سىمابتەك لىغىرلاپ ـ لىپىلداپ تۇرغان يۈرىكى يېقىمسىز چايقالغاندەك بولدى ـ دە، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ھۇزۇر ـ ھالاۋەت يوقالدى.

تۇرمۇش مانا شۇنداق. ئۇ كىشى قەلبىنى ھەسرەتكە تولدۇرۇپ ھەمىشە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ!

غۇلام مۇدىرنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى ئادەمگە ئەنە شۇ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىزلەرچە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرغانىدى!

※ ※

چوڭخۇن خۇشال ئىدى، بابا دەيدىغاننى دەپ راسا پۇخادىن چىققاچقا، كۆڭلىدىكى غەشلىكلەر كۆتۈرۈلۈپ، خېلىلا يەڭگىللەپ قالغانىدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئالدىغا خۇددى شەھەر ئالغان نوچىدەك گىدىيىپ كىردى ۋە يىغىندىكى ئىشلارنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

ــ گەپ قىلمىسام، ھە دەپ كۆزىنى ئالايتىپ، قاڭشار تارتىپ، ھۇرپىيىۋاتىدۇ ئۇ كۆك كالپۇك قەلەندەر! شۇڭا مەنمۇ ئۇچ قىرلىق بىگىزدەك سانجىلدىم!

ــ ياخشى قىپسەن، ئوغلۇم!ــ دېدى زاھىر ھاجى ئۇنىڭ دولىسىغا قېقىپ،ــ «بەلدەشكەننىڭ بېلىنى

www.uyghurkitap.com

پۇك، تىزلەشكەنىنىڭ تىزىنى» دېگەن مانا شۇ! بىزنى ئازابلىماقچى بولغانلار ئۆزىمۇ ئازابنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسۇن، غۇلام «چاپاق»قا ئەزەلدىن ياخشىلىق ياراشمايتتى!

— لېكىن، دادا... — چوڭقاخۇنىنىڭ چىرايى بىردىن مەيۈس تۈس ئالدى، — پۇلىمۇ كەتتى، ئىشىمۇ ئەپلەشمىدى... ئەمدى قانداق قىلارمىز؟

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، بالام! — دېدى زاھىر ھاجى ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىشقا ئۇرۇنۇپ، — پۇل بىكار كەتمىدى، بىزنىڭ يولىمىزدا كۆندىلەڭ تۇرۇۋالغان بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى، بۇ كىچىك ئىش ئەمەس. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشقا كەلسەك، پۇرسەت يەنە بار. ئايۇپ ئىمام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قويدۇق، جامائەتنى قوزغاپ، يۇقىرىغا ئەرز سۇنماقچىمىز، غۇلام «چاپاق»نىڭ ئورنىغا يېڭى باشلىق كەلگۈچە بىزمۇ ئىشلىرىمىزنى بىر يەرگە ئاپىرىمىز.

— ھە، راست، دادا... — خۇددى بىر ئىش تۇيۇقسىز ئېسىگە كەلگەندەك ئالدىراپ سۆزلىدى چوڭقاخۇن، — مەن شۇنداق سەپسالسام، غۇلام مۇدىرنىڭ بېشى ساڭگىلاش بىلەن تەڭ ھېزىم ھەسەن دېگەن ھېلىقى كادىرنىڭ مەيدىسى كېرىلىپ، گۇلقەقەلىرى ئېچىلغاندەك قىلدى، غۇلام «چاپاق»نىڭ ئورنىغا شۇ چىقامدۇ نېمە؟

زاھىر ھاجى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بىرمەھەل خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ قالدى، كېيىن ئوغلىغا قاراپ ئاستا، لېكىن ۋەزمىن ئاھاڭدا مۇنداق دېدى:

— ھېزىم ھەسەن دېگەن بۇ كادىر ھارۋىدا توشقان

ئالىدىغان ئادەمدەك قىلىدۇ. دەسلەپ ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇپ بېرىپ، كېيىن خۇددى موچىنىدا تەيگەندەك بىر تال ـ بىر تالدىن تېيىشى مۇمكىن. ئەمما بىزمۇ ئۇنىڭغا بوش كەلمەيمىز، بالام. تام قانچە ئېگىز بولسا، ئىتمۇ شۇنىڭغا يارىشا يامان بولىدىغان گەپ!

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى شۇنچىلىك بولدى. ئەمما، شۇ كۈنى كەچقۇرۇن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئابدۇش دادىسى بىلەن ئاكىسىدىن نارازى بولدى.

ــ دادا، سەن ھەمىشە «خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسى ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق بولىدۇ» دەيتتىڭ!ــ دېدى ئۇ بىرىنچى قېتىم دادىسىغا ھەددى سىغىپ ئەيمەنمەي،ــ ئەمما، بۇ ئىشىڭلار توغرا بولىدىمۇ؟! بۇ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان قارا كۆڭۈللۈك ئەمەسمۇ؟! ھەرقانچە بولساقمۇ، بۇ دۇنيادا ئادالەت، ھەقىقەت دېگەن نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالساق بولماس، دادا!

ــ بولدى بەس!ــ دېدى زاھىر ھاجى ئابدۇشقا چەكچىيىپ قاراپ،ــ سەن بۇ دۇنيادىن ئادالەت، ھەقىقەت دېگەن نەرسىلەرنى ئىزدەپ ئاۋارە بولما! بۇنداق گەپلەر قارغا يېزىلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان! سەن ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭنى ئويلا، ئائىلەڭنى ئويلا!

لېكىن ئابدۇش ئۆز گېپىدە يەنىلا چىڭ تۇردى:

ــ دادا، دانىشمەنلەر: «ياخشى ئىشلارغا ئېغىرلىق قىلمىغىن، يامان ئىشلارغا يېنىكلىك» دەپ بىزنى ئاگاھلاندۇرغان. ئەگەر بۇ ئىش سۈرۈشتۈرۈلۈپ قالسا، ئاكاممۇ «كادىرلارنى چىرىتىشكە ئۇرۇنغان» دېگەن گۇناھتىن قۇتۇلالمايدۇ جۇما!

بۇ گەپلەر زاھىر ھاجىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، ئۇ ھەمىشە ئۆزىنى ھەق ساناپ، ناھەقلىككە يول قويۇشقا ئادەتلەنگەنىدى.

ئابدۇش دادىسىغا گەپ ئاڭلىتالمىغاندىن كېيىن كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئاكىسىغا ئېيتتى:

— ئاكا، سەمىمىيلىك — ئىنساننىڭ يۈزى! — دېدى ئۇ دەسلەپتە ئاكىسىنى ئىنسابقا، دىيانەتكە دەۋەت قىلىپ، — ئادەم سەمىمىيلىك بىلەن يۈزى يورۇق، يۈزى چوڭ بولىدۇ.

ئەمما، ئاكىسى ئۇنىڭ دىل تارتىپ قىلغان يۈرەك سۆزلىرىنى دىماق قېقىپ بىر تىيىن قىلمىۋەتتى:

— كۆتۈر ئۇنداق پەلسەپىتىش گەپلىرىڭنى! ھازىرقى دۇنيادا پەقەت ئىككىلا گەپ بار: بىرى پۇل، بىرى ھوقۇق!

ئەمدى ئابدۇشنىڭمۇ سەۋر قاچىسى تولدى. ئۇمۇ ئاغزىنى قويۇۋەتتى. ئۇلار خۇددى چۈجە خورازلاردەك بازلىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ غۇرۇرىغا، زىتىغا تېگىدىغان گەپلەرنى ئايىماي قىلىشتى:

— بىلىپ قوي، چوڭاق، ھەرقانداق ياخشى ئىشنىڭ مۇكاپاتى، يامان ئىشنىڭ جازاسى بولىدۇ!

— سەنمۇ بىلىپ قوي، ئابدۇش، مۇكاپاتى ساڭا، جازاسى ماڭا بولسۇن! ناھايىتى كەلسە، ئاتنىڭ ئۆلۈمى — ئىتنىڭ بايرىمى بولار شۇ!

— سەن ئادەم ئەمەس، ھايۋان ئىكەنسەن!

چوڭاخۇن ئىنىسىغا ئەندىكىپ، دىككىنىپ، ئەسەبىيلەرچە ھۆرپەيدى:

— توغرا دەيسەن، ئىككىمىزنىڭ لىپىي بىر يەردىن ئېلىنغان ئەمەسما! ئەمما لېكىن، سەن ئازغۇن بىزنىڭ قوۋمىنىڭ ئەمەس، ئىبلىسنىڭ قوۋمى ئىكەنسەن!
— سەن!...
— ھە، مەن!...
ئىككىسى تۇتۇشۇپ قالدى، ئۆي ئىچى مالىمانلىشىپ كەتتى، قىز ـ كېلىنلەر، نەۋرە ـ چەۋرىلەر پاتىپاراق بولۇشتى، جايناماز ئۈستىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرغان مۇشتىق ئانا كۆز يېشى قىلدى. ساداقەت بىلەن ساختىلىق، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن كۆڭلى قارىلىق تەڭلا كۈچ كۆرسىتىپ، تىل ـ ھاقارەت، تەنە ـ تەئەددى، ئاھ ـ ۋاھلار ھويلا ـ ئارامنى بىر ئالدى.

# 10

«دۇنياغا كەلگەن ئادەم ياشىشى كېرەك. ئۇ ياشاش ئۈچۈن دۇنياغا كېلىدۇ، ۋاھالەنكى، غۇلامغا ئوخشاش چاپاق ـ جىرتاقلار، پازىل ھاجىمغا ئوخشاش ناكەس قۇزغۇنلار شۇنداق باياشات، خۇشال ـ خۇرام ياشايدىيۇ، شۇنداق سالاپەتلىك، ئەقىللىق، ۋۇجۇدىغا ئوت بىلەن سۇ كۈچ ۋە ھارارەت بېرىپ تۇرىدىغان پۇتۇن ـ سۇرۇك ھېزىم ھەسەن كۆڭۈلدىكىدەك ياشىيالمىسا!؟ بۇ زادى قانداق ئادالەت!؟— دەپ ئەلەم بىلەن ئويلايتتى ئۇ،— پۇتنى ئاران سۆرەپ يۇرگەن، ئانىسى تۇغقاندا خۇدا تۇگۇل، بەندىسىمۇ خەۋەرسىز قالغان مۇشۇنداق

چۈپرەندىلەر يۇرتقا باش بولۇپ، مەندەك دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بىر ئادەمنىڭ ئالتۇن بېشى ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا قالسا!... ياق ــ ياق، مەن بۇنىڭغا قايىل ئەمەس، تەن بەرمەيمەن، سىياسەت دېگەن بىر قىمار. مەن بۇ قېتىم چوقۇم ئۇتىمەن، مەن ئۇنداق ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ، بۆرنىنى تارتىپ كېتىۋېرىدىغانلاردىن ئەمەسمەن!...»

دەرۋەقە، ھېزىم ھەسەنمۇ بەزى ئادەملەردەك ئەمەل تۇتۇپ ھوقۇقنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى، باشقىلارنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك باي ــ باياشات ياشاشنى ئىستەيتتى. ئەمما، بۇنىڭ ئىمكانى بولمىدى، تەقدىر ئۇنىڭغا مۇنداق ئامەتنى نېسىپ قىلمىدى... شۇڭا ئۇنىڭدا بارا ــ بارا ئادەملەرگە، ئەتراپ مۇھىتقا، ھاياتقا نەپرەت ئويغىنىشقا باشلىدى. ئادەتتە مېھىر ــ مۇھەببەتكە، مۇرۇۋۋەتكە تولۇشى كېرەك بولغان قەلب ھەسەت بىلەن ئەلەمگە ئىشىك ئاچتى. نەتىجىدە ئۇ ھەممە نەرسىگە غېشى كېلىدىغان، بىراۋلارنىڭ ئۇتۇقىنى، ياخشىلىقلىرىنى كۆرەلمەيدىغان ئادەمگە ئايلاندى. بىراۋنىڭ يۈزىدىكى تەبەسسۇم ئۇنىڭ كۆزىگە ياش كەلتۈرەتتى!...

ئەسلىدە ھېزىم ھەسەننىڭ پاجىئەسىمۇ، ئۇتۇقىمۇ ئاشۇ ئىككى يۈزلىمىلىكىدە ئىدى. پاجىئەسى ــ ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلى يۇقىرى ــ تۆۋەنگە سەت كۆرۈنۈپ، ئۆزى كۈتكەن نەرسىلەردىن مەھرۇم بولۇشى ۋە كېيىن ۋىجدان ئازابىدا قانچە ــ قانچە ۋاقىت قىينىلىپ يۈرۈشلىرى بولسا، ئۇتۇقى ــ بىردىنلا

مەۋقەسىنى ئۆزگەرتىپ، يۇمشاقلىق بىلەن كۈچۈكلىنىش ئارقىلىق بىرمۇنچە تەشۋىشلەردىن قۇتۇلۇپ، يېقىندىلا ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئىشتىن خېلى تۈزۈك بولغان ئاساسىي قاتلام خىزمىتىگە ئىگە بولغىنى ئىدى. شۇ سەۋەبلىك كەيپىياتى خۇددى تارازا شوينىسىدەك ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈپ تۇراتتى.

كۈتۈلمىگەندە غۇلام مۇدىرنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈن ئۇنىڭ ئەينى مۇددىئاسىدەك ئىش بولدى. گويا ئۇنىڭ ئۈچۈن بايرام بولدى. ئەگەر مۇشۇ ئىش بىلەن غۇلام مۇدىر تەختتىن چۈشسە، شۈبھىسىزكى، بۇ تەختكە ھېزىم ھەسەن چىقىشى كېرەك. چۈنكى، ھېچكىم قەدىر ـ قىممەتنىڭ ئاياغ ئاستى بولۇشىنى خالىمايدۇ، ئابرۇيلۇق خىزمەت، مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ باشقىلار بىلەن تەڭ بولغۇسى كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەرگاھتا ھېزىم ھەسەننىڭ ئوي ـ خىيالى تېخىمۇ يۇقىرىغا ئۆرلەش. ئۇنىڭ ئۆز بايرىمى بار، بۇ بايرام دەل بىرەر باشلىقنىڭ خاتالىشىپ ئۆز ۋەزىپىسىدىن قالغان كۈنى. نېمىشقا دېگەندە، شۇ چاغدىلا تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ سىلجىش باشلىنىدۇ. بىكار بولغان ئورۇنغا سەن ئىدارە باشلىقى بولساڭ، يەنە بىرى بۆلۈم باشلىقى بولۇشى مۇمكىن. ھېزىم ھەسەن ئۇزۇندىن بېرى ئاساسەن شۇنى كۈتۈپ ياشاۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن مۇھىمراق، ئۇنىڭدىن چوڭراق تەشۋىشلىرى يوق!...

ھېزىم ھەسەن شۇ كۈنىلا غۇلام مۇدىر توغرىسىدىكى ئىشلارنى شەھەرلىك پارتكومغا كۆپتۈرۈپ دوكلات

قىلدى. ئۇنى قەبىھ ئۇسۇل بىلەن پارا ئالغاندىن باشقا، خىزمەتتە ئەزمە، كۆڭۈلچەك، ھەتتا ھېسسىياتقا بېرىلىپ پىرىنسىپتىن ۋاز كەچتى، دەپ بولۇشىغا چاقتى. ئۇنىڭچە بولسا، بۇنداق نادان، بىغەرەز خەقنىڭ ئالدىدا گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلىپ، ئىشنى كېسىپ - كېسىپ گاچچىدا ئىشلەش كېرەك ئىدى.

ئەتىسى شەھەرلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىدىن كوچا باشقارمىسىغا ئادەم كېلىپ، غۇلام مۇدىرنى خىزمەتتىن توختىتىپ تەكشۈرىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئورنىغا ھېزىم ھەسەننىڭ مۇۋەققەت مۇدىر بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قارارنى ئېلان قىلدى. بۇ قاراردىن دىلى ئۆكسۈگەن غۇلام نىيازنىڭ كۆزلىرى دەردتىن قىسىلىپ، ئىختىيارسىز بېشى ئېگىلدى. ئۇنىڭ ئەللىك ياشتىن ئاشقاندا ھاياتىنىڭ تۇنجى زەربىسىگە، تۇنجى ئادالەتسىزلىكىگە، تۇنجى مۇناپىقلىقىغا دۇچ كېلىشى ئىدى. ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ خورلۇقى كەلدى، ھاياتىدا قانداقتۇر بىر ئۆزگىرىش بولغان، گويا مۇستەھكەم دەپ بىلگەن قەسرى بوش، چۈرۈك بولۇپ، بىر زەربىدىلا غۇلاپ چۈشكەندەك ئىدى...

بۇ قارار كوچا باشقارمىسىدىكى نۇرغۇن كادىرلار بىلەن ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى ئاددىي پۇقرالارنىڭمۇ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدى. بۈگۈن ھېزىم ھەسەن ئۈچۈن تەنتەنىلىك بايرام بولغان بولسا، غۇلام نىياز ئۈچۈن ئەڭ ئاھانەتلىك، ئەڭ بەختى قارا كۈن بولغانىدى...

www.uyghurkitap.com

# 11

شەھەر سۈبھى قوينىدا ئىدى. شەرق تەرەپتىن ئۆپـۆق يۈرۈشۈپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن سەگەك خورازلار بەس ـ بەستە قىچقىرىشقا، ئۆۋىسىدىن ئۆندەرەپ چىققان لالما ئىتلار تەرەپ ـ تەرەپتە ھاۋشىشقا باشلىدى. شەھەر ئاستا ـ ئاستا ئويغىنىپ، جانلىنىپ، پۈتۈن بىر كېچىلىك ئىغىر سۈكۈت بۇزۇلدى...

ئايۇپ ئىمام ناماز بامداتتىن ھەممىنىڭ كەينىدە ياندى ۋە ئۆيگىمۇ كىرمەستىن ئۇدۇل ھېيتگاھنىڭ غەرب تەرىپىدىكى كونا بازارغا كەلدى. ئۇ بۈگۈن بۇ يەردە بىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى پۈتۈشۈپ قويغانىدى.

ئايۇپ ئىمام كونا بازاردىكى بىر چايخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. چايخانىغا ناشتا ئۈچۈن ئاندا ـ مۇندا ئادەملەر كىرىپ كېتىۋاتاتتى، چايخانىنىڭ يېنىدا شەھەر سىرتىدىكى يېزىلاردىن كەلگەن سۈت ـ قايماقچى خوتۇنلار قىزىق بازار ئاچقانىدى. ئايۇپ ئىمام ھەممە جەھەتتىن جانلىنىشقا باشلىغان بۇ كونا بازارغا قىزىقسىنىپ قاراشقا باشلىدى...

بىر دۇكاننىڭ لەمپىسى ئاستىدا يوغان بىر ئوغرى مۈشۈك ھاياتىدىن ناھايىتى مەمنۇن ھالدا تۈكلىرىنى يالاپ ياتاتتى. كانارىسىغا قوينىڭ قۇيرۇقىنى ئېسىپ قويۇپ، ئۆچكە گۆشى ساتىدىغان ھېلىگەر قاسساپ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا يىن پۇراپ يۈرگەن رەزگى ئىت، باققال غالتىكىنىڭ ئالدىدىكى تېجىمەل باققال، ئوتياش يايمىسى

ئاچقان ئۇيقۇچان يايمىكەش ۋە غۇژۇلداپ يۇرگەن بىزەك چىۋىنلار يېقىملىق بىر سەھەر قۇياشىنىڭ ئاستىدا مىدىرلاپ يۇرۇشەتتى. بۇ يەر گويا زامانىۋى مەدەنىيەت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ سىرتىدا قالغان بىر خىلۋەتلىكتەك ئىدى...

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئايۇپقارى ئاداش...

ئايۇپ ئىمام دىڭگىدە چۆچۈگەندەك ئارقىسىغا قارىدى.

— ئەجەب چۆچۈتتىڭا، ئۆلگۈر «قىپچى»...

ئۇلار قىزغىن كۆرۈشتى، ئايۇپ ئىمام «قىپچى» دەپ ئاتىغان ئادەمنىڭ يۈز ـ كۆزى تەرلەپ كەتكەنىدى، بېشىدىكى مەينەت شاپاق دوپپىسىنىڭ چەت ـ چۆرىلىرىدىن ھور كۆتۈرۈلەتتى. ئېغىر ـ ئېغىر نەپەس ئېلىشىدىن خېلى يىراق يولنى يۈگۈرۈپ كەلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— نېمانچە تەرلەپ، ھۆمۈدەپ كەتتىڭ، تۇرسۇن؟

— شۇ... ئۇخلاپ قاپتىكەنمەن، سېنى ساقلاپ قالمىسۇن دەپ، شاتۇردەك يۈگۈرۈپ كەلدىم دېگىنە، ئاداش...

تۇرسۇن «قىپچىر» دەپ ئاتالغان بۇ ئادەم ئايۇپ ئىمامنىڭ كونا ئۇلپىتى، ئۆز ۋاقتىدىكى سىرداش ئاغىنىسى ئىدى. ئۇ تولىمۇ چاققان، ھەممە ئىشتا يېتىشلىك قارام ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ كاۋىدەك يوغان بېشىغا ياراشمىغان پىت كۆزلىرى ئادەمگە سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. ئۇ بۇرۇن ھەممە ئىشنى قىلغان — نەشە چەككەن، قىمار ئوينىغان، كەپتەر ئۇچۇرغان، خوراز سوقۇشتۇرۇپ، ئىت تالاشتۇرغان، كېيىن سەكراتقا

چۈشۈپ قالغان ئانىسىنىڭ قان ـ قان يىغلاپ تۇرۇپ قىلغان ۋەسىيىتىنىڭ كۈچى بىلەن ئاستا ـ ئاستا ناشايان ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ دۇرۇس ئادەم بولۇش يولىغا قەدەم قويغان. ھازىر كىچىكرەك بىر پۇقراۋى قۇرۇلۇش ئەترىتىدە ئىشلەپ، قارا كۈچىنى سېتىش ھېسابىغا بىر بالىسى بىلەن خوتۇنىنىڭ غورىگىل تۇرمۇشىنى قامداپ كېلىۋاتاتتى. ئۈچ كۈن بۇرۇن تويۇقسىز ئۇنى ئايۇپ ئىمام ئىزدەپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە يېرىم يىلدەك بولغانىدى. كونا ئۇلپەتلەر ئۇزاق مۇڭداشتى، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەشتى، بۇنىڭدىن كېيىن ئىزدىشىپ، سىردىشىپ تۇرۇشقا ۋەدىلەشتى. قايتار ۋاقتىدا ئايۇپ ئىمام: «تۇرسۇن، بىر ئىشتا ساڭا ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى، ئاغىنەم، ياردەم قىلارسەنمۇ؟ ئەگەر ياردەم قىلساڭ سېنى ئوبدان رازى قىلاتتىم» دېۋىدى، تۇرسۇن بۇرۇنقىدەكلا مەردانىلىك بىلەن: «ئاداش، سەن بىلەن بىز قىيامەتلىك بۇرادەر، ھەرقانداق ئىشىڭ بولسا ئېيت، سەن مېنى بىلمەمسەن، مېنىڭ تېخى سۆزگە دېسەڭ سۆزگە، ئوتقا دېسەڭ ئوتقا كىرگۈدەك جاسارىتىم بار!» دەپ مەيدىسىگە ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئايۇپ ئىمام ئاغىنىسىگە كۆڭۈل توختىتىپ، ئۆزىنىڭ رىشىت پەلەڭدىن قاتتىق ئازار يېگەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن قانداق ئۇسۇل بىلەن بولمىسۇن بىر ئۆچىنى ئالمىسا، زادىلا پۇخادىن چىقمايدىغانلىقىنى، بۇ ئىشتا ئۇنىڭ ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈندى. تۇرسۇن «قېچى» ئايۇپ ئىمامنىڭ بىچارە قىياپىتىنى كۆرۈپ، قىمارۋاز ۋاقتىدىكى گاڭگۇڭلۇقى تۇتتى، نوچىلىق بىلەن

ئايۇپ ئىمامنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتتىۋە ئۇبدان ئويلىشىپ بۈگۈن ئەتىگەن كۆرۈشكەندە قانداق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشقا پۈتۈشكەندى.

ئۇلار چايخانىغا كىردى. خالىيراق بىر بۇلۇڭنى تېپىپ ئولتۇرۇشتى. ئايۇپ ئىمام ئىسسىق گىردە، قايماق چاي بۇيرۇدى. ئۇلار چاي ئىچكەچ پاراڭغا چۈشتى.

— ساڭا ھەۋەسىم كېلىدۇ، ئايۇپقارى! — دېدى تۇرسۇن «قىپچىر» ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئادەمنىڭ ئالىپتە ئۇستىباشلىرىغا، سۆلەتلىك تۇرقىغا قىزىقسىنىپ قاراپ، — خۇدا سىنىڭ زوۋۇلاڭنى چوڭ ئۇزۇپتىكەن، ئاداش. خارجى دۆلەتلەرگە چىقتىڭ، ھەممە ئىشنى قىلدىڭ، ئاخىر كېلىپ يەنە شايى سەللىنى يوغان ئوراپ، چوڭ بىر مەھەللىنىڭ مەسچىتىگە ئىماملىق قىلىۋاتىسەن، سەن دېگەن چوڭ ئادەم بولۇپ كەتتىڭ، تەلەيلىكسەن جوما!...

— ئىچىڭ ئاداۋاتامدۇ، «قىپچىر»؟ — دېدى ئايۇپ ئىمام ئۇنىڭ سۆزلىرىگە جاۋابەن چاقچاق ئارىلاش دوق قىلىپ، — ھەي!... لەقەمنى خىزىر قويىدۇ دېگەن راست ئىكەن - دە! «قىپچىر» بولۇش ئەلمىساقتىنلا سىنىڭ پېشانەڭگە پۈتۈلۈپتىكەن. «قىپچىر» دېگەن قانداق نەرسە بىلەمسەن؟ ئۇ ئات بىلەن ئېشەكنىڭ ئوتتۇرىسىدىن پەيدا بولغان ناجىنس نەرسە. شۇڭا ئۇنىڭ پەخىرلەنگۈدەك ئەجدادىمۇ، مەغرۇرلانغۇدەك ئەۋلادىمۇ يوق! لېكىن سەن كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما! سىنىڭ بىزگە ئوخشاش پەخىرلەنگۈدەك دوست - بۇرادەرلىرىڭ بار. تۇرسۇن، سەمىڭگە بىرنەرسىنى سېلىپ قوياي: «شېرىن كالام»



www.uyghurkitap.com

دېگەن كىتابتا: «گۆھەر قايسى ساندۇقتا تۇرسىمۇ گۆھەردۇر، بىر ساندۇقتىن يەنە بىر ساندۇققا يۆتكەلمەكلىك بىلەن ئۇنىڭ باھاسىغا نۇقسان، ئابرۇيىغا قۇسۇر ئارىز بولمايدۇ» دېيىلگەن. شۇڭا بىز نەدە بولمايلى، نېمە ئىش قىلمايلى يەنە شۇ بۇرۇنقى بىز، ئاداش!...

تۇرسۇن «قېچىر» دەماللىققا بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالماي دوستىنىڭ ئاغزىغا قارىغىنىچە بىر پەس ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئايۇپ ئىمامنىڭ گەپدانلىقى، بىرمۇنچە كىتابىي سۆزلەر بىلەن ھېكمەتلىك ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشى ئۇنى ھەم ھەيران قالدۇرغان، ھەم قايىل قىلغانىدى.

— ماۋۇ گېپىڭ جايىدا بولدى، ئاداش!— دېدى ئۇ ئاخىر ئايۇپ ئىمامنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ،— بىرىمىز تاغدا، بىرىمىز باغدا بولساقمۇ يەنە شۇ سەن ئايۇپقارى، مەن تۇرسۇن «قېچىر» ئەمەسما! «ناۋاي بولمىغۇچە نانىڭ قەدرى ئۆتۈلمەپتۇ، ئەزرائىل كەلمىگۈچە جانىڭ قەدرى» دېگەن شۇ ـ دە!

— ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، تۇرسۇن،— دېدى ئايۇپ ئىمام قاچىدىكى قايماق چاينىڭ ئاخىرىدىكى تاتلىق يېرىنى سۈمۈرۈۋېتىپ،— ھېلىقى ئىش توغرىسىدا قانداقراق خىيالغا كەلدىڭ؟

— ھەممىنى ئويلىشىپ قويدۇم،— دېدى تۇرسۇن «قېچىر» ئاۋازىنى پەس قىلىپ،— كەپتەرۋاز دېگەننىڭ جان تومۇرى كەپتەر، ئۇنىڭ ئېسىل كەپتەرلىرىنىڭ بىرنەچچىسى ئۆلسىلا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلگىنىگە باراۋەر...

— توغرا ـ توغرا، دەل تاپتىڭ! — دېدى ئايۇپ ئىمام ئالدىراپ، — ئۇ راستتىنلا كەپتەردىن باشقىنى بىلمەيدىغان، كەپتەردىن باشقىنى تونۇمايدىغان تۇزكور ئىكەن. شۇنداق ئادەملەرنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىغىنىدىن كىمگە پايدا؟! ئۇنداقلارنىڭ تىرىكى نانغا، ئۆلۈكى كېپەنگە زىيان دېگىنە! — ئايۇپ ئىمام ئەمدى ئاۋازىنى پەسەيتىپ ئېھتىيات بىلەن سورىدى، — ئەمىسە... كەپتەرلىرى قانداق ئۆلدۇ؟

تۇرسۇن «قېچىر» گۇمانىي نەزەر بىلەن ئىككى تەرىپىگە قارىدى، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە زومچەك ـ زومچەك ئولتۇرغان چايخورلارنىڭ ئۆز ئىشى، ئۆز گېپى بىلەن بەند ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئايۇپ ئىمامغا يېقىنراق سىلجىپ دېدى:

— ئەسلىدە كەپتەر دېگەنگە چاشقان دورىسىنى بەرسىلا دان قاتارىدا يەپ، بىرەر سائەت ئىچىدە ئاغزىدىن سۇ يېنىپ، پەيلىرى تارتىشىپ تەييار بولىدۇ. ئەمما بۇنى كەپتەرۋاز ئاسان سېزىۋالىدۇ. شۇڭا مەن كونا كەپتەرۋازلاردىن تۇيدۇرماي سۈرۈشتۈرۈپ، يېڭىچە بىر ئۇسۇلنى بىلىۋالدىم... — تۇرسۇن «قېچىر» ئۆزىگە تەمەننا قويغاندەك ئاز ـ تولا كېرىلىپ، ئايۇپ ئىمامنى تەقەززا قىلماقچىدەك بىردەم تۇرۇۋېلىپ ئاندىن داۋام قىلدى، — ھازىر دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ساتىدىغان ماگىزىنلاردا سېتىلىدىغان «تىمىك» ئىسىملىك بىر خىل زەھەرلىك دورا بار ئىكەن. ئۇنى دېھقانلار كېۋەزنىڭ كۆكپىتىنى ئۆلتۈرۈشكە ئىشلىتىدىكەن. ئەگەر بىز شۇ دورىدىن ئازراق ئېلىپ ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا تېرىق ياكى

كۆمەكنى[1] ئاربلاشتۇرۇپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ئاندىن كەپتەرلىرىگە بەرسەك، كەپتەرلەر يېگەن هامان ئاغزىدىن شالا قۇيۇلۇپ، پېيى تارتىشىپ، بىرەر سائەت ئىچىدە ئۆلۈپ قالىدىكەن. بۇنى كەپتەرۋازلارمۇ ئاسان سېزەلمەيدىكەن...

— مانا - مانا... ئىش دېگەننى مانا شۇنداق راۋرۇس قىلىش كېرەك - دە! — دېدى ئايۇپ ئىمام تۇرسۇن «قېچىر»نىڭ ئەستايىدىللىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، — ساڭا ئوخشاش ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ، شامال كىرمەيدىغان قىلىپ، هەم زىرىيىم يەملىۋەتكۈلۈك! خوش، ئەمدى ئىشنى قاچان قىلاي دەيسەن؟

— سېنىڭ ئاغزىڭغا قاراشلىقمەن شۇ، ئاداش... — دېدى تۇرسۇن «قېچىر» بىر خىل تاماخورلۇق نەزەر بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ.

ئايۇپ ئىمام چۈشەندى، قويۇن يانچۇقىنى بىرهازا كولاپ، كونا قەغەزگە ئورالغان كىچىككىنە بىر تۈگۈنچەكنى ئاستا سۇغۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭدا بەش يۈز يۈەن ئەتراپىدا پۇل بار ئىدى. ئايۇپ ئىمام بۇ پۇلنىڭ ئۈچ يۈز يۈەننى ئۆز مۇددىئاسى ئۈچۈن پارىل هاجىمدىن ئالغانىدى.

— مانا، هازىرچە مۇشۇنى ئىشلىتىپ تۇر، — دېدى ئۇ تۇرسۇن «قېچىر»نىڭ قولىغا ئاستا تۇتقۇزۇپ، — كېيىن يەنە بىر - بىرىمىزنىڭ هالىغا يېتىپ تۇرىمىز...

---

① كۆمەك — كەپتەرلەرگە دان قىلىپ بېرىدىغان شالنىڭ ياۋىسى.

تۇرسۇن «قېچىر» ئالىقىنىدىكى تۇگۇنچەكنى چىڭ سىقىملاپ كۈلدى، كۈلگەندىمۇ ئاغزىدىن شالا ئاقتۇرۇپ ناھايىتى خۇنۇك كۈلدى.

ئۇلارنىڭ مەخپىي سۆھبىتى شۇنچىلىك بولدى، قايتىشقا تەمشىلىۋاتقان چاغدا، خۇددى مۇھىم بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك، ئايۇپ ئىمام تۇرسۇن «قېچىر»نىڭ پېشىدىن تارتىپ ئۆزىگە يېقىن ئولتۇرغۇزدى ۋە كۇسۇرلاپ دېگۈدەك مۇنداق دېدى:

— ئېسىڭدە بولسۇن، «قېچىر»، بىز ھازىر شۇنداق بىر زاماندا ياشاۋاتىمىزكى، ئەتراپىمىزنىڭ ھەممىسى سەگەك قۇلاق. ئاغزىمىزدىن چىققان كىچىككىنە پىچىرلاشمۇ كۆزگە كۆرۈنمەس تۆشۈكلەر ئارقىلىق ئاشۇ قۇلاقلارغا يېتىپ بارىدۇ. شۇڭا، ئەڭ ياخشى چارە: جىمجىتلىق بىلەن سۈكۈت! مەن سېنىڭ ئىشنى مۇشۇنداق ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. بولمىسا، ساڭدا چاشقان سەللە ئوراپ چىقىدۇ!...

— خاتىرجەم بول، ئاداش! — دېدى تۇرسۇن «قېچىر» ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىپ، — «بىر قېتىم تۇز يېگەن يەرگە قىرىق كۈنلۈك سالام» دېگەن گەپ بار. مەن ھەرگىز سېنى يەرگە قارىتىدىغان ئىشنى قىلمايمەن!

ئۇلار ئەمدى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ قىسقىغىنا سوئال - جاۋاب قىلىشتى:

— ئاداش، ئىشنى قاچانراق قىلسام بولار؟

— قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى!

— ھە راست، رىشىت پەلەڭنىڭ كەپتەرخانىسىغا نەدىن چىقىمەن؟



www.uyghurkitap.com

— توغرا، بۇنى دېيىشمەپتۇق - ھە!
— شۇ ئەمەسما!
— ئۇنىڭ كەپتەرخانىسى ئۆگزىدە. مېنىڭ ئۆيۈمدىن بەش ئۆي يىراقلىقتا. ئەمما، ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى تۇتاش، يېرىم كېچە بولغاندا پاكار - پاكار سىراج تاملاردىن ئېھتىيات بىلەن ئۆتسەڭلا بولىدۇ، خاتىرجەم بول، مەن يول كۆرسىتىمەن. شۇ كۈنى كەچتە سەن مېنىڭ ئۆيۈمدە قونۇپ قالىسەن...

※ ※

قۇياش — ھەممىگە باراۋەر. شاھانە سارايلار ئالدىدىكى گۈلزار نېمە، گۆرىستاندا دالىيىپ ياتقان قەبرىلەر نېمە — تاللاپ ئولتۇرمايدۇ. ھەممىسىنى ئوخشاشلا ئالتۇن نۇرىغا پۈركەيدۇ، ھەممىسىگە ئوخشاش مېھىر بىلەن گۈل - چېچەكلەر بەخش ئېتىدۇ!
ئەمما، بۈگۈن تاڭ بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلگەن ئالتۇن قۇياشنىڭ يوپيورۇق نۇرلىرى رېشىت پەلەڭنىڭ كۆزىگە زۇلمەت بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ بۈگۈن ئەنە شۇ سېخىي قۇياشنىڭ نۇرىدا ھەمىشە كۆككە پەرۋاز قىلىپ، چىرايلىق ئۇنلەپ، جاھاننى خۇشاللىققا، گۈزەللىككە، ئەركىن - ئازادىلىككە تولدۇرىدىغان شوخ، يېقىملىق كەپتەرلەرنى ئەمەس، بەلكى پۈتلىرى تارتىشىپ، ئاغزىدىن شال ئېقىپ، مۈلدۈر كۆزلىرى مەڭگۈگە يۇمۇلغان ئۆلۈك تاپلارنى كۆرگەنىدى. بۇ مۇدھىش

كۆرۈنۈش ئۇنى بىرھازا ھالىدىن كەتكۈزۈپ، روھىي دۇنياسىنى زىمىستان قىلىۋەتتى. ئۇيەر - بۇيەردە تۇگۇلۇپ ياتقان ئون نەچچە ئۆلۈك كەپتەرنى كۆرگەن رىشىت پەلەڭنىڭ كۆزلىرىدە چوڭقۇر ئەلەم، ئىزتىراپ ۋە چەكسىز غەزەپ بار ئىدى. «ئاھ خۇدا، بۇ نېمە مالامەت!— دەپ قوللىرىنى كۆككە سوزۇپ تىترەك ئاۋازدا زارلاندى ئۇ،— بۇ كىچىككىنە جانىۋارلاردا نېمە گۇناھ!؟ دەردىڭ بولسا مەندىن ئالماسمەن كاساپەت!؟ نېمىدېگەن نامەردلىك، نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك بۇ!...»

«مال ئاچچىقى، جان ئاچچىقى» دېگەندەك، رىشىت پەلەڭ ئۆمرىدە بۇنداق قاتتىق زەربىگە ئۇچرىمىغانىدى. كەپتەرلەر ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ جېنى، ئەسلى - ۋەسلى ئىدى. بولۇپمۇ، بۇگۈن ئۆلگەن كەپتەرلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر جۈپ قوش بالداق ئارغۇن يالغۇز ئۇنىڭ بالىسىدەك ئەتىۋار بولۇپلا قالماي، يەنە تېخى تىللا قاقىدىغان دەرىخى ئىدى. ئۆزى قاپقارا، بالدىقى ئاپپاق، پېشانىسى تۈز، تۇمشۇقى توم، توكى يىپەكتەك يۇمشاق ھەم پارقىراق كەلگەن بۇ كەپتەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ باھاسى يۇقىرى، خېرىدارى كۆپ ئىدى. رىشىت پەلەڭ بۇنى ئۆي سېتىۋېلىش ئۈچۈن بانكىدىن ئالغان قەرزىنى تۆلەش نىيىتىدە ئەتىۋارلاپ بېقىۋاتاتتى. مانا ئەمدى بۇ خىيالىمۇ يوققا چىقتى، بۇ جانىۋار ئۆزى بىلەن بىللە نۇرغۇن پۇلنى ئۇ دۇنياغا ئەكەتكەنىدى.

رىشىت پەلەڭ ئاستا - ئاستا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، نېرىپلىرى بوشاپ، پىكىر يوللىرى سەل - پەل ئېچىلدى، بايا كۆزىدىن ئاققان ياشلارمۇ قۇرىدى، بايىلا

تامىقىغىچە قادىلىپ تۇرغان ئاللىقانداق تۇگۇنمۇ گويا ئېرىپ كەتكەندەك يۈرىكى بوشاپ قالدى. ئۇ ھازىر ئەقىل كۆزى بىلەن بۇ مۇدھىش ئىشنىڭ بىر سۇيىقەست ئىكەنلىكىنى، بۇ سۇيىقەستنىڭ مەركىزىدە ئايۇپ ئىمامنىڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئايۇپ ئىمامدەك ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلەتتى، ئۇ ئۆتكەنكى دەتالاشتا رېشىت پەلەڭدەك بىر قارا قورساق كەپتەرۋازغا گەپ تېپىپ بېرەلمەي لەت بولۇپ، ئاخىرىدا ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق رەزىل ئىشنى قىلىشقا پېتىنغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن رېشىت پەلەڭ ھازىر يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالالمايتتى، ئۇنى ئەيىبلىيەلمەيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قولىدا ھېچقانداق دەلىل - ئىسپات يوق ئىدى. ئۇ نەچچە كەپتەرنىڭ زەھەرلىنىپ ئۆلگىنى راست، مانا ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرى تۇرۇپتۇ. لېكىن، زەھەرنى كىم بەردى؟ قانداق زەھەر بەردى؟ قانداق بەردى؟... مانا مۇشۇنداق بىر قاتار سوئاللارغا ھازىر جاۋاب بېرەلمەيتتى. ساقچىغا مەلۇم قىلاي دېسە، ئۇ تېخى ئۆز ھاياتىدا بىرەر ساقچىنىڭ كەپتەر دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان. ئادەملەرنىڭ دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا يېتىشەلمەيۋاتقان ۋاقىتتا قايسى ساقچى كەپتەرۋازنىڭ دېلوسىنى بېجىرىشكە خۇشتار دەيسىز؟!...

رېشىت پەلەڭ ئۇياق ئويلاپ - بۇياق ئويلاپ، ئاخىر تەقدىرگە تەن بەردى. ھەممە ئىشنى ئۆزىنىڭ شور

پېشانىلىقىغا بۇراپ، شۇ ئارقىلىق كۆڭلىگە ئاز ـ تولا تەسەللى تاپتى.

«ئېلىشنى بىلگەن خۇدايىم بېرىشنىمۇ بىلىدۇ!ــ دەپ ئۆز ـ ئۆزىنى ئاۋۇتتى ئۇ،ــ سەۋر قىلاي، سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن دەپتىكەن! ماڭا يامانلىق قىلغانلارنىڭ گۇناھىنى قىيامەتكە قويدۇم، كاساپەت... بۇ دۇنيادا ھېچكىمنىڭ ھەققى ھېچكىمدە قالمايدۇ!...»

ئۇنىڭ تۇرمۇشى يەنە ئىزىغا چۈشتى. ئۆلگەن كەپتەرلىرىنىڭ ئورنى ئاستا ـ ئاستا تولۇقلاندى، كەپتەرلەرنىڭ ئۆزى كۆكتە پەرۋاز قىلىپ يۈرۈپ، بىرمۇنچە نوچى كەپتەرلەرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئەكەلدى. كەپتەرلەر ئۇنىڭغا يەنە بۇرۇنقىدەكلا شادلىق، ئۈمىدۋارلىق، خاتىرجەملىك ئاتا قىلدى.

## 12

ئابدۇشنىڭ نەزىرىدە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇقلۇق، ئارازلىق ۋە ھەر خىل جەڭگى ـ جېدەللەر خۇددى چوڭقۇر ۋە قاپقاراڭغۇ قۇدۇققا ئوخشايتتى. ھەممە جەڭگى ـ جېدەللەرنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ قۇدۇقنىڭ ئاستىدا ئىدى. ئۇ ھازىر ئەنە شۇ قۇدۇقنى تېزرەك تېپىشنى، قۇدۇققا چۈشۈپ لەنىتى جەڭگى ـ جېدەللەرنىڭ سەۋەبكارىنى ئۆۋىسىدىن تارتىپ چىقىرىپ، خەلقئالەمگە كۆرسىتىشنى بەكمۇ ئىستەيتتى.

ئۇ يېقىندىن بېرى ئايۇپ ئىمام توغرىسىدا كۆپرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. ئايۇپ ئىمامىمۇ ھە دېسىلا ئۇلارنىڭ ئۆيىدە پەيدا بولۇپ، دادىسى بىلەن تولا كۇسۇرلىشىدىغان بولۇۋالدى. ئۇلار ھەربىر قېتىم باش قوشقاندا مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىدا بىر خىل ئۆزگىرىش بولاتتى...

ئابدۇش بۇ قېتىم ئايۇپ ئىمامدىن رەسمىي گۇمانلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئادەم ئۇنىڭ جاھىل، مەنمەنچى دادىسىنى سېھىرلىۋالغاندەك قىلاتتى. دادىسى ھازىر تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، كونا كوچىدىكى ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش سىياسىتىگە قارشى مۇقامدا تۇۋلايدىغانلارنىڭ سەركىسى بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر زاھىر ھاجى مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئاقىۋىتى، ئىستىقبالى ياخشى بولمايتتى، بۇ ئابدۇشنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقا، ئەمما مۇرەككەپ تۇرمۇش تەجرىبىسىدىن شۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەنگەنىدىكى، ھاياتتا يەككە ـ يېگانە ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك بىرلا يول باركى، ئۇ بولسىمۇ ھەققانىيلىق يولى ئىدى. شۇ يولنى ئىختىيار قىلغان ئادەم زادى ئاداشمايتتى، ئىنسان شۇ يولدىن ماڭسىلا بىر مەنزىلگە يېتەتتى، ئاخىرىدا ئۆزىدىن دات ئەمەس، ياخشى ئات قېلىشى مۇقەررەر ئىدى. لېكىن، ھازىر دادىسى بۇ يولدىن تېيىپ، قانداقتۇر ئاخىرى يوق تۇيۇق يولغا كېتىۋاتاتتى. بۇنىڭدا دادىسىنىڭ روھىدىكى نادانلىق، جاھىللىقتىن باشقا، ئايۇپ ئىمامنىڭ خۇدانىڭ ئۆيى بولمىش مەسچىتنىڭ چېقىلىشىنى باھانە قىلىپ تارقىتىۋاتقان ئۆسەكلىرى

بىلەن يوشۇرۇن قۇتراتقۇلۇقلىرى رول ئوينىۋاتاتتى. دەرۋەقە، مەسچىت چېقىلسا، ئايۇپ ئىمام تىللا قاقمىدىغان دەرىخىدىن مەھرۇم بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، نەچچە يىللاردىن بېرى بىكارغا ئولتۇرۇۋاتقان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىدىنمۇ قۇرۇق قالاتتى. چۈنكى، بۇ ئۆي مەسچىتنىڭ ۋەخپىسى بولۇپ، جامائەت ئۇنىڭ ئولتۇرۇشىغا ھەقسىز بەرگەنىدى.

ئابدۇش بۇ ئادەمنىڭ قاچانلاردىن بۇ قەدىمىي نامدار كوچىغا كېلىپ، ئىمام بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئاشۇ كۈنى كەچتە ئۆز ئۆيىدە بۇ ئادەمنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندىلا، قانداقتۇر بىر يەرلىرى تونۇشتەك ھېس قىلغان بولسىمۇ، دەماللىققا نەدە كۆرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمىگەنىدى، كېيىن قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەھىرىدىكى ئىشلار، تونۇش ـ بىلىشلەر كۆز ئالدىدىن ئۆتكەندە بۇ ئادەمۇ ئۇنىڭ كۆز ئۆڭىدە غىل ـ پال پەيدا بولغاندەك بولدى. ئەمما، بۇ تۆت يىل بۇرۇنقى ئىش ئىدى. ئۇ چاغدا ئابدۇش چالا ـ پۇچۇق كۆرگەن بۇ ئادەم بۇنداق يوغان سەللىلىك، ئۇزۇن ساقاللىق ئەمەس ئىدى، ئىسمىمۇ «ئايۇپقارى» ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئاشۇ تاۋۇزغا سەللە ئوراپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان خاپان باش، قويۇق قاش، ئۇيۇم قاپاق، تەتۇر ئۈستىخان كۆرۈنۈشى ئابدۇشنىڭ كۆز ئالدىدا سۈرەتتەك خاتىرىلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئادەم توغرىسىدا شۇ چاغدا بىشكەكتە ئېقىپ يۈرگەن بەزى گەپلەر كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنىدى. ئۇ چاغدا بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ھەربىر



www.uyghurkitap.com

مۇساپىرنىڭ غەزىپى، نەپرىتى قوزغالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئابدۇشنىڭ بۇ ئادەمنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىش ئىستىكى كۈچىيىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ كۆڭلى تارتىپ رىشىت پەلەڭ بىلەن ئەھۋاللىشىپ باقماقچى بولدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، رىشىت پەلەڭ بۇ مەھەللىدىكى مەزھىپى كەڭ، كۆڭلى تۈز، يىراق ـ يېقىننىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار سەگەك ئادەم ئىدى.

ئۇلار كوچا دوقمۇشىدا ئۇچراشتى، خۇددى كونا دوستلاردەك قىزغىن سالاملاشتى. ئابدۇش ئۇنىڭدىن كۆيۈنۈش بىلەن ئەھۋال سورىدى:

— رىشىت ئاكا، ئاڭلىسام كەپتەرلىرىگە سوغۇق قول تېگىپتىمۇ نېمە؟

— شۇنداق بولدى، ئۇكام...— دېدى رىشىت پەلەڭ چوڭقۇر ئۇھسىنىپ تۇرۇپ،— قايسىبىر نامەرد، نائەھلى ئاشۇنداق مۇلايىم، كۆڭۈل خۇشى جانىۋارغىمۇ رەزىل قولىنى سوزدى دېسە، كاساپەت...

— بۇ دۇنيادا ئاشۇنداقمۇ رەھىمسىز، ناكەس ئادەملەر بار ئىكەن ـ ھە!...— دەپ قاشلىرىنى يىمىردى ئابدۇش، شۇ تاپتا ئۇنىڭمۇ ئىچى ئاچچىق بولغانىدى.

— كاساپەت... قاراپ تۇرۇپ ئون ئۈچ جانىۋار ئۆلدى ئەمەسما!— ئەلەم بىلەن قايىندى رىشىت پەلەڭ،— يۈرىكىمنىڭ يېرىمىنى سۇغۇرۇۋالدى دېسە، كاساپەت... باشقىسىنىغۇ مەيلى، بىر جۈپ قوش بالداق ئارغۇننىڭ ئۆلۈمىگە زادىلا چىدىيالماي قالدىم، ئۇكام... ئۇنىڭ ئۆزى تۇگۈل، تۇخۇمىنى بەش مىڭ كويچەنگە ئالاتتى ئەمەسما! كۆزى ئوچۇق كەتتى بىچارە جانىۋارنىڭ، كاساپەت...

www.uyghurkitap.com

— رىشىت ئاكا، بولغۇلۇق بوپتۇ، ئەمدى كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا! — دەپ تەسەللى بىرىشكە باشلىدى ئابدۇش، — «كىمدە يوق دەرد، دەرد بىلەن قۇۋۋەت تاپىدۇ مەرد» دېگەن گەپ بار. سىلى دېگەن مەرد ئادەم، بۇ دەردلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنداق شۇملۇقنى كىم قىلغان بولسا، ھامان بىر كۈنى جازاسىنى تارتماي قالمايدۇ!

— شۇنداق، ئۇكام، شۇنداق... — دېدى رىشىت پەلەڭمۇ كەيپىياتىنى ئوڭشاپ، — ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى، كاساپەت... مەن بۇ ئىشنى خۇداغا قويدۇم. بۇ ئۆزى ئۆتنە ئالەم، كاساپەت... ھېچكىمنىڭ ھېچكىمدە قالمايدۇ، ئۇكام!

ئابدۇش ئەمدى ئۆز مۇددىئاسى بويىچە ئايۇپ ئىمام توغرىسىدا ئېغىز ئاچتى، بۇ ئادەم ھەققىدە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئېيتىپ بېرىپ رىشىت پەلەڭنىڭ پىكرىنى ئالماقچى بولدى.

— ھەي... دۇنياغا ھەر خىل ئادەم كېلىپ كېتىدىكەن، ئۇكام! — دېدى رىشىت پەلەڭ ئويغا چۆمۈپ، — بىر تېرىنىڭ ئىچىدە قوي يۈز سەمرىپ، يۈز ئورۇقلايدۇ، دېگەن گەپ بار، كاساپەت... مېنىڭ بىلىشىمچە ئايۇپ ئىماممۇ ئاشۇنداق ئادەم.

— رىشىت ئاكا، بۇ ئادەم بىزنىڭ مەھەللىلىك ئەمەس، — دېدى ئابدۇش كۆڭلىدىكى تۈگۈنىنى يېشىش ئۈچۈن، — ئۇنى بۇ يەرگە قاچان، كىم ئىمام قىلىپ ئەكەلدى؟

— ئۇنىڭ ئىمام بولغىنىغا ئىككى يىلچە بولدى،

ئۇكام، — ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشەندۈردى رىشىت پەلەك، — بىزنىڭ زەيدىن ئىمام ۋاپات بولۇپ، بىر ئاي بولا - بولماي، كاساپەت... بۇ ئادەمنى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ بىر خاتىپى تونۇشتۇرۇپ ئەكەپتۇ. كوچىدىكى مۆتىۋەرلەر بىلەن ئاھالە كومىتېتىدىكىلەر مەسلىھەتلىشىپ، خاتىپنىڭ لەۋزىنى يەردە قويمايلى دەپ قوشۇلغان، كاساپەت... ئەمما لېكىن، «بېلىق — بېشىدىن سېسىيدۇ» دېگەندەك، جامائەت ئىچىدىكى تەپرىقىچىلىق، پىتنە - پاسات، ھۆكۈمەت ئىشىغا پۈتلىكاشاڭ بولۇش قاتارلىق غوۋغالارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئايۇپ ئىمامدىن كېلىۋاتىدۇ. ھەر قېتىمقى نامازدىن كېيىن: «خالايىق، ھۆكۈمەت خۇدانىڭ ئۆيىنى چېقىپ، بىزنى ئىبادەت قىلىدىغان يېرىمىزدىن مەھرۇم قىلماقچى!» دەپ ۋايسىغىنى ۋايسىغان، كاساپەت... مەسچىتنى چاقسا نېمە بوپتۇ؟ ناھايىتى كەلسە، كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىسى سېلىنىدىغۇ شۇ، كاساپەت...

— شۇ ئەمەسمۇ، جامائەت نەدە بولسا، شۇ يەردە مەسچىت بولىدۇ، — دېدى ئابدۇش ئەمدى رەسمىي گەپكە كۆچۈپ، — رىشىت ئاكا، سىلى ئايۇپ ئىمامنىڭ قىرغىزىستان تەرەپلەرگە چىققانلىقى توغرىسىدا گەپ ئاڭلىغانمۇ؟

— ياقەي، ئۇكام، — دېدى رىشىت پەلەك ھەيران بولغاندەك، — كاساپەت... ئۇ تەرەپلەرگىمۇ چىقىپتىكەنما؟

— مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن، — دېدى ئابدۇش ئىككى تايىنلىق بىلەن، — ئەمما بىلىپ باقاي دېگەنىدىم، سۈرۈشتۈرۈپ بىلگىلى بولارمۇ؟

www.uyghurkitap.com

— بولدۇ، بولدۇ، — دېدى رىشىت پەلەك ئىشەنچ بىلەن، — بىزنىڭ كەپتەر بازىرىدا نېمە گەپلەر بولمايدۇ دەيدىلا، ئۇكام، كاساپەت... مەن بىرنەچچە كۈن ئىچىدە سۈرۈشتۈرۈپ ئۇقۇپ، سىلىگە جاۋابىنى بېرەي!

— رەھمەت، رىشىت ئاكا، سىلىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئۇكام، ئۆز ئىشىمىز، كاساپەت...

ئىككىيلەن چىرايلىق خوشلاشتى.

## 13

ئايۇپ ئىمام خۇپتەندىن كېيىن جامائەتنى مەسچىتتە ئېلىپ قالدى، بىرنەچچە ئېغىز ئەمرىمەرۇپ قىلغاندىن كېيىن، زاھىر ھاجىغا ئىما قىلىپ:

— قېنى، ھاجىم، ئەمدى ئۆزلىرىدىن بىرنەچچە كەلىمە ئاڭلايلى، — دېدى تەۋازۇ بىلەن.

زاھىر ھاجى گەپنى يىراقتىن ئەگىتىپ ۋەزخانلىق قىلىشقا باشلىدى:

— باقىي دۇنيانىڭ بەرھەقلىقى ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگىنىمىزدىلا يادىمىزغا چۈشىدۇ. ئىنسان ئۇنىڭ بەرھەقلىكىگە بىر ئۆمۈر ئىمان كەلتۈرسە ھەرگىزمۇ بۇ دۇنياغا كەپتەردەك كىلىپ، قوزغۇندەك كەتمەيدۇ!

— بەرھەق! — دېدى ئايۇپ ئىمام كۆزلىرىنى لەپپىدە ئېچىپ جاراڭلىق ئاۋازدا، — ئىمان — ئىشەنچ، ئېتىقاد،

ئىقرار ۋە ئەمەل دېمەكتۇر. ئىمان ئۈچ نەرسىدىن هاسىل بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئاللاغا ئېتىقاد، باتىنى روھىي تەستىقتىن؛ ئىككىنچىسى، شۇ ئېتىقادقا ئىقراردىن، يەنى تەن ئالماقتىن؛ ئۈچىنچىسى، شۇ ئېتىقادقا ئەمەل قىلماقتىن پەيدادۇر. ئېتىقاد بولسىمۇ، ئىقرار قىلىنمىسا ياكى ھەم ئېتىقاد، ھەم ئىقرار بولسىمۇ، ئەمەلدە قوللانمىسا، ئىمان ھاسىل بولمايدۇ. شۇڭا، جامائەت، ھەرقانداق ئىشتا ئەمەلدە كۆرسىتىش ھەممىدىن مۇھىم. ئاللانىڭ كەرىمى ئۇلۇغ، دەرگاھى كەڭ....

ئايۇپ ئىمام بىلەن زاھىر ھاجى خۇددى بىرى سۆزلىسە، يەنە بىرى دوست تارتىدىغان مەدداھلاردەك، بىر - بىرىنى قۇۋۋەتلەپ، بىرىنىڭ ئاغزى يۇمۇلسا، بىرىنىڭ ئاغزى ئېچىلاتتى.

— ھەربىر ئىنسان ئۆز تەبىئىتى بىلەن شۇنداق يارالمىشكى،— دېدى زاھىر ھاجى ئەمدى رەسمىي مەقسەتكە كۆچكەندەك ۋەزمىن ئاۋازدا،— ئۇ ياشاش ۋە ئالىي ماقام دەرىجىدە كامالەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن كۆپ نەرسىلەرگە موھتاج بولىدۇ. ئەمما، ئادەمنىڭ بىر ئۆزى بۇنداق نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشى مۇشكۇل. ئۇنىڭغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن جامائەت لازىمدۇر، جامائەت بولۇپ بىرلىشىش، ئىناق - ئېجىللىق زۆرۈردۇر!...

— شۇنداق، جامائەت!— دەپ زاھىر ھاجىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا ۋايساشقا باشلىدى ئايۇپ ئىمام،— ھۆكۈمەت بىزنى ئاتا - بوۋىمىزنىڭ تەۋەررۇك جايىدىن، ئۇزاق يىل يىلتىز تارتىپ، بىر - بىرىمىز بىلەن ئىرماش -

چىرماش بولۇپ كەتكەن قەدىناس كوچا ـ مەھەللىمىزدىن، كېچە ـ كۈندۈز ئىبادەت قىلىپ ئاللاغا تېۋىنىدىغان سەجدىگاھىمىزدىن ئايرىپ، تاختا كۆۋرۈك دېگەن جايغا كۆچۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. تاختا كۆۋرۈك دېگەن نە ئۇ؟! ئۇ دېگەن سۈرلۈك، مۇڭ باسقان قەبرىستانلىق ئەمەسما! ئۇ يەردە قانداقمۇ ئارامخۇدا ياشىغىلى بولىدۇ!؟ قەبرە ئاستىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەرۋاھى بىزنى تىنچ قويامدا!؟ تېخى ئۇ يەردە سەجدىگە باش قويغۇدەك بىرەر مەسچىت بولمىسا، ئىشىكتىن چىقىپلا تۆت تەڭگە پۇل تېپىپ تىرىكچىلىك قىلغۇدەك بازار بولمىسا...

— شۇ ئەمەسما!

— بۇ بىزنى تەتۈر قىيىنغانلىق بولماي نېمە؟!

ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئەكس سادا كۆتۈرۈلدى. كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئىچىگە تىنىپ، پاراكەندە بولۇپ ئولتۇرغان بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزۈنىدىن بۇيان ھېيتگاھ ئاتالمىش بۇ قايناق بازاردا ئۇششاق ـ چۈششەك ئېلىپساتارلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك قىلىپ تۆت ـ بەش تەڭگە پۇل تېپىپ كۈنلۈك تۇرمۇشىنى كۈنلۈك قامداپ كېلىۋاتقان شەھەر كەمبەغەللىرى ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنى ھېيتگاھ ئەتراپىدىن ئايرىۋېتىش گويا ھاياتلىق تومۇرىنى ئۈزۈۋەتكەنلىك ھېسابلىناتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئايۇپ ئىمام بىلەن زاھىر ھاجىنىڭ گەپلىرى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلىدى. شۇڭا ئۇلار تۈشمۇتۈشتىن:

— بىزنىڭ ھېچ يەرگە كۆچكۈمىز يوق!

— ھېيتگاھتىن ئايرىلساق بىزنى نەس باسىدۇ!
— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟
— ئامال بارمۇ؟!— دېيىشىپ ئايۇپ ئىمام بىلەن زاھىر ھاجىغا تەلمۈرۈشتى.
— ئامال بار!— دېدى ئايۇپ ئىمام دەرھاللا جاۋاب قايتۇرۇپ،— جامائەت، خاتىرجەم بولۇشقايلا، بىزمۇ ئۇلارنىڭ قازىنىغا يارىشا تۇۋاق تاپىمىز!
بۇ گەپلەر زاھىر ھاجىغا مەدەت بولدى. ئۇ ئەمدى ئۆز مۇددىئاسى بويىچە بەزى ئىشلارنى قىلسا بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى. ئۇنىڭ غۇلام مۇدىرنى ئۇندەككە كەلتۈرۈپ ئۆز ئىزىغا دەسسىتىش ئۈچۈن چوڭ ئوغلى ئارقىلىق قۇرغان ئەپلىك تۇزىقى كارغا كەلمىدى، چوڭخۇنىنىڭ دېيىشىچە، غۇلام «چاپاق» يەمچۈكنىمۇ يەپ، قارماقنىمۇ سۆرەپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، ئۇ قارماقنىڭ يىپىنى كۈچەپ تارتىپ، غۇلام «چاپاق»نىڭ ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلدى. بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى، ئىززەتنى، ھۆرمەتنى بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ ئاقىۋىتى شۇنداق بولۇشى كېرەك، بۇمۇ ئۆزىنىڭ شورى!
زاھىر ھاجى ئەمدى باشقا بىر يولدىن — «پۇۋ دېسە بوران چىقىرالايدىغان» خەلق يولىدىن مېڭىشقا بەل باغلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھاكىمىيەت مىسالى بىر كېمە، ئاۋام پۇقرا بولسا ئۇلۇغ سۇ، ئەگەر سۇ تىنچ، رايىش بولسا، كېمە راۋان، بىخەتەر ماڭالايتتى؛ ئەگەر سۇدا دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، داۋالغۇش بولسا، كېمىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى توسالغۇغا ئۇچرايتتى!
— جامائەت، ئويلاپ باقايلى!— دېدى ئۇ ئەمدى

ئەسلىي مۇددىئاسىنى ئاشكارىلاپ، ــ بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپ غەپلەتتە ياتساق بولماس! ئالەم ئاپەتكە يولۇققاندا بىر چەتتە قاراپ تۇرۇش ئادىمىي خىسلەت ئەمەس. توقايلىققا ئوت كەتسە، هۆل ـ قۇرۇق دېمەي هەممىسى كۆيىدىغان گەپ!

ئايۇپ ئىمام بىلەن زاهىر هاجىنىڭ بىرنەچچە قېتىم ئەپلىك پەيتنى تاللاپ، باشقىلار كۆڭلىدە ئويلىسىمۇ ئاغزىدىن چىقىرالماي كېلىۋاتقان گەپلەرنى ئېيتىشى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارغا هەم قايىل، هەم مايىل بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، زاهىر هاجى ئاخىرقى قېتىم:

ــ بىز ئۆزىمىزنىڭ قانۇنىي هوقۇقىنى قوغداپ، يۇقىرىغا ئەرز يازايلى. هەممە ئىش بۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە بولۇۋەرمەيدۇ، غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى. مۇبادا، ئەرزىمىز ئاقمىسا، ئۇ چاغدا يۇرت ـ ماكانىمىزنى قوغداش ئۇچۇن بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرىمىز! ــ دېگەندە، خېلى كۆپ ئادەم ئۇنىڭ تەلىپىگە ئاۋاز قوشتى.

ئەتىسى بىر كۈن ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك هۆكۈمەتكە يېزىلغان خېلى سەۋىيەلىك بىر پارچە ئەرزمۇ تەييار بولدى. ئۇنى زاهىر هاجى پىنسىيەگە چىققان پېشقەدەم بىر كادىرغا يازدۇردى. ئەرزنامىدە: «دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەتتە ئەڭ ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەت بولىدۇ... مىللىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق زىيالىيلىرى، ئەدىب ـ ئالىملىرى مانا شۇ كونا كوچا، قەدىمىي مەهەللىلەرنىڭ تار، قاراڭغۇ جىن كوچىلىرىدىن، خام خىشلىق قىڭغىر ـ سىڭغىر ئۆيلىرىدىن چىققان. بىزنىڭ ئەسلىي

يىلتىزىمىز ئەنە شۇ قەدىمىي مەدەنىيەتكە تويۇنغان مەھەللىلەردە! ئەمما، بەزىلەر ئۇنى ۋەيران قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، بىرىنى يارىتىمەن دەپ، ئىككىنچىسىنى ۋەيران قىلىش ئىنساپتىنمۇ!؟...» دېگەندەك گەپلەر ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. خېلى كۆپ ئادەم بۇ ئەرزگە ئىشەنچ بىلەن بارماق باستى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆيلىرى ئازادە، چىرايلىق بېزەلگەن، قول ـ ئىلكىدە بار تىجارەتچى ـ سودىگەرلەر بولسا، يەنە بىر قىسمى ئۆيدىن چىقىپلا كوچا دوقمۇشلىرىدا، ھېيتگاھنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا يايما ئېچىپ، غالتەك سۆرەپ، سېۋەت ـ تەۋەگلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى ـ بۇنى ساتىدىغان ئوقەتچىلەر ئىدى.

ئەمما، بەزى سەزگۈر، ئېھتىياتچان ئادەملەر ئەرزگە قول قويىدىغان چاغدا ئارىسالدى بولۇپ قالدى:

— پادىشاھلار رايىغا قارشى ئىش قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ئەزەلدىن خەيرلىك بولغان ئەمەس. بۇ ئەرز يەنە قايتىپ يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئوسال قىلىپ قويارمىزمىكىن!؟

ئەمما، زاھىر ھاجى ئۆزىگە ئىشىنەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ ئامەتلىك ئادەم ئىدى. ئويلاپ قارىسا، ئامەت ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر سايىدەك ئەگىشىپ يۈرۈپتۇ: بىر زاماندا تالاي ئادەملەرنى پالاكەت باسقان ھېلىقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ مۇدھىش بوران ـ چاپقۇنلىرىدىن ئۇ ھېچقانداق قېقىندى ـ سوقۇندى بولماي ئامان چىقتى؛ كېيىن تىرىكچىلىك ئۈچۈن كىچىككىنە ئابدۇشنى ئارقىغا سېلىپ، بازارمۇبازار مەخپىي تىجارەت قىلىپ

يۈرگەنلىرىدىمۇ تۇتۇلۇپ قېلىپ، ھەپسە ـ سولاقتا چۈشۈپ قالمىدى؛ شۇ يېشىغىچە يامان ئاغرىق ـ سىزلاقلاردىن خۇدا ئاسرىدى... ئىشقىلىپ، ھەمىشە بەخت ـ تەلەي ئۇڭدىن كېلىپ تۇردى، بەخت ـ تەلەي دېگەن، مال ـ دۇنيا دېگەن بەزىدە ئاسماندىن، بەزىدە دېرىزە ـ تۈڭلۈكتىن پۇت ـ قوللىرىنى سوزۇپ چۈشۈۋەردى. مانا ئەمدى بۇ دۇنيادا ئۆزىدىن بۆلەك غېمى يوق. ئەنە شۇ ئامەت، شۇ شۆھرەت، شۇ داڭقى بىلەن زاھىر ھاجى دائىم مەغرۇر ۋە مەمنۇن، مەغرۇرلا ئەمەس، ئۆزىنى گويا مەزمۇت قەد كۆتۈرگەن قىيادەك ھېس قىلىدۇ. ئۇ ھەمىشە ھاياتىدىكى ئەنە شۇنداق خۇشاللىق، نۇرلۇق، بىئازار، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك كۈنلەرنىڭ كۆپرەك بولۇشىنى، ئۇزاقراق بولۇشىنى ئىستەيتتى. ئۆزىگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولغان ئامەتنىڭ بۇ قېتىممۇ روبىروسىدىن لوككىدە چىقىپ قېلىشىغا ئىشىنەتتى.

## 14

تەكشۈرۈش نەتىجىسى غۇلام مۇدىر ئۈچۈن پايدىسىز بولۇۋاتاتتى. ئۇ چوڭقۇر ئەكەلگەن بىر قىرغاۋۇلنىڭ ئۆز ئۆيىگە كىرگەنلىكىگە ئىقرار بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئون بەش مىڭ يۈەن پۇلدىن نۆزەمبىللا خەۋىرى يوقلۇقىنى ئېيتتى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۇنىڭ ئايالى شەرۋانىخاننىمۇ سوئال ـ سوراق قىلدى. بۇ ئايالمۇ كۆز يېشى قىلىپ، قىرغاۋۇلنى ئالمىسىز

ئالغانلىقىنى، ئەمما پۇلدىن زادى خەۋىرى يوقلۇقىنى، زۆرۈر بولسا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئىش تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ بىرئاز بېشىنى قاتۇرۇپ قويدى. بەزىلەر: «غۇلام نىياز بەلكىم ‹پارىخور› دېگەن قالپاقنى كىيىپ قېلىشتىن قورقۇپ، خوتۇنى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغاندۇ» دېگەن گۇماننى ئوتتۇرىغا قويسا، بەزىلەر: «بەلكىم چوڭخاۋن پۇل مەسىلىسىدە تۆھمەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما، بۇ پىكىر بەزىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ھېزىم ھەسەننىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى. «ئىنساننىڭ زۇۋۇلىسىغا بۆرىنىڭ خېمىرى قوشۇلغان! — دېدى ئۇ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — شۇڭا بۆرە ھەرقانچە يېسىمۇ تويمىدىم دەيدۇ، ئادەممۇ شۇ، قانچە كۆرسىمۇ، يەنىلا كۆرمىدىم دەيدۇ! ئوتتۇرىدا بالايى نەپسى دېگەن نەرسە بار، بالايى نەپسى بولمىغاندا، غۇلامغا بۇنداق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بولاتتى؟!...»

ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە «پۇلدار» دەپ نامى بار چوپچوڭ بىر ئادەم ئۆز مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن ھەرگىزمۇ كىچىككىنە قىرغاۋۇلنى كۆتۈرۈپ بېرىپ چاكىنىلىق قىلمايتتى. ئۇنداق بولسا، پۇل زادى نەگە كەتتى؟

شەرۋانىخان شۇ كۈنى چوڭخاۋن زورلاپ تۇتقۇزۇپ قويغان قىرغاۋۇلنى ئېلىپ خالتىدىنمۇ چىقارماي ئاشخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويغانىدى. ئارىدىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى، شەرۋانىخانغا بۇ

ئىشنى ئېرىگە ئېيتقۇدەك پۇرسەتمۇ بولمىدى، ئېرى تاڭ يورۇماستا ئۆيدىن چىقىپ كەتسە، كەچتە ئاسماننى يۇلتۇز قاپلىغاندا ئۆيگە كىرەتتى. بىر كۈنى غۇلام نىياز دورا ئىچمەكچى بولۇپ، ئاشخانىغا قايناق سۇ ئېلىش ئۈچۈن كىردى، كىردىيۇ، بىر نەرسىنىڭ سېسىق پۇرىقىدىن سەسكىنىپ، ياتاق ئۆيگە چىققاندا خوتۇنىنى ئويغىتىپ سورىدى:

— ئاشخانىدىكى نېمە سېسىق پۇراق ئۇ؟ بىرەر نەرسە پۇراپ قالدىمۇ نېمە؟

شەرۋانىخان دەسلەپ ئۇيقۇلۇقتا ئاڭقىرالمىدى، كېيىن بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ:

— ۋاي خۇدايىمەي، ئېسىم قۇرۇسۇن! — دېدى ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋە ھېلىقى كۈنى كونا كوچىدىكى زاھىر ھاجىنىڭ ئوغلى چوڭاخۇننىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىنى ئالدىراپ - تېنەپ سۆزلەپ بەردى.

— مەن ساڭا نەچچە قېتىم دېدىم، خوتۇن! — دەپ خېلى قاتتىق كايىدى غۇلام مۇدىر، — نېمىشقا قول كۆيىدىغان بۇ نەرسىلەرنى ئالىسەن؟ بۇ نەرسىلەر مەيلى چوڭ بولسۇن - كىچىك بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئارقىسىدا گېپى بار!

— مېنى گەپ قىلمىدى دەملا؟ — شەرۋانىخانمۇ ئۆزىنى ئاقلىدى، — لېكىن، پۇتۇن - سۇرۇك بىر ئەر كىشى بېزىرىپ يالۋۇرۇپ تۇرسا، خوتۇن كىشىگە تەسكەن.

— خەير... بۇ نەرسىنىڭ پۇراپ قالغىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بوپتۇ، — دېدى غۇلام مۇدىر قولىدىكى

دورىنى كاپ ئېتىپ، — ئىشقىلىپ، بىزنىڭ رىزقىمىز ئەمەسكەن، ئەتە ئەتىگەندە تاشلىۋەت!

شەرۋانىخان ئەتىسى ئەتىگەندە چوڭخاخۇننىڭ قولىدىن قانداق ئالغان بولسا، تېخىچە شۇ پېتى تۇرغان «سوۋغا»نى تاشلىۋەتمەكچى بولۇپ ئىشىك ئالدىغا چىقىشىغا، كوچىنىڭ ئەخلەتلىرىنى توشۇيدىغان قاسىم «ماكماك» ئىسىملىك ئادەم ئەبجەق هارۋىسىنى سۆرەپ كېلىپ قالدى.

— قاسىمكا، ماۋۇ پۇراپ قالغان گۆشنى مۇشۇكلىرىگە بېرەرلا، — دەپ خالتىنى ئەخلەت هارۋىسىغا تاشلاپ بەرگەنىدى.

مانا شۇ ئىش ئېسىگە كەلگەن شەرۋانىخان بۈگۈن كەچقۇرۇن قاسىم «ماكماك»نىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەردى ۋە ئاخىرىدا كۆز يېشى قىلىپ، كۆڭلى يېرىم بولغان هالدا قوشۇپ قويدى:

— مانا شۇ پېشكەللىك بىلەن غۇلامجان تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ، خىزمەتتىنمۇ توختىتىدى، ئۆيگىمۇ كەلمەيدۇ. سىلى بۇ نەس باسقان قىرغاۋۇلنىڭ ئىشىنى بىلىلا، ئۇنى مۇشۇكلىرىگە تاشلاپ بەرگۈچە كۆزلىرىگە بىرەر نەرسە چېلىقمىدىمۇ، قاسىمكا؟

قاسىم «ماكماك» كۆزلىرىنى قىسىپ، تىلى بىلەن گېزەرگەن لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ، ئۆزرە ئېيتقاندەك مۇلايىم ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— يوقسۇ، خېنىم، مەن هېچنېمىنى كۆرمىدىميا... سىلى ئەخلەت هارۋىسىغا تاشلاپ قويغان خالتىنى مەنمۇ

شۇ پېتى ئەخلەتخانىغا تۆكۈۋەتكەنىدىم... مۇشۇكۈمگە بىرەي دېسەم، پۇراپ قالغان گۆشنى يەپ ئاغرىپ قالمىسۇن دېدىما.

— ھېچبولمىغاندا، سىلى شۇ ئىشنىڭ گۇۋاھچىسى، قاسىمكا، — دېدى شەرۋانىخان ئۆتۈنۈش بىلەن، — تەشكىلگە شۇ خالتىنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئەخلەتخانىغا تاشلىۋەتكەنلىكلىرىنى ئېيتىپ، گۇۋاھلىق بېرىپ قويسىلىرى قانداق؟

— بولىدۇ، خېنىم، بولىدۇ، — دېدى قاسىم «ماكماك» ئورۇق، ئېگىز گەۋدىسىنى ئېگىپ، — غۇلام مۇدىر ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييارمەن دېسىلە...

قاسىم «ماكماك» ئەتىسىلا گۇۋاھلىق بەردى، ئەمما ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى ئىناۋەتكە ئېلىنمىدى. چۈنكى، بۇ ئىشتا ھەرقانداق ئادەم: «ئەگەر غۇلام نىياز قىرغاۋۇلنىڭ ئىچىدىكى ئون بەش مىڭ يۈەننى ئېلىۋېلىپ، ئاندىن پاكىت ئويدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى تاشلىۋەتكەن بولسىچۇ؟!» دېگەن سوئالنى قويماي تۇرالمايتتى. شۇڭا، قاسىم «ماكماك»نىڭ گۇۋاھلىقى ھېچقانداق رول ئوينىمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە بەزى گۇمانلارنى تۇغدۇرۇپ قويدى.

ئەگەر بۇ دېلو ھېزىم ھەسەننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولغان بولسا، خېلى بۇرۇنلا قانات - قۇيرۇقى بوغۇلۇپ، غۇلام نىيازمۇ ئاللىقاچان بارار جايىغا بارغان بولاتتى. ئەمما، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۇنداق ئالدىراپ كەتمىدى. ئۇلارنى جو خاۋ شۇجىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى تەمكىن ۋە سەگەك قىلىپ قويغانىدى. ئىككى كۈن بۇرۇن

جۇ خاۋ شۇجى ئۇلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەنىدى: «بۇ ئىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى مۇرەككەپتەك قىلىدۇ. ئېسىڭلاردا بولسۇن، بىز ئۇزۇن تارىختىن بېرى تىرىكنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، ئۆلۈكنى ئەۋلىيا قىلىۋالىدىغان كۆڭۈلسىز ئىشلارنى كۆپ قىلغان. بۇنداق نادانلىق تەكرارلىنىۋەرسە بولمايدۇ. سىلەر بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشتا سالماق، ئەستايىدىل بولۇڭلار. ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن. مېنىڭ بىلىشىمچە، غۇلام نىياز ئۇ دەرىجىدە نەپسانىيەتچىلىك قىلىدىغان دىيانەتسىز ئادەملەردىن ئەمەس!...»

## 15

تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كوچا ـ مەھەللىنى ئۇنىڭ پەرزەنتىدىن ياخشىراق بىلىدىغان كىم بار؟ بۇ كۆرۈمسىز، ئەمما مېھرى ئىسسىق؛ كونا، ئەمما قەدىرلىك كوچا ھەققىدە كىندىك قېنى شۇ ئىسسىق تۇپراققا تۆكۈلگەن، ئانا ئەللىيىنى تۇنجى قېتىم شۇ تۇپراقتا يېتىپ ئاڭلىغان، بۇ كوچىنىڭ تونۇش ھاۋاسىدىن سۈمۈرۈپ ـ سۈمۈرۈپ نەپەس ئالغان، تەشنالىقىنى شۇ كوچىدا ئاققان زىلال سۇلاردا قاندۇرغان ئادەملا ئاجايىپ لىرىك شېئىرلار بىلەن قايناق قىسسەلەرنى يېزىۋېتىشى مۇمكىن.

دەرۋەقە، بۇنداق شېئىرنى مۇشۇ كوچىدىكى كىچىك

ۋە غېرىب بىر ئۆيدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بىر قىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا «يېزىقچىلىق مەشقى» ئۈچۈن يازدى:

ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن ئاي كوچام،
ئايدىنمۇ يورۇق نۇر كوچام.
قىڭغىر - سىڭغىر ئۆيلىرىڭدىن ئۆرگىلەي،
ناخشا ۋە كۈيلەرگە باي تار كوچام.

بۇ قىزنىڭ ئىسمى لەيلى ئىدى. ئەمدى يىگىرمە ياشلارغا كىرگەن سىلىق - سىپايە، يۈزى نېپىز، خېنىم سۈپەت بۇ قىز مۇشۇ قەدىمىي كونا كوچىنىڭ بىر چېتىدىكى كىچىككىنە غۇربەت ئائىلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولدى. ئانىسىدىن ھۆسن، دادىسىدىن مېھىر ئالغان قىزچاق بۇ نامرات ئائىلە تۇرمۇشىغا يېڭى بىر پەيز، يېڭى بىر يورۇقلۇق بەخش ئەتكەنىدى. دادىسى ئۇنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇتتى. لەيلىمۇ شۇنىڭغا يارىشا ياخشى ئوقۇدى، ئۆتكەن يىلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ، لەنجۇدىكى «مىللەتلەر ئىنستىتۇتى»غا ئۆتكەنىدى. ئەمما، ئائىلىسى بۇ قېتىم راستتىنلا كۆچىيەلمىدى. كىرا پۇلى، ئوقۇش پۇلى دېگەنلەرگە كۆزى يەتمىگەن لەيلىمۇ ئۆزلۈكىدىن تەقدىرگە تەن بېرىپ، دادىسىنى غەمدىن خالاس قىلدى.

دادىسى سەلەيئاخۇن بۇرۇندىن شەھەردە خېلى نامى بار

چىنە قاداقچى ئىدى، سەلەي قاداقچى دېسە، بىلمەيدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇ ھېيتگاھ مۇنارىنىڭ تۆۋىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ، سىلىق، پۇختا، چاققان ئىش قىلاتتى، تاپاۋىتىمۇ ياخشى ئىدى. ئەمما، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ ئاتا مىراس ھۈنىرى ئاقماي قالدى، نۇرغۇن كىشىلەر سۇنغان چىنە ـ تەخسىلىرىنى قاداتماي، بازاردىن يېڭىسىنى ئالىدىغان بولۇۋالغاچقا، ئۇنىڭ تىرىكچىلىك يولى تارىيىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى بۇرۇنقىدەك ھېيتگاھ مۇنارى تۆۋىدە ئولتۇرۇپ ھۈنەر قىلمايتتى، بەلكى ئاق تۇخۇمنى كۆك بوياپ، كۈندە بىرەر سېۋەت پىششىق تۇخۇم ساتىدىغان ۋە بەزىدە بەرەڭگە، پۇرچاق پىشۇرۇپ، مەكتەپ بالىلىرىغا سېتىپ، شۇنىڭدىن كىرگەن بەش ـ ئالتە تەڭگە پۇل بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

لەيلى بىر يىلدىن بېرى ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئىشلەش ئۈچۈن نۇرغۇن يەرلەرگە دوقۇرغان بولسىمۇ، رىقابەتنىڭ كەسكىنلىكىدىن بىرەر ئاددىي ئىشنىڭمۇ پېشىنى تۇتالمىدى. ئۇنى ھەمىشە يالغۇزلۇق، غېرىبلىق، زېرىكىش قىينايتتى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا ئوبۇق ئىسىملىك بىر كاۋاپچى يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالدى. شۇ قېتىمقى تونۇشۇشتىن كېيىن لەيلىنىڭ بىتەشۋىش خىياللىرى بۇزۇلدى. ئۇنىڭ ھاياتى ئەسلىدە ياپيېشىل زۇمرەت ئاسماننى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن تىنىق كۆلدەك تىنچ ئىدى. ئەمدى نېمە ئۈچۈندۇر قاشلىرى تۈتەپ يانغاندەك قاپقارا، مۆلايىم تەبەسسۇمى ئۆزگە يارىشىپ تۇرىدىغان ئوبۇقنى پات ـ

پات ئۆيلايدىغان بولۇپ قالدى. لەيلى ئون سەككىز ـ ئون توققۇز ياشلارغا كىرگەن ۋاقتىدا مۇھەببەت ھەققىدە كۆپ ئويلىغان، ئەمما بۇ مۇقەددەس ۋە سىرلىق تۇيغۇنىڭ قانداقلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلغان ئەمەس. گەرچە ئۇنىڭ ئەتراپىدىمۇ خۇددى ئاينىڭ ئەتراپىدا يۇلتۇزلار كۆز قىسىشىپ تۇرغاندەك بىرنەچچە بوز يىگىتلەر پەرۋانە بولغان بولسىمۇ، ئەمما شۇنىڭغىچە ئۇ بىرەر يىگىتنى ھەقىقىي ۋە ئەستايىدىل ياخشى كۆرۈپ باقمىغانىدى. كىتابلاردا يېزىلغان ھەقىقىي سۆيگۈگە تېخىمۇ دۇچ كەلمىگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەر، ياشلىق، ھۆسن دېگەنلەر ۋاپا قىلمايدۇ، لېكىن ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئوبۇقنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن بۇنداق قاراشلىرى چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ، باشقىچە ئادەم بولۇپ قالغانىدى. شۇ چاغدىلا ئۇ: «مۇھەببەت ئىنساننىڭ يۈرىكىدە ئۇنىڭ تەلپى بىلەن ئەمەس، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن پەيدا بولىدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن ئەقىدىگە ئىشىنىپ قالدى. شۇ كۈنى كەچتە ئوبۇق ئۇنىڭ ئىسسىق، يۇمران قوللىرىنى سىقىپ تۇرۇپ، كۆڭلىنى ئىزھار قىلغاندا، لەيلىنىڭ ھال رەڭ يۈزىگە سۈس بىر نۇر بالقىپ چىققاندەك بولدى. بۇ نۇر ئۇنىڭ ئىچىدىكى خۇشاللىقىنىڭ، رازىمەنلىكىنىڭ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاچچىق بىر دەردنىڭ ئىپادىسى ئىدى. بۇ دەرد باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى ھەسرەتلىك بىر شېئىرغا ئوخشىشىدىغان مۇھەببەت دەردى ئىدى. ئۇ ھازىر ئەركەكنىڭ زوقى كېلىدىغان قىز، يوغان ـ يوغان

كۆزلىرى قارا ئۇچقۇن چېچىپ، يالت ـ يۇلت قىلىدۇ. دەم چوغدەك چاقناپ، دەم سەۋەبسىزلا خىيالغا پېتىپ، سىرلىق بىر ھاياجاندا ئەتىسىنى كۈتۈپ تۇرغان بۇ قىز ـــ ئوبۇقنىڭ گويا ئۆز دۇنياسى. ئۇ ئۇنى ئىپادىسىز بىر مېھىر بىلەن قەۋەتلا سۆيەتتى!

لەيلى ئاق كۆڭۈل، ساددا، نازۇك تەبىئەتلىكى بىلەن ئۆزى ياشاپ تۇرغان ئائىلىسىنىڭ باشقا ئەزاسىغا ئوخشاشمايتتى. ئۇنىڭ زوق ـ شوقى بەلەن بولۇپ، ھەمىشە كۆڭۈلنى غىدىقلىغۇچى كۈيلەرنى ياقتۇراتتى، تۇرمۇشنىڭ رەڭگارەڭ چىراغلىرى ئاستىدا سەيلە ـ ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ مۇشۇنداق مىجەز ـ خۇلقىنى يېقىندىن كۆزىتىپ كېلىۋاتقان ھېزىم ھەسەن بۇگۈن ئۇنى كاتتا بىر زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. ھېزىم ھەسەن ئۇنىڭ ئۆيىگە خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بىرنەچچە قېتىم بېرىش جەريانىدا تونۇشۇپ قالغانىدى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم بارغاندا قىزنى ئۇچۇرۇپ: «سىز بەختلىك ئىكەنسىز، سىڭلىم. خال ـــ بەختنىڭ نىشانى ئىمىش!» دېگەنىدى لەيلىنىڭ ئوڭ قېشىدىكى قارىمۇقتەك خالنى ئىشارە قىلىپ.

ھېزىم ھەسەننىڭ كاتتا زىياپەتكە تەكلىپ قىلىشى لەيلىنى خۇشال قىلدى، ئۇ خۇددى دۆلەتمەن بوۋىسىدىن سوۋغا ئالغان يېتىمچىدەك خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالدى. ئۇ دەرھال كاتتا زىياپەت، مول داستىخان ۋە ئاجايىپ ئېسىل تائاملارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ساز ـ مۇزىكىنىڭ سېھىرلىك ئاۋازى، ناخشا ـ غەزەل، ئۇسسۇل ـ ساما... ئۇنى ھاياجانغا سالدى. ئەمما،

www.uyghurkitap.com

ئۇنى تېخىمۇ قىزىقتۇرغىنى، زىياپەتتىكى ئادەملەر ئىدى. ئېنىقراقى، ئۇ يەردە بولغۇسى سۆھبەت، ئەقىل ئاچىدىغان دىلكەشلىك، جاھاننىڭ ئىشلىرى توغرىسىدىكى ئاجايىپ پاراڭلار ئىدى...

لەيلى تۇرۇپلا ئويلىنىپ قالدى. ئوبۇق كۆز ئالدىغا كەلدى. بۇنداق كاتتا سورۇنلارغا ئوبۇق بىلەن بىللە بارسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە!؟ لېكىن ھېزىم ھەسەن ئۇنىڭ ئۆزىنىلا تەكلىپ قىلدى، ئەگەر ئۇ ئوبۇقنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ بىللە ئېلىپ باراي دېسە قانداق بولار؟ بەلكىم بۇ ھېزىم ھەسەنگە غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئەڭ يامىنى، ھېزىم ھەسەن ماقۇل بولغان تەقدىردىمۇ، ئوبۇق خۇددى ئانىسىغا ئەگىشىپ تويغا بارغان كىچىك بالىدەك لەيلىنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن بۇ زىياپەتكە كەلگەنلىكىنى بىلسە، ئۇنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى زەخىم يەيدۇ، لەيلىدىن قاتتىق رەنجىيدۇ. شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى، يېپىق داستىخان يېپىق پېتى قالغىنى تۈزۈك، ساھىبخانا كىمنى چاقىرغان بولسا شۇ بارسۇن!...

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى ھېزىم ھەسەن مېڭىشقا تەمشىلىپ، — بۇنداق سورۇنلارغا تارتىنماي بېرىپ تۇرۇڭ، كۆزىڭىز ئېچىلىپ، كۆڭلىڭىز يايراپ قالىدۇ. كەچتە كۆرۈشەيلى، ئورنى مەن دېگەن يەر، كېچىكمەي قالماڭ!

— بولىدۇ، ۋاقتىدا بارىمەن! — دېدى لەيلى بىر قارارغا كېلىپ.

※ ※

غۇربەت تۇرمۇش قوينىدا چوڭ بولغان ساددا قىز لەيلى بەزىدە ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان رومانتىك، مودا تۇرمۇش مۇھىتىغىمۇ قىزىقىپ ھەۋەس قىلاتتى، ئۇنىڭدىن تېگىشلىك ھۇزۇر ـ ھالاۋەت تاپقۇسى كېلەتتى. تەلپۈنۈش — نىشانغا تەگمىگۈچە توختىمايدىغان ئوق. بۇ شۇنداق تۇيغۇكى، ئۇ ئىرادىنىڭ خاھىش ـ ئىستىكىگە بويسۇنمايدۇ. لەيلىمۇ تەلپۈنۈشنىڭ بۈيۈك كۈچى ئالدىدا تەسلىم بولدى. ئۇ دۇنيادا ئەرك دېگەن نەرسىنىڭ بارلىقىنى، ئىنسان ئاسماندىكى قۇشتەك، سۇدىكى بېلىقتەك ئەركىن بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشىنىشكە ئىنتىلگەنىدى. ئۇ مانا شۇ ئارزۇسىغا بۈگۈن يەتكەنىدەك بولدى. ھۇزۇر ـ ھالاۋەت دېگەن مانا بۇ يەردە — مانا شۇ رەڭگارەڭ چىراغ نۇرى ئاستىدىكى كۆركەم، خىلۋەت رېستوراندا، كېچە قوينىغا پاتقان بۇ خامۇش شەھەرنىڭ بىر چېتىدىكى ئىشرەتخانا شىرەسىگە راسلانغان «ئېچىل داستىخان»دەك ئاجايىپ ئېسىل نازۇنېمەت ۋە ھاراق ـ شارابلارنىڭ مەركىزىدە ئىدى. بۇ يەر جەننەتكىمۇ، جەھەننەمگىمۇ ئوخشاشمايدىغان، ئەمما جەننەت ھۇزۇرى ئىچىدە ئادەمنى ئويىنىتىپ، ئەركىلىتىپ، بىھوش قىلىپ، ئاخىرىدا بىلىپ ـ بىلمەي جەھەننەم ئازابىغا گىرىپتار قىلىپ قويىدىغان ھەشەمەتلىك، سىرلىق ۋە پىنھان يەر ئىدى.

كاتتا مېھمانخانىنىڭ رېستورانى بۈگۈن قايناق ئىدى.

گاھ كۆكتىن لەيلەپ چۈشكەندەك، گاھ زېمىندىن قاڭقىپ چىققاندەك ئاڭلىنىۋاتقان يېنىك، قىتىقلىغۇچى كۈي — نەغمىلەر كىشىلەرنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئۆرتەپ، روھىي جىسمىنى لەرزىگە سالاتتى. كۈنچىقىش تەرەپتىكى ئازادە ئايرىمخانا تېخىمۇ رومانتىك، تېخىمۇ يېقىملىق تۈسكە كىرگەنىدى. بۇ سورۇنغا ئالاھىدە ھۆسن قوشقان ئۈچ قىز تېخىمۇ جەلپكار ئىدى. ھېزىم ھەسەن بۇ ئۈچ قىزنى بۈگۈنكى سورۇننى ئۇيۇشتۇرغان خوجايىنلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇ ئۈچ قىزنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئەڭ كىچىكى لەيلى ئىدى. ساددىغىنە كىيىنگەن بۇ قىز بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاپتاپتەك ئايرىلىپ تۇراتتى. چوڭ ئاياللاردەك بېشىغا سالغان رومىلى ئۆزىگە ياراشقان، ئاغزىنى يوشۇرۇپ تۇرغان ياغلىقى ئاددىي رەختتىن بولسىمۇ كۆزگە نەپىس كۆرۈنەتتى. قىزنىڭ ئۆزىگە ياراشقان كىيىملەر ئىچىدىكى نازۇك، لاتاپەتلىك ھالىتى بىر چىرايىغا ئون چىراي قوشقانىدى. قىز دەسلەپ ھەشەمەتلىك بۇ مۇھىتقا، ئەتراپىدىكى ناتونۇش ئادەملەرگە بىر خىل ھېيىقىش، ئەيمىنىش نەزىرى بىلەن چۆچۈپ، ئەندىكىپ قارىغان بولسا، كېيىن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا پۈتۈن پىكىر - خىيالى بىلەن بۇ رەڭگارەڭ دۇنياغا زوقلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە يالتىراپ تۇرغان نۇر بۇ دۇنيا تەۋەسىدە ئۇچرىمايتتى، قىز بۇ ئاجايىپ نۇردىن قەلبىگە بىر ئايدەك شولا ئېقىپ كىرگىنىنى سەزدى، كۆزلىرىگە ئالەم چاراقلاپ كەتكەندەك بولدى...

قالغان ئىككى قىزنىڭ بىرى پەزىلەت، بىرى پاتىمە

ئىدى، بۇ ئىككىسىنىڭ يېشى لەيلىنىڭكىدىن خېلىلا چوڭ بولۇپ، تۇرقىدىن، گەپ ـ سۆزلىرىدىن خېلىلا ئىش كۆرگەن، جاھان كەزگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار دەسلەپ بىر ـ بىرىدىن ھېيىقىپ، تارتىنىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، كېيىن ھېزىم ھەسەن بىلەن باشقا خوجايىنلارنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى بىلەن ئاستا ـ ئاستا كۆنۈكۈپ، ئۆزلىشىپ، ئاخىرىدا خۇددى ئېنى كەڭ تاۋاردەك ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كېتىشتى...

بۇگۈنكى سورۇننىڭ ساھىبخانى بولمىش ياڭ خوجايىن كونا شەھەرنىڭ نۆۋەتتىكى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇشۇ كوچا باشقارمىسىغا تەۋە قىسمىنى ئىلكىگە ئالغان چوڭ ھۆددىگەر ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ياردەمچى ـ ئەقىلدارلارنىڭ بىرسى ۋاڭ گاڭ ئىسىملىك ئاقپىشماق، بەستى ـ بويى جايىدا كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، مۇئاۋىن دېرىكتور ئىدى. يەنە بىرسى «ئەپچىلەم» دەپ لەقىمى بار، ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى كېلىشىملىك، ئاغزى تاتلىق ئادەم بۇ شىركەتنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى، خىزمەتداشلىرى ئۇنى «ھېسامىدىن تاتلىق» دەپ چاقىراتتى. ئۇچىنچىسى، يېشى چوڭىيىپ قالغاچقىمىكىن، ئۆزىنى تۇتۇپ، تەمكىن ئولتۇرغان ئادەم لىيۇ فامىلىلىك ھېساباتچى ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇگۇن مۇنداق كاتتا سورۇننى تۈزەشتىكى مەقسىتى، ھېزىم ھەسەننى ئۆزلىرىگە تارتىپ، باشقارما تەۋەسىدىكى، بولۇپمۇ كونا كوچىدىكى تازا يۇرۇشۇپ كەتمەيۋاتقان كۆچۈش ـ چېقىش ئىشىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتمەكچىدى. ھېزىم ھەسەنمۇ بۇ سورۇندىن

پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى، ئىناۋىتىنى، نوپۇزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش نىيىتىدە ئىدى. ئۇ بەئەينى ئۆمۈچۈككە ئوخشايتتى، ئېرىنمەي تور توقۇيتتى، ئىلىنغان يەرگە تۇزاق قۇراتتى، قۇلىقى دىڭ، ھەرىكىتى چاققان ئىدى، بىرەر تال يىپ قىمىرلىسا بەس، شۇ تەرەپكە قاراپ چاپاتتى، تاكى ئولجىنى قولغا چۈشۈرگىچە چاپاتتى...

— ھېزىم مۇدىر، — دېدى ياڭ خوجايىن قولىدىكى رومكىسىنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ، — ئىككىمىز بىردىن ئىچەيلى، ئەڭ ئاۋۋال مەن سىزنىڭ مۇدىر بولغانلىقىڭىزنى چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيمەن!

— رەھمەت، ياڭ خوجايىن! — دېدى ھېزىم ھەسەن ئۇنىڭ قولىدىكى بىللۇر رومكىنى ئېلىپ، — سىلەر بولغاچقا، مېنىڭ ئىشلىرىمۇ ئوڭغا تارتىۋاتىدۇ، بىز بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئوبدان ھەمكارلىشىمىز!

— شۇنداق، بىزلا ئوبدان ھەمكارلاشساق ھەممە ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ! — دېدى ياڭ خوجايىن قولىدىكى رومكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ.

ۋاڭ گاڭ دەرھال لوقما سالدى:

— ھېزىم مۇدىر، سىزدەك ئىقتىدارلىق كادىرغا كىچىككىنە كوچا باشقارمىسىنىڭ مۇدىرلىقى قانچىلىك ئەمەل ئىدى؟ بۇ پەقەت سىز ئۈچۈن بىر چېنىقىش، سىناق باسقۇچى. ئەگەر ئىشلىرىمىز يۈرۈشۈپ كەتسە، سىزنىڭمۇ ئىستىقبالىڭىز ئېچىلىپ كېتىدۇ!

بۇ گەپتىن ھېزىم ھەسەننىڭ كۆڭلى خۇددى ئوچۇق ئاسماندەك يورۇپ كەتتى.

— لېكىنزە... ئىشلىرىمىز ھازىر تازا يۈرۈشۈپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى ياڭ خوجايىن ئەسلىي مۇددىئاغا قايتىپ، — ئۆي ئىگىلىرى ۋاقتىدا كۆچۈپ بەرمىسە، بىزمۇ چېقىش - قۇرۇش ئىشلىرىنى ۋاقتىدا باشلىيالمايمىز. بىھۇدە كۈتۈش بىلەن كۆپ ۋاقتىمىز زايە كېتىۋاتىدۇ. بىز ئۈچۈن ۋاقىتنىڭ ئۆزى پۇل. ھېزىم مۇدىر، ئەمدى سىز كۆچەپ، بىزگە يول ئېچىپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ جۇمۇ!

ھېزىم ھەسەن ئورنىدىن قوزغىلىپ خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن دېدى:

— ئەلۋەتتە كۆچەيمەن، كۆچەيمەن! ھەي... — ئۇ ئاخىرىدا ھەسرەتلىك تىنىپ قوشۇپ قويدى، — بۇ كونا كوچىدىكى بەزى ئائىلىدىكىلەرنىڭ چوڭلىرى توخۇ پوقى، كىچىكلىرى چۆجە پوقى ئىكەن ئەمەسمۇ!

— توخۇ پوقى، چۆجە پوقى بولسا، ياخشىغۇ، قىرىپ ئېلىۋەتسەكلا بولىدىكەنغۇ! — دەپ قاقاھلاپ كۈلدى ھېسامىدىن پەرۋاسىزلىق بىلەن.

— شۇنداق، — دېدى ھېزىم ھەسەن قەتئىي تەلەپپۇزدا، — ئەمدى قىرىپ ئېلىۋەتمىسەكمۇ بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ رايىغا بېقىش — ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە قارشى چىققانلارغا يان باسقانلىق بولۇپ قالىدۇ!

— ھەببەللى، ماۋۇ گېپىڭىز جايىدا، — دېدى ۋاڭ گاڭ بىر رومكا هاراقنى كۆتۈرۈپ، — ئەمدى بۇ گەپلەرنى قويايلى، قىزلار زېرىكىپ قالمىسۇن، مەن بۇ رومكىنى قىزلار بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئىچىمەن!

قىزلار بىر - بىرىگە قاراشتى، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى

قىرلىق رومكىلاردا قىپقىزىل ۋىنو چىراغ نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى. بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن پەزىلەت قولىدىكى رومكىنى ناز بىلەن كۆتۈرۈپ دېدى:

— هاراق دېگەن سۇ، مەن دېگەن بېلىق! بېلىقنىڭ سۇدا ئۈزمىگىنى نەدە بار؟ قېنى خوشە، ئىچتۇق!

پاتىمە دەرھال رومكىنى قولىغا ئالدى، لېكىن لەيلى يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى، ھېزىم ھەسەن ئۇنى چىرايلىق گەپلەر بىلەن زورلىدى، پەزىلەت بىلەن پاتىمەمۇ ئۇنى قىزىقتۇرۇشقا باشلىدى:

— رومكىنى ئېلىڭە، لەيلى قىز! بىرەر رومكا قىزىل ھاراق دېگەن نېمە ئۇ. سىز ئاڭلىمىغانمۇ:

«قەترە قالمىسۇن جامنىڭ،
ئىچەيلى بۇ ئەزىزى مەينى.
مۇھەببەت ئىشقىدا كۆلەيلى بىردەم،
ئەتە دوزاخقا كىرسەكمۇ مەيلى.»
ھا... ھا... ھا...!

پەزىلەت ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تولىمۇ ناساز كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى لەيلىنى تېخىمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ ئۆز يېنىدا قانداقتۇر پەرۋاسىز، مۇلايىم بىر سۆھبەتدىشىنى ئەمەس، بەلكى ئالەمنىڭ تەرتىپىنى ۋىجدان سېتىش بىلەن ئۆلچەيدىغان، بۇ پانىي دۇنيادىكى ئۆمۈرنى پەقەت ئەيش - ئىشرەت بىلەن باھالايدىغان شاللاق بىر چوكاننى كۆرگەندەك بولدى. «ۋاي

خۇدايىمەي، نېمە ئىش بۇ؟ ھاراق ئىچمەي بۇ يەردە ئولتۇرغىلى بولمامدىكىنە!...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ.

ئەمدى ئۇنىڭغا ۋاڭ گاڭ قادىلىپ تۇراتتى:

— ئېلىڭە، قىزچاق، قولۇمنى ياندۇرماي بىرەر رومكا ئىچىپ بېقىڭ! — ئۇ مىختەك قادىلىپ سۆگەلدەك چاپلىشىۋالدى. لەيلى ئامالسىز رومكىغا قول ئۇزاتتى. سورۇندىشى تۇتقان ھاراقنىڭ ھەر يۇتۇمى گويا بىر ئوچۇم چوغدەك لەيلىنىڭ ئىچ - باغرىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. بۇ ئادەتتىكى ۋىنو بولماستىن، چەت ئەلنىڭ خېلى يۇقىرى گىرادۇسلۇق ئېسىل ھارىقى ئىدى. ۋاڭ گاڭ ئۇنىڭ قىزارغىنىنى سەزدى، ئىشقىلىپ، يۈزىدىكى يوپقا داغلار بىلىنمەي قالدى. ۋاڭ گاڭ كۆڭلىدە مەمنۇنلۇق سەزدى، مەمنۇنلۇق بىلەن بىللە شەيتانىي بىر ھەۋەس ئىچ - ئىچىنى قىتىقلاپ ئۆتتى. دېمىسىمۇ، ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرىپ، ھەممە جەھەتتىن تولغان لەيلى بەئەينى ھازىرلا شاختىن ئۈزۈپ، ئېغىزغا ئاپارسىلا شىرنىسى شۇرۇلدە چاچراپ چىققىدىغان كۆك شاپتۇلغا ئوخشايتتى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ يوغان - يوغان قارا كۆزلىرى ئادەمگە بىر پارچە چوغدەك ئوتلۇق قارايتتى، ئادەملەرنى ئۇنىڭ شۇ قارىشى ئۆرتەيتتى. ۋاڭ گاڭ لەيلىدىكى جەزبىگە شۇنچىلىك مەپتۇن بولۇپ قالغانىدىكى، ھەتتا ئۇ قىزنى يېنىغا تارتىپ باغرىغا بېسىشتىن زورمۇزور ئۆزىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. بۇنداق پەيتلەردە ئاياللارمۇ يەر تېگىدە يىلان قىمىرلىسا سېزىشىدۇ. لەيلى ئۇنىڭ ھالىتىنى ئاستىرتىن كۆزىتىپ

ئۆزىنى چىلىڭ ۋە بەردەم تۇتۇپ ئولتۇراتتى شۇ چاغ هاراقتىن يۈزلىرى شەلپەردەك قىزارغان، كۆزلىرى هەۋەستىن ئويناپ كەتكەن هېسامىدىن ئەپچىللىك بىلەن ئاستا ـ ئاستا سۈرۈلۈپ، لەيلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قىستالدى.

ــ قانداق، هاراقتىن كۆڭلىڭىز كۆتۈرۈلۈپ قالغاندۇ؟ ــ دېدى ئۇ لەيلىگە يەنە بىر رومكا هاراق تۇتۇپ، ــ ئەمدى مەن بىلەنمۇ بىر رومكا ئىچەرسىز؟ هازىر هەممە نەرسە ئۆزگىرىۋاتىدۇ، كونا ئىدىيەلەرمۇ هامان ئۆزگىرىدۇ، يېڭىلىق، مودا ئېقىمى غەلىبە قىلىدۇ... ــ ئۇ خۇددى لەيلىنىڭ كۆڭلىدىكىنى پال بېقىپ تاپقاندەك لەيلى ياخشى كۆرىدىغان گەپلەرنى قىلغانىدى، شۇنداق بولسىمۇ لەيلى نازلانغاندەك:

ــ زامانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن هاراق ئىچىشنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى؟ ــ دېدى هېسامىدىنغا ئەجەبلەنگەندەك قاراپ.

ــ مۇناسىۋىتى چوڭ، ــ دېدى ۋاڭ گاڭ لەيلى بىلەن هېسامىدىننىڭ سۆهبىتىگە زورمۇزور ئارىلىشىپ، ــ هازىرقى زامانىنىڭ قىزلىرىدا خۇددى يىگىتلەردەك جاسارەت، جۈرئەت بولمىسا، دۇنيانىڭ يېرىمىنى قانداق ئىگىلىيەلەيسىلەر؟ سىز شۇنداق ياش، چىرايلىق تۇرۇپ، ئىككى ـ ئۈچ رومكا هاراق ئىچىشكە جۈرئەت قىلالمىسىڭىز، كېيىنكى تەقدىرىڭىزنى قانداق ئۆزگەرتەلەيسىز؟ هايات يولىڭىزنى قانداق كېڭەيتەلەيسىز؟ هەممە ئىشقا جۈرئەت، جاسارەت كېرەك. ئەلۋەتتە، دەسلەپ تەستەك بىلىنىدۇ، ئەمما، كېيىن ئۇنىڭ

ھېچقانچە تەس ئەمەسلىكىنى بىلىپ قالىسىز...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ لەيلى بىلىنەر ـ بىلىنمەس جىلمايدى، ئۇنىڭ تەبەسسۇمى نازلىق، چىرايلىق ئىدى.

شۇ تاپتا ۋاڭ گاڭ بىلەن ھېسامىدىن خۇددى بىر توپنى جان ـ جەھلى بىلەن تالىشىۋاتقان ئىككى توپچى ماھىرغا؛ خۇددى بەيگە مەيدانىدا بار كۈچى بىلەن ئوغلاق تارتىشىۋاتقان ئىككى چەۋەندازغا ئوخشاپ قالغانىدى. ھەر ئىككىسى لەيلىنىڭ پېيىغا چۈشكەن ئىدى، بىر ـ بىرى بىلەن بەزى يوشۇرۇن، بەزى ئاشكارا ئېلىشىۋاتاتتى. ئۇ نۇرغۇن كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئېيتىشىپ، لەيلىنى ھاراق ئىچىشكە كۆندۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا خۇددى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكىنى بىلگەندەك ھېزىم ھەسەنمۇ رومكىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋەز ئېيتىشقا باشلىدى:

ــ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ شاراپىتى بىلەن بىزنىڭ خانىم ـ قىزلىرىمىزنىڭ ئىدىيەسى زور دەرىجىدە ئازاد بولدى، ئىدىيەدە ئالغا باستى. بىر مىسال ئالسام، ھازىر ھاراق دېگەننى ئاياللارمۇ، قىزلارمۇ ئىچىدىغان بولدى، بۈگۈنكىدەك ئولتۇرۇشلاردا ئۇلارمۇ تۆرگە چىقىپ، سورۇنىمىزغا ھۆسن قوشىدىغان بولدى. مۇلازىمەت ئېگىسى كۆچەيدى، كېڭەيدى. ئۇلار ھازىر ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز، قابىلىيەتسىزلىكىدىن قورقمايدىغان، بەلكى ياشلىقىغا، ھۆسن ـ جامالىغا تايىنىپ جاھاندارچىلىق قىلسا بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. بۈرۈن يۈز ـ كۆزىنى ئوراپ، تۆت بۆلۈك ـ بىر كۇلۇڭنىڭ بەندىسى بولۇپ قالغان قىز ـ چوكانلارنىڭ بۈگۈن مۇنداق

ھالەتكە كېلىشى چوڭ تەرەققىيات ئەمەسما!؟ بىز بۇ بېشىمىزدا ئاللا ياراتقان بۇ نېمەتلەردىن، دەۋر ئاتا قىلغان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرمىسەك، قىز ـ چوكانلاردىن ئىبارەت بۇ تۈگمەس بايلىقنى ئېچىپ پايدىلانمىساق كېيىن قاتتىق پۇشايماندا قالىمىز!... — ھېزىم ھەسەن سۆزىنى تۈگىتىپ قولىدىكى رومكىنى لەيلىگە تەڭلىدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى رومكىغا ئىشارەت قىلدى، — لەيلى قىز، قېنى رومكىنى ئېلىڭا، بايىقى سۆزۈمنىڭ راستلىقى ئۈچۈن ئىككىمىز ئىچىۋېتەيلى! خوش ـ خوشە!

ھېزىم ھەسەننىڭ بايىقى سۆزلىرىگە ھەم ھەيرانلىق، ھەم ئەجەبلىنىش ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالغان لەيلىگە بۇ تەكلىپ ناھايىتى تۇيۇقسىز ھەم شىددەتلىك بولدى. ئۇ ھېزىم ھەسەننىڭ تاقا مىخىدەك قادىلىپ قىستىشى بىلەن قولىدىكى ھاراقنى قېقىلىپ تۇرۇپ ئىچىۋەتتى.

— مانا يارايسىز! — دېدى ھېسامىدىن ئۇنىڭغا خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن باركاللا ئېيتىپ، — چىرايلىقنىڭ قىلىقىمۇ چىرايلىق ـ دە!

مانا شۇ ئىككىنچى رومكا ھاراق لەيلىنىڭ گېلىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بەدىنى قىزىپ،، يۈرىكى ئويناپ، ئىككى يېنىدا قىستىلىپ، بىزىرىپ ئولتۇرغان ۋاڭ گاڭ بىلەن ھېسامىدىننىڭ بىزەڭ قاراشلىرى بىلەن بەزى تېتىقسىز گەپلىرىدىن ئانچە بىزارلىق ھېس قىلمايدىغان بولۇپ قالدى...

مەيىنىڭ سېھرى، داستىخان شاراپىتى ۋە ئويۇن ـ

كۆلكىلەر بىلەن ئولتۇرۇشنىڭ كەيپى تېخىمۇ كۆتۈرۈلدى. ئېسىل مەي خۇددى سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە ئوخشاش ھەممىنى خۇش كەيپ قىلىۋەتتى. لەيلى ئۇسسۇلغا چۈشتى، ئۇنىڭ چاقنىغان، نازلىق ھەرىكەتلىرىگە قاراپ ھېزىم ھەسەن كۆزىنى قىسىپ، ۋاڭ گاڭ زوقلىنىپ، ھېسامىدىن تامشىنىپ ئولتۇراتتى. لەيلى ئېگىشىپ، ئەجەب بىر تەۋازۇ بىلەن سالام بېرىپ جايىغا كېلىپ ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭ بويىدىن ئاجايىپ بىر پۇراق تارقىلىپ، يېنىدىكىلەرنى مەستخۇش قىلىۋەتتى. بۇ ئويغانغان قىز بالىنىڭ ھىدى ئىدى، ئەركەك زاتىنى ساراڭ قىلىدىغان، ھەتتا ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان ھىد ئىدى بۇ!...

لەيلىساددا، سەمىمىي ئىدى، خۇددى «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ» دېگەندەك، ئەمدى ئۇنىڭدا قورۇنۇش، ھېيىقىش تۇيغۇلىرى سېزىلمەيتتى، بىقىنىغا كىرىۋالغان ۋاڭ گاڭ، ھېسامىدىنلار بىلەن بەخىرامان ئۇلپەتلىشىپ ئولتۇراتتى، ئەپتىدىن بىر يىگىتنىڭ جاسارىتى بىلىنىپ تۇراتتى، ئەمما شۇنچە نازاكەتلىك، شۇنچىلىك نازۇك ئىدى. ئاپتاپتا يايپېشىل ياپراقلىرىنى ئېچىپ، باھار شامىلىغا يۈزمۇيۈز تۇرغان بۇ يۇمران چېچەك تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ ئاجايىپ ناز ـ كەرەشمىلىرى بىلەن ئىشارەتلىرىدىن تېخى يىراق ۋە بەلكى ئۇلار ھەققىدە تەسەۋۋۇرىمۇ يوق، بۇنداق خۇش چاقچاق، خۇش سۆھبەت سورۇندا پەقەت دىيانەتلا بار دەپ ئويلايتتى. تۇرمۇش دېگەننىڭ پەقەتلا ئاپتاپ چاقناپ تۇرىدىغان خۇشاللىقتىن ئىبارەت ئەمەسلىكىنى

خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. ئىنسان دۇنياغا سۆيمەك ۋە سۆيۈلمەك ئۈچۈن كېلىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. بۇ دۇنيادا شاپائەت ۋە پاراغەت تېپىشنى ئىزگۈلۈكلەر ئەمەس، بەلكى رىزالەت ۋە قاباھەت تېپىشى بېسىپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرمىگەنىدى...

شۇ تاپتا، روھىنى نۇر، جىسمىنى ھارارەت بىلەن تولدۇرغان بۇ مەپتۇنلۇق ئاخىر بىرىپ لەيلىنى قارارسىز، چۈشكۈن ۋە ئىرادىسىزلىك قايىنىمىغا غەرق قىلىۋەتتى. ئۇ سۆھبەتداشلىرى ئۆز قولى بىلەن تۇتقان ئاخىرقى ئىككى رومكا ھاراقنىمۇ نېزىقماي ئىچىۋەتتى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنى ئۇيقۇ باستى، كىرپىكلىرى قوغۇشۇندەك ئېغىرلىشىپ يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. بىرسى ھېزىم ھەسەننى ئىشارەت بىلەن يېنىغا چاقىرىپ، قۇلىقىغا پىچىرلاپ بىرنەرسىلەرنى دېدى، ھېزىم ھەسەن ھە دەپ بېشىنى لىڭشىتقاچ لەيلىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرۇپ:

— سىز بۇ ھالىڭىزدا ئۆيگە كەتسىڭىز بولمايدۇ، لەيلى! — دېدى ئۇنى ئاستا سىرتقا يېتىلەپ، — يەتتىنچى قەۋەتتە ياتاق ئاچقۇزۇپ قويدۇق، شۇ يەردە ئىككى - ئۈچ سائەت ئارام ئېلىپ بىرئاز سەگىگەندىن كېيىن ئۆيگە قايتىڭ، ماقۇلمۇ؟

لەيلى ھازىر ھېچنېمىنى سەزمەيتتى، كاللىسى تۈگمەن تېشىدەك ئېغىرلىشىپ، پۇتلىرى لاكاسلاپ قالغانىدى. ھېزىم ھەسەن ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ، يەتتىنچى قەۋەتتىكى ئازادە بىر ياتاققا ئەكىردى ۋە تۇپلەينى سالدۇرۇپ كارىۋاتقا ياتقۇزدى، ئاندىن قىزنىڭ دەل

ئۇستىگە كېلىپ، هاراق كەيپىدىن قىسىلغان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۇنىڭ مەسۇم تۇرقىغا قارىدى.

لەيلىنىڭ ئۇستىدىكى كەشتىلىك جىلىتكە ئۇنىڭ خېچچە بېلىنى سىقىپ تۇراتتى، سىقىلغان كۆكرەكلەر ئۇستىگە كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭلەك ئىچىدىن گويا ئۇچۇپ چىقماقچى بولغان كەپتەر باچكىسىدەك كۆرۈنەتتى، لېكىن نېمە ئۇچۇندۇر لەيلىنىڭ سۆزۈك، قىزىل مەڭزىدە توختاپ قالغان ئىككى تامچە كۆز يېشى خۇددى پىشقان ئالمىنىڭ يۈزىدە يالتىراپ تۇرغان سوغۇق شەبنەمگە ئوخشايتتى.

ھېزىم ھەسەن ئۇنىڭ مەڭزىدىكى ياشقا قاراپ ئۆزىچە پىچىرلىدى: «جانىۋار قىز، ئۆمرۈڭدە تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق كاتتا سورۇنغا قاتناشقىنىڭدىن خۇشال بولۇپ، ھاياجانلىنىپ يىغلاپسەن ـ دە! ئەگەر مېنىڭ دېگەن يېرىمدىن چىقساڭ، بەخت ـ تەلەي دېگەن تېخى ئالدىڭدا، سېنى ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇن دېگەنلەرگە كۆمۈۋېتىمەن! سۆيگۇ ـ مۇھەببەت، لايىقىم، يىگىت دېگەنلەر نېمە ئۇ؟! ھوقۇق ۋە پۇلنىڭ ئالدىدا ئۇنداق نەرسىلەر نېمىگە ئەرزىيدۇ!؟...»

دەرۋەقە، ھېزىم ھەسەننىڭ نەزىرىدە سۆيگۇ ـ مۇھەببەت دېگەن كىتابلاردىلا يېزىلىدىغان، تۇرمۇشتا بولسا، يوقىلاڭلا بىرنەرسە ئىدى. ئۇ ھەمىشە: «ئىشق ـ مۇھەببەت دەردى ۋاقتى كەلگەندە، ئوسمىدەك يۇيۇلىدۇ — كېتىدۇ!» دەيتتى.

ھېزىم ھەسەن نەپسىنى باسالمىدى، لەيلىنىڭ ئۇستىگە ئېڭىشىپ، لېۋىدىن، مەڭزىدىن سۆيدى، قۇچاقلىدى...

«ئەپسۇس، ئەپسۇس!...— دەپ ئەلەم بىلەن شىۋىرلىدى ئۇ،— ھەممە ئىشقا شەيتان ئارىلاشماي قويمايدىكەن—دە! بولمىسا، ئالقىنىڭدا تۇرغان بۇ قىز باشقىغا نېسىپ بولامتى؟ ئەنە ئۇ ئايدەك يېتىپتۇ، باغرىڭغا كىرىشكە، كىرىپ ۋۇجۇد - ۋۇجۇدى بىلەن سېنى ھۇزۇرلاندۇرۇشقا تەييار، مېھرىڭگە زار، قۇچىقىڭغا ئىنتىزار...— ھېزىم ھەسەن نېمىگىدۇر كۆڭلى قىيمىغان ھالدا لەيلىنىپ يېنىدىن ئىككى قەدەم ئارقىغا ياندى ۋە كىمگىدۇر خىتاب قىلغاندەك بوش، ئەمما زەردىلىك ئاۋازدا دېدى،— مە، ئال! ھەممىسى سېنىڭكى، ھەممىسى! ئاشۇ ئىسسىق، يۇمشاق بەدەن؛ ئاشۇ يىپەكتەك مەيىن چاچلار، ھېقىق لەۋلەر، ئاق قۇ پېيىدەك بويۇن... بەرى - بەرى سېنىڭكى!...»

ھېزىم ھەسەن ياتاقتىن چىقىپ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى ھېلىقى ئايرىمخانىغا كىردى. سورۇن تېخى داۋاملىشىۋاتاتتى. پەزىلەت بىلەن پاتمە تېخىچە خوجايىنلار بىلەن «خوشە - خوش» دەپ رومكا سوقۇشتۇرۇپ ئولتۇراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن سەگەكرەكى يەنىلا ياڭ خوجايىن ئىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغاچقا، ھاراقنى ئاز ئىچكەنىدى. شۇڭا، ھېزىم ھەسەننى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، خىزمەت توغرىسىدا يەنە بىرقۇر ئېزىپ ئىچۈردى.

— ياڭ خوجايىن، خاتىرجەم بولۇڭ!— دېدى ھېزىم ھەسەن قوللىرىنى ئارۋاڭ - سارۋاڭ شىلتىپ،— بۇ باشقارمىدا مەنلا بولىدىكەنمەن، سىزنىڭ ئىشلىرىڭىز ھەرگىز ئاقساپ قالمايدۇ. بۇرۇن بۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى

غۇلام نىياز دېگەن ھېلىقى پارىخور ئىلەشتۈرۈپ، ئادەملىرىنى يامان ئۆگىتىپ قويۇپتىكەن. مانا ئەمدى مەن — ھېزىم مۇدىر ئىش دېگەننى كېسىپ - كېسىپ گاچچىدا ئىشلەيمەن. بىر قىسىم ئۇششۇق، كۆكەرمىلەرنىڭ نوخلىسىنى ئېلىپ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلىمەن...

ئۇنىڭ گەپلىرىدىن رازى بولغان ياڭ خوجايىن ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ۋاڭ گاڭغا ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە تەكچىسىدىكى قول سومكىسىدىن قىزىل قەغەزگە ئورالغان بىر تۇگۈنچەكنى ئېلىپ ھېزىم ھەسەننىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

— بۇ... بۇ...— دېدى ھېزىم ھەسەن دۇدۇقلاپ.

— كىچىككىنە كۆڭلىمىز، ھېزىم مۇدىر!— دېدى ياڭ خوجايىن،— كېيىن يەنە نۇرغۇن رەھمەت - ھەشقاللىمىز بار!

بۇگۈنكى كېچە ھېزىم ھەسەن ئۈچۈن خېلى ئامەتلىك، خۇشاللىق كېچە بولدى...

※ ※

باللىق ئۆيقۇسىدىن ئەمدىگىنە ئويغانغان بىر قىز ئۆزىنى يات بىر ئەركەكنىڭ قوينىدا كۆرسە، ئۇ ئەركەك سوۋغا - سالاملار بىلەن قىممەت باھا تاۋار - دۇردۇنلارنى قىزنىڭ ئايىغىغا تۆكۈپ، ھۆرمەت - ئېھتىرام، شېرىنسۇخەن سۆزلەرنى ياغدۇرسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ

قەلبىنى مۇھەببەتنىڭ لاۋۇلدىغان تەپتى بىلەن ئىسسىتالمىسا، ۋۇجۇدىنى ئاياللار قەلبىنى ئەللەيلەش ئۈچۈن ئەركەكلەرگە نېسىپ ئەتكەن شاراب بىلەن مەست قىلالمىسا... بۇنداق قىزدىن بەختسىزى بارمۇ دۇنيادا!؟

لەيلى چۈش كۆرگەندەك بولدى، چۈشىدە ئوبۇق بىلەن تولىمۇ تاتلىق مۇڭداشقاندەك بولدى. كېيىن سۆيۈشكەندەك، قۇچاقلاشقاندەك... شېرىن تۇيغۇلار ۋۇجۇدىغا تارقىغاندەك بولدى. شۇ پەيت...

خۇددى شۇ پەيت ئىشىك ئېچىلغاندىكى «غىچ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى، لەيلى بوش، ئەمما تاتلىق ئىڭرىدى! لەيلى ئويغىنىپ كەتتىمۇ ياكى ھامان ئۇيقۇدىمۇ — بىلگىلى بولمايتتى. گويا سازەندىنىڭ قولىدا جاراڭلاپ تۇرغان ساز توساتتىن پەدە يۆتكىگەندەك بولدى. ھە... چۈشىدىكى ئىشلار ئوڭىدىمۇ داۋام قىلماقتا چېغى! شۇ چاغ سوغۇق، قوپال بىر قول گىرەلىشىپ لەيلىنى باغرىغا ئالدى. ئۇ لەيلىنىڭ سىلىق، يۇمران يۈز - كۆزلىرىگە ئېشەك جىرىم قاسىغاندەك ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ چىشلىرى تېرجىيىپ، ئاغزىدىن ھاراق ھىدى گۇركىرەپ تۇراتتى.

قىز دەسلەپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ، شۇنداق ھەۋەس بىلەن تاتلىق سۆيدى. كېيىن نېمە ئۈچۈندۇر بۇ سۆيۈش، بۇ قۇچاقلاش ئۇنىڭغا بايىقىدەك — چۈشىدىكىدەك ئۇنداق ھۇزۇر بەخش ئەمەس، قانداقتۇر سوغۇق ۋە قوپال بىلىندى. قىزنىڭ كۆزى ئوچۇق، ئەمما ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن باش كۆتۈرۈپ قاراشقا مادارى

يەتمەيتتى. ئۇ ھازىر سەگەكلىك بىلەن بىھوشلۇق ئارىسىدا تولغىناتتى. بىر چاغدا ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلىغان ئەركەكنىڭ ھاسىراپ ـ پىشقىرغىنى، تىكىنەك ساقاللىرى بىلەن قىزنىڭ يۇمران يۈزىگە سانجىلىۋاتقىنى سېزىلدى. قىز ھوشىنى يىغىۋېلىشقا ئۈلگۈرمەي، كۈچلۈك قول ئۇنى چىرمىۋالدى، زەمبىلدەك ئېغىر بەدەن ئۇنى قىمىر قىلدۇرمىغىنى يەتمىگەندەك، نەپەس ئېلىشقىمۇ ئىمكان بەرمەي قويدى. لەيلىنىڭ بەدەنلىرى ئىسسىقتىن بوغنۇقۇپ كەتتى. لەيلى بار ئامال بىلەن بۇنداق قاتتىق ئىسكەنجىدىن قۇتۇلۇشقا ھەرقانچە ئۇرۇنمىسۇن، بەربىر ھۆددىسىدىن چىقالماي قىينالدى. تەردىن بويۇنلىرى ئېچىشتى، ئىچ كىيىمى يىرتىلىپ، پارچە ـ پۇراتلىرى بەدىنىگە چىپپىدە يېپىشىپ قالدى... بىردىنلا كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئىچىدە بىرنەرسە ئۈزۈلگەندەك بولدى، گويا ھېلىلا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك ئېغىر ھالسىرىدى...

يازنىڭ كېچىلىرى بىر تۇتام، قاراڭغۇ چۈشتى دېگۈچە بۇ ياقتىن ئۇپۇق ئاقىرىدۇ. سۇبھىدە يېغىشقا باشلىغان ئاق يېغىن توختىماي سىمىلدايتتى ياكى شارقىراپ ياغمايتتى، ياكى تىنىپ توختىمايتتى. كوچىلار لاي ۋە تېيىلغاق، ھاۋا تۇتۇق ۋە بەدرەڭ ئىدى.

لەيلى سەھەرگە يېقىن ئېسىگە كەلگەن چاغدا يېنىدا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ كارىۋاتتا ئوڭدىسىغا ياتاتتى، رەڭگىدە قەترە قان يوق. ئەزايى سىرقىرايتتى، مېڭىسى ۋاڭىلدايتتى. ئاغرىققا چىدىماي ئاستىنقى لېۋىنى چىشلەۋەرگەنلىكتىن كۆكەرتىۋالغانىدى. قاپاقلىرى

www.uyghurkitap.com

بىلەي تېشىغا ئوخشاش ئېغىر، كۆزىنى ئېچىشقا ئىمكان بەرمەيتتى. ھەممە تەرىپى ئاتەش بولۇپ ياناتتى، ھە دەپ سۇ سورايتتى، تىلىنى چىقىرىپ گەزەرگەن لەۋلىرىنى يالايتتى. چاچلىرى تۇزغۇپ چۇۋۇلۇپ كەتكەن، كۆكسى چىڭقىلىپ، سۆڭەكلىرى زىڭىلدايتتى، ئاللىبىر يەرلىرى يىڭنە سانجىلغاندەك ئېچىشاتتى. ئۇ ئۆزىدە نېمىدۇر، ناھايىتى يامان بىر ھادىسە سادىر بولغانلىقىنى سەزدى. بىرھازادىن كېيىن ئاران ئورنىدىن تۇردى، تۇردىيۇ، بىرى ئايىغىدىن پۇتلىشۋەتكەندەك مۇدۇرۇپ تامغا يۆلىنىپ قالدى. ئۇدۇلدىكى ئەينەككە سەپسالدى. رەڭگىررويىمۇ باشقىچە ئەھۋالدا — بويۇنلىرىدا كۆكۈچ داغلار پەيدا بولغان، يەلكىسىدىن تا كۆكسى ئۈستىگىچە قىپقىزىل سىزىق تارتىلغان...

قىز يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ تېگىگە يەتتى ـ دە، دادلاپ كەتتى. ئورنىغا چالقانچە چۈشۈپ، يۈزىنى قوللىرى بىلەن يوشۇرغىنىچە يىغلىدى. لەيلىنىڭ ئاياغ ـ قولى ئاللىقانداق ئەلپازدا قالتىرايتتى، كۆپكۆك لەۋلىرى دىر ـ دىر تىترەيتتى، ئۆپكىسىنى باسالماي قالدى، پۇتۇن ۋۇجۇدى بىلەن مۇڭغا پاتقانىدى. ئۇنى ۋەھىمە باستى، نەپىسى بوغۇلدى، كۆكرەك قەپىسى يۈرەككە تار كېلىپ، خۇددى يېرىلىپ چىققۇدەك كۆپۈلدىدى...

ئۇ چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى، ئاخشامقى يېرىم بىھوشلۇق ئىچىدە ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، بەدىنىنىڭ ئاللىبىر يېرىدىن سىرغىپ چىققان قانىنىڭ لەۋسۇرۇختىنىمۇ بەكرەك قىزىل، تۇيۇقسىز يوقىتىشنىڭ

ئۆمۈرلۈك ئىگە بولۇشتىنمۇ بەكرەك شەپقەتسىز ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالغانىدى.

دەرۋەقە، ھېزىم ھەسەن بۇ ساددا، ئاق كۆڭۈل قىزنى تۇرمۇشنىڭ ئاجايىپ - غارايىبلىرىغا قىزىقتۇرۇپ، ئاخىرىدا پىچاقسىز بوغۇزلىغانىدى.

شۇنداق، ھەرقانداق گۈزەل نەرسە ئۇنىڭغا قول تەگكۈزگىچە گۈزەلدۇر. گۈل ياشناپ تۇرغان جايىدا گۈزەل، ئۈزۈلگەندىن كېيىن غازاڭ لىباسىغا ئورىلىدۇ؛ غۇنچىمۇ ئېچىلغۇچە گۈزەل، ئېچىلغاندىن كېيىن ياپراقلىرى توزۇشقا مەھكۇم...

بۇ ھاقارەتلەر بىلەن ھېزىم ھەسەنمۇ، ھېلىقى ئوغرى مۈشۈكمۇ لەيلىنىڭ روھىنى يەكسان قىلىپ، غۇرۇرىنى شىپشىدەك چۇل - چۇل سۇندۇرماقچى، ئىرادىسىنى پۈكۈپ، ئاخىرىدا «گەھ» دېسە خالىغان ۋاقىتتا قولىغا قونىدىغان ئۆي كەپتىرى قىلماقچىدى.

لەيلى گويا يەلكىسىدە باش ئەمەس، بىر پارچە تۈگمەن تېشىنى ئېلىپ يۈرگەندەك، بېشىنى ئاران كۆتۈرگەن ھالدا ياتاقتىن چىقىپ پەسكە چۈشتى ۋە ئاخشامدىن بېرى ئۆزىنى ھەر كويلارغا سالغان ئېگىز، ھەشەمەتلىك بىناغا نەپرەت بىلەن ئۇزاق قارىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن نۇرغۇن ئاچچىق خىياللار ئۆتتى، ئۇ گويا ئەتراپتىكى كىشىلەرگە بىرنەرسە دېمەكچىدەك ئۈمچەيگەن ئاغزىنى مىدىرلاتتى:

«مانا بۇ ئېگىز، ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەرگە بىر قاراڭ. بۇ يەردە بايلار، زەردارلار ياشايدۇ. بىراق، يىپەك - دۇردۇنلارغا پۈركەلگەن تاملارنىڭ ئىچىدە رىياكارلىق بىلەن خىيانەت ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئالتۇن رەڭگىدە

بىزەلگەن بۇ خانىلاردا قەللاپلىق بىلەن ئالدامچىلىق ياشىماقتا. بەخت ۋە باياشاتلىق تىمسالى بولۇپ كۆرۈنگەن بۇ ئۆيلەر ئەسلىدە بەختسىزلىك، پەسكەشلىك يوشۇرۇنغان قاراڭغۇ غاردىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر يېزىدىن كەلگەن بىر دېھقان بۇ ھەشەمەتلىك قەسىرلەرنى كۆرسە، ھەۋەستىن كۆزلىرىدە ياش يالتىرايدۇ. ئەگەر ئاشۇ دېھقان بۇ قەسىرلەردە ئويناپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ قەلبىدىكى بىخسىپ تۇرغان چىركىنلىكلەر بىلەن كۆندە سادىر بولۇۋاتقان ھارام ئىشلارنى بىلسە ئىدى، بېشىنى مەغرۇر كۆتۈرۈپ، ئارقىسىغىمۇ قارىماي يېزىسىغا كەتكەن بولاتتى!...»

لەيلى بىنادىن كۆزىنى ئۈزۈپ، ئېغىر خۇرسىنىش ئىچىدە ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئەسەبلىرى چىڭ تارتىلغان، كۆڭلى ناھايىتى پاراكەندە ئىدى.

تۇرمۇش دېگەن ئەنە شۇنداق، سەن ئۇنىڭدىن بىرەر ھەقىقەتنى چۈشەنگەن ۋاقتىڭدا ئاللىقاچان بىرمۇنچە ئېچىنىشلىق بەدەل تۆلىگەن بولىسەن! بۇمۇ خۇددى پەرۋانە ئۆزىنى قانچىلىك كۆپ ئوتقا ئۇرسا، شۇنچىلىك تېز قانىتىدىن ئايرىلغاندەك بىر ئىش!...

يامغۇر يېغىۋاتاتتى، ئەتىيازدىن بېرىقى تۇنجى يامغۇر... ئۇ خۇددى يەر ـ زېمىننى يۇتۇپ كەتمەكچىدەك شۇنداق شىددەت بىلەن ياغاتتى. ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھلار يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلۇپ، پىستە ماغزىدەك ئاچ يېشىل كۆرۈنەتتى، گۈل بەرگىلىرىدىكى يامغۇر تامچىلىرى بەئەينى كەپتەرنىڭ مۆلدۈر كۆزلىرىدەك مونچاق ـ مونچاق...

# 16

«قارچىغىنىڭ ئۆلۈمى قاغىغا ياراشتى» دېگەندەك، غۇلام نىيازنىڭ پېشكەللىككە يولۇقۇشى ھېزىم ھەسەنگە ياراشتى. ئۇ رەھبەرلىكنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىپ، كوچا باشقارمىسىنىڭ پۈتكۈل خىزمىتىنى قولىغا تۇتقۇزغانلىقىدىن بېشى كۆككە يەتكەندى.

ئادەم بۇگۈنى بىلەن بەختىيار بولسا، ئۆتكەن كۈننى ئۇنتۇيدىغان ئوخشايدۇ. كىچىككىنە ئەمەل ھېزىم ھەسەنگە ناھايىتى زور بەختىيارلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلدى. ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ، ھوقۇقنى قالتىس ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئۆز پىكرىنىڭ خاقانى بولالمايدىغان بۇنداق ئادەملەرنى شامالدۇرغۇچقا ئوخشىتىش مۇمكىن. شامال قاياقتا سوقسا، ئۇمۇ شۇ ياققا قاراپ ئايلىنىۋېرىدۇ. ھېزىم ھەسەنمۇ خۇددى شۇنداق ئايلىنا ـ ئايلىنا ئاخىر بىر تەتۈر قۇيۇن چىقاردى.

كونا كوچىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا نۇراجى ئىسىملىك بىر ھۆپىگەرنىڭ خېلى چوڭ قورۇ ـ جايى بار ئىدى. بۇ ئۆي دوقمۇشتا بولغاچقا، ئالدى بىلەن ئۇ چېقىلمىسا باشقا ئۆيلەرگە تەگكىلى بولمايتتى. ئەمما، نۇراجى ھېلىقى كۈنى ئايۇپ ئىمام بىلەن زاھىر ھاجى تەييارلىغان ئەرزنامىگە قول قويغاچقا، يوقىرىدىن خۇددى شۇقەدرىدەك بىرەر خۇش خەۋەرنىڭ تۇيۇقسىز كېلىپ، كۆڭۈللىرىنى نۇرلاندۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ ھەممە

ئۈمىدىنى شۇنىڭغا باغلىغانىدى. لېكىن، كۈتۈلمىگەندە، ھېزىم ھەسەنمۇ كونا كوچىدىكى تۇرغۇن ھالەتنى تۈگىتىش ئۈچۈن نۇراجىنىڭ ئۆيىنى بۆسۈش ئېغىزى قىلماقچى بولدى. بۇ ئىشتا ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ قەيسەرلىكى تۇتتى، ھوقۇق ئۇنىڭ يۈرىكىنى توم، تىلىنى ئۆتكۈر قىلىۋەتكەنىدى. ھېزىم ھەسەن قول ئاستىدىكىلەرگە: «ياغاچىنىڭ بوشىنى قۇرت يەيدۇ. بۇنداق لىڭتاسىملىق قىلماي، ئىشنى جەررا قىلىڭلار! بىر ـ ئىككى نۇراجى دېگەندەكلەرنىڭ نوخلىسىنى ئېلىپ قويمىساق بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆيىنى بۇگۈنلا بوشاتقۇزۇڭلار!» دەپ كەسكىن بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇيرۇق تېزلا رېئاللىققا ئايلاندى، چېقىش ئەترىتىدىكىلەر ماشىنا ـ تىراكتورلىرىنى گۈلدۈرلىتىپ نۇراجىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى. بەزى كادىرلار: «بەلكىم بۇ ھەيۋە بىلەن نۇراجى بوشاپ، ئۆينى بىكارلاپ بېرىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما ئىش ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى، نۇراجىنىڭ تەرسالىقى ئەمدى ئەسەبىيلىككە ئايلاندى. ئۇ قوش قاناتلىق دەرۋازىنى يوغان ئېچىپ، ئىككى قولى بىلەن كېشەكنى كەگەنلەپ تۇرۇپ كادىرلارغا، ئۆي ئەتراپىغا ئولاشقان خەقلەرگە قاراپ زەردە بىلەن ۋارقىراشقا باشلىدى:

ـــ بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىمىز نېمە كۈنلەرنى كۆرمىگەن؟! بۇ شەھەرنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن چاقماق، خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن دەردلەرنى ھېچقانداق شەھەر كۆرۈپ باقمىغان! ما تىتەي، ما جۇڭيىڭلار شەھەرنى پەۋەس قانغا بويىغان، شېڭ شىسەي بۇ شەھەرنىڭ ئىلغار

زاتلىرى بىلەن پولدارلىرىنى تورمىدە چىرىتىپ تۈگەتكەن، گومىنداڭ بۇلاپ ـ تالىغان... ئەمدى كېلىپ، سىلەر ئۆي ـ جايىمىزنى ۋەيران قىلىپ، بىزنى ماكانسىز قىلماقچىما؟! قېنى، چېقىڭلار، مېنى بېسىپ ئۆتۈپ چېقىڭلار!...

بۇ چاغدا نۇراجىنىڭ سەكسەن ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان ئانىسىمۇ ئۆگزىدىكى بالىخانىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ: «مەن ئۆزۈمنى مۇشۇ يەردىن تاشلاپ ئۆلۈپ بېرىمەن!» دەپ غوۋغا كۆتۈردى. نۇراجىنىڭ ئوغلى، كېلىنى، ھەتتا كىچىك نەۋرىلىرىگىچە ھويلىدا ئالىتاغىل ۋارقىرىشىپ، غەلىيان قىلىشقا باشلىدى. بۇ مەنزىرە ھەم قىزىق، ھەم جىددىي، ھەم سۈرلۈك ئىدى. تاماشا كۆرۈشكە كەلگەن ئادەملەرمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئارا يولنىڭ قاتنىشىنى ئۈزۈپ قويدى.

دەل شۇ چاغدا ھېزىم ھەسەن پەيدا بولدى، ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى چەكچەيگەنىدى. قارىمۇتۇق چىرايى بىردەم قىزىرىپ، بىردەم تاتىرىپ، ئالىپاساق بولۇپ كەتكەنىدى. ھېزىم ھەسەن ئالاھازەل نۇراجىدىن ئىككى ـ ئۈچ مېتىر يىراقلىقتا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا راسا بىر تىكىلىپ قارىدى، ئۇنىڭ نەزىرى شۇنداق سوغۇق ھەم ھېسسىز ئىدى، ئۇ كىرپىكىنى مىت قىلماي تۇرۇپ، گەپلىرىنى چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ مۇنداق دېدى:

— نۇراخۇن، خورازنىڭ چىللىشى قونداقچە بولۇپ قالمىسۇن يەنە! قايسى جەمئىيەتتە ياشاۋاتقانلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ! بىز كوممۇنىستلار ئەزەلدىن قىلمىز

دېگەن ئىشنى قىلىپ كەلگەن، بىزنى ھېچقانداق كۈچ توسۇيالمايدۇ، ئەگەر توسۇماقچى بولىدىكەن، پەند يەيدۇ! سىز ئۇنداق تەلەي سىنايمەن دەپ ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز ئاۋارىچىلىك تېپىۋالماڭ!

بۇ گەپلەرگە نۇراجى پىسەنت قىلمىدى، ئۇ ئەلپازىدىن يانمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە، ھېزىم ھەسەننى مەنسىتمىگەندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— باشلىق، سىز ماڭا ئۇنداق قوقاق سالمەن دېمەڭ! سىزدەكلەرنىڭ گېپىدىن قورقسام، مۇنداق مەيدەمنى كېرىپ، ئىشىكنى كەڭەنلەپ تۇرمايتتىم! سىز يولۋاس بولسىڭىز، مەن مۇشۇكمەن. تاغدىن تاشلىسىڭىزمۇ يەنە تۆت پۇتۇم بىلەن بەرجەس چۈشەلەيمەن!

بۇ گەپلەر ھېزىم ھەسەننىڭ جان ــ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. قارىمۇتۇق يۈزى تېخىمۇ قارىداپ، جىگدە كۆتىكىدەك بولۇپ قالدى. ئۆزىنى ھەممىشە ھەممىدىن دانا، ھەممىدىن كاتتا ھېسابلايدىغان، ھەرقانداق ئادەمگە دېگىنىنى قىلدۇرىدىغان، بىر ئېغىز گېپىگە بىرنەچچە ئادەم لەببەي دەپ تۇرىدىغان بۇ ئادەمگە بۈگۈن ماۋۇ قوڭالتاق ھۆپىگەرنىڭ شۇنچە خەقنىڭ كۆزىچە قىلغان سېسىق تەنلىرى بەكمۇ ھار كەلگەنىدى. ئەگەر ئۇ شۇ تاپتا قىلىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بۇ جىددىي ۋەزىيەتنى دەرھال قولىغا ئېلىپ ئوڭشىۋالمىسا كېيىنكى ئىشلىرىدا ئىلگىرى باسالمايتتى، ئەمەلدارلىق نوپۇزى بىلەن سالاپىتىگە دەز كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر خىل ئەمەلدارلىق كىبىرى بىلەن يانچۇقىدىن يانفونىنى ئېلىپ، «110» ساقچى ئەترىتىگە تېلېفون



www.uyghurkitap.com

بەردى ۋە ئاگاھلاندۇرۇش تەلەپپۇزى بىلەن:
— ئەزەلدىن كەلگەن قائىدە ـ يوسۇن شۇ: پادىشاھلار رايىغا قارشى ئىش قىلىش — قولنى ئۆز قېنىدا يۇيۇش بىلەن تەڭ!— دەپلا يۈزىنى چەتكە بۇرىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى بىلەن گېپىگە نۇراجى گويا «باشقا كەلگەندە باتۇر بوپتۇ» دېگەندەك قىياپەتتە بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ تۇردى. ئەمما، كىشىلەر ئارىسىدا بىر خىل سۈرلۈك، ئەندىشىلىك كەيپىيات شەكىللەندى.
ئالاھازەل ئون مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتە ـ ئۆتمەي بىر مىنىبۇس بىلەن تۆت ساقچى يېتىپ كەلدى. ئۇلارمۇ ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى ھېس قىلدى، بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىپ تۇرغان ئىككى تەرەپ گويا يىغىنىنىڭ ئۈچى تەگسە پارتلايدىغاندەك يامان ئەلپازدا ئىدى.
ساقچىلار ئالدى بىلەن توپلىشىۋالغان كىشىلەرنى نەسىھەت بىلەن تارقاتتى، ئاندىن ھېزىم ھەسەننىڭ تەلىپى بىلەن نۇراجىنىڭ ئائىلىسىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەننى تۇتۇپ ئايرىپ، كوچا باشقارمىسىنىڭ كونا بىر ئامبىرىغا سولاپ قويدى. بۇ گەرچە قانۇنلۇق قولغا ئېلىش بولمىسىمۇ، ئەمما يەنىلا تۇتۇپ تۇرۇش ھېسابلىناتتى. بۇ ئىش نۇراجىنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىدىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار ئوقۇمۇشلۇق ئوغلى شاكىرجاننىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىدى، بولۇپمۇ كېسەلچان چوڭ ئانىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىككى نارەسىدە بالىسىنىڭ سولانغانلىقى ئۇنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىۋەتتى. ئۇ ئامبارنىڭ ئىشىكىنى تېپىپ، مۇشتلاپ نارازىلىق بىلدۈردى، نۇراجى بولسا كىمنىدۇر دۇئايىبەند

قىلماقچىدەك بىرنەرسىلەرنى ئوقۇپ: «بۇ ئەلەم ـ خورلۇقنى خۇداغا قويدۇم!» دەپ نالە ـ زار قىلدى.
بۇ غوۋغا ئاخىر نۇراجىنى قولغا ئېلىش بىلەن ۋاقىتىنچە بېسىققاندەك بولدى.
ئەمما، ئاستا ئاققان دەريانىڭ يۈزى جىمجىت كۆرۈنگەن بىلەن، ئاستىنقى ئېقىنى شىددەتلىك بولغاندەك بۇ ۋەقە توغرىسىدىكى مۇلاھىزە بېسىقمىدى. بولۇپمۇ، ئايۇپقارى مەسچىتتە، زاھىر ھاجى ئۆز ئۆلپەتلىرى ئارىسىدا ۋايساپ، دادلاپ سۆزلىگەچكە، بۇ ئىش ھەش ـ پەش دېگۈچە شەھەرنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە تارقىلىپ نۇراجى ئائىلىسىگە نىسبەتەن بىر خىل ئومۇمىي ھېسداشلىق كەيپىياتىنى شەكىللەندۈردى. «ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچسە يىڭنىمۇ تۆۋرۈككە ئايلىنىدۇ» دېگەندەك تېخى بۇ خەۋەر تارقالغانسېرى يوغىناپ، ۋەھىمىسى ئېشىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نۇراجىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن يار ـ بۇرادەرلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن يۇقىرىغا ئەرز سۇنۇپ، نۇراجىغا يانتاياق بولدى.
ئەرز ـ شىكايەتلەر كۈچ كۆرسەتتىمۇ ياكى نۇراجىنى داۋاملىق قاماپ قويغۇدەك سەۋەب تېپىلمىدىمۇ، ئىشقىلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن نۇراجى قويۇپ بېرىلدى. تۈرمىدىن چىققان نۇراجىنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر بۇرۇنقى ئەلپازىدىن ئەسەر يوق، خۇددى پېتى چۈشۈپ كەتكەن سامان قەغىزدەك سالپىيىپ قالغانىدى. ئۇ چىقىپلا ئۇن ـ تىنسىز ئۆيىنى بوشاتتى، ئۈچ كۈندىن

كېيىن ئۇنىڭ قورۇ ـ جايى چېقىلىشقا باشلىدى. بۇ ئىش ئەمدى سەلەي قاداقچىنى ئالدىرىتىپ قويدى، ئۇ نۇراجىنىڭ تام قوشنىسى بولۇپ، ئۇنىڭ غېرىب كەپىسى نۇراجىنىڭ ئۆيىگە چاپلاپ سېلىنغانىدى. تىرىكچىلىك ۋەسۋەسىسى چىنە قاداقچىنى يەنە تۇرمۇش قايىنىمىغا تارتىپ كەتتى، ھەر كۈنى ئالدىراشچىلىق، تەشۋىش، يوقسۇزلۇق، ئەتىدىن ـ كەچكىچە يۈگۈر ـ يۈگۈر....

## 17

ئانا ھەققىدە قانچىدىن ـ قانچە رومان ۋە قىسسەلەر، شېئىر ۋە داستانلار يېزىلمىغان! ئەمما شۇنچە كۆپ يېزىلغان بولسىمۇ، بەرىبىر كەم. چۈنكى، ھەربىر پەرزەنتنىڭ يۈرىكىدە ئۆز ئانىسى ھەققىدە پەقەت ئۆزىلا يازالايدىغان، ئەمما خۇدا يېزىش ماھارىتىنى نېسىپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈنلا يازمايۋاتقان ئۆز رومانى، ئۆز قىسسەسى، ئۆز شېئىرى ۋە ئۆز داستانى بولىدۇ!

ئابدۇش ئانىسىنىڭ كۆزىگە قارىدى، غىجىم ـ غىجىم قورۇق باسقان بۇ كۆزلەردىن نۇر كەتكەن، بىر چاغلاردىكى بۇلاقتەك تىنىق، يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدىغان بۇ چىرايلىق، مۇلايىم كۆزلەر ھازىر خىرە يېنىپ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە مىت ـ مىت قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ كۈنلەردە ئۇ خېلىلا جۇدەپ، قېرىپ، پىشىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. سىنچىلاپ قارىسا، يۈزىدە باقىي ئالەمنىڭ شەپىسى كۆرۈنگەندەك قىلىدۇ.

www.uygurkitap.com

— ئوغلۇم، ئېسىڭدە چىڭ تۇت! — دېدى ئانا زەئىپ، ئەمما مۇلايىم ئاۋازدا. بۇ ئاۋاز ئابدۇشقا بەكمۇ قەدىردان، بۆشۈكتە ياتقان چېغىدىن تارتىپ قان - قېنىغا، جان - جېنىغا سىڭىپ كەتكەن يېقىملىق ئاۋاز ئىدى، — دېسەم - دېمىسەم پىشىپ قالدىم. ئۆجمىدەك تۆكۈلىدىغان ۋاقتىم كېلىپ قالدى... ساڭا دەيدىغان بىرىنچى گېپىم: ياخشى كۆڭۈلنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، تاۋۇتۇمنى ئۆزۈڭلا قەبرىستانلىققا ئېلىپ ماڭماي، شەھەرنى ئايلىنىپ مېڭىڭلار... ئادەملەر كۆرسۇن، بىلسۇن... كۆيىدىغىنى، سۆيىدىغىنى، يىغلايدىغىنى بار ئىكەن دېسۇن...— ئابدۇشنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، ئەمدى بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا ئادەم بالىسىنىڭ ئاۋازى ئەمەس، ئاللىقانداق نازۇك بىر كۈينىڭ مۇڭ - زارىدەك ئاڭلاندى، ئانا ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ شۇ يوسۇندا سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ دۇنيا شۇنداق، بالام! بىرىگە ھۇزۇر - ھالاۋەت بەرسە، بىرىگە قايغۇ - ئەلەم بېرىدۇ، سەن ئۇنى ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەيسەن! شۇڭا، ساڭا دەيدىغان ئىككىنچى گېپىم: بۇنداق بوغنۇقۇپ ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرمەي، دوستلىرىڭ، يېقىنلىرىڭ بىلەن بازارلارنى، باغچىلارنى، دەريا بويلىرىنى ئايلان، كۆكسى - قارنىڭ ئېچىلىپ قالىدۇ، بۇنداق كېتىۋەرسەڭ مىتە يېگەن بۇغدايدەك ئىچىڭدىن كېتىپ قالىسەن!...

تۇرۇپلا ئابدۇشنىڭ ئىچى ئېچىشىپ، كۆڭلى ئاللىقانداق بولۇپ كەتتى، ئانىسىنىڭ — بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئەزىز، ئۇلۇغ، مۆتىۋەر بىر ئىنساننىڭ شۇ ھالەتتە تۇرۇپمۇ يەنە ئۆزىنى ئەمەس، بەلكى يېقىنىدىن بىرى غەم -

قايغۇغا پېتىپ قالغان ناتىۋان ئوغلىنىڭ تەقدىرىنى ئويلاۋاتقانلىقى ئۇنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرغانىدى. «ئانا، جېنىم ئانا! سەن ئۆزۈڭنى ئويلىساڭ بولمامدۇ!؟ سەن بەكمۇ بېچىرىم، يېتىشلىك ئايال ئىدىڭ، ھازىر نېمە بولۇپ كەتتىڭ ـ ھە؟! سېنى مۇشۇ ئائىلىنىڭ مۇشكۈل، جاپالىق ئىشلىرى بىلەن پۈتمەس ـ تۈگىمەس غەم ـ غۇسسىلىرى خورىتىپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى!»

ئابدۇش كۆڭلىدە ئويلىغان بۇ گەپنى ئېيتالمىدى، يۈرىكىنى چوغ بولۇپ كۆيدۈرۈۋاتقان بۇ گەپ بوغۇزىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ گەرچە ئۇنچىقمىغان بولسىمۇ، كۆڭلىدىن بىر ئالەم گەپلەر كېچەتتى.

ئابدۇش ئاكىسى بىلەن بولغان ئاشۇ كۈنكى جېدەلدىن كېيىن بۇ ئۆيدە ئۆزىنى بەكمۇ يالغۇز، غېرىب ھېس قىلدى. ئاكىسى ئۇنىڭغا ماي تارتىپ، كۆرگەنلا يەردە غۇدۇراپ ئاداۋەت ساقلاپ كەلدى، بۇنىڭغۇ چۈشەنگىلى بولىدۇ، ئەمما دادىسىنىڭ قىلىقى ئۇنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. شۇ ئىشتىن كېيىن زاھىر ھاجى ئۇنىڭغا چىراي ئاچمىدى، چىشىنى يېرىپ گەپ قىلمىدى، كوچا ـ كوي، ھويلا ـ ئارامدا كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، يۈزىنى بۇراپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئىشلارنى ئاستىرتىن سېزىپ، كۆزىتىپ يۈرگەن ئانا بۇگۈن ئابدۇشنى چاقىرىپ ئاشۇ گەپلەرنى قىلغانىدى. ئانا قەلبى ياش، جاپاكەش ئوغلىنىڭ بىھۇدە، بىمەھەل دەردكە چېقىلىپ كېتىشىنى خالىمايتتى.

توغرا، ئانىسىنىڭ ئېيتقىنى ھەقىقەتەن توغرا. بۇ دۇنيانىڭ غەم ـ غۇسسىلىرىنى چۇرۇۋېتىپ، كۆڭۈلنى

www.uyghurkitap.com

ئەركىن ـ ئازادە تۇتۇپ ياشاش كېرەك! دەرد ـ ئەلەم دېگەن مىتە قۇرتقا ئوخشاش، ئادەمنى ئىچىدىن يەيدىغان نەرسە. سەن بوش تۇرساڭ، خۇددى ئۈششاق قۇرت ـ قوڭغۇزلار يوغان ئاسلاننى تالىغانغا ئوخشاش سېنى كاردىن چىقىرىۋېتىدۇ!

شۇ خىياللار بىلەن ئابدۇش بىر دىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك كۆڭلى ئېچىلىپ، ئۆزىنى تالاغا ئۇردى. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۆزىنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرى ئۆتكەن تۇمەنكۆل بويىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنى بەكمۇ خۇشال ھەم يېنىك سەزدى، بۇ يەرگە قانداق چىقىپ قالغىنىنىمۇ بىلمەي قالدى. شۇ تاپتا، ئۇ ئۆزىنى گويا ئېگىز قىيادىن ئاتلاپ ئۆتكەندەك ھېس قىلاتتى.

ئابدۇش بالىلىق چاغلىرىنى ئەسلەپ كەتتى. بالىلىقنىڭ بىغۇبار ئەينىكى شۇنداق تىنىقكى، ئانچە ـ مۇنچە چاڭ قونغىنى بىلەن ئۇ خىرە بولۇپ قالمايدۇ. بولۇپمۇ، بۇ يەردىكى مەيىن ھاۋا ئۇنىڭ كەيپىياتىغا خاتىرجەم بىر روھ بەخش ئەتكەنىدى، بۇنداق خاتىرجەملىككە ئۇ خېلىدىن بېرى تەشنا ئىدى.

بالىلىق خۇددى تەبىئەتنىڭ سۈبھى چاغلىرىغا ئوخشايدۇ، تاڭدەك تىنىق، رىۋايەتتەك گۈزەل، ھەممە نەرسە سېھىرلىك، ياز پەسلىدە چۆمۈلىدىغان دەريامۇ، سازلىقتا، بېلىق، يىلان تۇتۇپ يۈرگەندە تۇساتتىن گۈلدۈرلەپ قالىدىغان چاقماق ـ چېقىنلارمۇ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ غول ـ ياپراقلىرىنى شىلدىرلىتىپ قويۇۋېتىدىغان يامغۇر ـ يېشىنلارمۇ شۇنداق كۆڭۈللۈك، شۇنداق ئارامبەخش...

تۇمەنكۆل ھازىر بۇ شەھەرنىڭ ساغلام ئۆپكىسىدەك يېشىللىق ئالىمىگە ئايلانغانىدى. دەريانىڭ نېرىقى ساھىلىدىكى ياپيېشىل كەڭلىكلەر شېشە رەڭ تۇستە يالتىرايتتى. تۆت ئەتراپ بىپايان كەڭلىك، تىنىق كۆك ئاسمان گۇمبىزىنىڭ ئۇپۇقتا تۇتاش گەردىشى ئاچ يېشىل رەڭدە تاۋلىناتتى. ھاۋا خۇش ھىد، مەيىن، چاڭ ـ توزان، غۇباردىن ئەسەر يوق، قۇياش قىزدۇرۇپ بىزار قىلمايدۇ — جىلۋە قىلىدۇ، ئەركىلەيدۇ، ئەللەيلەيدۇ. دەل ـ دەرەخ شاخلىرىدا چۇۋۇلداپ يۈرگەن جانىۋارلار قانداقتۇر كۆرۈمسىز، جاپ ـ جاپ قۇشقاچلار ئەمەس، بەلكى خۇش ناۋا تورغايلار، يول بويلىرىدا شىلدىرلاپ ياتقان ئۇيۇم ـ ئۇيۇم بەرگىلەر قانداقتۇر ئۆمرى پايانىغا يەتكەن غازاڭلار ئەمەس، بەلكى بىرپەس يەرگە باش قويۇپ مۇگدەشكە ھازىرلانغان ھارغىن غۇنچە ـ چېچەكلەر...

ئۆز ۋاقتىدا «ئىت پوقى» دەپ ئاتالدىغان دەريا ساھىلىدىكى سازلىقلار بىلەن «دۆڭباغ» دەپ ئاتىلىدىغان قاقاس يارلىقنىڭ بۇرۇنقى تاشلاندۇق قىياپىتىدىن ھازىر ئەسەرمۇ قالمىغان، بۇ يەرلەر ھازىر گۈزەل، سالقىن، قايناق سەيلىگاھقا ئايلىنىپ كەتكەنىدى...

ئابدۇش ئەتراپقا قاراپ، ئانا يۇرتىنىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى، تەبىئىتىنىڭ بىتەكرارلىقىنى ھېس قىلدى، يۈرىكىدە غۇرۇر ئويغاندى. ئۇ بىرنەرسىگە ھەيران: ئىلگىرىمۇ بۇ يولدىن ماڭغانىدى، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ئەمدى تۇنجى قېتىم مېڭىۋاتقاندەك بولماقتا، ھەممە كۆرگەنلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى — يولمۇ، سۈزۈك سۇلۇق ئېرىقمۇ، كۆز يەتكۈسىز كۆلمۇ،

يىراقتىكى تاغلارمۇ، ئەتراپتىكى كوچا ـ مەھەللىمۇ...
هايات شۇنداق، ئۇ ھەرگىز بىر ئىزدا توختاپ قالمايدۇ، ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ. دەريامۇ ھاياتقا ئوخشىشىدۇ، ئۇنىڭ ھەرىكىتى تىنمايدۇ، ئەمما نامى يەنىلا شۇ تۇمەن، تۇمەن...
تۇمەن دەرياسىدىن ھاسىل بولغان بۇ ئەزىم كۆلدىن مەيىن شامال كۆتۈرۈلۈپ، قاغجىرىغان شەھەر باغرىنى كىبزىشكە باشلىدى، كۈنبويى ئىسسىقتىن ئۆزىنى دالدىغا ئالغان قۇشلار نەغمىسى ئەۋجىگە چىقتى. كۆكنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇت پارچىلىرى گويا كۆلگە سۇ ئىچكىلى چۈشكەندەك سۇ يۈزىدە ئۈزۈشكە باشلىدى. ئەتراپ غاۋۇر ـ غۇۋۇر بىلەن تولۇپ، دەقىقىسىرى ھەممە ياق جانلىنىشقا باشلىدى. ئۇششاق باللارنىڭ شوخ كۈلكىلىرى بىلەن كۆلدە ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىدىكى سەيلىچىلەرنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى شىپاڭلاردىن تارقىلىۋاتقان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ يېقىملىق كۈيلىرىگە ھەمئاھاڭ بولۇۋاتاتتى.
ئابدۇشنىڭ باللىق، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى مانا شۇ ئانا دەريا، ئانا كۆل بويلىرىدا ئۆتكەن. شۇڭا، بۇ مەنزىرىلەر ئۇنىڭغا بەكمۇ تونۇش ھەم قەدىردان ئىدى. چەت ئەلدە يۈرگەن مۇساپىرلىق، غېرىبلىق چاغلىرىدا، مانا شۇ جايلاردا قالغان بىغەم، بىئازار باللىقىنى بەكمۇ سېغىنغان، گۈل ـ گىياھ، ئوت ـ چۆپلەر قىياق تارتقان مانا شۇ گۈزەل ساھىللارغا ئۇچۇپ كەلگۈسى كېلىپ كەتكەنىدى. ئابدۇشنىڭ كۆز ئالدىدا ھەمىشە پىستە ماغزىدەك ئاچ يېشىل قىر ـ ئېدىرلار قۇچاق ئېچىپ،

ئۇنى باغرىغا چاقىرىۋاتقاندەك مەنزىرە ھاسىل بولاتتى.

بۇ مەنزىرىلەرنى ئۇ يالغۇز چەت ئەلدىلا ئەمەس، بەلكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما دادىسىنىڭ يولسىز تەلىپى بىلەن ئۈرۈمچىگە بارماي، دادىسىنىڭ ئارقىسىدا ناھىيەمۇناھىيە، يېزىمۇيېزا، بازارمۇبازار خاكسار يۈرۈپ، سودىنىڭ، تىجارەتنىڭ، پۇل تېپىشنىڭ ئېپىنى ئۆگىنىۋاتقان كۆڭۈلسىز، تىنچسىز كۈنلىرىدىمۇ ئەسلىگەن، سېغىنغانىدى...

ئابدۇش بالىلىق چاغلىرىدا تەبىئەتتىن ئۆزىگە خۇشاللىق، ئەرمەك ۋە روھىي مەدەت ئالغاندەك، ھازىرمۇ تەبىئەتتىن ئۆزىگە ھۇزۇر - ھالاۋەت، كۈچ - قۇۋۋەت ۋە روھىي تەسەللى تېپىۋاتاتتى.

ئالاھازەل بىر ەر - يېرىم سائەت ئۆتكەندە، ئابدۇش ئاستا - ئاستا تۇمەنكۆلدىن ئايرىلىپ، چوڭ يولنىڭ ئۇ قاسنىقىدىكى «دۆڭباغ سەيلىگاھى»غا قاراپ ماڭدى. بۇ شەھەردە «دۆڭباغ»قا ئوخشاش يارلىق ئۈستىدە بەرپا قىلىنغان باغلار ئاز ئەمەس ئىدى. ئالايلى، يارباغ، تۆرەيارباغ، كەرەمباغ، چىنەباغ، دۆلەتباغ، نەزەرباغ، شامالباغ... ئەجدادلىرىمىز ئۈزاق يىللىق تىرىكچىلىك مۇساپىسىدە، ئەنە شۇنداق سالما - كەسلەنچۈكلەر ئۇۋا قىلغان تىك - تىك يارلارنى كەسلەپ، تۈزلەپ، ھەر خىل ئاماللار بىلەن سۇ ئاچىقىپ، بوگۈنكىدەك جەننەت ماكان باغلارنى ئاپىرىدە قىلغانىدى.

ئابدۇش ئەمدى يىلان باغرى تاش پەلەمپەيلەردىن كۆتۈرۈلۈپ، «دۆڭباغ»نىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە چىقتى. بۇ

يەردىن شەھەرنى خېلى تولۇق كۆرگىلى بولاتتى. بولۇپمۇ، بۇنداق ھاۋا ئوچۇق، ئاسمان سۈزۈك چاغلاردا خۇددى ئالىقاندىكى قاشتېشى ئويمىسىدەك ئېنىق كۆرۈنەتتى.

شۇ تاپتا، ئابدۇشنىڭ كۆز ئۆڭىدە تۈمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسى قوينىغا ئېلىپ تۇرغان يار بېشىدىكى بۇ بوستانلىق شەھەرنىڭ ئەسلىدىكى ئىخچام ئوبرازى نامايان بولغاندەك بولدى.

ئەنە، ئۇنىڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان تىك يارلىقتا بۈگۈنكى سەرخىل يادىكارلىقلارنىڭ بىرى بولغان «كوزىچى يارىبېشى» سۈلەت تۆكۈپ تۇرۇپتۇ. ئابدۇش بىئىختىيار شۇ تەرەپكە قارىدى، قارىدىيۇ، گويا بۇ مەنزىرىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ھەيرانلىق ئىچىدە ھاياجانلاندى. بۇ يەر قەدىمدىن «كوزىچى يارىبېشى» دېگەن نامدا ئاتىلىپ كېلىۋاتقان تىك يارلىق ئۈستىدە ئاپىرىدە بولغان كونا مەھەللە ئىدى.

بىر قارىساڭ بۇ ئۆيلەر كىشىگە خۇددى ئېگىز يارلىقتىن سىيرىلىپ چۈشۈپ توختاپ قالغاندەك ۋە ياكى ھېلىلا يەر قەرىگە غۇلاپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. بۇ يەردە ئادەم ياشايدىغانلىقىنى ئويلىسا ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنەتتى. چەتتىن كەلگەنلەر بۇ يەرگە قاراپ بېشىنى چايقايتتى، تىلىنى چاكىلدىداتتى، ھەيران بولغىنىدىن ئۇزاققىچە سۈكۈتكە چۆمەتتى...

يوغان ۋە ئېگىز تامغا سىزىلغان چاتما رەسىملەردەك كۆرۈنىدىغان بۇ ئۆي ـ ئىمارەتلەر بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى، بىرىنىڭ يېنىغا بىرى تاپ باستۇرۇپ ئۆرە

بولغانلىقى ۋە بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرىنى دەسسىتىلەپ قويغان لاي قونچاقلاردەك كۆرۈنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئادەم ئۇنى ئېنىق كۆرۈشكە ئامالسىز ئىدى، كۆزلەر ئالا چەكمەن بولاتتى، تورلىشاتتى.

بۈگۈنكى كۈندە مەيلى قاھىرە، مەيلى ئىستانبۇل، مەيلى شىئەن ياكى تيەنجىندە بولسۇن، بۇنداق مەغرۇر، بۇنداق غۇۋا، بۇنداق ئاجايىپ ۋە بۇنداق سەلتەنەتلىك ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى تاپقىلى بولمايتتى. تەڭرى ياراتقان بۇ ئېگىز ـ پەس زېمىندا ئادەملەر ئۆز قولى بىلەن ئەنە شۇنداق يارىشىملىق گۈزەل سەنئەت ئەسىرىنى ياراتقانىدى. بۈگۈنكى زاماندىكى ھەرقانداق بىر سەنئەتكارنىڭ بۇنداق نادىر ئەسەرنى يارىتىشقا قۇربى يەتمەيتتى. شۇڭا، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا چېقىلىشقا، ئۇنىڭ ئاشۇ قەدىمىي، تەبىئىي تۈرقىنى ئۆزگەرتىشكە پېتىنالمايتتى.

«تارىخ دېگەن مانا شۇ!ــ دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى ئابدۇش،ــ ئۇ مانا شۇنداق كونا كوچا، كونا مەھەللە ۋە ئەسكى ـ تۈسكى ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئىچىدىن چاقناپ چىقىدۇ!...»

ئابدۇش ئىككى يىل بۇرۇن ئىستانبۇلدىكى «توپقاپى» قەدىمىي قەلئەسىنىڭ سېپىلى ئۈستىگە چىققاندىمۇ ئەنە شۇنداق ھېسسىياتتا بولغانىدى. بۇنىڭدىن بەش ئەسىر بۇرۇنقى رۇم ئىمپېرىيەسى ۋاقتىدا سېلىنغان كاتتا سېپىل تېخىچە بۇرۇنقى قىياپىتى بىلەن ھۆسنىنى يوقاتمىغانىدى. سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر سالغان ئابدۇشنى ئىستانبۇلنىڭ مەنزىرىسى، بۈگۈنى

بىلەن ئۆتمۈشى ھەقىقەتەنمۇ ئۆزگىچە جەلپ قىلغانىدى. تۇرۇپلا ئۇنى يىراق ئۆتمۈشنىڭ غۇۋغالىق خاتىرىلىرى ئىچىگە ئەكەتسە، تۇرۇپلا كەلگۈسىنىڭ شىرىن غايىلىرى بىلەن بۈگۈننىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى ئىچىگە سۆرەپ كىلەتتى...

شۇ تاپتا، ئابدۇشنىڭ خىيالىدىن ئۆتكەن «توپقاپى» قەلئە سېپىلى بىلەن كۆز ئالدىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان «كوزىچى يارىپشى» ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بىر تارىخىي مەكتەپ، ئۆز باغرىدا ئەجدادلارنىڭ نۇرغۇن سىر ۋە ھەقىقەتلىرىنى يوشۇرغان تىلسىماتلىق دۇنيا ئىدى. بۇلار پەۋقۇلئاددە يۈكسەك سەۋىيىگە يەتكەن، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان قۇرۇلۇشلاردىن ئىدى. بۇ ئاددىي ۋە پەرۋاسىز كۆرۈنۈشلەردە چوڭقۇر مەنە بىلەن ئىپادىلىنىدىغان گۈزەللىك ۋە ئۇلۇغۋارلىق بار ئىدى...

ئابدۇش ئەمدى نەزىرىنى «كوزىچى يارىپشى»دىن ئېلىپ، شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى ھېيتگاھ جامەسىگە ئاغدۇردى.

جامە ئۇ يەردە جىمجىت قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. كۆك ۋە سېرىق رەڭ ئۇنىڭ ئاددىي ـ ساددا، ئەمما ھەيۋەتلىك قىياپىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. جامەنىڭ مۇنار، گۈمبەزلىرى شۇنداق كۆركەم، شۇنداق سىپتە زىننەتلەنگەچكە، ئاپتاپلىق ئوچۇق ئاسماندا شۇنچىلىك چىرايلىق، شۇنچىلىك ئوچۇق كۆرۈنەتتى. ئۇن يەتتە مىڭ كىۋادرات مېتىر كۆلەمنى ئىگىلىگەن، ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى قىرىق ـ ئەللىك مىڭدەك ئادەم سىغىدىغان



www.uyghurkitap.com

ھېيتگاھ جامەسى ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن ئۇزۇن يىللىق تارىخنىڭ بىرىكىشىدىن بارلىققا كەلگەن بىر نامايەندە ئىدى.

جامەنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۇچما مۇنارنىڭ ئۈستىدىن ھەر كۈنى تاڭ سۈبھىسىدىن تۈن قاراڭغۇسىغىچە بەش قېتىم مەزىنىنىڭ ناخشىدەك ياڭراق، مۇناجاتتەك مۇڭلۇق، تىترەك ئاۋازى كونا شەھەرنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە تارقىلاتتى. بۇ مۇقەددەس ئاۋاز ئەسىرلەردىن بېرى ئۈزۈلۈپ باقمىدى. كىشىلەرنى ئويغاقلىققا، پاكلىققا ۋە ئەقىدە ـ ئېتىقادقا چاقىرىدىغان بۇ ئاۋاز تۈمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ ھەسرەت ـ نادامىتىنى، شەھەرنى ئىسكەنجىگە ئالغان يىلان باغرى سېپىللارنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئىزتىراپلىرىنى ۋە مۇشۇ زېمىندا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد ياشاپ كېلىۋاتقان جاپاكەش خەلقلەرنىڭ بىھېساب قايغۇ ـ ھەسرىتى بىلەن شاد ـ خۇراملىقلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە يۇغۇرۇپ، تارىخنىڭ ئۈزۈلمەس بىر مېلودىيەسىنى ياراتقانىدى.

ھەر يىلى ئۆكسۈمەي كېلىدىغان روزا ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە جامە ئالدىدىكى ھېيتگاھ مەيدانى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمەتتى. جامەنىڭ ئېگىز پەشتىقىدا چېلىنىدىغان ناغرا، سۇنايىنىڭ شادىيانە ئاۋازى كىشىلەرنى خۇشاللىققا، ھاياجانغا چۆمدۈرۈپ، ئىختىيارسىز ساماغا چۈشۈرەتتى. يۈزلىگەن ئادەمنىڭ بىر مەيدانغا توپلىشىپ، ئۆز دائىرىسى ئىچىدە خۇددى بىر ئادەمدەك رەتلىك، رىتىملىق ئايلىنىۋاتقانلىقىنى

كۆرگەن ئادەم ھەيران قالاتتى ۋە ئۇلار بىلەن ھېيتنىڭ پەيزىنى سۈرەتتى.

ھازىرقى ھېيتگاھ بىلەن جامەنىڭ بۇنداق جەلپكار، جەزبىدار مەنزىرىسى بىرنەچچە ئەسىردىن بۇيانقى بىرنەچچە قېتىملىق ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش ۋە يېڭىلاشنىڭ قۇتلۇق مەھسۇلى ئىدى...

ئابدۇشنىڭ خىيالى ئاستا ـ ئاستا يىراقلارغا پەرۋاز قىلدى. شۇ تاپتا گويا تارىخ بىرنەچچە دەقىقە ئارقىغا قايتقاندەك، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كونا شەھەرنىڭ ئۆتمۈشى خاتىرە سەھىپىلىرىدەك ۋاراقلىنىشقا باشلىدى...

※ ※

كىشىلەر «كونا شەھەر» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان بۇ شەھەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىردە تۈمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى يار بېشىدا بىنا بولۇشقا باشلىغانىدى. ئۇ يالغۇز قەدىمىي، تارىخىي ۋە ئەزىزانە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھەرقانچە قارىسىمۇ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان مەشۇقىنىڭ كۆزىدەك سىرلىق ئىدى. قارىماققا تويپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل كوچا، مەھەللىلىرىدىن غۇربەتچىلىك كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بۇ شەھەرگە نەچچە ئەسىرنىڭ روھى، نەچچە خان ـ پادىشاھلارنىڭ قەھرىلىك سىياقى، نەچچە ئەۋلاد ئاۋام خەلقنىڭ ئۇلۇغۋار ئىستەكلىرى بىلەن قان ـ تەرى سىڭگەنىدى.

شەھەر مەزكىرىدىكى «ھېيتگاھ» ئاتالمىسى بىلەن شۆھرەتلەنگەن كەڭرى مەيدان ۋە كۆركەم جامە خۇددى ئالتۇن ئۈزۈككە ياراشقان ياقۇت كۆزدەك جۇلالىنىپ، بەش يۈز يىلدىن بېرى بۇ شەھەرنىڭ ئىپتىخارىغا، خەلقىنىڭ تىلتۇمارىغا ئايلىنىپ كەلدى. تارىختىن بېرى شەھەر دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ھەر قېتىملىق ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش ۋە كېڭەيتىش قۇرۇلۇشلىرىمۇ ئەنە شۇ ھېيتگاھ بىلەن جامەنى مەركەز قىلدى. شۇڭا، ئۇ يۈكسىلىپ گۈزەللەشسە گۈزەللەشتىكى، ھەرگىز خۇنۈكلىشىپ قالمىدى. ھېيتگاھنىڭ ئەتراپىدىكى كوچىلار شۇنداق ئىرماش - چىرماش، شۇنداق خىلمۇخىل ئىدىكى، بەئەينى يۈرەكتىن تارقىغان قان تومۇرلاردەك تەرەپ - تەرەپكە ھاياتىي كۈچ بېغىشلايتتى.

ھېيتگاھنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان «قاراڭغۇ رەستە» ئەنە شۇنداق ھاياتىي كۈچى قايناپ تاشقان سودا - سېتىق مەركىزى ئىدى. ئۈزۈندىن - ئۈزۈنغا سوزۇلغان بۇ رەستىنىڭ ئۈستى باشتىن - ئاخىر ياغاچ ۋە بورا بىلەن باستۇرما قىلىپ يېپىلغانلىقتىن، رەستىگە كۈن نۇرى چۈشمەي كۈنبويى غۇۋا تۇراتتى. شۇڭا، كىشىلەر «قاراڭغۇ رەستە» دەپ ئاتىشاتتى. ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق دۇكىنى بار داڭلىق بۇ رەستىدە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ جاڭدەن، خاڭدەن، شاخادەن دەپ ئاتىلىدىغان ھەر خىل تاۋارلىرى، روسىيەنىڭ موۋۇت، دىراپ، زەرباب قاتارلىق ماللىرى؛ ھىندىستاننىڭ ئاق خەسە، مىسقال داكا، تەتىللا ۋە رەڭمۇرەڭ كالۋۇتۇن يىپلىرى؛ يۇرتىمىزنىڭ شايى - ئەتلەس ۋە بەقەسەملىرى سېتىلاتتى. قىسقىسى،

www.uyghurkitap.com

دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېپەك ماللىرى بۇ يەردىن تېپىلاتتى...

«قاراڭغۇ رەستە»دىكى سودا ـ سېتىقنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، بۇ يەردە «ھىندى سارىيى»، «موللاخۇن ھاجىم سارىيى» ۋە «يۇسۇپ قوقەنت سارىيى» قاتارلىق سودا سارايلار پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردىكى ئاۋاتچىلىق چارەك كەم بىر ئەسىر داۋاملىشىپ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا خارابلىشىشقا يۈزلەندى.

ھېيتگاھنىڭ شەرق تەرىپىدە ــ «قاراڭغۇ رەستە» بىلەن قىيا بېقىشىپ تۇرىدىغان «ئوردائالدى» دەپ ئاتىلىدىغان كەڭرى بىر سەينا بار. بۇ ئىسمىنىڭ ئۆزىدىنلا بۇ يەرنىڭ تارىختىن بۇيان ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ ئوردا قەسرى بولغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

بۇ سەينانىڭ غەرب تەرىپىدە 1830 ـ يىلى سېلىنغان «ئۆمەر ھېكىمبەگ مەدرىسە»سى بولۇپ، بۇ ھەشەمەتلىك مەدرىسىدە يىراق ـ يېقىندىن كەلگەنلەر ئىلىم تەھسىل قىلغان. سەينانىڭ شەرق تەرىپىدە چوڭ بىر كۆل بار. كىشىلەر بۇ كۆلنى «قوزۇق كۆل» دەپ ئاتايدۇ. قىزىق، كۆل دېگىنىمىزغۇ كۆل، «قوزۇق» دېگىنى نېمىسىدۇ؟ ئەسلىدە، بۇ كۆلنىڭ ئورنى قومساڭغۇ يەر بولۇپ، كۆل كولاش تەسكە توختىغان، ئەمما ئىشلەمچىلەر بۇنىڭمۇ ئامالىنى قىلغان ــ ئەتراپىقا يۇمىلاق دائىرىدە نۇرغۇن قوزۇق قېقىپ، قوزۇقلارنى تال چىۋىقلار بىلەن توقۇپ، ئاخىرى كۆلنى كولاپ پۈتتۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا «قوزۇق كۆل» دەپ نام قويۇپ قويغان.

دەل ئەنە شۇ «قوزۇق كۆل»نىڭ باش تەرىپىدە ــ

«ئوردائالدى» بىلەن ھېيتگاھ مەيدانى ئارىلىقىدىكى جايدا «ئەلچىخانا» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر داڭدار رەستە بار.

1872 ـ يىللىرى «قومكوچا» دەپ ئاتىلىدىغان جايغا سېلىنغان بىر يۇرۇش يېڭى ئۆي ـ ئىمارەتلىرى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بۇ يەر ياقۇپبەگ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەردە چەت ئەللىك ئەلچىلەر، ساياھەتچىلەر ۋە سودىگەرلەر كۈتۈلىدىغان ئورۇنغا ئايلانغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسلىدىكى «قومكوچا» دېگەن نامىنىڭ ئورنىغا «ئەلچىخانا» دېگەن ئىخچام نامنى بەرگەن. ئەمما، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى بەربات بولغاندىن كېيىن بۇ يەرنىڭ «ئەلچىخانا»لىق ۋەزىپىسى تۈگەپ ئاۋات بازارغا ئايلانغان. كىشىلەر تەرىپىدىن «ئەلچىخانا رەستىسى» دەپ ئاتالغان بۇ بازاردا تۇرمۇشقا لازىمەتلىك چەرچىنمال — دورا ـ دەرمەك، چاي، رەڭ ۋە قەنت ـ ناۋاتتىن باشقا، ئاشپەز، ناۋاي، موزدۇز، زەرگەر، ساماۋارچى، كۆنچى قاتارلىق ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارمۇ جاھانسازلىق قىلغان...

ئەمدى بىز نەزىرىمىزنى ھېيتگاھنىڭ شىمالىغا ئاغدۇرساق، ئۇ يەردىمۇ «ئەنجان رەستىسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئاۋات بىر بازارنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز.

ئەسلىدە بۇ يەر شەھەردىكى بىر قىسىم كاتتا بايلارنىڭ زاراتگاھلىقى ئىدى. كېيىن شەھەر كېڭەيتىلىپ، «تاشقىرىقى شەھەر» دەپ ئاتىلىدىغان نۇرغۇن جايلار سېپىلنىڭ ئىچىگە ئېلىنغاندا، يېڭى ئېچىلغان «يارباغ دەرۋازىسى»نىڭ ئىككى قاسنىقى بارا ـ بارا ئاۋاتلىشىپ، «تاشباي مەھەللىسى»، «سائادەتباي مەھەللىسى» دېگەن

ئىككى مەھەللە شەكىللەنگەن. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي قوزغالغان «يەتتە خوجا يېغىلىقى» دەۋرى بىلەن ياقۇپبەگ زامانىسىدا فەرغانىدىن تۇركۇملەپ كۆچۈپ كەلگەن ئۆزبېكلەر ئاستا ـ ئاستا مۇشۇ ئىككى مەھەللىگە سىڭىپ ئولتۇراقلاشقان. قەشقەر خەلقى ئۆزبېكلەرنى «ئەنجانلىق» دەپ ئاتىغاچقا، كېيىنچە ئۇلار ئولتۇراقلاشقان ئىككى مەھەللىنىڭ نامى «ئالدى ئەنجان كوچىسى»، «ئارقا ئەنجان كوچىسى» دەپ ئاتالغان.

«ئالدى ئەنجان كوچىسى»نىڭ روبىروسىدىكى ئۇزۇنىسىغا كەتكەن تار كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بايلارنىڭ تۆت ئورۇندا سودا سارىيى، ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ يۈزگە يېقىن دۇكىنى بار ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە، قوقەنت خانلىقىدىن ھەر خىل سەۋەبلەر ــ ئاچارچىلىق، سودا ۋە ھەربىي مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۆزبېكلەرنىڭ كۆپچىلىكى بۇ كوچىغا چوڭ ـ كىچىك دۇكانلارنى ئېچىپ، ھەر خىل سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا، بۇ كوچا «ئەنجان رەستىسى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەتكەن. 1930 ـ يىلى بۇ رەستە ئىككى قېتىم چوڭ كۆلەملىك ئوت ئاپىتىگە يولۇققان؛ 1934 ـ يىلىدىكى «فېۋرال پاجىئەسى»دە ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭىغا ئۇچراپ ۋەيران بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ «ئەنجان رەستىسى» دېگەن نامى باشتىن ـ ئاخىر يوقالماي كەلدى.

ھەرقانداق قەدىمىي، تارىخىي شەھەرلەردە بار

بولغىنىغا ئوخشاش، بۇ شەھەرنىڭمۇ قەلئە قوۋۇقى — دەرۋازىلىرى بار ئىدى.

ئابدۇش ئىككى يىل بۇرۇن ئىستانبۇلدىكى «زەمبىرەك قوۋۇقى» دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمىي قەلئە دەرۋازىسىدىن ئۆتكەندە، ئۆز يۇرتىدىكى گەرچە جىسمى بولمىسىمۇ، ئىسمى ھازىرغىچە يادلىنىپ كېلىۋاتقان «توقۇقۇزاق دەرۋازىسى»، «سۇ دەرۋازىسى»، «قارىقى دەرۋازىسى» توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنى ئەسلىگەنىدى.

ئۇزاق يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا قەلئە تۇسىنى ئالغان ئىخچام بۇ شەھەرنىڭ يەر ئورنى ئېگىزلىكتە — شىمالدا جانقورغان ئېگىزلىكى، غەربتە يارباغ ئېگىزلىكى، جەنۇبتا ئارايار ئېگىزلىكى، شەرقتە ئورانتاي ئېگىزلىكى بولغاندىن تاشقىرى، ھاۋاسىنىڭ ساپلىقى، شەرقىي شىمال تەرەپتە ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆركەشلىك تۇمەن دەرياسى، غەربىي شىمال تەرەپتە بولدۇقلاپ تۇرىدىغان چەشمە بۇلاقلارنىڭ سالقىنلىقلىرى بۇ شەھەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقلىرىدىن ئىدى. بولۇپمۇ، جانقورغان ئېگىزلىكى شەھەر مۇداپىئەسى ئۈچۈن مۇھىم جاي بولۇپ، ئېگىزلىكلەرگە سوقۇلغان سېپىللار قەلئەنى مۇستەھكەم ئوراپ تۇراتتى.

يېڭى قەلئە بەرپا بولغاندا، شەھەرگە ئۈچ تەرەپتىن كىرىش - چىقىش ئېغىزى — دەرۋازا قويۇلغانىدى.

«توققۇزاق دەرۋازىسى» شەھەر سېپىلىنىڭ غەربىدىكى چوڭ ئېغىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى «ئۆستەڭبويى» دەپ ئاتالغان جاينىڭ ئەتراپى — «باغ كوچا»، «باغچە كوچا»، «جانان كوچا»، «ئېگىز ئېرىق

مەھەللىسى»، «قۇرۇق تېرەك مەھەللىسى»، «خەزىنىچىبەگ مەھەللىسى» قاتارلىق كوچا ـ مەھەللىلەر، باغلار بىلەن ئورالغانىدى. غەرب تەرەپتىكى يېزا ـ قىشلاقلاردىن، يەنى توققۇزاق يۇرتىدىن كېلىدىغانلارنىڭ قونالغۇ جايى «قوناق سارىيى»، شەھەرگە سۇ كىرىدىغان ئۆستەڭنى كېسىپ ئۆتىدىغان «توققۇزاق يولى» ئەنە شۇ «توققۇزاق دەرۋازىسى» بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ دەرۋازىنىڭ شەرقىي تەرىپى شەھەرنىڭ مەركىزى بولغان «كونا ئوردا»، «ئارا ئوردا» قاتارلىقلارغا ئۇدۇل بولۇپ، ئارىلىقى ئىككى ـ ئۈچ يۈز قەدەم كېلەتتى. بۇ مۇساپىنى «ئوردا ئىشىكى» ئاتالغان ئوردا دەرۋازىسى ئۈزۈپ تاشلايتتى.

«توققۇزاق دەرۋازىسى»نىڭ شىمال تەرىپى يارباغ ئېگىزلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، «يارباغ»، «تۆرە يارباغ» ئاتالغان شىمالدىكى باغلار سېپىل سىرتىدىن ئۆزىنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى چېچىپ تۇراتتى. جەنۇب تەرىپى «بەشئېرىق» ئېگىزلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، شەھەرنى تۆمەن دەريا سۈيى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئېرىقلىرى شەھەر سىرتىدىكى «قۇمئېرىق كوچىسى»دىن ئۆتۈپ، دەرۋازىنىڭ سۇڭگۈچى ئارقىلىق قەلئە ئىچىگە كىرەتتى.

«سۇ دەرۋازىسى» ـــ شەھەر قەلئەسىنىڭ شەرقتىكى ئېغىزى، ئۇنىڭ شىمال تەرىپى جانقورغان ئېگىزلىكىگە، جەنۇب تەرىپى «تازلار مەھەللىسى» ئالدىدىكى ئېگىز يارلىققا، شەرق تەرىپى «بۇلاق بېشى» ئويمانلىقىغا، غەرب تەرىپى «ئارا ئوردا» ۋە «ئويكوچا» دوقمۇشىغا ئورۇنلاشقان.

مەزكۇر دەرۋازىنىڭ «سۇ دەرۋازىسى» دەپ ئاتىلىشى، بىر تەرەپتىن، «بۇلاقبېشى» ئويمانلىقىدىكى بۇلاق سۇلىرىنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا بولغانلىقىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئابىكەشلەرنىڭ يۇز مېتىرچە چوڭقۇرلۇقتىن يۇزلىگەن پەلەمپەيلەر ئارقىلىق چېلەك ۋە سوغىلاردا سۇ توشۇپ تىرىكچىلىك قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

قاراخانىيلار بىلەن سەئىدىيە خانلىقى زامانىسىدا ھەربىي ئىشلاردا مۇھىم رول ئوينىغان ھەم شەھەر ئاھالىسىنى ئۆز باغرىدىكى بۇلاق سۈيى بىلەن تەمىنلىگەن بۇ دەرۋازا زامانلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەركەردىسى مىرزا ھەيدەر تەرىپىدىن «بۇلاقبېشى» ئېگىزلىكىگە سېلىنغان كۆركەم راۋاق بىلەن ماسلىشىپ، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك، تېخىمۇ جەزبىدار تۈسكە كىرگەن ۋە شەھەر خەلقىنىڭ ئەتراپنى تاماشا قىلىدىغان ھاۋالىق، سالقىن، كىچىك سەيلىگاھىغا ئايلانغان.

شەھەر قەلئەسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن ئېچىلغان ئېغىزى — «قارىقى دەرۋازىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دەرۋازىنىڭ شىمال تەرىپى «ساقىيە مەھەللىسى» بىلەن «ئەبرىشىمكار مەھەللىسى»دىكى ئېگىزلىك بىلەن، جەنۇب تەرىپى «ئەگلەكچى كوچا» ئېگىزلىكى بىلەن چېگرالىنىدۇ. ئۇنىڭ تاشقى تەرىپى قىزىل دەرياسىغا ئۇدۇل بولۇپ، ئىچكى تەرىپى شەھەرنىڭ مەركىزىي ئورنى بولغان «چاھارسۇ»، يەنى «چاسا» يولىغا تۇتاشتۇرۇلغان. بۇ دەرۋازا ئۆز يېنىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان «ئارايار» جىلغىسى بىلەن ئۇدۇلدىكى «بورىچى

كوچا»، «گۆرباغ»، «قازانچى يارىپشى» قاتارلىق جايلارنى قەلئەدىن ئايرىپ تۇرىدۇ.
بۇ دەرۋازىنىڭ نامىمۇ باشقا دەرۋازىلارغا ئوخشاش ئالاھىدە سۈپەتكە ئىگە. ئۇنى بەزىلەر «قاراقىر دەرۋازىسى» دەپ ئاتىسا، يەنە بەزىلەر «قارىقى دەرۋازا» دەپ ئاتايدۇ. بۇ زادى ئەتىۋارلاش مەنىسىدىكى كۆزنىڭ «قارىقى»مۇ ياكى بىرەر جاينىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدىغان «قاراقىر»مۇ؟! بەلكىم بۇنىڭ توغرا جاۋابى تارىخنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەگرى - توقاي مۇساپىسىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.
ئەسىرلەردىن بېرى ئەنە شۇ ئۈچ دەرۋازىنىڭ ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتقان قۇرغاق، يېقىشلىق، ھاۋالىق بۇ يۇرت ئۆز باغرىدىكى خۇددى سەنئەت بۇيۇملىرىدەك ياسىداق، قىستاڭ ئۆي - مەھەللىلەرگە، قوۋۇق - دەرۋازىلارغا، مەسچىت - مەدرىسەلەرگە، ساراي - دەڭلەرگە سالاپەت بىلەن گۈزەللىكنىڭ ھەممىسىنى بەرگەنىدى. ئۇلار قانداقتۇر بىر ئىلاھىي ھۈنەر - سەنئەتنىڭ كۈچى بىلەن ئاپىرىدە بولغاندەك شۇنچىلىك سىرلىق، شۇنچىلىك سەلتەنەتلىك ۋە شۇنچىلىك جەلپكار ئىدى.
ئەنە شۇنداق جەلپكار ئىمارەتلەرنىڭ بىرى «ساقىيە مەدرىسەسى» بىلەن «خانلىق مەدرىسەسى» ئىدى. ئەلۋەتتە، قەشقەر شەھىرىدە يالغۇز بۇ ئىككى مەدرىسەلا بولۇپ قالماي، بەلكى «ھېيتگاھ مەدرىسەسى»، «تاجى ھېكىمبەگ مەدرىسەسى»، «كەنجازا مەدرىسەسى»، «قازانچى مەدرىسەسى»، «توقام مەدرىسەسى»، «چاچ

مەدرىسەسى» قاتارلىق ئون يەتتە مەدرىسە بولۇپ، ئۇلار شەھەرنىڭ ئاۋات، كۆجۈم كوچا ـ مەھەللىلىرىگە ئورۇنلاشقان. زامانلاردىن بېرى ئىلىم ـ مەرىپەت ئوچىقى بولۇپ كەلگەن بۇ مەدرىسەلەر كۆركەملىك، ھەشەمەتلىك جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۈللۈك ئويما، كۆپتۇرمە، نەقىشلىق كاشا بىلەن نەپىس ياسالغان. پەشتاق، گۈمبەزلىرى ئېگىز، ھەيۋەتلىك، مۇنارلىرى كۆركەم بولۇپ، شەھەرگە ئالاھىدە گۈزەل تۈس كىرگۈزگەنىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە بىنا بولغان «ساقىيە مەدرىسەسى» ساقى ئىسىملىك بىر قاسساپنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان «ساقى مەھەللىسى»گە سېلىنغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى «ساقىيە مەدرىسەسى» دەپ ئاتاپ كەلگەن. 13 ـ ئەسىردە راسا گۈللىنىپ، نامى يىراقلارغا تارقالغان بۇ داڭدار مەدرىسە قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتى ئىدى. شۇ دەۋرلەردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىم، ئەدىبلىرىدىن يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىي، جەمال قارشى، ئابدۇل بالىخ، ئومادىل كاشغەرىي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «ساقىيە مەدرىسەسى»دە ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان.

مىلادىيە 1638 ـ يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەككىزىنچى پادىشاھى ئابدۇللاخان تەرىپىدىن ياسالغان «خانلىق مەدرىسە» شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاۋاتلاشقان «ئوردا ئىشىكى» يېنىدىكى گۈزەرگە سېلىنغان بولۇپ، ئۇ يەردە شاھ ئوردىسى بار ئىدى.

«خانلىق مەدرىسە» ئۆز دەۋرى ئۈچۈن يالقۇنلۇق

www.uyghurkitap.com

مەرىپەت ئوچىقى بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي مۇساپىسىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر مائارىپىنى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئەينى زاماندىكى يېڭىلىقلار، رېئاللىقتا ۋە كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىن دىلى سۆيۈنگەن ياش تالىپلار:

> «دارىلئۇلۇم نىزامى: شاھۇ - گاداي باراۋەر،
> مىڭ مەخسۇمىڭ بىر داچەن، پەزلىڭ كىرەك بۇرادەرا!»

دېگەندەك شېئىرلارنى لەۋھە قىلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم - پەنگە، يېڭىچە ئەخلاق - پەزىلەتكە بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى ئىزھار قىلىشقان.

ئەنە شۇنداق داڭلىق مەرىپەت ئوچاقلىرى، ئەنە شۇنداق ياراملىق ئىلىم ساھىبلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ دەۋردىكى قەشقەر شەھىرى «سانى بۇخارا»[1] دەپ ئاتالدى.

بۇ دەۋرگە كەلگەندە قەشقەر شەھىرىدىكى سارايلارمۇ جانلاندى ھەم كۆپەيدى. ئەڭ دەسلەپكى سارايلارنىڭ بىرى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ جەنۇبىدىكى «قوناق سارىيى» ئىدى. بۇ سارايىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئۇستىگە ھەر خىل رەڭدىكى تۇغ - شەددىلەر بىلەن قوچقارنىڭ قورۇق مۈڭگۈزى ئېسىلغان «پاقالچاق غوجام مازىرى» بار ئىدى. بۇ ساراي كېيىنكى كۈنلەردە سىرتتىن كەلگەنلەر قونالغۇ قىلىدىغان تەكىيەخانىدىن رەسمىي سودا سارايغا ئايلانغاندىمۇ، ھېلىقى «پاقالچاق غوجام مازىرى»نىڭ

---

[1] «سانى بۇخارا» — ئىككىنچى بۇخارا.

سۈرلۈك قىياپىتى يولدىن ئۆتكەنلەرگە ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ھېيتگاھنى مەركەز قىلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى «ئۆتۈك بازىرى»، «تۇماق بازىرى»، «ساندۇق بازىرى»، «خام بازىرى»، «پىت بازىرى»، «مەدىكار بازىرى» قاتارلىق بازارلار بىلەن «ئۈستەڭبويى»، «جانان كوچا»، «ئەلچىخانا»، «قاراڭغۇ رەستە»، «ئەنجان رەستە» قاتارلىق رەستە ـ گۇزەرلەردە پەيدا بولغان «تىللا سارىيى»، «خامال سارىيى»، «قۇلاپ سارىيى»، «ياڭاق سارىيى» قاتارلىق سارايلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ۋاقتىدا سىرتتىن كەلگەنلەر قونالغۇ قىلىدىغان تەكىيەخانىلىق رولىنى ئويناپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پۇل مۇئامىلە، سودا ـ سېتىق، ئەشيا ئوبوروت قىلىدىغان مەركەز ئىدى. «تىللا سارىيى»نىڭ ئالدىدىكى سەرراپ بازىرى ھەمىشە ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە جاۋاھىراتلارنىڭ سودىسى بىلەن غۇژ ـ غۇژ بولاتتى. «خامال سارىيى»دا كۈنلۈكى دۆۋە ـ دۆۋە تاۋار ـ دۇردۇن، ماتا ـ چەكمەنلەر تايلىنىپ، يۇرت ـ يۇرتلارغا ماڭدۇرۇلاتتى. «ياڭاق سارىيى»دا كۈندە دېگۈدەك تاغا ـ تاغار، ھارۋا ـ ھارۋا قۇرۇق يەل ـ يېمىشلەر ئۇياندىن ـ بۇيانغا ئۈزلۈكسىز توشۇلۇپ تۇراتتى...

※ ※

ۋاقىت چاقى توختاۋسىز ئايلىنىپ تارىخ مۇساپىسى مىلادىيە 1839 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ كىچىككىنە شەھەر

تەرەپ ـ تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ھۇنەرۋەن ـ كاسىپ، ھۆپىگەر ـ تىجارەتچىلەرنىڭ كۆپلۈكى ۋە تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قىستا ـ قىستاڭچىلىقى بىلەن ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ قالدى. تىرىكچىلىكنىڭ شىددەتلىك كەلكۈنى شەھەر ئىچىدىن شەھەر سىرتىغا يامراپ، ھېلىقى تارغىنا پاسىللارنى ئۆرۈپ تاشلىدى. كوچىلار بارغانسېرى تارىيىپ، قوينىڭ ئۈچىيىدەك بولۇپ قالدى. قەشقەردەك بۇنداق نەچچە ھاكىمىيەتكە پايتەخت بولغان، مەدەنىيەت بۆشۈكى دەپ ئاتالغان قەدىمىي بىر شەھەر بىر ئىزدا توختاپ قالسا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا ئېشىشى، بىر ـ بىرىگە چاپلاپ سېلىنغان لاي كېسەك ئۆيلەرنىڭ كۆپىيىشى بۇ شەھەرنى كېڭەيتىپ، يېڭى سېپىل سالمىسا بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەنىدى.

مانا شۇ زۆرۈرىيەتنى ھېس قىلغان مانجۇ ئەمەلدارى زوھۇردىن ھېكىمبەگ مىلادىيە 1839 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەھەرنى كېڭەيتىشكە تۇتۇش قىلىپ، ئۆز ۋاقتىدىكى «تاشقىرىقى شەھەر» دەپ ئاتالغان جايلارنىمۇ قەلئە دائىرىسىگە كىرگۈزدى ۋە مۇستەھكەم سېپىل بىلەن ئىھاتە قىلدى. بۇ چاغدىكى قەشقەر شەھىرى خېلى زور ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. شەھەرنىڭ ھەر تەرەپكە كېڭىيىشى تۈپەيلى، ئەسلىدىكى ئۈچ دەرۋازا ئەمەلدىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا «يارباغ دەرۋازا»، «تۆشۈك دەرۋازا»، «قۇم دەرۋازا»، «يېڭى دەرۋازا» دېگەن ناملاردا تۆت دەرۋازا پەيدا بولدى. ھېيتگاھ مەيدانىمۇ يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىلىپ، مەيدانىنىڭ تۆت ئەتراپى ساراي،

دۇكان ۋە رەستىلەر بىلەن ئورىلىپ، قەدىمىي شەھەرنىڭ ھۆسنى قىيا ئېچىلدى...

بۇ ھەقتە شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ئابدۇرېھىم نىزارى بۇنداق شېئىرىي ئابىدىلەرنى پۈتتى:

«كى بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك بەشى تارىخىي پەيغەمبەر،[1]
بىنا قىلدۇردى شەھەرنى شاھ زوھۇرىدىن بەلەند
ئەختەر[2].
دىيارى خەلقىنىڭ ھالىغا رەھمە ئەيلەپ ھىدايەدىن،
قىلىپ قەلئەنى مەھكەم گويا سەددى — ئىسكەندەر.»

ئىچكەركى شەھەر بىلەن تاشقىرىقى شەھەر بىرلەشتۈرۈلۈپ، ھەيۋەتلىك سېپىل سوقۇلغاندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ ئەسلىدىكى ئىخچام، قىستاڭ، ئەمما كۆزنى چاقناتقۇدەك ئۆزگىرىشچان قۇرۇلمىسىغا ئادەمنى تېخىمۇ زوقلاندۇرىدىغان سەلتەنەتلىك، مۇكەممەل، كەڭ ـ كۇشادە ۋە يېڭى تەسەۋۋۇرغا باي بىناكارلىق سەنئىتىنى ئاتا قىلدى. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى گۈزەل ھۆسن ـ جامالىغا يەنىمۇ چىرايلىق ھۆسن قوشۇلدى. ناۋادا، بۇ چاغدىكى قەشقەر شەھىرىگە بىرى ئۈستىدىن قارىسا، بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ، ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتكەن قەدىمىي ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىلىرى ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى شەكىللەندۈرەتتى. سان ـ ساناقسىز ئۆگزە ـ پېشايۋان، كۆرمىگىلىغان مورا ـ تۈرخۈن، پىچاق

---

① تارىخىي پەيغەمبەر — ھىجرىيە ھېسابى.
② ئەختەر — سائادەت يۇلتۇزى.

بىسىدەك نىپىز سىراج تام، قىڭغىر ــ سىڭغىر بالىخانا ۋە باستۇرمىلارنى كۆرگەن ئادەمنىڭ كۆزى تورلىشىپ، ئۆزىنى گويا يوغان ئۆمۈچۈك تورىغا ئىلىنىپ قالغاندەك تۇيغۇدا ھېس قىلاتتى.

ئىشقىلىپ، بۇ شەھەر، بۇ سانجاق ــ سانجاق ئۆي ــ ئىمارەتلەر ئەسىرلەردىن بىرى ئۆز گۈزەللىكىنىڭ ئاشۇنداق تۇتۇق، ئاشۇنداق ئەگرى ــ بۈگرى، ئاشۇنداق تار ۋە تىقما ــ تىقماق كوچىلاردا كۆمۈلۈپ قېلىشىغا تەن بېرىپ ياشاپ كېلىۋاتاتتى...

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ قەدىمىي سېپىل، ئاۋات رەستە، كۆركەم دەرۋازىلارنىڭ قالدۇقلىرى بىرنەچچە ئون يىل ساقلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە ئۇلاردىن خاتىرىمىزدىكى ساقىندىلار ۋە ئۇ يەر ــ بۇ يەردىكى پارچە ــ پۇرات ئىزنالاردىن بۆلەك ھېچ نەرسە قالمىدى.

شۇ دەقىقىدە ئابدۇشنىڭ قۇلىقىغا گويا كونا شەھەر ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى، بۇ ناخشا مۇڭلۇق ئىدى، خۇددى بۇ شەھەردىكى تىرىكچىلىك ۋەسۋەسىسىدە تولغىنىپ ياشاۋاتقان نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ قىستاڭچىلىق، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدىكى پىچىر ــ پىچىرلىرىغا ئوخشاش ھالسىز ئىدى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، بۇلغانغان تۇمەن دەرياسىنىڭ ھەسرەت ــ نادامەتكە تولغان ئاجىز شاۋقۇنلىرى شىۋىرلىغاندەك سادا كۆتۈرۈپ، ئابدۇشنى يىراق تارىخنىڭ ئېغىر ئەسلىمىلىرى قوينىدىن رېئاللىقنىڭ شاۋقۇن ــ سۈرەنلىرى ئىچىگە قايتۇرۇپ كەلدى.

«دۇنيا دېگەن مانا شۇ!ــ دەپ ئۆز ــ ئۆزىگە خىتاب

قىلغاندەك پىچىرلىدى ئۇ، — ئۇ ئەزەلدىن يوقلۇق بىلەن بارلىقتىن تەشكىل تاپقان. بۇ شەھەرمۇ شۇنداق، ئۇ بەرپا بولۇپ بوگۈنگىچە ئۆز بېشىدىن نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى ئۆتكۈزدى. ۋەھالەنكى، بۇ ئۆزگىرىشلەرمۇ بەدەلسىز بولغىنى يوق. ھەرقانداق بىر يېڭى ئىشتا ھەممە ئادەمنى تەڭ خۇشال قىلىپ، تەڭ رازى قىلغىلى بولمايدۇ. زوھۇردىن ھېكمىبەگمۇ شەھەرنى كېڭەيتىپ يېڭى سېپىل سالدىغان چاغدا شەھەرنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن موللا سادىق ئەلەمنىڭ «تۆرە يارباغ»دىكى باغ ھويلىسىنىڭ يېرىمى بىلەن تۇردى شەيخنىڭ «قۇم دەرۋازا»دىكى قەدىم جايىنىڭ تەڭ يېرىمى سېپىلغا كەتكەن. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى كوچا ئىسلاھاتىدىمۇ، ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ ئەتراپىدىكى «ئۆتۈك بازىرى»، «تۇماق بازىرى»، «تۆمۈر - تەرسەك بازىرى» قاتارلىق قەدىمىي بازارلار بىلەن «تىللا سارىيى»، «خامال سارىيى»، «سابىرئاخۇن سارىيى» قاتارلىق داڭدار سارايلارمۇ چېقىلىپ يوقالغان. خۇددى ھاياتلىق بىر ئىزدا توختاپ تۇرمىغاندەك قەلئە - شەھەرلەرمۇ زامانغا لايىق يېڭى تۇستە ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئۆز زامانىسىدا، ئەڭ دەسلەپكى بىر يۈز ئوتتۇز بەش ئائىلىدىن تەشكىل تاپقان مەھەللىۋى تۇستىكى كىچىككىنە قەشقەر شەھىرى مانا بۈگۈنگە كەلگەندە ئۆزگىرىپ، چوڭىيىپ، نەچچە يۈزمىڭ ئادەم جاھانسازلىق قىلىدىغان داڭلىق، ئەزىم شەھەرگە ئايلاندى. ئەمما ئۇ، يەنە بىر ئىزدا توختاپ قالسا بولمايدۇ. ئۆز تارىخىدىكى نەچچە قېتىملىق

ئۆزگىرىشلەرگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ يېڭى تارىخىنى يارىتىشى كېرەك!...»*

※ ※

ئالاھازەل بىرەر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە ئابدۇش «دۆڭباغ»دىن چۈشۈپ بۇ يەرگە ئانچە يىراق بولمىغان تاختاكۆۋرۈكتىكى يېڭى ئاھالىلەر رايونىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇ سائىتىگە قاراپ پىيادە مېڭىۋىدى، يىگىرمە مىنۇتقا قالماي، يېڭى ئاھالىلەر رايونىغا يېتىپ كەلدى.

ياھ، ھاۋا قايماقتەك ھۇزۇر بەخش، تويۇپ ــ تويۇپ نەپەس ئالىسەن. تۇنۇگۈنكى يامغۇر سۈيىدە يۇيۇپ ــ تارانغان دەرەخلەر ئارىسىدىكى قۇشلارنىڭ نەغمىسىگە قۇلاق تۇتۇپ، ئالدىراش چۆچەكلەر ئالەمىگە چۈشۈپ قالغاندەك بولىسەن. قۇياش چاراقلاپ تۇرىدۇ، گويا ھەربىر دەرەخ، «قىلت» ئەتكەن ياپراق، تىترەۋاتقان شولا، ئىشلىتىۋاتقان ئاۋاز مانا شۇ دەقىقىلەرگە يارىشىق ياكى مانا شۇ دەقىقىلەرنى يارىتىۋاتقاندەك ئىدى.

---

* يۇقىرىقى ئابزاستا بايان قىلىنغان بىر قىسىم يەر ــ جاي ناملىرى، ئۇلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ۋە بەزى تارىخىي شەخسلەر بىلەن ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك يىلنامىلەر مەرھۇم تەزكىرىشۇناس مۇھەممەتئىمىن قۇربانىنىڭ «قەشقەردىكى يادىكارلىقلاردىن تەرمىلەر»، «قەشقەر تەزكىرىسىدىن تەرمىلەر» ناملىق كىتابچىلىرىدىن ئېلىندى.

تاختاكۆۋرۈكتە قەد كۆتۈرگەن بۇ يېڭى ئولتۇراق رايون ھەقىقەتەنمۇ ئازادە، پاكىز ھەم ھاۋالىق ئىدى. تۈپتۈز سېمونت يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئېرىق بويىدا ئۆسكەن سۇۋادان تېرەكلەر ۋە سول تەرەپتىكى ئاپپاق سىرلانغان تۆمۈر رېشاتكىلار بۇ يەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. بۇ يەرگە سېلىنغان بىر مىڭ ئالتە يۈز ئائىلىلىك ئېگىز بىنالار بىرنەچچە كىچىك ئولتۇراق رايونلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر بىنانىڭ ئارىلىقىدا كەڭ ۋە رەڭدار گۈللۈكلەر، يېشىللىققا پۈركەنگەن مەيدانلار بار ئىدى. مەيدانلارغا ئامېرىكىنىڭ ياۋا بېدىسى بىلەن ئەتىرگۈللەر ئۆستۈرۈلگەن، ئەتراپقا ئانار، گىلاس، ئارچا، رىدە، مەجنۇنتال قاتارلىق مېۋىلىك ۋە مەنزىرىلىك دەرەخلەر تىكىلگەنىدى. شۇڭا، بۇ يەرنى «ئەتىرگۈل باغچىسى»، «ئانارگۈل باغچىسى» دېگەندەك بۆلەكلەرگە ئايرىغانىدى.

كەڭ، تەكشى ۋە مۇنبەت زېمىنغا سېلىنغان بۇ بىنالار ئىككى قەۋەتلىك داچا ۋە بەش - ئالتە قەۋەتلىك ئۆيلەر بولۇپ، ھەر خىل تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەر خىل تەلەپ - ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلغانىدى. بىنالار بىلەن بىنالار چىرايلىق ئاسما چىراغ ۋە مەنزىرە دەرەخلىرى بىلەن بېزەلگەن يوللار ئارقىلىق بىر - بىرىگە تۇتىشىپ تۇراتتى.

ئابدۇشنىڭ بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ بەھرى ئېچىلىپ قالدى، ئۆزىنى گويا كەڭ ۋە يوكسەك بوشلۇقتا تۇرۇۋاتقاندەك يېنىك ۋە ئازادە ھېس قىلدى. «تۇۋا!... ئادەملەر نېمىدېگەن ئەخمەق!— دەپ ئويلىدى ئۇ

خۇرسىنغان ھالدا، — ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئاشۇ تار، ئەگرى - بۈگرى، قاراڭغۇ كوچىلاردىكى بىر - بىرىگە چاپلاپ سېلىنغان قىستاڭ، كۆتلەك ئۆيلەرگە يېپىشىۋالىدۇ؟! مانا بۇ يەر نېمىدېگەن كەڭ - كۇشادە، نېمىدېگەن ھاۋالىق! ھۆكۈمەتمۇ خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئويلاپ، ھەركىمگە ئۆزىنىڭ ھالىغا يارىشا ئۆي سېپتۇ. ئەنە، ئىككى قەۋەت قىلىپ سېلىنغان داچىلارمۇ تۇرۇپتۇ. دادامنىڭ پۇلى بولغاندىكىن ئاشۇ داچىلاردىن ئېلىپ، بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرسە بولماسمىدى! دادام مەككە - مەدىنىنى كۆرگەن. شۇ يەرلەرمۇ ئىلگىرى بىر داڭگاللىقكەنغۇ! ئادەملىرى ئۆڭكۈرلەردە ياشايدىكەن. ئەمدىچۇ، چېكى كۆرۈنمەس ئاۋات بازار، كۆز يەتكۈسىز ئېگىز بىنا، كېچە - كۈندۈز نۇرلىنىپ تۇرىدىغان زامانىۋى شەھەرگە ئايلانغان. مەن كۆرگەن موسكۋا، ئىستانبۇل، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەرمۇ نېمىدېگەن گۈزەل، ئازادە، زامانىۋى - ھە! ئۆتكەن زامانلاردا ئۇ يەرلەرمۇ خۇددى بىزنىڭ قەشقەرگە ئوخشاش كونا، قەدىمىي شەھەرلەر ئىكەن. لېكىن، ئۇلار ھازىر كونا، قەدىمىي ھالىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان ئايرىم يەرلەرنى ساقلاپ قالغاندىن باشقا، پۈتۈن شەھەرنى زامانغا لايىق يېڭى تۈستە قۇرۇپ چىققان. ئۇ يەرنىڭ خەلقلىرى ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل، پاكىز مۇھىتنىڭ، زامانىۋى قولاي تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ياشايدىكەن. ئەمما، بىزدىچۇ؟ بىزنىڭ بەزى نادان، ئەخمەق كىشىلىرىمىز نېمە ئۈچۈن بۇنداق ھاياتقا، بۇنداق ماكانغا قىزىقماي، كونا جەندىگە ئۆلگۈدەك ئېسىلىۋالىدۇ؟!...»

شۇ چاغ ئابدۇشنىڭ قۇلاق تۈۋىدە سەلەي قاداقچىنىڭ دەردلىك ئاۋازى قايتا ياڭرىغاندەك بولدى. ئۆتكەن بىر كۈنى بۇ ئادەم ئابدۇشقا دادخورلۇق ئېيتىپ مۇنداق دېگەنىدى: «سىلى جاھان كۆرگەن ئادەم، گەپنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتەلەيلا، ئۇكام. كىمنىڭمۇ بۇ جاھاندا ياخشى ياشىغۇسى يوق؟! بۇ يورۇق جاھاننىڭ جامالىغا كىم تويۇپتۇ! ئەمما لېكىن، ئويلاپ باقسىلا، بىزنىڭ كۈندىلىك تىرىكچىلىكىمىز مۇشۇ ھېيتگاھ ئەتراپىدىكى بازارلاردا ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئۆتىدۇ، ئەگەرچەندە تاختا كۆۋرۈكتىكى يېڭى جايغا كۆچۈپ چىقساق، بازارغا كىرىش ئۈچۈنلا بىر كۈندە ماشىنىغا بىرنەچچە كوي كېتىدىكەن، تېخى پارۋاي دەمدا، ھېلىقى ئىسسىتىدىغان نەرسىگە ھەر قىشتا پالان پۇل تۆلەيدىكەنمىز. يەنە تېخى تۈك پۇلى، سۇ پۇلى، ئەخلەت پۇلى دېگەنلەرچۇ؟ بىز بۇ ئۆيىمىزگە بىر قىشتا بىرنەچچە يۈز جىڭ كۆمۈر قالىساق، ئۇنىڭدا ھەم ئۆي ئىسسىيدۇ، ھەم تاماق پىشىدۇ. پەقەت بولمىغاندا خۇدانىڭ بەرگەن ئاپتىپى بىلەن دۈمبىمىزنى ئىسسىتىپ يۈرۈۋېرىمىز، تۈك بولمىسا، جىنچىراغ ياقىمىز، ھېلىقى سۈيى ئۆزى كېلىدىغان جۈمەك بولمىسا، ئارا تۈمەندىن سۇ توشۇپ ئىچىمىز... ئەمما لېكىن، ئۇ يەرگە چىقساق ئولتۇرساقمۇ پۇل، قوپساقمۇ پۇل ئىكەن. بۇنداق ئايىغى ئۈزۈلمەس پۇلنى بىز زادى نەدىن تاپىمىز!؟...»

بۇنداق ئىنچىكە، ئەمەلىي ھېسابات ئابدۇشنى ھەقىقەتەنمۇ ئويلاندۇرۇپ قويدى. تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ھەممە دەردىسەر خەلقنىڭ گادايلىقى، تىرىكچىلىك يولىنىڭ تارلىقى، تۇرمۇشنىڭ قاتتىقلىقى

www.uyghurkitap.com

ئىكەن. سەلەي قاداقچى توغرا ئېيتىدۇ، جاپاكەش، كاج تەلەي بۇ بەندىلەر شەپقەتسىز ھايات دەرياسىدا تۇنجۇقۇپ قالماسلىق ئۈچۈن تىركىشىۋاتىدۇ، ئامالسىز كونا جەندىگە يېپىشىۋېلىۋاتىدۇ. بولمىسا ئۇلارمۇ راھەت كۆرۈشنى، ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى خالىمامدا!...

«ھەي... مۇشۇ ئىشتا ھۆكۈمەت خەلقنىڭ رايىنى ھېسابقا ئالماي قالدىمۇ نىمە؟!— ئويلىدى ئابدۇش تۇنجى قېتىم ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپ،— نامراتلىق دېگەن بۇ مەرەز خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىغا قارا سۆگەلدەك چاپلىشىۋالغان تۇرسا، ئۇلارنى ئۆزلىرى ھەرىكەت قىلىۋاتقان كىچىككىنە تىرىكچىلىك بوشلۇقىدىن، ھاياتلىق مەنبەسى بولغان چوڭ - كىچىك بازارلاردىن مەھرۇم قىلىپ، قارىقويۇق كۆچۈپ چىقىشقا زورلاش سەل - پەل ئالدىراقسانلىق، قاراملىق بولۇپ قالدىمۇ قانداق؟ نىمە ئۈچۈن كونا، خەتەرلىك ئۆيلەرنى خەقلەرنىڭ رايى بويىچە ئۆز جايىدا ئۆزگەرتىشكە، يېڭىلاشقا بولمايدۇ؟!...»

ئابدۇش يۈرىكىنى سىقىۋاتقان بۇ چىگىچ سوئاللارغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا پاتقان بىر پەيتتە، ئارقا تەرەپتىن چىققان تونۇش بىر ئاۋاز خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى:

— يېڭى مەھەللىنى كۆرگىلى چىققان ئوخشىمامسەن، ئابدۇش؟— بۇ ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى، كېيىن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كېلىپ، ھازىر قايسىبىر شىركەتتە ئىشلەيدىغان سەيدالىم ئىسىملىك بۇرادىرى ئىدى. ئۇ

تېخى يېقىندىلا پاختا بازىرىدىكى چېقىلغان مەھەللىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ چىققانىدى،— دېلىغۇل بولماي كېلىۋەر، ئاداش. ئادەم دېگەن ھۆل نەرسە ئىكەن، نەگە قويسا كۆكلەپ كېتىدىكەن.

— راستما، سەيدالىم؟— دېدى ئابدۇش ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ،— بىزنىڭ كونا كوچىدىنمۇ يېڭى ئۆيگە ئېرىشتىياقمەن ئىككى - ئۈچ ئائىلە ئالدىنقى كۈنلىرى كۆچۈپ كەلدى. سەن ماڭا راستىڭنى ئېيتقىنا، ئاداش، بۇ يەرلەر بىزنىڭ كونا جايلارغا قارىغاندا راستتىنلا ياخشىمۇ؟

سەيدالىم بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن كۆڭلىدىكى گەپنى ئېيتتى:

— راستىنى ئېيتقاندا بۇ يەرلەر بەزىلەرگە ياقتى، بەزىلەرگە ياقمىدى، ئاداش. مەن يېڭى ئۆيلەرنى يامان دېمەيمەن، بەش - ئالتە قەۋەت، ھەشەمدار، ھاجەتخانىسى، مۇنچىسى ئىچىدە. لېكىن، شەھەرگە ئۆگىنىپ قالغان بەزى ئادەملەرگە قىيىن ئىكەن، ئۇلار تىقىلىپ - سىقىلىپ يۈرىكى تاراسىدە يېرىلغۇدەك بولسىمۇ، يەنە شۇ كونا كۈتلەكلەرنى ئارزۇلايدىكەن...

— مەنمۇ ھەيران،— دېدى ئابدۇش تەئەججۈپلۈك ئاۋازدا،— بىز ھەممىشە كونا تارىخ بىلەن ئۆزىمىزنى چۈشەپ، يېڭىدىن تارىخ ياراتمىساق قانداق بولىدۇ؟! ئەجدادلىرىمىز بىزگە نېمىنى قالدۇرغان بولسا، بىز ئۇنى شۇ پېتى ساقلاپ ھېچنېمە قىلمىساق، ئۇلارغا قانداق يۈز كېلىمىز؟ ئۆزىمىز ئەۋلادلارغا نېمىنى قالدۇرىمىز؟! ھەربىر ئەۋلادنىڭ ئۆز زامانى، ئۆز ماكانى

بولىدۇ، ئۆزلىرىگە تېگىشلىك مەسئۇلىيەت ـ بۇرچىنى ئادا قىلمىسا قانداق بولىدۇ؟!

— بۇ دېگەنلىرىڭىز توغرا، — دېدى سەيدالىم ۋە ساۋاقداشلىرىنى گۈللۈكنىڭ يېنىدىكى تاش سۇپىغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاچ داۋام قىلدى، — ھۆكۈمەتنىڭ ھازىرقى پىلانىدا كونا شەھەر رايونىنى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بۇزۇپ ئۆزگەرتىپ بولماقچى. لېكىن سەن ئويلاپ باقتىڭمۇ، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بۇزۇپ ئۆزگەرتىپ بولىدىغان ئاشۇنداق تارىخى مەدەنىيەت نامايەندىسىنى ئۈچ يۈز يىلدىن بەش يۈز يىلغىچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، قايتا بەرپا قىلغىلى بولارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بولمايدۇ! — دېدى ئابدۇش كېسىپلا.

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى، بۇزماق ئوڭاي، بەرپا قىلىش تەس. ئۆينى چېقىش ئۇنى قۇرۇشتىن ئاسان، كوزا سۇندۇرۇش ئۇنى ياساشتىن ئاسان، پۇلنى خەجلەش ئۇنى تېپىشتىن ئاسان ئەمەسمۇ؟

— ھەببەللى، مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، ئاداش! — دېدى سەيدالىم ئۇنىڭ پىكرىنى تەستىقلاپ، — دېمىسىمۇ، خەقلەرنىڭ ئۆز ماكانىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شۇنداق جاھىللىق بىلەن تىركىشىشى بىھۇدە ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان ماكانىنىڭ كونىراپ كەتكەنلىكىنى بىلىسىمۇ، ئەمما ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان زېمىن ۋە ئۆي بولغاچقا، بۇ مۈلكىنى ئۆز پېتى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشنى ئويلايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەھەر ئىچىدە، ھېيتگاھ

ئەتراپىدا ياشاۋاتقانلىقىدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ كونا كوچا، كونا ئۆيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى بازارلار ئۆچمەس بىر ئابىدە، ئۇ يەرلەردە مەدەنىيەتنىڭ ئۇزاق يىللىق تىندۇرمىسى پەيدا بولغان. خەقلەرنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ تۇرغان نەرسىلەرمۇ شۇ!...

ئابدۇش بىرپەس خىيالغا چۆمدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ سەيدالىمغا يۈرەك سۆزىنى تۆككەندەك ئۇھسىنىش بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئاداش، سەن مېنى خالايدۇ دەمسەن؟ كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، مېنىڭمۇ بۇ ئۆيلەرگە كۆزۈم قىيمايدۇ. ئۇ قارىماققا شۇنداق كونا، شۇنداق غورىبەت بولسىمۇ، ئەمما مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ شۇنداق مېھرى ئىسسىق، شۇنداق سەلتەنەتلىك! ئۇ يەردە قانچە ياشىسامۇ باغرىم قانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ يەردە مەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، بالىلىقىمنىڭ، ياشلىقىمنىڭ ئۆچمەس خاتىرىلىرى شۇ يەردە قالغان. مەن ھەمىشە ئۇ يەردىن ئاجايىپ بىر پۇراقنى ھېس قىلىمەن. بۇنداق پۇراق ھېچقانداق يەردە يوق. مەن دۇنيادىكى كاتتا شەھەرلەردىن موسكۋا، ئىستانبۇل، تاشكەنتلەردە يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدىمۇ مېنى ئاشۇ پۇراق ئۆزىگە تارتىپ مەستخۇش قىلىپ كەلدى. كېيىن ھىدلاپ يۈرۈپ بۇ پۇراقنىڭ نەدىن كەلگەن پۇراق ئىكەنلىكىنى تاپتىم. ئەسلىدە بۇ پۇراق ئاشۇ كونا كوچىنىڭ توپا ـ توزانلىرى بىلەن قەدىمىي ئۆيلەرنىڭ تام ـ تورۇس، جەگە ـ تۈۋرۈكلىرىدىن تارقىلىدىغان، پەقەت شۇ زېمىنغىلا خاس بىر خىل قويۇق، ئۆزگىچە

پۇراق ئىكەن. بۇ پۇراقتا تارىخنىڭ نەچچە يۈز يىللىق ھىس ـ تۇيغۇسى سىڭگەن!ــ ئابدۇش چوڭقۇر بىر تىنىپ سۆزدىن توختىدى، روھىدىكى تەڭقىس ھالەت يۈزىگە تەپكەندەك چىرايى پۈرۈشتى، كۆزلىرى چاقناپ، قاشلىرى يىمىرىلدى،ــ ئاداش، سەيدالىم،ــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئۇ،ــ گەرچە بۇ كونا كوچا، كونا ئۆيلەر ئۆزگەرمەس بىر تارىخ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەكمۇ قېرىدى، ھالىدىن كەتتى. ئۆز ۋاقتىدا بىزگە ھاياتلىق، خۇشاللىق ۋە ئارامىلىق ئاتا قىلغان بولسا، ھازىر ئۇ ھاياتقا تەھدىت بولۇپ قالدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا بىرلا شوئار بىلەن قارىسىغا كولانغان لەخمىلەر ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى خورىتىپ، نىمجان قىلىپ قويدى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ئۇنى بەكمۇ قىستاڭ، كۆرۈمسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. ئەسلىدىلا ناچار مۇھىت ھازىر تېخىمۇ بەتتەر ناچارلىشىپ، كىچىككىنە شامال چىقسا، ئەخلەتلەر باش ـ كۆزىمىز ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرىدىغان، ئۆيمۇئۆيدىن تۆكۈلگەن يۇندىلار پارغا ئايلىنىپ ھاۋانى بۇلغايدىغان مەينەتچىلىك ھالەت شەكىللەندى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنى ئۆزگەرتمەي، يېڭىلىماي بولامدۇ؟ ھەرقانداق بىر خىل مەدەنىيەتتە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ياكى ئۇنداق، ياكى بۇنداق ئۆزگىرىش بولىدۇ، بۇنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ. مېنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنىم، يەنىلا تۇيۇقسىز كېلىدىغان بالايىئاپەت. ئېسىڭدە باردۇ، تېخى يېقىندىلا ئىرانىنىڭ خۇددى قەشقەرگە ئوخشاش ئۇسلۇبتا سېلىنغان ئۈچ مىڭ بەش يۈز يىلدىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە بام

شەھىرى 6.7 بال يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلمەي، يەر شارىدىن پۈتۈنلەي غايىب بولدى. بۇ شەھەردە ياشاۋاتقان ئوتتۇز ئالتە مىڭ ئاھالە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بۇ دۇنيا بىلەن پاجىئەلىك خوشلاشتى. تۇپراق بولمىسا، ئوت ـ چۆپ نەدە ئۆسىدۇ، ئادەم بولمىسا، مەدەنىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتىن سۆز ئاچقىلى بولامدۇ؟! ئېيتقىنا، مۇشۇنداق مۇھىتتا داۋاملىق ياشاۋېرىش ھاياتلىققا نىسبەتەن تەۋەككۈلچىلىك ئەمەسمۇ!؟ بىز قاراپ تۇرۇپ پۇت ـ قوللىرىنى ساڭگىلىتىپ كېلىۋاتقان بالايىئاپەتكە ئۆزىمىزنى يەم قىلساق بولمايدۇ ـ دە! سەن خەقلەرگە بۇنى چۈشەندۈرسەڭ، ئېغىر تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئۆزىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىيالماس بولۇپ قالغان بۇ بىچارە خەق پەرۋايىغا ئالمايدۇ، بەلكى «بالا ـ قازانى باشقا كەلگەندە كۆرمەيمىزما» دەپ تەۋەككۈلچىلىك قىلىدۇ. ئەمما شۇنى ئويلىمايدۇكى، «باشقا كەلگەندە» ھەممە ئىش تۈگىگەن بولىدۇ. شۇڭا دەيمەن، ئاداش، ئەڭ ياخشى چارە: مېھرى ئىسسىق بۇ كونا ماكاندىن يىغلاپ تۇرۇپ خوشلىشىش!

ــ بۇ دېگىنىڭغۇ ھەقىقەت! ــ دېدى سەيدالىم ساۋاقدىشىنىڭ ئۆتكۈر مۇلاھىزىسىگە قايىل بولغاندەك، ــ لېكىن بەزى ئادەملەر بۇ ئىشنى سەن ئويلىغاندەك ئويلىمايدۇ. ئۇلار تېخى بىزنىڭ بۇ كونا، كۆنەك ئۆيلىرىمىزگە چەت ئەللىكلەر ئامراق، ئۇلار قەشقەرگە مۇشۇنداق ئۆيلەر بىلەن مۇشۇنداق تۇرمۇشنى كۆرگىلى كېلىدۇ، دەپ پەخىرلىنىدىكەن!

— ئۇنداق بولسا، بىز ئۆمۈرۋايەت چەت ئەللىكلەر تاماشا قىلىدىغان ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئادەملىرى بولۇپ ياشاۋېرىمىزما؟! — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئابدۇش ئەستايىدىللىق بىلەن، — ئۇنداق بولسا، شۇ چەت ئەللىكلەر قىزىققان ئاشۇ تۇرمۇشتا، ئاشۇ مۇھىتتا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بىرنەچچە ۋاقىت ياشاپ باقمىسۇنما؟ مېنىڭچە، ئۇلار بۇنىڭغا بىر كۈنمۇ چىدىمايدۇ!...

«توغرا، چىدىمايدۇ، ھەرگىز چىدىمايدۇ! — دەپ تېخىمۇ چوڭقۇر خىياللارغا پاتتى ئابدۇش، — لېكىن بەزى چەت ئەللىكلەر بۇ يەردىن نېمىنى كۆرۈۋاتىدۇ؟ نېمىگە قىزىقىۋاتىدۇ؟ ئۇلار ئۈستى باستۇرمىلار بىلەن توشۇپ كەتكەن قاراڭغۇ، دىمىق، سېسىق كوچىلارغا، بىر — بىرىگە يۆلەپ سېلىنغان ئېگىز — پەس، قىڭغىر — قىيسىق ئۆيلەرگە، ئەنئەنىۋى بازارلىرىمىزدىكى ئەخلەت ساندۇقلىرىنىڭ يېنىدا توپا — چاڭ، ھەرە — چىۋىنلەرگە بۇلغىنىپ سېتىلىۋاتقان مېۋە — چېۋە، سەي — كۆكتات، قەنت — گېزەك، گۆش — كاۋاپلارغا، بىر — بىرىگە ئۈرۈلۈپ — سوقۇلۇپ، ئالىتاغىل ۋارقىراپ — جارقىراپ يۈرگەن سالپا — سۇلپاڭ كىيىملىك بازارچىلىرىمىزغا قىزىقىۋاتىدۇ، ئۇلار مۇشۇلارنى كۆرۈپ، مۇشۇلارغا قاراپ: يارەببىم، بۇ دۇنيادا تېخى مۇشۇنداق ياشاۋاتقان ئادەملەرمۇ بار ئىكەن، بۇ ئادەملەر نەدە قالغان بولغىيدى، مۇشۇنداق نادانلىقتا يەنە قانچىلىك ياشار، دەپ ھەيران بولۇشۇپ، سۈرەتلەرگە تارتىپ، فىلىمگە ئېلىشىپ، ئۆز دۆلىتىدىكى باشقىلارغا كۆرسىتىشكە ئالدىراۋاتىدۇ. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي، قالاق

ھالىتىنى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىن، مۇھىتىمىزدىن، ۋۇجۇدىمىزدىن كۆرۈپ تەتقىق قىلماقچى. بىز ئۇلارغا ئويۇنچۇق، ئەرمەك بولۇۋاتىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ناچار، قالاق، نادان تەرەپلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ بېرىۋاتىمىز. ئۇلار ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك بىر شەھەرنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرى مانا مۇشۇنداق ياشاۋېتىپتۇ، دەپ بىزنى سازايى قىلماقچى! ئىنساب بىلەن ئويلىغاندا، يۇرتىمىزدا زىننەت ۋە كۆركەملىك يوق. ئاشۇ كونا شەھەرنىڭ ئۈستىدىن قارىسا، بەئەينى قەبرىستانلىققا ئوخشايدۇ، ئۈستى ۋەيرانە، ئاستى لەخمە، بەئەينى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان لەھەتتەك... ئادەملىرىمىز دۇنيادىن، دۇنيانىڭ بۈگۈنكى مۆجىزىلىك تەرەققىياتىدىن خەۋەرسىز ياشاۋاتىدۇ، ئۇلار يەنىلا شۇ خىيالىي، مەۋھۇم، خۇراپات ئالەمدە نىشانسىز پەرۋا قىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ!... بۇنىڭغا زادى كىم ئەيىبلىك؟ نېمە سەۋەبكار؟!...»

تۇگىمەس خىياللار ئابدۇشنى ھاردۇرۇپ قويدى، ئىككى چېكىسى چىڭقىلىپ، بېشى ئاغرىغاندەك بولدى. ئۇ ئەتىگەندىن بېرى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەسلىدى، ئويلىدى، ئۆز - ئۆزىگە نۇرغۇن سوئاللارنى قويدى، بەزى سوئاللارغا ئۆزىچە جاۋاب تاپقانمۇ بولدى، لېكىن، بەزى سوئاللار ئۇنىڭ يۈرىكىدە قاداق بولۇپ قالدى. شۇڭا، تۇرۇپلا ئابدۇشقا ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ تۇرمۇشنىڭ، ھاياتنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى بىر تېپىشماقتەك بىلىنىپ كەتتى. ياخشىسى، كاللاڭ ئۆتمەيدىغان نەرسىلەرگە تۇمشۇقۇڭنى تىقمىغىنىڭ، بېشىڭنى قاتۇرمىغىنىڭ

تۈزۈك ئىكەن. بەربىر كۆپ نەرسىلەرگە چۈشىنىپ يېتەلمەيدىكەنسەن، چۈشەنمىگەندىن كېيىن چۈشەندۈرۈپمۇ بېرەلمەيدىكەنسەن، پەقەت پەرەز قىلىشىڭ مۇمكىن، ۋەھالەنكى ئاددىي پەرەز بولسا، ھەرگىزمۇ كەشپىيات ئەمەس ـ دە! قىسقىسى، بۇ سىرلىق ئالەمنىڭ دەرۋازىسى يەنىلا ھىم ـ زىر يىم تاقاق ئىكەن!...

ئابدۇش ئەنە شۇنداق خىياللار ئىلكىدە ساۋاقدىشى سەيدالىم بىلەن خوشلىشىپ، تاختاكۆۋرۈكتىن قايتىش ئۈچۈن چوڭ يولغا چىققاندا رىشىت پەلەك بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— رىشىت ئاكا، سىزمۇ ئۆي كۆرگىلى چىقتىڭىزمۇ نېمە؟ — سورىدى ئابدۇش ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ بولۇپ.

— ئۆي كۆرگىلى ئەمەس، ئۆي بېزىگىلى چىقتىم، ئۇكام، — دېدى رىشىت پەلەك ۋە قولى بىلەن يىراقتىكى بىنانى كۆرسىتىپ داۋام قىلدى، — ئەنە ئاۋۇ بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى ئۆي پېقىرنىڭ يېڭى ماكانى بولىدۇ. ئۇ ئۆيدە ھازىر قىزىم بېزەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ، مەن بۈگۈن كەپتەرلىرىمگە قوما سالغىلى چىقتىم، خۇدا بۇيرۇسا يېقىنقى كۈنلەردە كۆچۈپ چىقىۋالىمىز.

— ھە، كەپتەرلەرنى دەپلا ئۈستۈنكى قەۋەتتىن ئاپسىز ـ دە! — دېدى ئابدۇش يىراقتىكى بىناغا كۆز يۈگۈرتۈپ.

— شۇنداق بولدى، ئۇكام، — رىشىت پەلەك مىڭىشقا

تەمشەلدىيۇ، ئەمما مۇھىم بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك چىپپىدە توختىدى ـ دە، خۇمدەك بېشىدىن جىيىكى شورلىشىپ كەتكەن دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ تەكەللۇپسىزلا داۋام قىلدى،ــ تاس قاپتىمەن، ئۇكام، ئۇنتۇپ قالغىلى، ئۆتكەندە ماڭا بىر ئىشنى دېۋىدىڭىز، تەرەپ ـ تەرەپتىن تىڭتىڭلاپ يۈرۈپ بىر خەۋەرگە ئىگە بولدۇم، كاساپەت...

ــ قانداق خەۋەر؟ــ ئالدىراپ سورىدى ئابدۇش.

ــ سىز دېگەن ئۇ ئادەم راستىتىنلا ئۆز ۋاقتىدىكى ئايۇپقارى ئىكەن، كاساپەت...ــ دېدى رېشىت پەلەڭ ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈپ،ــ ھېلىقى قىرغىزلارنىڭ بېشكەك دېگەن شەھىرىدە تۇرۇپتىكەن. ئۇنى كىشىلەر ھەقىقىي مەسچىت بوسۇغىسى بىلەن جايناماز يۈزىنى كۆرمىگەن دېيىشىۋاتىدۇ، كاساپەت... شۇ ئەمەسما، مەنمۇ ئۇنىڭ راست ئىمامىلىقىدىن گۇمانلىنىپ قېلىۋىدىم، ئۇكام. تېخى ئۇلار ماڭا بىر شائىرنىڭ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن قىزىق بىر نەزمىسىنى ئوقۇپ بېرىۋىدى، كاساپەت... مەن خىيالىمدا بۇ نەزم نەق ئايۇپقارىغا ئاتاپ يېزىلىپتىمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ قالدىما، ئۇكام.

ــ قانداق نەزم ئىكەن ئۇ، رېشىت ئاكا؟ــ قىزىقىپ سورىدى ئابدۇش،ــ يادلىۋالالىدىلىمۇ؟

ــ ئالمامدىغان، ئۇكام،ــ دېدى رېشىت پەلەڭ كۆرەڭ ھالدا،ــ كاساپەت... ئۇنداق قىزىق نەزمىنى بىر ئاڭلاپلا كۆڭلۈمگە پۈكۈۋالدىم دېسىلە، مانا ئەمىسە دېدىم:

«كىچە شەيتانغا دەرس بەرگەن كىشى بۇل كۈن تامام بوپتۇ،
بۇ زات مېھرابقا كىرگەچكە، ھالال مېھراب هارام بوپتۇ.
خالايىقنى ھىدايەتكە بۇ زات باشلاپ بارار بولسا،
بۇ ئەھۋالدىن قاراپ دەيمەن: مۇسۇلمانلىق تامام بوپتۇ.»

— پاھ - پاھ... قالتىسكەن، راست قالتىسكەن! — دېدى ئابدۇش خۇددى كىچىك بالىلاردەك خۇشاللىنىپ چاۋاك ئۇرۇپ.

توغرا، رىشىت پەلەڭنىڭ گۇمانلىنىشىمۇ ھەق، ئوقۇغان نەزمىسىمۇ ھەق! ھەقىقىي دىن ئەھلى ئۇنداق بولمايدۇ - دە! ئۇلار ئىبادەتلىرى ئارقىلىق مۆمىنلەر ئارىسىدا پىتنە - پاسات، تەپرىقىچىلىق ئەمەس، بەلكى ئەل - يۇرتقا ئاسايىشلىق، ئىناقلىق تىلەيدۇ!

ئابدۇشنىڭ خىيال كەپتىرى بىردىنلا يىراقلارغا — ئايۇپ ئىمامنىڭ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك خارجى تەرەپلەرگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

## 18

قاسىم «ماكماك»نىڭ تۇرۇپلا غۇلام نىيازنى كۆرگۈسى كېلىپ قالدى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ بىردىنبىر دىلى كاركار ئادىمى شۇ ئىدى. ئىغىر - بېسىق، كۆڭلى تۈز، ھەربىر گېپىنى دەڭسەپ قىلىدىغان، باغرى يۇمشاق بۇ ئادەمگە ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ئاللىبىر يېرىدە مېھرىمۇ، ھۆرمەتمۇ ياكى چوقۇنۇشمۇ، ئىشقىلىپ، بىلىپ بولمايدىغان بىر ھېس ياشايتتى.

بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن قاسىم «ماكماك»نىڭ توقۇز ياشلىق ئەقلى ناقىسراق ئوغلى سەرەڭگە ئوينىپ، تامدىكى ھەمەزەك زەدىۋالغا ئوت يېقىپ پۈتۈن ئۆيگە ئوت كەتكەندە مۇشۇ غۇلام نىياز ئالدى بىلەن ئوت ئىچىدە قالغان بالىنى قۇتقۇزغاندىن كېيىن دەرھال ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنى چاقىرغان، ئەمما ئۇلارنىڭ ماشىنىسى تار كوچىغا كىرەلمىگەچكە، يەنە شۇ غۇلام مۇدىر پۈتۈن مەھەللىدىكى ئادەملەرنى تەشكىللەپ چېلەك – چۆگۈن، داس – قاپاقلار بىلەن سۇ توشۇپ، بىرنەچچە سائەتتە ئوتنى ئۆچۈرۈۋالغانىدى. كېيىن، قاسىم «ماكماك»نىڭ ئوتتا كۆيۈپ كەتكەن ئۆي – بىساتلىرىنى تولۇقلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۆزى باش بولۇپ ئىئانە يىغىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى نورمال ئىزىغا سېلىپ بەرگەنىدى. قاسىم «ماكماك»نىڭ ھېسابىچە، غۇلام مۇدىر يالغۇز بۇ ئىشتىلا ئەمەس، قەيەردە قىيىنچىلىق، جاپا بولسا شۇ يەردە پەيدا بولاتتى، بولۇپمۇ يامغۇر ياغقان چاغلاردا ئىشتىنىنىڭ پۇچىقىنى تۈرگىنىچە كوچا – مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، كونا ئۆيلەرنى، سۇ چۈشۈپ كەتكەن لەخمىلەرنى تەكشۈرۈپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان تۈيۈقسىز بالايىئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. ئىشقىلىپ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۇنىڭغا دائىم زوق بېغىشلايتتى. شۇڭا، بۇ ئەتراپتا چوڭ – كىچىكنىڭ ھەرقاندىقى ئۇنى كۆرسە مۇلايىم سالام بېرىپ: «غۇلام مۇدىر، غۇلام ئاكا» دەپ ئىززەت – ھۆرمىتىنى قىلاتتى. ئەمما، بۈگۈن مانا شۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر، جاپاكەش ئادەم

www.uyghurkitap.com

تەشكىلىنىڭ قاتتىق تەقىبى ئاستىدا ــ گۇناھكار سۈپىتىدە يېتىۋاتاتتى.

بۇ ئىش بىرنەچچە كۈندىن بېرى خۇددى يېنىپ تۇرغان چوغدەك قاسىم «ماكماك»نىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ يۈردى.

قاسىم «ماكماك» ھېلىقى كۈنى ھارۋىدىكى ئەخلەتلەرنى جايىغا تۆكۈۋېتىپ، غۇلام مۇدىرنىڭ ئايالى شەرۋانىخان تاشلاپ بەرگەن خالتىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. «پۇراپ قالغان گۆش»نى راستىنلا پۇچاق مۇشۇكىگە تاشلاپ بەرمەكچىدى. بىراق، خالتىنى ئېچىپ پاكىز يۇڭدالغان سېمىز قىرغاۋۇلنى كۆرۈپ، مۇشۇككە بېرىش نىيىتىدىن ياندى، ئۇنى تۇز سۈيىدە يۇيۇپ ــ چايقاپ، دورا ــ دەرمانلار بىلەن قاينىتىپ يېمەكچى بولدى. شۇ مەقسەتتە قىرغاۋۇلنى پارچىلاش ئۈچۈن قارنىنى يېرىۋىدى، قورساق بوشلۇقىدىن ئاپپاق سولياۋغا ئورالغان بىر تۈگۈنچەك چىقتى، قاسىم «ماكماك» تۈگۈنچەكنى ئېچىپلا ھەيران قالدى، ئۇنىڭ قولىدا قىپقىزىل يۈز يۈەنلىك پۇلدىن بىر يېرىم تاتازا يالتىراپ تۇراتتى. ئۆمرىدە بۇنچىلىك كۆپ پۇلنى كۆرۈپ باقمىغان قاسىم «ماكماك» دەسلەپ قورقتى، ئالاقزەدە بولدى، گويا بىرى ئۇنى ماراپ تۇرغاندەك تۆت ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قارىدى ۋە بىرھازاغىچە يۈرىكى پوكۇلداپ ئەنسىز ئولتۇرۇپ قالدى. كېيىن، ئاستا ــ ئاستا ئېسىنى يىغىپ قولىدىكى پۇلغا باشقىچە مېھىر بىلەن تىكىلىپ قارىدى ۋە: «خۇدا بەردى دېگەن شۇ ئەمەسما! ــ دەپ

ئۆزىگە ئۆزى مەدەت بەردى،ــ خۇدانىڭ بەرگۈسى كەلسە ھەر يول بىلەن بېرىدىكەن. مەن بۇنى ئوغرىلىمىدىم، بىرىنى ئالداپ ئېلىۋالمىدىم. بۇ پۇل ئۆز پۇتى بىلەن مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى، بۇ مېنىڭ رىزقىم بولماي نېمە؟! ھېچكىم ھېچكىمنىڭ رىزقىنى يېيەلمەيدىكەن، بۇ ماڭا ئاللا ئەۋەتكەن ھالال رىزقى...»

مانا شۇ خىياللار بىلەن قاسىم «ماكماك» غايىبتىن كەلگەن بۇ پۇلغا پەتمۇۋا چىقاردى. ئۇنىڭ ئۆشرە ـ زاكىتى ئۈچۈن ھېلىقى قىرغاۋۇلنى ئۆز نەپسىدىن كېچىپ، مۇشۇكىگە تاشلاپ بەردى.

ئۆيدە خوتۇنى يوق ئىدى. خوتۇنى ھەر كۈنى ئادىتى بويىچە ھاجەتمەنلەرنىڭ كىرىنى يۇيۇپ، نېنىنى يېقىپ جاھاندارچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئەتىگەندىلا چىقىپ كەتكەنىدى. ئوغلى تالادا ئويناۋاتاتتى. قاسىم «ماكماك» مۇشۇ خالىي ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، پۇلنى بىر يەرگە يوشۇرۇۋەتمەكچى بولدى، ئۆيگە كىردى، قازناقىقا قارىدى، ئۆگزىگە چىقتى، ئاخىرى ئەسكى ـ تۇسكىلەر بىلەن تولغان بالىخانىنى بىخەتەر دەپ بىلىپ، تورۇستىكى بىر بۇلۇڭغا تىقىش ئۈچۈن پۇلنى قاتمۇقات يۆگەكلەرگە ئورىدى، ئوراپ بولۇپ يەنە يەشتى، كۆڭلىدە «پىشكە ئېلىپ مېغىزىنى چاقمايمەنما» دېگەن خىيال تۇغۇلدى. راست، ئۇ ئۇزاقتىن بېرى بىرەر يۈز يۈەننى ئۆز قولىچە خەجلەپ باقماپتۇ، مانا بۈگۈن شۇنچە پۇلنىڭ ئارىسىدىن بىرەرنى سۇغۇرۇپ، خالىغانچە خەجلەپ باقسا نېمە بوپتۇ؟ ئۇ پېچەت پۇلنىڭ ئارىسىدىن بىرىنى قوللىرى

تىترەپ تۇرۇپ سۆغۇردى، يەنە يۆگىمەكچى بولدى، ئەمما كۆڭلىنىڭ ئاللىبىر يېرىدىن «يەنە بىرنى سۆغۇرمامسەن، ئەخمەق!» دېگەن سادا كۆتۈرۈلگەندەك بولدى، ئۇ ئاۋايلاپ يەنە بىرنى سۆغۇردى، بۇ قېتىم قولى ئانچە تىترىمىدى، ئەمدى ئۇنىڭ يۈرىكى تومۇلىشىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەرتەم ـ مەرتەم ئۈچ مەرتەم بولسۇن!» دەپ خىتاب قىلدى ـ دە، يەنە بىرنى سۆغۇرۇپ، ئۈچ يۈز يۈەننى ئىشتىنىنىڭ لەپىزىگە مەھكەم تۈگدى، قالغان ئون تۆت مىڭ يەتتە يۈز يۈەننى قەغەز، سولياۋ ۋە لاتا ـ پۇتىلارغا قاتمۇقات ئوراپ بالىخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىقمۇۋەتتى.

قاسىم «ماكماك» شۇ كۈنى يېرىم كېچىگىچە بازاردىن كىرمىدى، رەستە ـ گۈزەرلەردە بايۋەچچىلەردەك گىدىيىپ، ئالچاڭلاپ يۈردى، بىرنەچچە ئاشخانا، رېستورانلارغا كىرىپ خىلمۇخىل تائاملارنى يەپ باقتى، ھەممىسى سىڭىپ تۇردى، كەچكە يېقىن يانچۇقىنى گازىر، كەمپۈت، پىستە ـ بادامىلارغا توشقۇزۇپ ئىككى قېتىم كىنو كۆردى، شۇنىڭدىن كېيىن مايدا پىشۇرۇلغان يېرىم توخۇ گۆشى بىلەن ئىككى ياپراق بېلىق گۆشىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى. يولدا كەلگۈچە كېكىرىپ، كۆيۈشەپ ھەيرانلىق ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى: «توۋا، پۇل ـ دۇنيا دېگەن ئەجەب نەرسىكەنغۇ! بەئەينى تۇزلۇق سۇغا ئوخشايدىكەن، ئىچكەنسېرى تەشنالىقىڭ ئاشىدىكەن!...»

ئۇ ئەتىسى يەنە بازار ئايلىنىپ، ئەسكى ـ تۈسكى ساتىدىغان يەردىن ئۆزىگە چەملىرى قېلىن بىر ئۆرۈمە

ئاياغ بىلەن بىر قۇر نىمكەش كىيىم سېتىۋالدى، خوتۇنىغا بولسا ماگىزىندىن بىر كۆڭلەكلىك شەتلەڭگە بىلەن ئوغلىغا چىرايلىق بىر كۆڭلەك ئالدى. ئۆيگە كىرگەندە ھەيران بولغان خوتۇنىنىڭ گۇمانىي سوئاللىرىغا: «يىغىلىپ قالغان ئەسكى ـ تۇسكىلەرنى سېتىۋىدىم، ئاز ـ تولا پۇلغا ياراپ قالدى» دەپلا جاۋاب بەردى.

لېكىن، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى سەۋەبسىز ئەمەس ئىكەن. مانا، ئارىدىن ھەپتە ئۆتمەي، قاسىم «ماكماك»قا «خۇدا بەرگەن» بۇ پۇلنىڭ تېگى ـ تەكتى مەلۇم بولۇپ قالدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەگەر قاسىم «ماكماك» ئۇندىمەي بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يۈرۈۋەرسە، بۇ ئىش مۇشۇ پېتى ئۆمۈرلۈك سىر بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، ھېچكىم قاسىم «ماكماك»تىن گۇمانلانمايدۇ، گۇمانلىنىشقىمۇ ھەققى يوق. بالىخانىغا تىقىقلىق پۇل ئۇنىڭ «ھالال رىزقى» بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۆتكەن كۈنى شەرۋانىخان يىغلاپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ بۇ پۇلدىن ئىللا ـ بىللا خەۋىرى يوقلۇقىنى ئېيتىپ ئىشنى تۈگەتتى ئەمەسمۇ!...

«بۇ پۇلنى خەجلەش كېرەك! — دەيتتى قاسىم ‹ماكماك›نىڭ بىر كۆڭلى ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ، — بۇ ساڭا كەلگەن بىر ئامەت! ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويساڭ بولمايدۇ. ئىت چېغىدا ئۇستىخان تەمە قىلىپ بوسۇغىدا پايلايدۇ. سەن بىر ئادەمغۇ، ئادەمگە مەنپەئەت كېرەك ئەمەسما؟! بۇ دۇنيادا سېنى ئەر قىلىدىغانمۇ، شىر قىلىدىغانمۇ پۇل! پۇلۇڭ بولمىسا ئېتىبارىڭ بولمايدۇ،

www.uyghurkitap.com

چىۋىنمۇ شىرىسى يوق نەرسىگە قونمايدۇ ئەمەسما!...»

«ئەمما، — دەيتتى ئۇنىڭ يەنە بىر كۆڭلى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — بۇ پۇل ساڭا ھەرگىز قۇتاتمايدۇ، قاسىم! چۈنكى سەن ئۇنى ئىشلەپ تاپمىدىڭ، ئۇ ساڭا ھارام... سەن ئۇنى تۇتقان ۋاقتىڭدا قوللىرىڭنىڭ تىترىگىنىنى سەزمىدىڭما! ئادەم ئۇچۇن ئارتۇقچە دۇنيانىڭ كېرىكى يوق، ئادەمنىڭ قولى قانچە ئۇزارسا ئۆمرى شۇنچە قىسقىرايدۇ! سەن بۇ پۇلنى ھەق جايىغا تاپشۇر!...»

قاسىم «ماكماك» ئىككى خىل ئاڭ، ئىككى خىل ئىستەك ئۇستىدە ئويلىنىپ، روھىي كۈرەش قاينىمىدا بىر چۆكۈپ، بىر چىقىپ شىددەتلىك ئېقىن بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى...

ئىنسان دېگەن خىيال بەندىسى. ئۇ خىيال بىلەن ئەرشئەلاغىمۇ چىقىدۇ، يەرنىڭ تەكتىگىمۇ چۈشىدۇ.

قاسىم «ماكماك» ھازىر شۇنداق ھالەتتە ئىدى. ئاشۇ پۇل بىلەن ئۇنىڭ بارلىق تىنچلىقى، بىغەملىكى، خاتىرجەملىكى يوقالدى، ئۇ خىيالچان بولۇپ قالدى. خىياللار ئۇنى تۇرۇپ خۇشال قىلسا، تۇرۇپ بىئارام قىلاتتى...

قاسىم «ماكماك» ئۆز ئۆمرىدە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بەزى ئىشلارغا گۇۋاھ بولغان، پەرىشتىدەك پاك ۋە مۇلايىم تۇيۇلىدىغان بەزى ئادەملەرنىڭ لوق - لوق پارا ئالغانلىقىنى كۆرگەنىدى. دەل ئۆزىمۇ بىر چاغلاردا ئەنە شۇنداق بىرىگە بىرنەچچە يۈز يۈەن سۇڭگۇتۇپ

بىرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئاددىي بىر قارا ئىش ئورنىغىمۇ ئېرىشەلمەي ئىشسىز، پاناھسىز قالغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن پۇلنىڭ قەدرىگە يەتكەن، كۆچ - قۇدرىتىگە ئىشەنگەن، بۇ دۇنيادا پۇل بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلگەنىدى...

شۇنداق قىلىپ، خىزىرنىمۇ يولدىن چىقارغان پۇلنىڭ مېھرى ئاخىر ئۇنى ئېغىز ئاچماسلىققا دەۋەت قىلدى.

# 19

دۇنيادا ھەممە نەرسىنىڭ داۋاسى بار، ئەمما نومۇس...

ئۇ خۇددى ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالغاندىمۇ ئۆلمەيدىغان مىكروبتەك ئادەمنىڭ يۈز - كۆزى، شانۇ - شەۋكىتىگە قارا سۈركەپ يۈرۈۋېرىدۇ بۇ ئالەمدە!

لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەرقانداق غەشلىك تارقىلىدۇ، ھەرقانداق جاراھەت قېتىشىدۇ، ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىك ئادەمدىن يىراقلىشىدۇ!

غۇلام نىياز ھازىر ئۆز بېشىغا كەلگەن ئىشلارنىڭ خۇددى كۆز شامىلىدەك ھەممە ياقنى توزۇتۇپ كەتكىنىنى گاھ ئەسلەپ، گاھ ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ ياخشى بىلەتتىكى، دۇنيادا گۇناھسىز ئادەم بولمايتتى. شۇ سەۋەبتىن ئالىيجاناب ئىنسان ھەرقانداق ئېغىر شارائىتتىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەيۇچان بولىدۇ. بىراق بۇنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، تۆھمەت بىلەن گۇناھكار قىلىش

ۋە ئاخىرىدا «قولۇڭدىن كەلسە ئاسمانىنى ئۆرۈۋەت!» دەپ مۇتتەھەملەرچە ھۆكۈم قىلىش يارىمايدۇ ـ دە!

غۇلام نىيازنىڭ دېلوسى ھازىر ئەنە شۇنداق ھالقىلىق پەيتكە كېلىپ قالغانىدى. شۇڭا، ھېزىم ھەسەن بۇ گۇن ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ، رەھبەرلىكنىڭ ئاخىرقى پىكرىنى يەتكۈزمەكچى بولدى.

ھېزىم ھەسەن كىرگەندە غۇلام نىياز قانداقتۇر بىر نەرسە ئۈستىدە جىددىي ئويلىنىپ ھەم يېزىپ ئولتۇراتتى. ئالدىراشچىلىقتىنمۇ ياكى رايى يارمىغانلىقتىنمۇ، ئۇنىڭ سوزۇنچاق ئېڭىكى بىلەن ئاقۇچ زاڭقىلىرىنى خۇددى ئاختارمىلىقنى ئوت باسقاندەك قويۇق ساقال بېسىپ كەتكەنىدى، بىرمەھەللىك دەرد ـ ئەلەمدە كۆيۈپ يانغان كۆزلىرىدىن قەلبىدىكى زۇلمەت بىلەن كۆڭۈلدىكى ھەسرەتنى ھېكايە قىلغۇچى مۇڭ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، زېھنى ئوچۇق ئىدى. بولۇپمۇ، ھېزىم ھەسەننى كۆرگەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى تېخىمۇ بەردەم، سالاپەتلىك تۇتۇشقا تىرىشتى.

ــ نېمە يېزىۋاتىسىز؟ ــ دېدى ھېزىم ھەسەن ئەمەلدارلارچە كىبىر بىلەن غۇلام نىيازنىڭ ئالدىدا گىدىيىپ، ــ ھە، ئاخىر ئىقرار قىلىش نىيىتىگە كەپسىز ـ دە!

ــ نېمىنى؟! ــ غۇلام نىياز پەرۋاسىزلىق بىلەن سورىدى.

بۇ سوئال ھېزىم ھەسەننى خۇددى سوغۇق يىلاننى دەسسىۋالغاندەك ئەندىكتۈرۈۋەتتى، ئۇ دەمالىققا بىر نېمە دېيەلمەي مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى.

— ھە... سىز ماۋۇ يېزىۋاتقان نەرسەمنى دەمسىز؟ — دېدى غۇلام نىياز ئۇنىڭ گېپىگە ئەمدى چۈشەنگەندەك قىياپەتتە، — بۇ بىر دوكلات، يۇقىرىغا يوللايدىغان دوكلات...

— دوكلات؟! — ھېزىم ھەسەننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈزلىرى پۈرۈشۈپ كەتتى، — نېمە دوكلات ئۇ؟! مەن سىزگە ئەسكەرتىپ قوياي! — دەپ داۋام قىلدى ئۇ بىر خىل گۇمانىي ئەندىشە بىلەن، — مەن دېگەن ئۆسىدىغان كادىر، ئايىغىمدىن تارتىشقا ئۇرۇنسىڭىز خاپىلىشىپ قالىمىز جۇما!

— خاتىرجەم بولۇڭ، ھېزىم مۇدىر! — دېدى غۇلام نىياز مىيىقىدا كۈلۈپ، — مەن سىزگە شوتا قويۇپ بەرسەم بېرىمەنكى، ھەرگىز ئايىغىڭىزدىن تارتمايمەن. بۇ دۇنيادا ھېچكىمنىڭ رىزقىنى ھېچكىم ئەكېتەلمەيدۇ.

— ئەمىسە، دوكلات يېزىپ نېمە قىلىسىز؟ — يەنە شۇ گۇمانسىراش بىلەن سورىدى ھېزىم ھەسەن، — بىز نېمە كويدا، سىز نېمە كويدا!؟

— مەن شۇ خەلقنىڭ كويىدا...

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ! — ھېزىم ھەسەن بىردىنلا چالۋاقىدى، — سىز دېگەن ھازىر جىنايەتچى، سىزدە ئۆز مەسىلىڭىزنى تاپشۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق ھوقۇق يوق!

غۇلام نىيازمۇ بوش كەلمىدى:

— مېنىڭ ئويلاش، پىكىر قىلىش ھوقۇقۇمنى ھېچكىم چەكلىيەلمەيدۇ! سىز ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ تەۋەيىمىزدىكى نامرات يۇقىرالار كىچىككىنە كۈتلەك

ئۆيلىرى چېقىلغاندىن كېيىن، تۆلەم پۇلىغا يېڭى رايوندىن ئۆي ئالالمىسا قانداق قىلىدۇ؟ كوچىدا ياتامدۇ؟!

غۇلام نىياز بۇ مەسىلىنى خېلى بۇرۇنلا رېشىت پەلەڭنىڭ تۆلەم پۇلى مىراسخورلارغا بۆلۈنۈپ كېتىپ، رېشىت پەلەڭ يېڭى جايدىن ئۆي ئېلىشتا قىيىنچىلىققا يولۇققان ۋاقىتتىن باشلاپلا ئويلىنىشقا باشلىغانىدى. ئەمما، ھېلىقى پېشكەللىك بىلەن نەزەربەند قىلىنغاندىن كېيىن دەسلەپكى كۈنلەردە بۇ ھەقتە ئويلاشقا رايى بارمىدى، ھەممە ئىشتىن كۆڭلى سوۋۇپ، ئۆز تەقدىرى بىلەنلا بولۇپ كەتتى. تەقدىر ئادەملەرنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ: بەزەن ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى يەكسان قىلىدۇ؛ بەزەن ئۇنى تەھقىرلەپ، ئوي ـ پىكىرلىرىنى بوغۇپ قويىدۇ! كونىلارنىڭ: «مېھنەت چارچاتمايدۇ، كۈلپەت چارچىتىدۇ» دېگەنلىرى راست ئىكەن!

شۇنىڭغا قارىماي، غۇلام نىياز ئاستا ـ ئاستا ئۆزىگە تەسەللى بەردى: ۋۇجۇدۇڭدىكى جۇش ئۇرغان ھېسسىياتلىرىڭنىڭ ئۆزى كاتتا بايلىق ئەمەسمۇ؟ تاكى يۈرىكىڭدە ئىزگۈلۈك ھېسسي بەرقارار ئىكەن، سېنىڭ ھېچ نەرسىدىن كەمچىلىكىڭ يوقلۇقى شۇ! ئادەم ئۈمىد بىلەن ياشىشى، روھ بىلەن ياشىشى كېرەك، دوزاختا چۈشۈپ كەتكەندىمۇ جەننەتكە تەلپۈنۈشى، ئىنتىلىشى كېرەك! سېنىڭ بىردىنبىر ئىشىڭ، بىردىنبىر مەشغۇلاتىڭ ـــ خىزمەت، خىزمەت ۋە يەنە خىزمەت!

مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ: «كۈلپەت دېگەن مېھمان،

ئۆزى كېلىپ ئۆزى كېتىدۇ!» دېگەن ئىشەنچ بىلەن ياشاشقا باشلىدى.

ئۇلۇغلۇق ۋە ياۋۇزلۇق — هاياتتا دائىما يانمۇيان تۇرىدۇ. ئۇلۇغلۇق نۇرلىرى ئىنسان قەلبىنى يورۇتىدۇ، ئۇنىڭ تەپتى دىللارنى ئىسسىتىدۇ، ياخشىلىققا ئۈندەيدۇ. غۇلام نىياز ھەمىشە رەھمانىنىڭ شەيتاندىن ئۇستۇن كېلىشىگە، ئادەملەر قەلبىدىكى ئۇلۇغلۇقنىڭ ياۋۇزلۇق ئۇستىدىن غالىب كېلىشىگە ئىشىنەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇ ئىشنى ئويلاشقا يەنە بېرىلىپ كەتتى. ئۆز تەۋەسىدە تۆۋەن تۆلەم پۇلى ئالىدىغانلار خېلى كۆپ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. يىگىرمە نەچچە، ئوتتۇز نەچچە كىۋادرات مېتىر ئۆيى بار نامراتلار چوقۇم ئېغىر قىسمەتكە دۇچ كېلەتتى. يەنە تېخى رىشۋەت پەلەكىنىڭ تۇغقانلىرىدەك تۆلەم پۇلىنى ماراپ ياتقان مىراسخورلارنى يوق دېگىلى بولامدۇ؟ قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنداق يىگى، ئەمەلىي مەسىلىنى جىددىي ئويلاشماي ياندا ئۆتۈپ كېتىشكە بولامدۇ؟ كادىرلار ياندا ئۆتۈپ كەتسە پۇقرالار تالادا قالامدۇ؟!

غېرىب - غۇرۋالارنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك خەيرلىك بۇ ئىشنى ئويلاش غۇلام نىيازغا بىر خىل روھىي تەڭپۇڭلۇق ۋە خۇشنۇدلۇق تۇيغۇسى ئاتا قىلدى. ئۇ تۈنۈگۈندىن بېرى مۇشۇ ھەقتە ئويلاپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئاخىر كۆڭلىدە مۇھىم بىر پىلاننى تۈزۈپ چىقتى. بۇ پىلاننى ئۇ چىدىغۇسىز بىر ياشاش ۋە ئالغا ئىنتىلىش ئىستىكى بىلەن، ئىچ - باغرىدا بىر تاقەتسىزلىك ۋە مەسئۇلىيەت ئاغرىقىنى ھېس قىلغاچ

تاڭ ئاتقۇچە ئويلاپ، ئىشلەپ چىقتى. مانا ھازىر ئۇنى يۇقىرىغا يوللايدىغان يوليورۇق سوراش دوكلاتى قىلىپ يېزىۋاتاتتى. دوكلاتتا: نۆۋەتتە دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەت ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىرى، دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ شەھەرگە ئەڭ يېقىن بولغان ئارسلانخان كەنتىدىن ئون مو ئەتراپىدا يەر ئاجرىتىپ، ئوتتۇز كىۋادرات مېتىردىن يەتمىش كىۋادرات مېتىرغىچە تەننەرخى ئەرزان، ئەمما توك، سۈيى بار بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنى سېلىپ، يېڭى رايوندىكى بىنادىن ئۆي ئېلىشقا قۇربى يەتمىگەن نامرات ئائىلىلەرنى شۇ يەرگە ماكانلاشتۇرۇش پىلانى؛ يەنە بىرى، ئۆز ئورنىدىن ئايرىلىشنى زادىلا خالىمايدىغان ئائىلىلەرنىڭ كونا، خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆز جايىدا ئۆزگەرتىش، قايتا سېلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆڭۈل رايىغا بېقىش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى...

ئەمما بۇ ئىشلار غۇلام نىياز ئۈچۈن مۇھىم، تەخىرسىز ئىش بولغىنى بىلەن، ھېزىم ھەسەن ئۈچۈن تولىمۇ بىمەنە، غەلىتە تۇيۇلدى. بۇ كۈنلەردە ئۇ غۇلام نىيازنىڭ ھەممە سۆزلىرىدىن قۇسۇر، ھەممە ئىشلىرىدىن ئېۋەن تاپماقچى بولۇپ يۈرەتتى. شۇڭا، ئۇ ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم ئاچچىقلىنىپ، غۇلام نىيازغا دوق قىلدى:

— سىز نېمانداق ئەقلى يوق، تەرسا ئادەمسىز!؟ سىز تېخىچە ئۆزىڭىزنى كوچا باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى دەپ قارايدىغان ئوخشىمامسىز!؟ ئۇنداق بولسا، مەن نېمىگە ھېساب!؟ ئاڭلاپ تۇرۇڭ، مەن سىزگە تەشكىلنىڭ ئاخىرقى پىكرىنى يەتكۈزگىلى كەلدىم. ئەگەر سىز يەنىلا

ھوشىڭىزنى تاپماي جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋەرسىڭىز، مەسىلىڭىزنى ئېغىرلىتىپ چارە كۆرىمىز! مېنىڭ نەسىھەتىم: ئەڭ ياخشىسى، پارتىخورلۇق جىنايىتىڭىزنى تېززەك ئىقرار قىلىپ، تەشكىلنىڭ كەڭچىلىكىگە ئېرىشىڭ!

غۇلام نىياز قانداق يوسۇندا بولمىسۇن، ئەقىلگە سىغمىدىغان جاۋابنى كۈتۈۋاتقان ھېزىم ھەسەنگە بېپەرۋا، پىسەنتسىز ھالەتتە ئۆزىنى دەخلىسىز تۇتۇپ، مۇنداق دېدى:

— قۇيرۇقىنى كۆرگەن بۆرە تۇزاقتا ئىلىنىسا ئىلىنىدۇكى، ھەرگىز ئارقىسىغا قايتمايدۇ!

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟! — سورىدى ھېزىم ھەسەن ھەم تەئەججۇپ، ھەم تەئەددى بىلەن، — سىز داۋاملىق جاھىللىق قىلىپ، پارتىيە تەشكىلى بىلەن قارشىلاشماقچىما؟

— ئەگەر مەن ئىقرار قىلسام، بىر ئۆمۈر پاك ئۆتكەن شەنىمگە داغ چۈشۈرگەن بولمامدىمەن؟! — دېدى غۇلام نىياز ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، — ياق - ياق، مەن ھەرگىزمۇ ئۆز - ئۆزۈمگە خائىنلىق قىلمايمەن! دەرۋەقە، ئىستىكىمنىڭ ئوڭدىن كېلىش - كەلمەسلىكىنى بىلمەيمەن. ئەمما، شۇنى ئېنىق بىلىمەنكى، تۇرمۇشتا ھەرقانداق ئادەم ئاجايىپ بىر ئۆچۈرۈشلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئۇچۇرغاندا يېڭىلىك بىلەن ئۈچمىغىنى ياخشى، ئەگەردە ئۇچسا — زاۋال تېپىشى ئېنىق!

غۇلام نىيازنىڭ تېخىچە پېتىدىن چۈشمەي، ئاغزىغا كەلگەننى دەپ، يېڭى مۇدىر ھېزىم ھەسەننىمۇ

www.uyghurkitap.com

مەنسىتمەيۋاتقانلىقى ئۇنىڭ ئىززەت ـ نەپسىگە تەگدى. ئۇ خۇددى كۆكۈيۈن چاققان ئاتتەك چىچاڭشىپ غۇدۇراپ كەتتى:

ــ قېنى كۆرەرسىز، تەلەي سىنىماقچى بولسىڭىز، سىناپ بېقىڭ!ــ دېدى ئۇ ۋە تەنە بىلەن داۋام قىلدى، ــ ئالدىراش يوق، ۋاقتى كەلگەندە، ئوتىدا ئىسسىغاندىن كېيىن، تۇتۇنىگىمۇ چىدايسىز ـ دە!

ــ توغرا، ئالدىراش يوق، ــ دېدى غۇلام نىيازمۇ مەنىلىك قىلىپ، ــ ھەر ئىككىمىز ئالدىرىمايلى، ئېسىڭىزدە بولسۇن، بىزنىڭ بۇ شەھەرلىكلەر ھەرقانداق ئادەمنى جىڭلاپ باقىدۇ، جىڭلاپ بېقىپ باھا بېرىدۇ. بەزىلەرنى ماختاپ ئاسمان، دوتەي قىلىۋېتىدۇ، بەزىلەرنى بولسا، چۆكۈرۈپ ھەپسە ـ قاماقتا سولىۋېتىدۇ!...

غۇلام نىيازنىڭ ئاقىرىپ قالغان يۈزىگە كۈلكە يېيىلدى. ئاھ، رەقىبىنىڭ يۈزىدە كۈلكە ـ تەبەسسۇم كۆرمەكتىن ئېغىر ئىش بارمۇ بۇ دۇنيادا؟! ھېزىم ھەسەن كۈتۈلمىگەندە غەلىتە بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. گويا كى يول چېتىدە گۈللەرگە مەپتۇن بولۇپ تۇرغاندا، بىرى ئارقىسىدىن كېلىپ سۆڭگىچىگە قاتتىق بىر تېپىۋەتكەندەك بولدى. لېكىن ئۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، ئۇنىڭ خۇي ـ پەيلى ئاشۇنداق، باھار ھاۋاسىدەك تېز ئۆزگىرەتتى.

ــ قولىڭىزدىكى ئاۋۇ ئاقماس دوكلاتنى ماڭا بېرىڭ!ــ دېدى ئۇ بۇيرۇق ئاھاڭىدا، ــ سىزگە بۇ يەردە ئۆز مەسىلىڭىزنى ئويلاشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشقا رۇخسەت يوق!

— ھە... ھە... شۇنداق... ھايات تولىمۇ غەلىتە ئىكەن - دە! — دېدى غۇلام نىياز ئەپسۇسلانغاندەك كەيپىياتتا، — ئادەم پەقەت كېرەك بولۇپ تۇرغاندىلا قەدىرلىنىدىكەن! باشقا ۋاقىتتا... بولدىلا ... دېمىسىڭىزمۇ بۇ دوكلاتنى سىزگە بېرەتتىم، لېكىن ھازىر تېخى پۈتمىدى، پۈتتۈرۈپ بولۇپلا قولىڭىزغا تەگكۈزىمەن.

— ماڭا كېرىكى يوق! — دېدى ھېزىم ھەسەن قولىنى سىلكىپ، — ئۆزىڭىزگە تېگىشلىك بولمىغان بۇنداق ئىشلار بىلەن ۋاقتىڭىزنى بىھۇدە ئۆتكۈزسىڭىز بولمايدۇ. مەن يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىپ قوياي: ئەمدى ئىقرار قىلمىسىڭىز، كېيىن بىزدىن ئاغرىنىپ يۈرمەڭ!

— مەنمۇ سىزگە شۇنى ئەسكەرتىپ قوياي، ھېزىم مۇدىر! — دېدى غۇلام نىياز تەنتەنىلىك ئاۋازدا، — ئادەم ھەركىمنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىۋەرسە ناھايىتى دانا بولۇپ كېتىدۇ. كېيىن ئەقىللىقلىق بالاسىغا گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ! راستىنى ئېيتقاندا، مەن گۇناھكار بولغاندىكىن مۇنداق دېمىسەم بولاتتى. ئەمما، كۆڭلۈمدىكى گەپنى زادىلا بويىماستىن ئېيتتىم. كۆڭۈلدە باشقا گەپ بولۇپ، تىلدا باشقىچە قىلىپ ئېيتىلسا بۇ مۇناپىقلىق بولىدۇ، مەن سىزگە مۇناپىقلىق قىلىپ ئۆزۈمنىمۇ، سىزنىمۇ ئالدىيالمايمەن!...

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئەنە شۇنداق گەپ ئويۇنى بىلەن سوغۇق ئاياغلاشتى. ھېزىم ھەسەن ئىشىكلەرنى تاراقشىتىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، غۇلام نىياز كىچىككىنە پەنجىرىدىن چۈشۈۋاتقان كۈن نۇرىغا قارىدى. بۇ ئۆيدە ئاشۇ ئاجىز نۇرنى ھېسابقا ئالمىغاندا،

ھاياتلىقتا تەۋە ھېچ نەرسە قالمىغاندەك ئىدى. غۇلام نىياز ۋۇجۇدىنى مۇقەددەس بىر نەرسىگە تاپشۇرىدىغاندەك پەنجىرىدىن قىيپاش چۈشۈۋاتقان ئاشۇ نۇرغا يۈزىنى تۇتۇپ، يىغان بىلەن بىرنەرسىلەرنى پىچىرلىدى، قوللىرىنى جاسارەت بىلەن پەنجىرە تەرەپكە سوزدى. ئۇ بۇ كۆڭلەردە بىر نەرسىگە ئېنىق ئىشەنگەنىدى: «ئادەم ھەرقانداق شارائىتتا باش ئېگمەي قالماسلىقى كېرەك ئىكەن، كۈرەش قىلىش زۆرۈر ئىكەن. شۇنىڭدىلا ئارزۇسىغا ئېرىشكىلى بولىدىكەن، ئىنسانلىقى ئاقلىنىدىكەن!...»

## 20

بۇ دۇنيادا كەمبەغەللىك مەڭگۈ يوقالمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇنى تەڭرى ئاتا قىلغان سوۋغات دەپ قوبۇل قىلىش كېرەك.

كەمبەغەللەر بىز ئۇچۇن بىر ئەينەك، ئۇ بىزگە بەختنى قەدىرلەشنى، كەڭ قوللۇقنى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكنى ئۆگىتىدۇ. ئاق كۆڭۈللۈك ھەرقانداق ئادەم ئۆمۈرۋايەت ئۆگىنىدىغان دەرس!

سەلەي قاداقچىنىڭ ئۆيى چېقىلىپ ماكانسىز قالدى. نەچچە كۈندىن بېرى كوچا ـ مەھەللىسىدىكى ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئۇنى ئۆز ئۆيلىرىدە قوندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇچ جان ئادەم خەقنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋېرىشكە بولمايدۇ ـ دە! بولۇپمۇ لەيلى ناھايىتى قىسىلدى، بۇنداق خاكسارلىق

بويىغا يېتىپ قالغان قىزغا بەكمۇ ھار كەلدى. قىزنىغا قاراپ سەلەي قاداقچىنىڭمۇ كۆڭلى پۇچۇلدى. چۈنكى، لەيلى بۇ يوقسۇل، ئاق كۆڭۈل قاداقچىنىڭ يالغۇز قىزى، ئۇنىڭ ئىقبال ۋە سەلتەنەت ساندۇقىدىكى يەككە ـ يېگانە دۇر ئىدى! شۇڭا، سەلەي قاداقچى بۇگۈن ئەتىگەندىلا ھېزىم ھەسەننى ئىزدەپ بېرىپ دەرد تۆكتى:

— ھېزىم مۇدىر، بىزگە ئىچىلىرى ئاغرىسۇن! — دېدى ئۇ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئۆتۈنۈش بىلەن، — «يۆلەكسىزنى يۆلىسەڭ، يولۇڭغا پاياندار سالار» دېگەن گەپ بار. سىلە بىزنىڭ باشپاناھىمىز، ئۈچ جان ئادەم ماكانسىز قالدۇق، سىلى بىزگە ئىگە بولسىلا...

— نېمە، ماكانسىز قالدۇق دېگىنىڭىز نېمىسى، سەلەي ئاكا؟ — دېدى ئۇ ئەجەبلەنگەندەك قوپاللىق بىلەن، — تاختا كۆۋرۈكتىكى ئۆيلەر يارىمىدىما؟

— يوقسۇ، يارىمايدىغان ئىش نەدە، ھېزىم مۇدىر، — دېدى سەلەي قاداقچى چۈشەندۈرۈپ، — شۇ... شۇ پۇلنىڭ ئىشى، ھەربىرلىرى بەرگەن تۆلەم پۇلى ئۇ يەردىكى يېڭى ئۆيگە بويلىماي قالدى...

— بويلىمىغان بولسا، قەرز ئېلىڭ، — دېدى ھېزىم ھەسەن پەرۋاسىز ھالدا، — ھە، راست... ئۈرۈمچىگە چىقىپ كەتكەن ئوغلىڭىز بار ئىدىغۇ، پۇل ئەۋەتمىدىما؟

— نەدىكىنى، بىچارە بالام... — سەلەي قاداقچىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغاندەك بولدى، — تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقىدىن بىزنى تاشلاپ تاغ ئارقىغا چىقىمەن دەپ چىقىپ كېتىۋېدى، خۇداغا شۈكۈر... بىر ناۋايخانىدا ئىمكار بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ، تىنچ ـ ئامان جېنىنى

باقسا بىز شۇنىڭغا خوش دېسىلە، ھېزىم مۇدىر.
— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز؟ — سوغۇقلا سورىدى ھېزىم ھەسەن.
— قانداق قىلىشنى بىلسەم ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كېلەمتىم، مۇدىر، — دېدى سەلەي قاداقچى ئىلتىجا بىلەن، — بىز كەمبەغەللەرنىڭ قولى نەگە يېتەتتى؟ سىلە ماڭا ئىگە بولمىسىلىرى، بالىچاقام بىلەن تالادا قالىمەن، بۇنداق بولسا بىزگە بەكمۇ ئۇۋال بولىدۇ، ھېزىم مۇدىر...
بۇ گەپلەر ھېزىم ھەسەنگە كار قىلمىدى، خۇددى ئۇنىڭ يۈرىكى يۈرەك ئەمەس، تاشقا ئوخشايتتى، ھېسسىياتلىرى بولسا ئەبەدىلئەبەد قۇرۇپ قاقشالغا ئايلانغاندەك سوغۇق، بىپەرۋا ئىدى.
— تۇرمۇش دېگەن ئاشۇنداق ئادىل ئەمەس، سەلەيئاخۇن! — دېدى ئۇ سەلەي قاداقچىغا ساۋاق بېرىۋاتقاندەك، — سىز ئۇنىڭغا كۆنۈشىڭىز كېرەك! مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىپ بولدۇم، قالغىنىغا ئۆزىڭىز ئامال قىلىسىز. ھەممە ئادەم كېلىپ مېنى ئىزدىسە، مەن بۇ بىر جېنىمنى قانچىگە بۆلىمەن؟!
بۇ گەپلەردىن دىلى ئۆكسۈگەن سەلەي قاداقچى بوغۇق، ئەمما زەردىلىك ئاۋازدا دېدى:
— شۇنداقمۇ، ھېزىم مۇدىر! خەير بوپتۇ... سىلى بىزگە ئىگە بولمىسىلىرى، ئىگە بولىدىغان يەرمۇ چىقىپ قالار... ئاي بىلەن كۈننىڭ ئاستىدىكى خۇدانىڭ ھەممە دەرگاھى بىز كەمبەغەللەر ئۈچۈن ماكان!
سەلەي قاداقچى تەبىئىتى ئېغىر بولسىمۇ، نازۇك دىل

ئادەم ئىدى، ھېزىم ھەسەننىڭ بىپەرۋالىقى، شەپقەتسىزلىكى ئۇنىڭ دىلىغا قاتتىق ئازار بەردى. ئەمما، ئۇ ئاشۇ دىل ئازارلىقى ئىچىدە ئەپچىل بىر ئەقىل تاپتى. شۇ كۈنى ئۇ قول ھارۋىسىنى سۆرەپ كۈنبويى قاتتىق ئىشلىدى، شەھەرنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە باردى. كەچتە ھارۋىغا لىق باسقان ئەسكى ـ تۈسكىلەرنى سۆرەپ شەھەر مەركىزىدىكى خەلق مەيدانىغا كەلدى. مەيدان ئازادە، پاكىز ھەم تىنچ ئىدى. ئۇ ھارۋىدىكى نەرسىلەرنى مەيداننىڭ بىر بۇلۇڭىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، كونا مەھەللىسىگە كەلدى ۋە ئۆي بىساتلىرىنى ھارۋىغا باستى، ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى بوغچا قىلىپ خوتۇنى بىلەن قىزىغا كۆتۈرگۈزدى، قوشنا ـ قولۇملارنىڭ: «بۇنداق كەچتە نەگە بارىسىلەر؟» دېگەن سوئالىغا: «خۇدايىم بەرگەن ئۆيگە!» دېگەن جاۋابىنى بېرىپ، تۈرگۈنلۈك بىلەن ھارۋىنى سۆرەپ ماڭدى. يەنە شۇ مەيدانغا كەلدى ۋە گەپ ـ سۆزسىزلا خوتۇنى بىلەن لەيلىگە:

— مۇشۇ يەرگە ئۆي سالىمەن، سىلەرمۇ ماڭا ياردەملىشىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

خوتۇنى بىلەن لەيلى ھەيرانلىقتا تۇرۇپ قالدى، كېيىن ئېسىنى يىغىپ ھەسەن قاداقچىغا سوئال نەزىرىدە قاراشتى.

— دادا، بۇ نېمە گەپ؟ — دېدى لەيلى ئاخىر ئېغىز ئېچىپ، — بۇ يەرگە قانداق ئۆي سالىمىز؟

— قانداق ئۆي بولاتتى، قىزىم! بېشىمىز پاتقۇدەك پاناھ جاي بولسا بولدى! — دېدى سەلەي قاداقچى بىر خىل

www.uyghurkitap.com

ئىچكى ئازاب بىلەن، — بۇ جاي بىزنى ئاپتاپتىن، شامالدىن، يامغۇردىن ساقلايدۇ...

لەيلى شۇ چاغدىلا دادىسى بايا راسلاپ قويغان نەرسىلەرگە كۆز يۈگۈرتتى، بۇلۇڭدا دۆۋىلىنىپ ياتقان نەرسىلەر نەلەردىندۇر يىغىپ كېلىنگەن كونا يەشىك، كاردون قەغەز، ماي قەغەز، ئۇششاق بادرا، خىلمۇخىل شوينا ـ يىپ ۋە رەڭمۇرەڭ لاتا ـ پۇتىلار ئىدى. لەيلى دادىسىنىڭ مانا شۇ ئەسكى ـ تۇسكى نەرسىلەر بىلەن مەيداندا يەككە ـ يېگانە بىر ئۆي سالماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندى.

ئېرى بىلەن قىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان بۇ گەپلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن رايىش ئايال ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ هاڭۋېقىپ تۇراتتى.

— دادا، بۇ مەيداننىڭ ئالدىدا شەهەرلىك پارتكوم بىلەن شەهەرلىك خەلق هۆكۈمىتى تۇرسا، — دېدى لەيلى دەرگۇمان بولۇپ، — ئەتە هەممە كادىرلار كۆرمەمدۇ؟ ئۇلار نېمە دەيدۇ؟

— هەببەللى، مەن شۇلارنى كۆرسۇن دەپ قىلىۋاتىمەن، قىزىم! ناباب هۆكۈمدار پۇقرانىڭ بېشىنى سىلاش ئورنىغا رەنجىتىدۇ، پۇقرانىڭ بېشىنى مۇشتى بىلەن سىلايدىغان هۆكۈمدارنىڭ قانداقلىقىنى مەن بىر كۆرۈپ باقاي! — دېدى سەلەي قاداقچى زەردە بىلەن ۋە يەرگە نېمىلەرنىدۇر جىجاپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — ئۆينى چاقمىز دېدى، چاقتى، پۇل بېرىمىز دېدى، بەردى. لېكىن ئۇنىڭغا باش تىققۇدەك ئۆي كەلمىدى، بىرنەچچە كۈن خەقلەرنىڭ ئىشىكىدە دەمدەر بولدۇق، ئەمدى

مۇشۇنداق ماكانسىز كېتىۋېرىمىزما؟ دىۋانىنىڭ تۆت تەرىپى قىبلە دېگەن گەپ بار، قىزىم. دىۋانىمۇ خۇدانىڭ بەندىسى، بىز بىرنەچچە كۈن مۇشۇ يەردە جاھاندارچىلىق قىلايلى، بىزگىمۇ ئىگە چىقىپ قالار!

ئىش باشلاندى، ئۈچ ئادەم تەرلەپ ـ پىشىپ ئىشلىدى، يېرىم كېچىگە بارغاندا، باش تىققۇدەك پاناھ جاي ئاي نۇرىدا قەد كۆتۈردى. مەيداندىكى يېشىل چىملىقنىڭ يېنىغا تىكلەنگەن چېدىرسىمان بۇ ئۆي خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرى ئۆرۈۋېرىپ ئەبجەقىنى چىقىرىۋەتكەن يەلكەنلىك قولۋاققا ئوخشايتتى.

موھتاجلىق پەيتىدە ھەرگىزمۇ ئۇ ياخشى، بۇ يامان، ئۇ پوچەك، بۇ دانلىق دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ. نېمە چارە، ياخشىسى تېپىلمىغاندىن كېيىن يامان نەرسە بىلەنمۇ بىرنەچچە كۈنگە ياشىغىلى، پوچەك نەرسە بىلەنمۇ بىرنەچچە كۈنگە جاننى ساقلىغىلى بولىدىغۇ! سەلەي قاداقچى ئەنە شۇنداق ئويلىغان ۋە ئەنە شۇنداق قىلغانىدى. ئۇلار ئۆز مېھنىتىدىن ھاسىل بولغان يېڭى ماكاندا يۆت ـ قوللىرىنى سوزۇپ ئولتۇرۇپ، ئىسسىق چاي بىلەن شىرمەننانىنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى، ئەزايى ـ بەدىنىدىن شۇررىدە تەر چىقىپ پۈتۈن ھارغىنلىقلىرى نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، سەلەي قاداقچى بىلەن خوتۇنى تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى، لېكىن لەيلى ئۇيقۇدىن بىدار ئىدى، ئۇ شۇنچە كۆپ ئەسنەپمۇ ئۇخلىيالمىدى. ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى، كىچىك ئورۇندۇقنى ئىشىكنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئولتۇردى.

دۇنيادا ئايال زاتى ئۈچۈن ئەڭ ۋاپالىق، سىرداش نەرسە تۈن. بولمىسا، ئايال تۈنگە سىرلىرىنى ئېيتامتى؟! ھاۋا ئوچۇق، ساپ ۋە شۇنداق سۈزۈك ئىدىكى، گويا ئادەمدە چەكسە جاراڭلايدىغان جانان چىنىدەك تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى. لەيلى ئۇھسىنىپ تۇرۇپ ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالدى، كۆزلىرىنى ئاي نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان بوشلۇقلارغا تىكتى، يىراقتا ئاق باش تاغ چوققىلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار قامىتى سۆلەت تۆكۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن پەسىراقتا ئاي نۇرىغا چۆمگەن قەۋەت - قەۋەت بىنالار، قاراڭغۇلاشقان دەل - دەرەخلەر شىۋىر - شىۋىر قىلىشقاندەك جانلىنىپ كەتكەن...

ئايدىڭ كېچىنىڭ گۈزەللىكى، تەبىئەتنىڭ لاتاپىتى لەيلىنىڭ زەخىم يېگەن كۆڭلىنى ئاچالمىدى. بۇ كۈنلەردە ئۇ خۇددى سەۋدايى ئادەمدەك خامۇش، چۈشكۈن بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەركە ۋە بەختىيار كۈنلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

بۈگۈن لەيلىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتكەنكى ئىشلار يەنە بىر قېتىم ناھايىتى ئېنىق ئۆتتى ۋە شۇ دەقىقىدە ئۆتكەن ئۆمرىگە باھا بېرىپ ئۈلگۈردى.

تۇرمۇش ئاتالمىش سىرلىق دولقۇنغا ھەۋەس تۈپەيلى بىرلا قېتىم ئۆزىنى ئاتقان ۋە كۈتكىنىگە يارىشا خۇشاللىق ئورنىغا بىر ئۆمۈر كۆتۈرۈپ قويغۇسىز ئازابقا ئېرىشكەن بۇ دەردمەن قىز ئەمدى ئۆزىنىڭ تولىمۇ نادان - ساددىلىقىنى، تىزگىنسىز كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىشىنىڭ تولىمۇ شەپقەتسىز ئاقىۋەتكە گىرىپتار قىلىشىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن بولسىمۇ، ئەمما

كىچىككەندى. بۇ كىچىكىش ئۇنى قاتمۇقات ئۆكۈنۈش ۋە پۇشايمانغا دۇچار قىلىپ، پۈتۈنلەي ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. ئۇ مانا مۇشۇنداق ئازابلىق خىياللار ئىچىدە شۇنى ئېنىق ھېس قىلدىكى، بىر ئايالنىڭ بەختى ھەرگىزمۇ ئەركەكنىڭ مال ـ دۇنياسىدىن، ئابرۇيىدىن، ئۈستۈنلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى ھەر ئىككىسىنىڭ ۋۇجۇدىنى بىرلەشتۈرەلەيدىغان، ئايالدىكى نازۇك ھېسسىياتنى ئەركەكنىڭ قەلبىگە تۆكەلەيدىغان، ھايات دەپ ئاتالمىش نەرسىدە ھەر ئىككىسىنى بىر تەن قىلىپ بىرلەشتۈرەلەيدىغان مۇھەببەتتىن ئىبارەت ئىكەن!...

لېكىن... ھازىر شۇ مۇھەببەت قېنى؟! قېنى شۇ ۋاپادارلىقى، ئوتلۇق سۆيۈشلەرگە، چىن ئەقىدىگە تويۇنغان مۇھەببەت؟!

بۇ ئاچچىق سوئاللار لەيلىنىڭ دىلىدىكى ئەلەم ۋە ئۆكۈنۈش تۇيغۇلىرىنى پەسەيتىش ئورنىغا تېخىمۇ بەتتەر ئەۋج ئالدۇرۇۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى بۇ دۇنيادا ئامانەت بىر ئادەمدەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزىدە مۆلدۈر پەيدا بولۇپ، چېھرىسى سولغۇنلاشتى. كۆكتە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان تولۇن ئايغا، جىمىرلاپ تۇرغان دۇردانە يۇلتۇزلارغا كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ قارىغىنىچە خىيالغا پاتتى. شۇ تاپتا، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ جىلۋىلىنىشىدىن، مۇئەللەقتىكى نۇرانە ئاينىڭ ھالىدىن كىممۇ خەۋەردار دەيسىز؟! جەزبىدار رەڭلەرنىڭ جۇلالىنىشىدىن ھەمىشە ئۇيۇقلا ئاگاھ، ئاسماننىڭ سىرى ـ ئەسرارى ئاسمانغىلا ئايان!...

ئەمدى ئۇ بىردەم بولسىمۇ ئۆزىنى بۇنداق مۇدھىش

خىياللار قوينىدىن ئېلىپ، كۆڭلىگە مەلھەم بولىدىغان شېرىن ئەسلىمىلەرنى ئەسلەشكە، شۇ ئارقىلىق ئۆزىگە ئازراق بولسىمۇ تەسەللى تېپىشقا ئۇرۇندى. بۇنداق شېرىن ئەسلىمە ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئوبۇق بىلەن مۇھەببەتلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل كېلەچىكىنى يارىتىش يولىدا سىرداشقان ئۇنتۇلغۇسىز چاغلىرى ئىدى.

ئادەم شېرىن چۈش كۆرۈپ، تاتلىق دەقىقىلەرنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان چاغدا تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كېتىپ ئارماندا قالىدۇ. ۋاھالەنكى، قاباھەتلىك چۈش كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىلكىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە شۇنچە ئۇرۇنسىمۇ، ئويغىنالماي قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىدۇ!

ئوبۇق بىلەن لەيلىنىڭ ئۈچ كۈن بۇرۇنقى ئۇچرىشىشى ئەنە شۇنداق ھالەتتە بولدى. ئۇلار يانمۇيان ئولتۇرۇپ، جىمجىتلىق ئىچىدە يىراقلاردىكى نامەلۇم مەنزىرىلەرگە كۆز تىكتى. لەيلىنىڭ كۆزى غەلىتە: ھەددى – ھېسابسىز غۇسسە، ئىزتىراپ، ئىلتىجا ۋە ئەلەمگە تولغانىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزىنىڭ تېگى – تېگىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان مۇڭ – ھەسرەت بىردىنلا يۈزىگە قاڭقىپ چىققاندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوبۇققا ئېھتىراس بىلەن قاراپ تۇراتتى، بۇ كۆزلەردە سەمىمىي، ئەمما مەيۈس تۇيغۇلار ئەكسلىنەتتى، ئۇ ئاشۇ مەيۈس، مۇڭغا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئوبۇقنىڭ ئويچان كۆزلىرىگە ھەمدەردلىك بىلەن ئۇزاق تىكىلدى.

ئوبۇق يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى بەستى – بويى كېلىشكەن، ماڭلىيى كەڭ، كۆزلىرى يوغان، قوشۇما قاش، كۆڭلىدىكى سەمىمىي – ساداقىتى يۈزىگە تەپكەن،

ئۈز سۆزلۈك يىگىت ئىدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، تىرىشچانلىقى بىلەن كاۋاپچىلىقنى ئۆگەندى.

كاۋاپچىسى ئىدى، ئۇ لەيلى بىلەنمۇ ئەنە شۇ كاۋاپخانىدا تونۇشتى. بىرنەچچە قېتىم ئۇچراشتى ۋە ئاستا - ئاستا ئۆزلىرىنىڭ بىر - بىرىگە يىپسىز باغلىنىپ قالغانلىقلىرىنى ھېس قىلىشتى. لەيلىگە بولغان سۆيگۈ - مۇھەببەت يىگىت قەلبىدە گويا تاغ تېگىدىكى ئالتۇندەك پىنھان ئىدى. بارا - بارا بۇ گۈزەل پىنھان تۇيغۇ يىگىتنىڭ ئەس - ھوشىنى ئوغرىلاپ، ئۇنىڭ قەلبىگە زەنجىر سالدى. بۇ تۇيغۇ يىگىت قەلبىنىڭ بايلىقىغا، پاراكەندە ئۆمۈر مەزمۇنىغا ئايلاندى، كۆڭلىگە قۇۋۋەت، روھىغا مەدەت بولدى. ئۇنىڭ زوقى، مۇھەببىتى كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا، بۇ كۆڭلەردە ئويغاق باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. دېمىسىمۇ، مۇھەببەت خۇددى تاڭ پەيتىدە ھەممە نەرسىنى ئاجايىپ ناۋالارغا تولدۇرۇپ سوققان ئىنسان ئۆمرىنىڭ سەلكىن شامىلىغا ئوخشايدۇ. بۇ شامال ئادەمنىڭ ۋۇجۇد چىمەنزارىدا رەڭدار چېچەكلەرنى پەرۋىش قىلىدۇ، ئاجىز مايسا - گىياھلارنى ياشنىتىۋېتىدۇ. مۇھەببەت ئەگەر ياش يىگىتكە نېسىپ قىلسا، ئۇنى دۇنيانى چۈشەنگەن، ئاق - قارىنى پەرق قىلىدىغان كىشىلەر دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ، ياشانغانلارنى بولسا، ئۆمۈرنىڭ نەۋقىران پەسلىگە قايتۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆتكۈنچى ئەمەسلىكىگە ئىشەنچ ئويغىتىدۇ. مۇھەببەت -

www.uyghurkitap.com

سۆيگۈ، ئىنسان قەلبىدە مەۋج ئۇرغان قۇدرەتلىك تۇيغۇ! ئالەم ۋە جىمى بارلىق ئەنە شۇ قۇدرەتلىك تۇيغۇ بىلەن زىننەت تاپىدۇ، چىراي ئاچىدۇ!...

ئەنە شۇ مۇھەببەت بۇ ئىككى ياشنى ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمدۈردى. شۇ چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىنى ئالەمدە ئەڭ بەختىيار، بەختىيارلا ئەمەس، بۇ ئالەمدىكى بىردىنبىر ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك بىئارمان ھېس قىلىشتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى بۇ ئالەم ــ شۇ قەدەر سىرلىق، سېھىرلىك ۋە جەزبىدار ئىدى. بۇ ئالەمدە بارلىق نەرسە گۈزەل، خۇشال ۋە سۆيۈملۈك ئىدى. بۇ ئالەمدە ئادەملەر ئاددىي ئادەم تىلىدا ئەمەس، قوش تىلىدا، ياق، ياق، بۇلبۇللار شېۋىسىدە سۆزلىشەتتى، بۇ ئالەم ئەنە شۇنداق رەڭدار، جىلۋىدار، سىرغا، سېھىرگە باي ئىدى. ئۇلار قانداقتۇر قورقۇش ـ ئەندىشە، ئۆرپ ـ ئادەت، دىن ۋە ئىمان دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر ياققا چۆرۈپ تاشلاپ، ھاياتقا، ئەركىنلىككە، مۇھەببەت ۋە ياشلىق باھارىغا قايتا ـ قايتا تەزىم قىلىشتى...

قىسقىسى، ئۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسى مۇھەببەتتىن ئىبارەت نازۇك، چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە مەپتۇن قىلارلىق سەنئەت بىلەن تولۇپ تاشقانىدى. ئۇلار ئۇچراشسا، سىرداشسا گەپلىرى تۈگىمەيتتى، بىر ـ بىرىگە قاراپ تويمايتتى، يۈرەكلىرىنىڭ ئويناقلىقى بېسىلمايتتى...

ئەمما، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى سۆھبىتى ئانچە كۆڭۈللۈك بولمىدى. بۇنى ھەر ئىككىسى كۈتمىگەنىدى. ئىلگىرىكى

شوخ ـ شىرىن كۈلكە ـ چاقچاقلار، ياشلىقنىڭ بىغەم، بىغۇبار، سىرلىق دىلكەشلىرىنى كىمدۇر ئوغرىلاپ كەتكەندەك ئىدى...

لەيلى بايا ئۆزىنى ئوبۇقتا تولىمۇ خۇشال، بىر سۆزلەپ ئون كۈلىدىغان قىلىپ كۆرسەتكەن ۋە بۇ ھال ئۇنىڭ بوزارغان، مۇڭغا پاتقان چىھرىسىگە زادىلا ماس كەلمىگەنىدى. مانا ئەمدى بولسا ئۇنى باشقىچە ھىسسىيات دولقۇنلىتىۋەتكەن، ئەمما بۇنى نىمە ئۇچۇندۇر بىلدۇرۇشكە، ئىپتىشقا پىتىنالمايتتى. گويا بۇنى ئىپتىشقا ئىزدىن چىقارسا ئۆزىنى ھەممە نەرسىدىن — مۇھەببەتتىن، ئوبۇقتىن، نىكاھتىن مەھرۇم بولۇپ، بىر ئۆمۈر بەختسىز بولۇپ قالىدىغاندەك ھىس قىلاتتى. ئەگەر ئىپتىشىدىن چىقارمىسىچۇ؟ ئۇ چاغدا بىر ئۆمۈر ئوبۇقتا يۈز كېلەلمەيتتى، ئۆزىنى ۋاپاسىزلىقتا ئەيىبلەپ ۋىجدان ئازابىدا ئۆتەتتى...

لەيلىنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان مانا شۇ زىددىيەتلىك، مەيۈس پىكىر ئۇنى تېخىمۇ چۈشكۈنلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

ئوبۇق بېشىنى بۇرىدى، لەيلىگە قارىدى، شۇ دەمدە لەيلىمۇ قانداقتۇر بىر ئوتلۇق بېقىش بىلەن ئوبۇقنىڭ ئۆزىگە مەستانىلارچە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئوبۇق بىردىن كۈلۈپ سالدى، كۈلگەندىمۇ ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق قەھر بىلەن كۈلدى، ئەپتىدىن ئۇ ئۆز قەھرىنى ئاشكارا كۆرسىتىشكە بىر سەۋەب تېپىلغىنىدىن خۇرسەن بولغاندەك ئىدى.

— نىمە بولدى ساڭا، لەيلى؟ — دىدى ئۇ تەئەججۈپ

بىلەن، ــ بىر ھەپتە كۆرۈشمىگەنگە باشقىچە بولۇپ قاپسەنغۇ؟

ــ ھېچنېمە بولمىدىم، ــ دېدى لەيلى ئامال بار ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ، ــ ئۆزۈمچە شۇ...

ــ كۆڭلۈڭدە بىر ئىش باردەك قىلىدۇ، لەيلى! ــ دېدى ئوبۇق تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، ــ نېمە ئىش بولسا ماڭا ئېيت، تېۋىپتىن سىر يوشۇرىدىغان بىمار شىپا تاپمايدۇ جۇما.

ــ دېدىمغۇ، ھېچ ئىش يوق! ــ لەيلى ئەمدى بىر ئاز دادىللاشتى ۋە ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى، ــ ناھايىتى شۇ ئۆيىنىڭ ئىشى، دادام ـ ئانامىلارنىڭ بېشى قاتتى، ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس...

ــ ئۇنداق بولسا مەيلى، ــ دېدى ئوبۇق كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك يەڭگىل تىنىپ، ــ بۇ يالغۇز سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا چۈشكەن ئىشمىتى؟ ھۆكۈمەت پۇقرالارنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىمەن دەۋاتسا، ئاتا ـ ئانىڭ نېمىدىن غەم يەيدۇ؟ مەن ساڭا دېسەم، لەيلى، بۇ ئىش بەكمۇ ساۋابلىق ئىش جۇما. مەنغۇ بىلمەيمەن، لېكىن بىزنىڭ مەھەللىدىكى چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرىغا كولانغان قاتمۇقات لەخمىلەر ھازىرقى ئەڭ چوڭ خەۋپ ئىكەن. قاتتىقراق يەر تەۋرەپ قالسىغۇ لەخمىلەر نەق باسماقتا ئايلىنىدىكەن، يازدا ئانچە ـ مۇنچە ياغقان يامغۇردىمۇ لەخمىلەرگە سۇ كىرىپ كېتىپ، تاملار زەيلەپ، ئۆيلەر تۇيۇقسىز گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدىكەن!

ــ ئۇ دېگىنىڭغۇ راست، ــ دېدى لەيلى بىر ئاز

ئېچىلىپ،— لېكىن نېمە ئۈچۈنكى دادام بىلەن ئانامنىڭ زادىلا كۆچكۈسى يوق.

— مانا ـ مانا، كۆيگەندىنمۇ كۆنگەن يامان ـ دە!— دېدى ئوبۇق خىيالغا چۆمۈپ،— بىر ھېسابتا چوڭلارنىڭمۇ قىيمايۋاتقىنى توغرا، ئۇ كوچا، ئۇ ئۆيلەر ھەرقانچە كونا، غۇربەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ نەچچە ئەۋلاد ئەجدادى ئۆتكەن، ئۆزلىرىنىڭمۇ بىر ئۆمۈرلۈك قان ـ تەرى، مېھىر ـ مۇھەببىتى سىڭگەن. كىمنىڭمۇ ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن قۇتلۇق ماكانىنى تاشلاپ كەتكۈسى كېلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، داداڭغا ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلەر ھېيتگاھ ئەتراپىدىكى بازارغا باغلىنىپ قالغان، ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك يولى شۇ يەردە...— ئوبۇق چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى، بىردەم تۇرۇۋېلىپ يەنە تەمكىنلىك بىلەن داۋام قىلدى،— لېكىن، لەيلى، يەنە بىر تەرەپتىن ئويلاپ قارىساق، كۆزۈم قىيمايدۇ دەپ، ئوچۇق ـ ئاشكارا خېيىم ـ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشمۇ ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. كىممۇ ئىسسىقى تۈگەپ، جۇلدۇر كېپەن بولغان چاپاننى ئالماشتۇرماي كىيىۋېرىشنى خالايدۇ؟ ئۆي ـ ماكانمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش... بولدى، بۇ گەپلەرنى قويايلى،— دېدى ئوبۇق ئاخىر قولىنى يېنىك سىلكىپ،— ئاران بىر تېپىشقاندا ئۆزىمىزنىڭ گېپىنى قىلىشايلىچۇ...

لەيلىنىڭ يۇپقا لەۋلىرىدىن مەيىن تەبەسسۇم يۈگۈرۈپ ئۆتتى، بۇ تەبەسسۇم گويا ياز ئاپتىپى تەڭرىتاغ چوققىلىرىدىكى نەچچە يىللىق قارلارنى ئېرىتىۋەتكەندەك

ئوبۇقنىڭ قېتىشقا باشلىغان كۆڭلىنى بىردىنلا يۇمشاتتى. ئۇ لەيلىنى باغرىغا تارتتى، لەيلى نېزىقمىدى، ئەمما خىجىللىقتىن ئوت بولۇپ كەتكەن يۈزىنى سىلاپ قويۇپ، ناھايىتى ئوڭايسىز ھالەتتە ئوبۇقنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويدى. شۇ ھالەتتە لەيلىنىڭ ۋۇجۇدى قىزىدى، ئۆزىنىڭ ئاجىز، ئىلاجسىز سۆيگۈگە، ئوتلۇق باغاشلاشلارغا ناھايىتىمۇ زار بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئوبۇق ئۇنىڭ يېتىرقىغان كۆزلىرىگە، ئوت بولۇپ يانغان يۈزلىرىگە، توزغىغان چاچلىرىغا ئارقا ـ ئارقىدىن سۆيدى. ئىككى ۋۇجۇدتا تەڭلا كۆتۈرۈلگەن بۇ ھارارەت، بۇ تىترەك، كېچە قاراڭغۇلۇقىدىكى بۇ سۆيۈشۈشلەر قاچانغىچە داۋام قىلدى، ئىككىسىمۇ بىلەلمەي قالدى...

بۇ ئەسلىمىلەر قانچە شېرىن، قانچە لەززەتلىك بولسۇن، ئەمما شۇ دەقىقىدە — ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن كەڭ مەيداندا تەنھا ئولتۇرۇپ مۇڭلۇق خىياللارغا پاتقان لەيلى ئۈچۈن راھەت ئەمەس، ئازاب، سىغىنىش ئەمەس، قورۇنۇش ئىدى. ئۇ ئىچىنى بۇرۇقتۇرما قىلىپ قىيناۋاتقان سىرلارنى بىراقلا ئاشكارىلاپ، ئوبۇقتىن كەچۈرۈم سوراشقا شۇنچە ئىنتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن جۈرئەت قىلالمىدى، ئوبۇقنىڭ خۇددى قارا باسقاندەك تاسادىپىي يۈز بەرگەن بۇ سەت ئىشنى ئەپۇ قىلماي، ئۆزىنى تاشلىۋېتىشىدىن قورقتى. ئاشكارىلىماي دېسە، ئۆز ۋىجدانى ئۆزىنى سوراقلاپ ئارام بەرمەيتتى.

ئىشقىلىپ، لەيلى بۇ ھەقتە قانچە ئويلىغان بىلەن، ئويىنىڭ بېشىمۇ، ئاخىرىمۇ يوقتەك، ھەر قېتىم

پىكىرلىرى چۇۋۇلۇشۇپ كېتەتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئەينى پەيتتە بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجىنى تاپالمايتتى. ئۇنى بىر ياقلىق قىلىشقا جۈرئىتى، تاقىتى يەتمەيتتى...

ئۇ يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئۆيگە — تېخى بايىلا بۇ كەڭرى مەيداندا يەككە - يېگانە قەد كۆتۈرگەن ۋاقىتلىق ماكانغا كىردى. دادىسى بىلەن ئانىسى ئاللىقاچان تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندى. ئۇ ئۆزىگە راسلانغان بىر بۇلۇڭدىكى ئامانەت ئورۇنغا كىرىپ ياتتى، ئۇزاققىچە قىيىنىلىپ، ناھايىتى تەستە ئازاب بىلەن ئۇخلىدى، غەلىتە چۈشلەرنى كۆردى، ئوبۇق بىلەن ھېزىم ھەسەن چۈشىگە كىردى...

※ ※

بۈگۈنكى تاڭمۇ ئىلگىرىكىدىن ئانچە پەرق قىلمايتتى: ۋاپادار رەپىقىلەر ئۆز جۈپتى ھالاللىرىنىڭ يەلكىسىنى سىلاپ ياكى سىلكىپ ئىشقا ئويغىتىۋاتقان، سۈت - قايماقچى خوتۇنلار ئۇستى - ئۇستىگە دەستىلەنگەن ھېجىر - تاۋاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، گۈزەر ۋە چايخانىلارغا ئالدىراۋاتقان، بېكەت بىناسى ئالدىدا تاكسىچىلار خېرىدار كۈتۈپ مۈگدەۋاتقان، تازىلىق ئىشچىلىرى سوكال سۈپۈرگىلىرى بىلەن كوچىلارنىڭ چاڭ - توزانىنى ئاسمانغا چىقىرىۋاتقان... ئادەتتىكى تاڭ ئىدى.

لېكىن، بۇ شەھەرنىڭ مەركىزى ھېسابلانغان خەلق

مەيدانى بۇگۇنكى تاڭنى ئالاھەدە كۇتتۇۋالدى. سەلەي قاداقچى تېخى ئويغانماستىنلا بۇ يەرگە چېنىققىلى، سەيلە قىلغىلى چىققانلار بىر كېچىدىلا پەيدا بولغان بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ تاماشا قىلىشقا باشلىدى. سەلەي قاداقچىنىڭ يېڭى تۇرالغۇسى ئۇلارنى خېلىلا قىزىقتۇرغانىدى. سەلەي قاداقچىمۇ «خەقلەرنى كۆرمەي قالمىسۇن» دېگەندەك، ھېلىقى چېدىرسىمان ئۆينىڭ ئۈستىگە ھەر خىل رەڭدىكى لاتىلارنى تۇغ ــ شەددە قىلىپ ئېسىپ قويغانىدى. بۇ نەرسىلەر ئەتىگەنكى سەلكىن شامالدا لەپىلدەپ، خېلى يىراقتىكى ئادەملەرنىڭمۇ نەزىرىنى تارتتى...

سەلەي قاداقچىنىڭ خەلق مەيدانىدا «ئۆي» ياساپ، ماكان تۇتقانلىقى بىردەمدە شەھەر باشلىقلىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ھەتتا ئەتىگەندە ئىشقا كېلىۋاتقان جۇ شۇجى بۇ مەنزىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ھەيران بولدى ۋە ئىشخانىسىغا كىرىپلا بىرنەچچە كادىرنى خەلق مەيدانىغا ئەھۋال ئۇقۇشۇشقا ئەۋەتتى. سەلەي قاداقچى بۇ كادىرلارنى كۆرۈپلا دادخورلۇقنى باشلىدى:

ــ كادىرلىرىم، بىزگە ئىگە بولۇڭلار... ئەزەلدىن تارتىپ تىرىككە ئۆي، ئۆلۈككە گۆر كېرەك بولغان! لېكىن بىز ئۈچ جان ئادەم ئۆيسىز تالادا قالدۇق، ھېزىم مۇدىرغا يالۋۇردۇم، يىغلىدىم، كارى بولمىدى... بىزگە ئەللىك ــ ئاتمىش يىل ماكان بولغان ئۆيىمىزنى چېقىۋېتىپلا كارى بولمىسا بولامدا؟ ئۇ زادى قانداق ھۆكۈمەت؟! بىزدەك كەمبەغەللەرگە كۈن يوقما!...

كادىرلار چۈشەندى، سەلەي قاداقچىغا ھېسداشلىق

قىلدى، تەسەللى بەردى، قايتىپ بېرىپ جۇ شۈجىغا دوكلات قىلدى. شۈجى شۇ ھامانلا ھەرقايسى كوچا باشقارمىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئاچتى. يىغىندا قىلغان بىرىنچى سۆزى ھېزىم ھەسەندىن «بۇ نېمە ئىش؟!» دېگەن جىددىي سوراق بولدى. ھېزىم ھەسەن دۇدۇقلىدى، ئىچىدە سەلەي قاداقچىنى مىڭنى تىللاپ، ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولدى. جۇ شۈجى كەسكىن تەلەپپۇزدا: «بىز خەلقىمىزنىڭ ياشاش مۇھىتىنى، تۇرالغۇ شارائىتىنى ياخشىلايمىز دەپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى ماكانسىز قويساق قانداق بولىدۇ؟! سىلەردىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى نەگە كەتتى؟! بۇ ئىشنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتىنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟!...» دەپ قايناپ، ئاخىرىدا بۇ مەسىلىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، يامان تەسىرىنى تۈگىتىشنى جېكىلىدى. ھېزىم ھەسەن يىغىندىن سالپىيىپ چىقتى. ئەمما ئۇ تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، دەرھال شەھەر باشلىقىنىڭ كاۋىكىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. ئاخىر شەھەر باشلىقىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشمەي تۇرۇپ، بىرەر چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىنمۇ؟! ئىشەنچكە ئېرىشىشنىڭ يولى ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۈچ، يەنى ھالقىلىق پەيتتە ئۆزىنى كۆرسىتىش؛ بۇرۇنقى باشلىقنى بولۇشىغا يامانلاش؛ ھازىرقىسىغا خۇشامەت قىلىش. ئەسلىدە بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ ئاۋۋالقى ئىككىسى بولسىلا كۇپايە، شۇ ئىككىسى ئۈچىنچىسىنى ئىسپات قىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خۇشامەت دېگىنى شۇ. ئەمما، ھېزىم

ھەسەن ئۈچى قوشۇلۇپ ساداقەتنى نامايان قىلىدۇ، دەپ قارايتتى.

ئۇ ئەنە شۇنداق ساداقەتمەنلىك بىلەن شەھەر باشلىقىغا ۋەدە قىلىشقا باشلىدى:

— سىجاڭ، خاتىرجەم بولسىلا، مەن بۇ ئىشنى تېزلا ئوڭشاپ، تەسىرىنى تۈگىتىمەن. سىلىگە ھەرگىز گەپ تەگكۈزمەيمەن! بۈگۈنلا ئالدىلىرىغا ھەم ئەمەلىي، ھەم ئىشەنچلىك دوكلاتتىن بىرنى قويۇپ، ئۆزۈمنىڭ سىلىگە كېرەكلىك ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايمەن!

ھېزىم ھەسەننىڭ بۇ گەپلىرىنى تەمتىرىمەي، دۇدۇقلىماي، كېسىپ دېيەلىشىدە مۇنداق سەۋەب بار ئىدى: ئۆتكەندە غۇلام نىياز ئۇنىڭغا كوچا باشقارمىسى نامىدىن يۇقىرىغا يوللايدىغان ھېلىقى دوكلاتنى بەردى. ئۇ دوكلاتنى چالا - پۇچۇق كۆرۈپلا ئۆزىچە چىچاڭشىپ: «سەن غۇلام دېگەن پارىخور، مەسىلەڭنى ئويلاپ، مەسىلەڭنى تاپشۇرماي، تېخى يۇقىرىغا دوكلات سۇنۇۋاتامسەن؟! سەندە ھازىر ئۇنداق سالاھىيەت، ئۇنداق ھوقۇق يوق! خەير... بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى، ۋاقتى كەلگەندە بۇ دوكلات سېنىڭ جىنايىتىڭنى ئىقرار قىلماي، ئەكسىچە ئەمەل، ھوقۇق كويىدا يۇقىرىنى ئالداۋاتقانلىقىڭنىڭ پولاتتەك پاكىتى بولىدۇ!» دەپ دوكلاتنى ئىشخانىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويغانىدى. بايا جۇ شۇجى يىغىندا سەلەي قاداقچىنىڭ ئىشلىرىنى قايناپ سۆزلەپ، دەرھال بۇ ئىشنىڭ خەلق ئارىسىدىكى تەسىرىنى تۈگىتىش ۋە بۇ خىلدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تېزدىن بىرتەرەپ قىلىش ئىشلىرىنى

شەھەر باشلىقىغا ھاۋالە قىلىغان ۋاقتىدا ھېزىم ھەسەن ئەنە شۇ دوكلاتنى ئېسىگە ئالغان ۋە ئۇنىڭ دەل مۇشۇ مەسىلىلەرگە قارىتىلغان دوكلات ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، كۆڭلىگە بىرمۇنچە پىلانلارنى پۈككەندى.

ئۇ ئىشخانىسىغا كېلىپلا دوكلاتنى ئىزدەپ تاپتى ۋە تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن كۆڭلى خاتىرجەم بولدى. دەرھال كوچا باشقارما كادىرلىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، بايا شەھەرلىك پارتكومدا ئېچىلغان يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئاخىرىدا تەنتەنىلىك ئاۋاز بىلەن:

— مەن بايا يىغىندا ئولتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن شۇجى بىلەن سىجاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىم، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئاخىرىدا بۇ دوكلاتنى تەييارلاپ چىقتىم. ئەگەر باشقىچە پىكىرلەر بولمىسا، بۇ دوكلاتنى دەرھال ئۈيغۇرچە، خەنزۇچە قىلىپ يۇقىرىغا يوللايمىز.

دوكلات تولۇق ئاۋاز بىلەن ماقۇللاندى. ھەتتا ھېزىم ھەسەننىڭ يۈزىدىن يۈزىگە: «كاللىسى ئۆتكۈر، قەلىمى كۈچلۈك ئىكەن. ھەممە ئىشتا يۇقىرانى ئويلايدىكەن...» دېگەندەك مەدھىيە، ماختاشلار ئېيتىلدى. ھېزىم ھەسەن ئۆزىچە پەخىرلىنىپ، كېرىلىپ كۈلدى. «تۆردىكىلەر كۈلسە، پەگاھتىكىلەر ھىجىيارمىش» دېگەندەك، ئۇنىڭ يېنىدىكى بىرنەچچىسى ھىجىيىپ قويدى.

يىغىنىنىڭ ئاخىرى سەلەي قاداقچى ئائىلىسىنى ۋاقتىنچە بىرەر ئىجارە ئۆيگە ھەقسىز ئورۇنلاشتۇرۇش قارارى بىلەن تۈگىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 21

ئايۇپ ئىمام ئارقا تەرەپتىن كەلگەن كەسكىن، ئەمما كۆتۈلمىگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ چىپپىدە توختاپ قالدى:

— ئايۇپقارى، ئۆزلىرى بىشكەك تەرەپلەردىن قاچانلاردا قايتىپ كەلگەنىدىلە؟ — ئابدۇش سۆزلىگەچ ئۆگزىدىكى مەنزەر ئۆيدىن چۈشۈۋاتاتتى.

ئايۇپ ئىمامنى زاھىر ھاجى ئىچكەركى ئۆيدىن ئۆزىتىپ ھويلىغا چىققانىدى.

— يوقسۇ - يوقسۇ... — دېدى ئايۇپ ئىمام ئوڭايسىزلانغاندەك دۇدۇقلاپ، — پېقىر... پېقىر خارجى تەرەپلەرگە چىقىپ باقمىغان...

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟! — ئابدۇش ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، كۆزلىرىگە مەنىلىك قارىدى، — بىشكەكتىكى توكۇلتاش مەسچىتى ئەسلىرىدە باردۇر، توقماقتىكى قارىيخانىچۇ؟!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئايۇپ ئىمامنىڭ بەدىنىدىن گويا بىر چاڭگال چۈمۈلە ئۆمىلەپ ئۆتكەندەك ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا بۇرۇن يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بۇنداق پاراغەتلىك كۈنلەردە، يەنە كېلىپ ئۆزى بۇرۇن ئەسرارلىشىپ باقمىغان بىر ئادەمنىڭ ئاغزىدىن قايتا ئاڭلارمەن دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدى. بىراق، نېمە چارە؟ ھايات دېگەن مانا شۇنداق شەپقەتسىز ئىكەن، پاختا ئىچىدە ئوت ساقلىغىلى بولمايدىكەن - دە! لېكىن، تەن بەرمەسلىك كېرەك، ھازىرقى كۈندە قايسىبىر مەرد

ئۆزىنى ساقچىغا تۇتۇپ بېرىدۇ؟ قايسىبىر باتۇر قىلمىشلىرىنى بويىنىغا ئالىدۇ؟ مۇشۇنداق بىرەر ئادەم بارلىقىنى كىم كۆرۈپتۇ!؟...
— سىلى بىرەر شۇم ئېغىزدىن خاتا خەۋەر ئاڭلاپ قالغان ئوخشايلا، ئابدۇشۇكۇرئاخۇن. خۇدانىڭ خۇش كۆرگەن بەندىلىرىدىن گۇمانسىراش — ئۇنىڭ ئۆزىدىن گۇمان قىلىش بىلەن باراۋەر!— دېدى ئۇ ئاخىر كەيپىياتىنى ئوڭشاپ، ئۆزىنى دادىل تۇتۇپ،— مەن دېگەن خۇدانىڭ بىر مۆمىن بەندىسى، ماڭا ئۇنداق خارجى ئەللەرنى تاماشا قىلىدىغان ئامەت نېسىپ بولمىغان!
ئەمما ئابدۇش قەتئىيلىك بىلەن ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى:
— خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسى تېخىمۇ راستچىل بولۇشى كېرەك، ئايۇپقارى! سىلىنىڭ بېشكەكتە، توقماقتا خېلى ئوبدانلا نام ـ ئاتاقلىرى قالغان...
— يوقسۇ ـ يوقسۇ...— دېدى ئايۇپقارى ئۇنىڭ سۆزىنى ئالدىراپ بۆلۈپ،— پېقىر ھېچقاچان ئۇنداق نام ـ ئاتاقلارغا مۇناسىپ ئىش قىلغان ئەمەس...
بۇ گەپلەرگە دەسلەپ ھاڭۋېقىپ، كېيىن ھەيران بولۇپ، ئاخىرىدا تاقىتى تاق بولغان زاھىر ھاجى ئوغلى ئابدۇشنى بىئەدەپلىكتە كايىپ، ئايۇپ ئىمامغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئايۇپ ئىمام غىپلا قىلىپ، ئۆزىنى تالاغا ئاتتى.
— ھۇ بەچچىغەر!— دېدى زاھىر ھاجى ھويلىدا ئابدۇش بىلەن يالغۇز قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ،— مېھماننى ياخشى كۈتۈۋال، مېھمان

ئاتاڭدىن ئۇلۇغ، دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىتىڭ؟!

— دادا، ئۇ دېگەن مېھمان ئەمەس، سېنى ئازدۇرۇشقا كەلگەن شەيتان!— دېدى ئابدۇش دادىسىنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە نارازى بولۇپ.

— ئاغزىڭنى يۇم، ئەدەپسىز!— زاھىر ھاجى تېخىمۇ ئاچچىقلىدى،— ئاشۇنداق ئەھلى ئىلىم، دىنىي ئۆلىما ئادەمنى شەيتان دېيىشكە تىلىڭ قانداق باردى؟! كۆپۈر بولدۇڭ، بەچچىغەر!

ئابدۇش دادىسىنىڭ كايىشلىرىنى ئانچە ئېغىر ئېلىپ كەتمىدى. چۈنكى، ئۇ ئايۇپ ئىمامنىڭ خىلىدىن بىرى دادىسىنىڭ كاۋىكىغا كىرىپ، ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە قارىتىۋالغانلىقىنى، دادىسىنىڭ ھەممە ئىشتا ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ، ئەسلى ـ ۋەسلىسىنىمۇ ئايىمايدىغان بولۇپ كەتكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ئابدۇشنىڭ نەزىرىدە چوقۇنغان ئادەم — مىسالى بىر شىشە: ئۇنىڭ بىر يېرىگە ئۇرغان ھامان چۇل ـ چۇل سۇنۇپ كېتىدۇ. قېنى، كېيىن ئۇنى بىر يەرگە يىغىپ كۆرچۇ؟ ھەرگىز ئۆز ئەسلىگە كەلمەيدۇ! شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئابدۇش ئايۇپ ئىمامنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى، ئەپت ـ بەشىرىسىنى تېزرەك ئېچىپ تاشلاپ، دادىسىنى ئۇنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشنى ئويلايتتى.

— دادا، مەن ساڭا ئېيتسام،— دېدى ئۇ ئاخىر سەۋرچانلىق بىلەن،— ئايۇپ ئىمامنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئايۇپقارى، 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك، توقماق قاتارلىق يەرلىرىدە يۈرۈپ بىرمۇنچە ناشايان ئىشلارنى قىلغان. مەن بىلگەنلىرىمنى ساڭا

ئېيتاي، ئاڭلاپ باق، ئىشەنمىسەڭ، شۇ چاغلاردا قىرغىزىستانغا چىققان تىجارەتچى، سودىگەرلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ، دەلىللەپ باقساڭ بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، دادا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا ئايۇپ ئىمامنىڭ بىر مەزگىللىك ھاياتىغا دائىر قىزىقارلىق، مەخپىي ھېكايە ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى...

※ ※

ئايۇپقارىنىڭ ھاياتى بەئەينى بىر شاھمات تاختىسىغا ئوخشايتتى، كۈنلىرىنىڭ بىرى ئاق، بىرى قارا بولۇپ ئۆتۈۋەردى.

ئۇ شەھەرگە تۇتاش نەزەرباغ يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆستى. دادىسى تەقۋادار ئادەم ئىدى، ئون بەش ياشقا كىرگۈچە دادىسىنىڭ تەسىرىدە قۇرئاننىڭ يەتتە ـ سەككىز پارە سۈرە ـ ئايەتلىرىنى يادقا يادلايدىغان بولدى، ئاۋازى ساز، يېقىملىق بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «كىچىك قارىي»، «ئايۇپقارى» دەپ ئاتايدىغان بولدى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىغا چىققاندا كۈتۈلمىگەن پېشكەللىككە يولۇقتى. ئەسلىدە ئۇ ئۆزىنىڭ قۇرئان ئوقۇپ تىلاۋەت قىلالايدىغانلىقىنى ساۋاقداشلىرىدىن، ئوقۇتقۇچىلىرىدىن سىر تۇتۇپ كەلگەنىدى. ئەمما، بالىلاردەك سەزگۈر، ھوشيار تەبىقە بولمايدۇ. ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن نەرسىلەر ئۇلارنىڭ خىيالىغا كېلىدۇ، ھېچكىم تاپالمايدۇ دەپ

قارىغان نەرسىلىرىنىمۇ باللار تېپىۋالىدۇ. ئايۇپنىڭمۇ قۇرئان ئوقۇپ، قىرائەت قىلالايدىغانلىقىنى دەل ئاشۇ باللار — ساۋاقداشلىرى بىلىۋالدى. بىر كۈنى فىزىكا مۇئەللىمى بىتاپ بولۇپ دەرسكە كېلەلمەي قالدى. ئىلمىي مۇدىر سىنىپقا كىرىپ، «كەپسىزلىك قىلماي، دەرس تەييارلاڭلار» دەپ تاپىلىدى. كېيىنكى دەرس ماتېماتىكا ئىدى، ئۆيگە بېرىلگەن تاپشۇرۇقنى مۇئەللىم جەزمەن سوراپ، دەپتەرلەرنى تەكشۈرەتتى. ئايۇپ بولسا تاپشۇرۇقلارنى ئىشلىمىگەن ھەم ئىشلىيەلمەيتتى. ماتېماتىكا دېسە ئۇنىڭ بېشى ئاغرىپ، سىنىپتا تۇرغۇسى كەلمەيتتى. يېنىدىكى كەپسىز، ئىش تېرىشقا ئامراق بىر ساۋاقدىشى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ھەممە ساۋاقداشلىرىغا مۇنداق دېدى:

— ھەممىمىز ئايۇپقا ياردەم بېرەيلى، ئەمما، شەرت: ئۇ بىز دېگەن ئىشنى قىلىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ماتېماتىكا تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بېرىمىز، ماقۇلما؟

بىرنەچچەيلەن چۇرقىراشتى:

— ماقۇل، ئۇ نېمە ئىش قىلىپ بېرىدۇ؟

— قۇرئان ئايەتلىرىنى قىرائەت قىلىپ بېرىدۇ! — دېدى ھېلىقى ساۋاقداش.

باللار بىردىنلا قىزىقىپ: «ئوقۇسۇن، قىرائەت قىلسۇن» دەپ ۋارقىراشتى.

بۇ ئىش ئايۇپقا خۇشياقتى، ئاغزىنىڭ كىچىككىنە يېلى بىلەن چوڭ خىجىللىقتىن — مۇئەللىمنىڭ تەنقىد ۋە كايىشلىرىدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن غەلىبە ئىدى.

بىر بالا ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ دوسكا ئالدىغا ئاچىقتى، يەنە بىرى بىر پارچە گېزىتنى خۇددى جايناماز دەك يەرگە سېلىپ بەردى.

— ئوقۇ، ئايۇپقارى، ياخشى ئوقۇساڭ بۇگۈن تاپشۇرۇقتا بەش ئالىسەن! — دېدى ئۇ بالا ئايۇپقارىنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ.

ئايۇپقارى گېزىت ئۈستىگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قۇرئان ئايەتلىرىنى ياد ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ھەقىقەتەنمۇ ياڭراق، يېقىملىق ۋە ساز ئىدى. ئاڭلىغان ئادەمنىڭ ئاڭلىغۇسى كېلەتتى...

دەل شۇ چاغدا مەكتەپ مۇدىرى سىنىپلارنى ئارىلاپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدى. دەسلەپ ئۇ كىمدۇر ماگنىتفوندا ئەرەبچە ناخشا قويغان ئوخشايدۇ، دەپ ھەيرانلىق بىلەن ئەتراپقا قۇلاق سالدى. كېيىن ناخشا ئەمەس، كىمدۇر بىرىنىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى ۋە ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ، سىنىپقا كىردى. گېزىت ئۈستىگە يۈكۈنۈپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغان ئايۇپقارى ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق بىمالال قىرائەت قىلىۋاتاتتى. مەكتەپ مۇدىرىنى كۆرگەن بالىلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئويۇر - توپۇر بولۇشۇپ كەتتى.

مۇدىر تېخىچە ئۆزىنى كۆرمەي قىرائەت قىلىۋاتقان ئايۇپقارىنىڭ يەلكىسىدىن سىلكىپ تارتتى، بۇ چاغدا ئايۇپقارى سۈرىنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ قالغانىدى، يانغا ئۆرۈلۈپ مەكتەپ مۇدىرىنى كۆرگەندە «... ۋەئەلەل مۇرسەلىم» دېگەن كەلىمە ئاغزىدا ئايلىنىپ قالدى.

— قۇرئان ئوقۇشنى ساڭا كىم ئۆگەتتى؟! — دەپ

سورىدى مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭغا چەكچىيىپ.
— ئاللانىڭ كەرىمى كەڭ... — دېدى ئايۇپقارى ئاۋازىنى بايىقىدەكلا قىرائەتكە كەلتۈرۈپ.
— مۇشۇ قىلغان ئىشىڭ ئۈچۈن قانداق جازالىنىسەن بىلەمسەن؟! — مۇدىرنىڭ ئاۋازى كەسكىن ۋە قاتتىق ئىدى.
— ھەرقانداق ئىش خۇدادىن، ئاللا سۆيگەن بەندىسىنى جازالايدۇ...
مەكتەپ مۇدىرى نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. كىچىككىنە بالىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بۇنداق يوغان گەپلەر ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى. ئۇ مائارىپ ساھەسىدە شۇنچە ئۇزاق يىل ئىشلەپ تېخىچە بۇنداق ھادىسىگە دۇچ كېلىپ باقمىغانىدى.
كېيىن بۇ ئىشنىڭ داۋرىڭى چوڭ بولۇپ كەتتى. ئاخىرى ئايۇپقارى ئۆزلۈكىدىن مەكتەپنى تاشلاپ كەتتى.
ئايۇپقارى بىر مەزگىل ئۆيدە لەلەڭشىپ يۈردى، كېيىن دادىسى تامچىلىق، ياغاچچىلىق ھۈنەرلىرىگە بەردى، لېكىن ئۇ بۇ ھۈنەرلەرنىڭمۇ ھېچقايسىسىنى دەستىگە ئالالمىدى. ئاخىرى شەھەردىكى تاغىسى ئۇنى يېنىغا ئەكىرىپ، بىر قوللۇق تەربىيەلىمەكچى بولدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزىنىڭ چوڭ قىزىنى ئۇنىڭغا چېتىپ، ئىچ كۈيئوغۇل قىلىۋالدى. بۇ چاغلاردا بۇ قېيىنئاتىنىڭ ئايۇپقارىنىڭ قولىغا قويىدىغان گەپلىرى مۇنداق ئىدى:
«ئوقۇيالمىساڭمۇ، ‹قۇرئانى شەرىف› سەھىپىلىرىنى ئېچىپ، ئالدىڭغا قويۇپ ئولتۇر. ئاللانىڭ يۈزى ئۇنىڭ

بەتلىرىدە نامايان بولىدۇ. قايسىبىر مۇسۇلمان بەندىسىگە ئاللانىڭ يۈزىنى كۆرۈش نېسىپ بولسا، ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدۇر!»

دەرۋەقە، ئۇنىڭ تەلىيى راستتىنلا ئوڭدىن كەلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىكى شىركەت قۇرۇش، چەت ئەللەرگە چىقىپ تىجارەت قىلىش دولقۇنىدا، ئۇمۇ بىر شىركەتنىڭ خادىمى سۈپىتىدە قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەھىرىگە چىقىپ تىرىچىلىك قىلدى. ئەمما كىچىكىدىن ئاقنانچى بولۇپ چوڭ بولغان ئايۇپقارىغا تىرىچىلىكنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتى ئېغىر كەلدى. ئۇ ئىشنىڭ يېنىكىنى، ناننىڭ يۇمشىقىنى ئىزدەپ، بىردەم ئۇنىڭغا، بىردەم بۇنىڭغا ئىشلىدى، بىرەر يەردە يىلتىز تارتىپ كۆكلەشنى خالىمىدى. ھەتتا بەزىدە ئىش ئېغىر كەلگەندە، چۇراپ چىقىپ، ھاراق بىلەن ئۆلپەتلىشىدىغان، كەچكىچە سىرتتا لاغايلاپ، يەنىلا بۇرۇنقى تاكىراڭ چاغلىرىدەك بىر توپ بەڭباشلار بىلەن خاكسار يۈرىدىغان يامان ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالدى. شۇ چاغدا كىشىلەر ئۇ ھەقتە: «ئايۇپقارى ئالتۇندىن قاپلانغان ياسىما چىشلىرىنى گۆرۈگە قويۇپ ئىچىپ يۈرىدۇ!» دەپ غەيۋەت قىلىشقانىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ توقماقتىكى بىر ئۇيغۇر باي بىلەن تونۇشۇپ توقماققا كەلدى ۋە بۇ يەردىكى مۆتىۋەرلەرنىڭ تەلىپى بىلەن بىر قارىيخانا ئېچىپ، مۇسۇلمان باللىرىغا دىنىي دەرس بېرىشكە باشلىدى. ئايۇپقارى ئۈچۈن بۇ ئىشنىڭ تاپاۋىتى ياخشى، سالمىقى يەڭگىل، ساۋابى چەكسىز ئىدى. لېكىن، مۇشۇنداق يېنىك، ساۋابلىق ئىشنىمۇ ئۇ ئۇزاق داۋاملاشتۇرالمىدى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ

ئىمانى سۈس، ۋىجدانى سۈيۈقلۇقى سەۋەب بولدى. ئۇ ئاچقان قارىيخانىدا ئايتولۇن ئىسىملىك ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشلاردىكى بەئەينى شىرىسى تولغان ئاناردەك يېتىلگەن ئوماق بىر قىز بار ئىدى. ئايۇپقارى بۇ قىزغا ئېچىرقاپ كەتكەن ئۇۋچىدەك كۆزىنى تىكىۋالدى. قىز دەسلەپ تاغىسى دېمەتلىك بۇ ئادەمنىڭ بەزى قىلىقلىرىنى توغرا چۈشىنىپ، «ماڭا كۆيۈنۈۋاتىدۇ، دىلىمنى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇتماقچى» دەپ ئويلاپ ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. ئەمما ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇنىڭ قىلىقلىرى ھەددىدىن ئېشىپ تېتىقسىزلىقتا ۋە ھەتتا شەھۋانىيلىقتا بېرىپ يەتتى. ئايتولۇن سەگەكلەشتى، ئامال بار گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلەردە ئۆزىنىڭ شەرم ـ ھايالىق پاك قىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھارام نىيىتىگە بەرھەم بەرمەكچى بولدى. شۇنداقتىمۇ ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇنى يەنىلا «قارىيكا»، «خەلپىتىم» دەپ، ئۇستاز ۋە شاگىرتلىق مۇناسىۋەتنى سوغۇقلاشتۇرمىدى. قىزدىكى بۇنداق ئاق كۆڭۈللۈكنى ئۇنىڭ ئاجىزلىقى دەپ چۈشەنگەن ئايۇپقارى ھارام نىيىتىدىن يانمىدى، ئەكسىچە تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، بىر كۈنى ئايتولۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسى مېھماندارچىلىقتا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قولتۇقىغا يوغان «قۇرئان كەرىم»نى قىستۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى ۋە «قۇرئان ئوقۇشنى، قىرائەت قىلىشنى ئۆگىتىمەن» دەپ قىزنى يېنىغا تارتىپ ئولتۇرغۇزۇۋالدى. قىز قورقۇپ، ئەندىكىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئالدىدا ئېچىقلىق تۇرغان «قۇرئانى شەرىف»نىڭ

يۈزىدىن، سۈرىدىن بولسىمۇ ئۇستازىنىڭ يامان نىيەتتە بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلاپ ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتتى. ئايۇپقارى قۇرئاندىن ئىككى ئايەتنى ناھايىتى چىرايلىق قىرائەت قىلدى، ئۇنىڭ ئاۋازى مۇڭلۇق، يېقىملىق ئىدى. ئايتولۇننىڭ قۇلاق تۈۋىدە گويا مەيىن بىر كۈينىڭ بارا - بارا يېقىنلىشىۋاتقان ساداسى ئىشىتىلگەندەك بولدى، بۇ كۈي ناھايىتى يېقىشلىق ۋە دىلرەبا ئىدى. قىزنىڭ قەلبى ئېرىدى، بايىقى قورقۇش، ئەندىشە دېگەنلەرمۇ ئاللىقاياقلارغا غايىب بولدى. ئايۇپقارى قىرائەتنى تۈگىتىپ، قۇرئاننى ياپتى، پىيالىدىكى چايدىن بىر ئوتلىدى، ئاندىن تېخىچە يېنىدا قورقماي، ھېيىقماي، بەخىرامان ئولتۇرغان قىزغا بىر قاراپدى - دە، ئۇنىڭغا شۇنداق تۇيۇقسىز - خۇددى قورسىقى تويۇپ كۈيشەپ ياتقان قوزىغا تاشلانغان بۆسكەك بۆرىدەك ئېتىلىپ ئاستىغا بېسىۋالدى. ئايتولۇننىڭ دېمى سىقىلىپ نەپەس ئالالماي قالدى، شۇنداقتىمۇ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى، تېپىچەكلەپ يۇلقۇندى، ئاخىرى بىر قولىنى بوشىتىپ، نەلەردىندۇر قولىغا ئىلىنىشقان گۈل لوڭقىسى بىلەن ئايۇپقارىنىڭ چېكىسىگە ئۇردى، ئايۇپقارى «ۋاي» دېگىنىچە چېكىسىنى تۇتتى، شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن بوشانغان ئايتولۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىغا يۈگۈردى، ئۇنىڭ كۆڭلەك - ئىشتانلىرى يىرتىلىپ ساڭگىلاپ قالغانىدى. ئۇ ئاشخانىغا كىرىپلا قولىغا ئۆتكۈر قىغراقنى ئېلىپ ۋارقىرىدى:

— كۆزۈمدىن يوقال، ئىپلاس! بولمىسا ھازىر ساقچى چاقىرىمەن!

www.uyghurkitap.com

ئايۇپقارى قىزنىڭ ئەلپازىدىن قورقتى، نىيىتىدىن ياندى، يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك قۇرئاننى قولتۇقىغا قىسىپ، ئۆيدىن غىپلا چىقىپ كەتتى...

دادىسى بىلەن ئانىسى كەلگەندە ئايتولۇن مۆڭلۈق يۈزلىرىنى ياستۇققا باسقىنىچە ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ ياتاتتى. گويا مۇشۇ ياشقا يەتكۈچە تارتقان جىمى ئازاب - ئوقۇبەتلەرنىڭ دەردىنى بىراقلا چىقارماقچىدەك نالە قىلىپ يىغلايتتى. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەنسىرەپ سورىغان سوئاللىرىغا زارلاپ تۇرۇپ:

— ئۇ ئەبلەخ ماڭا يامان نىيەتتە بولماقچى بولدى، مەن ئەمدى قارىيخانىغا بېرىپ قۇرئان ئوقۇمايمەن، مۇسۇلمان دېگەن ئاشۇنداق بولىدىغان بولسا، مەن ئەتىدىن باشلاپ چېركاۋغا بېرىپ خىرىستىيان بولىمەن! — دەپ كەسكىن جاۋاب بەردى.

شۇ ئىشتىن كېيىن ئايۇپقارى توقماقتا تۇرالمىدى، ئەتىسىلا لاقا - لۇقىسىنى كۆتۈرۈپ بىشكەككە يېنىپ كەلدى. توكۇلتاش مەھەللىسىدىكى مەسچىتنىڭ ۋەخپىسىدىن بىر ئېغىز ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ، بىر مەزگىل مەسچىت بەندىسى بولدى. ئۇنىڭ «مۆمىن، تەقۋادار»لىقى تېزلا مەسچىت ئىمامى جاھانباينىڭ كۆزىگە چۈشتى. جاھانباي بۇ مەسچىتنىڭ پېشقەدەم ئىمامى ھەم مەزىنى ئىدى. توكۇلتاش مەھەللىسى بىلەن قوشنا مەھەللىلەردىن بۇ يەرگە ئىبادەت قىلغىلى كېلىدىغان قىرغىز، ئۇيغۇر ۋە قازاق نامازخانلار ئۇنى چوڭ بىلەتتى، ھۆرمەتلەيتتى. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا، جاھانباي بالىچاقىلىرى بىلەن ئىسسىقكۆلگە

ھەپتە ـ ئون كۈنلۈك دەم ئېلىشقا بارىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇ بىر قېتىملىق خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن جامائەتكە تاپىلاپ مۇنداق دېدى:

— مەن ئىسسىقكۆلدىن كەلگۈچە ئايۇپقارىم ئۇشبۇ مەسچىتنىڭ ئىمام ۋە مەزىنلىكىنى ئۆتەپ تۇرىدۇ. ھەربىرلىرىڭ ھەر قېتىملىق نامازدا ئاللانىڭ بۇ تەقۋادار بەندىسىگە ئىقتىدا قىلىشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن!

بۇ مەسچىتتە جاھانبايىنىڭ سۆزى قانۇن ۋە قارار ئىدى. شۇڭا ھېچكىم ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئۆكتە قوپمىدى. گەرچە بەزىلەر كۆڭلىدە ئايۇپقارىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلمىگەنلىكى، بۇ يەرگە يېقىندىلا كەلگەنلىكى تۈپەيلى، ئۇنىڭغا گۇمان ۋە ئىشەنچسىزلىك بىلەن قارىسىمۇ، ئەمما بۇ گەپلەرنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى، بەلكى «قاراپ باقمايمىزمۇ» دېگەن نىيەت بىلەن ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىشقا قوشۇلدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەي ئايۇپقارىنىڭ ئېگىز پەشتاقتا چىقىپ ياڭراق ئاۋازدا توۋلىغان ئەزىنى، ھەر قېتىملىق نامازدىن كېيىن ئوقۇغان خۇتبىسى نۇرغۇن ئادەملەرنى قايىل قىلىپ، بەزىلەرنى ھەسەتتە، بەزىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇردى.

«ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە» دېگەندەك، جاھانبايىنىڭ قايتىپ كېلىشى يېقىنلاشقانسېرى، ئايۇپقارىنىڭ كۆڭلىنى يەنە ئالىلىقانداق ھارام خىياللار قىتىقلاشقا باشلىدى. ئۇ كۆڭلىدىكى پىلانلىرىنى ئوبدان پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بىر جۈمە كۈنى نامازدىن كېيىن

جامائەتكە ئەمرىمەرۇپ قىلدى:

— ئىدرىس ئەلەيھىسسالام تۆتىنچى ئاسماندا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مۇبارەك كىتابىغا ئىسلام دىنى ئۈچۈن زەخمەت چەككۈچىلەرنىڭ جىمى ئىشلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. كىتابتا دېيىلىشىچە، مۇنكىر – نەكىر جەننەت دەرۋازىلىرىدا تۇرۇپ، ساۋابلىق ئىش قىلغان مۆمىنلەرنىڭ روھلىرىغا پىشۋاز چىقىپ كۈتۈۋالىدىكەن. ئاللاتائاللامۇ ئىنسان بالىسىنى بەلەن مەرتىۋىلەرگە يەتكۈزۈپ، كامالى ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن ئۇلۇغلاپ، مۇستاپانىڭ سۈننەتلىرى بولغان «كىمىكى بىر چىرايلىق ئىشنى قىلسا، ئۇنىڭغا شۇ قىلغانىنىڭ ئەجرى قىيامەتكىچە بولىدۇ» دېگەن ئىنئامىنى بەرگەن. مەن بۈگۈن جامائەتتىن مەسچىتىمىز ئۈچۈن ئاز – تولا ساۋابلىق، چىرايلىق بىر ئىش قىلىشنى ئۆتۈنىمەن! قايسىبىر دانا مۇنداق دېگەن: ئادەمزات ئۈچ قېتىم ياشايدۇ. بىرىنچىسى، ئۆز ئۆمرى؛ ئىككىنچىسى، پەرزەنتلىرىنىڭ دىلىدا؛ ئۈچىنچىسى، ھەر ۋاقىتتا قىلغان ساۋابلىق – خەيرلىك ئىشلىرى بىلەن. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، مەسچىتىمىزنىڭ ھويلىسى بەك قۇرغاق، قاقشال. ئاللانىڭ ئۆيى ھېسابلانمىش بۇ ئىبادەتگاھ قانچە كۆركەم، چىرايلىق، يېشىل بولسا، ئاللامۇ ئۇنىڭدىن شۇنچە خۇش بولىدۇ، رازى بولىدۇ. مەن بۇ يەرگە ئەنجۈر كۆچەتلىرىنى تىكىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. چۈنكى، ئەنجۈر جەننەت دەرىخىدۇر. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىمىز بىر – بىرلىرى بىلەن ئەنە شۇ ئەنجۈر دەرىخى تېگىدە تېپىشقان... يەنە بىرى، مەسچىتىمىزنىڭ ھويلىسىنى

قورشاپ تۇرغان ۋادەكلەر كونىراپ، چىرىپ، ھالىدىن كېتىپتۇ. بۇنى يېڭىلىمىساق ئاللامۇ راۋا كۆرمەيدۇ. شۇڭا، مەن ھەربىرلىرىنىڭ مەسچىتىمىز ئۈچۈن بۈگۈنكى ئۇلۇغ جۈمە كۈنىدە ئاز - تولا ئىئانە قىلىشلىرىنى سورايمەن. بۇنداق يەرلەرگە قىلىنغان ئىئانە ھەقىقىي ئىئاندۇر. رەھىمدىل كىشىلەر ئۈچۈن ئۇ ئىككى نەرسىدۇر: ھەم ئىئانە، ھەم ھەدىيەدۇر! ئاللاتائالا بەندىسىنى بىر نەرسىدە كەم كۆرسە، باشقا نەرسىدە ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ!

ئايۇپقارىنىڭ جايىدا كەلتۈرۈپ قىلغان سۆزلىرى جامائەت ئىچىدە قىزغىن ئىنكاس پەيدا قىلدى. ھەممەيلەن يانلىرىنى كولىشىپ، ئىئانىگە ھازىرلاندى. ئايۇپقارى ئۆزۈن ئاق كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى يوغان ئېچىپ ئېتەك سالدى قىلغىنىچە سەپ ئارىلاپ مېڭىپ پۇل يىغىشقا باشلىدى ۋە جامائەتنى تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن توختىماي سۆزلىدى:

— ئۇلۇغلۇقنىڭ كىچىكىشى يوق، جامائەت! ئۇنىڭ باھاسى پەسەيمەيدۇ، بۈرۈن ئىئام ئەتمىگەن بولساق بۈگۈن ئەتسەك بولۇۋېرىدۇ. مەن ھەربىرلىرىگە دۇئا قىلىمەن، ئامىن... ئاسماندىن چۈشىدىغان ئاپەتلەردىن، يەردىن چىقىدىغان بالالاردىن ئۆزۈڭ ئاسرىغىن، ئامىن... ئاجىزەلەرگە ئىنساب - تەۋپىق بەرگىن، ئەركەكلىرىگنى شەرمەندە - شەرمىسار قىلمىغىن، ئامىن... ئىككى دىيارىمىزنى ئاباد ئەيلىگىن، بەندىلىرىڭگە خەزىنەئى غايىبىڭدىن نۇرى ئىمان ئاتا ئەتكىن، ۋەلجەمئىئە، ۋەلمۇسلىمىنە، ۋەلمۇسلىمات!...

www.uyghurkitap.com

ھەر خىل رەڭ، ھەر خىل چوڭلۇقتىكى پۇللار خۇددى ئىشىكتىن، دېرىزىدىن، تۈڭلۈكتىن تەڭلا ئېقىتىپ كىرگەندەك ئايۇپقارىنىڭ ئېتىكىگە چۈشۈشكە باشلىدى...

بۈگۈن ئايۇپقارىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىشى ئوڭدىن كەلدى، ئەتە قىلىنغان پۇل ئويلىغاندىنمۇ كۆپ بولدى. ئۇ جامائەت تارقىغاندىن كېيىن مەسچىت ھۇجرىسىغا كىرىپ، پۇللارنى رەت - رېتى، جۈپ - جۈپى بىلەن سەيلەپ چىقتى ۋە ھاياجاندىن كۆزلىرى چاقناپ، ساقاللىق يۈزلىرى پۈرۈشۈپ كەتتى. بۇنداق مېھنەتسىز، مىننەتسىز قولغا كىرگەن بىرمۇنچە پۇل ئەمدى ئۇنى ھەر كويلارغا سېلىشقا باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن شۇ كۈنلا توكۇلتاش مەسچىتنى تاشلاپ، بېشكەكتىن خېلى يىراق بولغان جالالئابادقا قېچىپ بېرىۋالدى، ئاندىن بۇ يەردىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش دەۋدەر ساياقلاردىن بىرنەچچىنى ئۇلپەت تۇتۇپ، ناشايان ئىشلارغا بېشىغىچە كىرىپ كەتتى. بۇ جەرياندا ئۇنى بەكرەك قىزىقتۇرغىنى قىمار بولدى. دەسلەپ ئاز - تولا ئۇتتى، ئىشتىھاسى ئېچىلدى، بارغانسېرى ئۆزىنى ئۇردى، كېيىن يامانراق دوكار قىمارۋازلارغا ئۇچراپ، ئۇتتۇرا - ئۇتتۇرا، ئاخىرى پوستى سويۇلغان پىيازدەك يېرىم يالىڭاچ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى ھالىتىنى رىشت «پەلەك» ئابدۇشقا مۇنداق سۈپەتلەپ بەرگەنىدى: ئايۇپقارى ھەقىقەتەنمۇ تىللادا ئوشۇق ئويىنىغان بايۋەچچىلەردىن ئىكەن، كېيىن بارلىق ۋەسلىنى قىماردا ئۇتتۇرۇپ ھېلىم دىۋانىگە ئايلىنىپ قاپتۇ...

شۇ ئىشلاردىن كېيىن ئايۇپقارى قۇيرۇقىنى چاترىقىغا تىقىقان ئىتتەك ياۋاشلىشىپ، بىر مەزگىل يۇرتداشلىرىنىڭ كۆزىدىن يىراق يۇرگەندىن كېيىن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەنىدى.

ئانا يۇرتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنە شۇ ئۆز ۋاقتىدا بېشىنى سىلاپ، كېيىن ئىچ كۇيۇ ئوغۇل قىلىۋالغان تاغىسى بىلەن يالغۇز ئۆزى بىر ئۆيىنى تۇتۇپ، بىر بالىنى چوڭ قىلىپ ئولتۇرغان رايىش خوتۇنى ئەسقاتتى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن تاغىسى ئۇياق ـ بۇياققا دوقۇرۇپ يۇرۇپ، ئۆتمەس ماتادەك بولۇپ كەتكەن بۇ خاكسار جىيەنىنى ئاخىر كونا كوچىنىڭ مەسچىتىگە ئىمام قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئەمدى ئۇ يەردىمۇ ھەمىشە ئۆزى ئېيتىپ يۇرگەن:

«نېسىپ ئەتسە كېلەر شامۇ ئىراقتىن،
ئەتمىسە گەر، كېتەر قاشۇ قاپاقتىن»

دېگەن نەقىلدىكىدەك، ئۆزىگە ھەممە جەھەتتىن نەپ بېرىۋاتقان ئىماملىق بىلەن زاھىر ھاجىدەك قەدىناس ئۇلپەتداشلىرىنى تاشلاپ، كونا كوچىغا قانداق تۇيۇقسىز كەلگەن بولسا، يەنە شۇنداق تۇيۇقسىز غايىب بولدى.

## 22

ئىنسان ھاياتىدا بەزى ئاجايىپ تاسادىپىيلار بولۇپ

تۇرىدۇ، ھاياتتا ئادەمنىڭ بەختلىك بولۇشى، نىمىلەرگىدۇر ئېرىششى ۋە جۇدا بولۇشى ئۈچۈن تاسادىپىي ۋەقەلەرنىڭ ئەھمىيىتى شۇنچىلىك چوڭ بولىدۇ. دىمەك، تاسادىپىينىڭ ئۆزى تەقدىر چۈشەنچىسى بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدۇ. تاسادىيلىق تەقدىرنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، تەقدىر تاسادىپىيلىقنى يارىتىدۇ!...

غۇلام نىيازنىڭ ئىشى ئەنە شۇنداق بولدى.

بۈگۈن ئۇنىڭ مەسىلىسىنى ئاممىۋى يىغىندا ئېلان قىلىپ، تېگىشلىك جازاسىنى بىرىش ئۈچۈن چوڭ يىغىن ئېچىلدى. يىغىنغا ئالدى بىلەن دەۋاگەر سۈپىتىدە كونا كوچىنىڭ ئادەملىرى تولۇق قاتناشتۇرۇلدى، ئاندىن قالسا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ھەرقايسى ئاھالە كومىتېتلارنىڭ كادىرلىرى قاتناشتۇرۇلدى. باشقا كوچىلاردىن پەقەت بىرلا قاسىم «ماكماك»لا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن «كۆرۈپ بېقىش» ئۈچۈن كەلگەنىدى.

غۇلام نىياز تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى بىر كادىرنىڭ ھەمراھلىقىدا زالغا ئەكېلىنگەندە يىغىن مەيدانى خېلى جىددىي ھەم سۈرلۈك تۈس ئالدى. ئادەملەر بىر - بىرلىرىگە يەر تېگىدىن قاراپ قويۇشاتتى، زىرىكەرلىك، ئېغىر، ناخۇش جىملىقنى بۇزۇشقا ھەددى سىغمىغاندەك ئاۋازسىز نىرى - بىرى مىڭىپ يۈرۈشەتتى. غۇلام نىياز بېشىنى سىڭار يان ئېگىپ، لەۋلىرىنى چىڭ ھىمىرىۋالغانىدى. قوي كۆزلىرى ئۆزۈندىن بىرى ئۆزىگە تونۇش بولغان ئەھلى جامائەتكە مۆلايىم تىكىلگەنىدى. بۇ كۆزلەردە قانداقتۇر ئەپسۇس،

قىيىنداش ۋە ئۈمىدسىزلىك دېگەنلەردىن ھېچقاندىق بەلگە ـ نىشان كۆرۈنمەيتتى. ئەمما، تازا زەن سېلىپ قارىغان ئادەم ئۇنىڭ كۆزىدە، چىرايىدا ئىپادىلەنگەن مۇلايىملىق بىلەن خاتىرجەملىك ئىچىگە ئاللىقاندىق چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن ئاچچىق ئىزتىراپنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئوچۇق ھېس قىلالايتتى...

غۇلام نىياز شۇ كەمگىچە بىر نەرسىنى چۈشەنمەيتتى: خوش، ئۇنىڭ بېشىغا شۇنداق كۈلپەتلەرنى سالغان كىم؟ تەقدىر، توغرا، تەقدىر... لېكىن ئۇ نېمىگە باغلىق؟ تىرىك ئادەمگە... تىرىك ئادەم كىم؟ ھېچ بىر ئىنسان ئىككى ھەسسە ئەمەسما؟! ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم بولۇشى مۇمكىنمۇ؟... ھە، دېمەك ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ بۇنداق ئۇزىراپ، چوڭىيىپ كېتىشىدە ئەنە شۇ ھەممىشە ئەمەلنىڭ كويىدىلا يۈرىدىغان ئادەمنىڭ ئەيىبى بار ئىكەن ـ دە! ئۇ ھوقۇق مەستانىسى، بايلىق، دۆلەت بەندىسى ئەمەسمۇ!...

غۇلام نىياز ئويلىغانسېرى كۆتۈرۈلەتتى، روھى دېگىزدەك تىنىمسىز چايقىلاتتى، كۆۋەجەيتتى. شۇ دەمدە خىيالىدا ھەممە ياقنى بوران لەرزىگە كەلتۈردى، ھاۋا گۈلدۈرلىدى، ئۇنىڭ كۆزىدە چاقماق ياندى ـ دە، ئىختىيارسىز بىر ئىچكى نىدا ئىشتىلدى: «قېنى ھەقىقەت!؟ ئەمدى كىمگە داد دەيسەن؟! كىم ساڭا قۇلاق سالىدۇ!؟ ھېچكىم راست گەپكە ئىشەنمىسە، يالغان دۇنيانى يالماپ كەتمەمدا؟! قېنى مېنىڭ شۇنچە يىللىق خىزمىتىم، ئىناۋىتىم، ئابرۇيۇم؟! بىر ـ ئىككى ناكەسنىڭ قولىدا ۋەيران بولامدا؟!»

www.uyghurkitap.com

يەنە بىر ئىچكى ئىدا ئۇنىڭ خىياللىرىغا قارشى چۇقان كۆتۈردى: «ھەي!... ئەپسۇس! مۇشۇ يەردە ئازراق شەخسىيەتچىلىك قىلدىڭ، غۇلام! تەن ئال! ئەسلىدە كۈرەشچى ئېتىقاد ئۇچۇن كۈرەشىدۇ، ئۆزىنى ئويلىمايدۇ، ئۆزىنى ئويلىدىمۇ، بەس، شۇئاندا ئۇ تارمار بولىدۇ! سېنىڭ يولۇڭدا تېخى نۇرغۇن كۈرەشلەر بار. ئۇلاردىن ئامان چىقىش ئۈچۈن ئېتىقاد، ئىزگۇ مەقسەتلىرىڭ ھەققى بەردەم بولۇشۇڭ كېرەك، شۇندا سېنى ھېچكىم پۈكەلمەيدۇ، قەددىڭنى تىك تۇت، غۇلام! شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، ھەر كىشىنىڭ ئۆز زامانى، ئۆز بۇرادەرلىرى بولىدۇ!...»

غۇلام نىياز ئۆزىگە ئۆزى مەدەت بەردى، ئۇ شۇنچە تەھقىرلەنگەن بولسىمۇ، كۆڭلى يەنىلا ئوچۇق، جىسمى خۇددى يەرگە تىرەلگەن چويۇن پارچىسىدەك مەزمۇت تۇراتتى. كونىلارنىڭ: «پۇتۇڭغا پايتىما قىلساڭمۇ ئىسسىق يىپەك بۆز بولماس» دېگىنى شۇ ئىكەن ـ دە!

يىغىن ھېزىم ھەسەننىڭ كۆرەڭلىك بىلەن قىلغان سۆزى بىلەن تىمتاس ھالەتكە كەلدى.

ــ بىز بۈگۈن بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە قوينىڭ ئاغزىدىن چۆپ ئالمايدىغان پاك، سەمىمىي دەپ قارىلىپ كەلگەن بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاچىمىز! ــ دەپ باشلىدى ئۇ سۆزىنى، ــ «تىنچ ئاقىدىغان دەريادا شەيتان كۆندىلەڭ ياتىدۇ» دېگەن گەپ بار. تۇرمۇشىمىزدىمۇ ئەنە شۇنداق شەيتانلاردەك كۆندىلەڭ تۇرۇۋالىدىغان ئادەملەر بار، ئۇلار ھېچ نەرسىدىن تەپ تارتمايدۇ، ھەر خىل يول بىلەن خەلقنى شىلىپ، بايلىق

توپلايدۇ، كۆرۈنۈشتە خەلق ئۇچۇن ياخشى ئىشلىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ يىلىكىنى شورايدۇ. ئۆز ۋاقتىدىكى نام ــ ئاتىقى يوغان غۇلام نىياز دەل ئەنە شۇنداق ئادەم! «قوۋ تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار» دېگەندەك، ئۇ ئاخىر ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. لېكىن، قىلغان ئىشى، جىنايى پاكىتى تولۇق تۇرسىمۇ، جاھىللىق بىلەن هازىرغىچە ئىقرار قىلمىدى. بۇ، مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى. بۇ دەل قىڭغىر دەرەخنىڭ سايىسىمۇ قىڭغىر بولغاندەكلا بىر ئىش. ئۇ گەرچە ئىقرار قىلمىسىمۇ، لېكىن پاكىت ئالدىدا جازادىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ساياق يۈرگەننىڭ تاياق يېيىشى مۇقەررەر. مۇنداق مۇتتەهەم، كاززاپ ئادەملەرنىڭ خەلقنىڭ كۆزى ئالدىدا جازالىنىشى هەقىقەتنىڭ نامايان بولۇشى هېسابلىنىدۇ!

هېزىم هەسەننىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا تۆۋەندىن كىمدۇر بىرى غۇلام نىيازغا دارىتمىلاپ:

ــ «مېنىڭ نەپسىم بالادۇر، يانار ئوتقا سالادۇر». نەپسىڭنىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق خارلىق بولىدۇ! ــ دېدى ياڭراق ئاۋازدا.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىن بىرەيلەن غۇلام نىياز دېلوسىنىڭ باش ــ ئاخىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا پارىخورلۇق جىنايىتىنى ئارتتى، ئۇنىڭ سۆزىدىن كېيىنلا غۇلام نىيازغا بۇرۇندىن كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ كەلگەن بىر ــ ئىككى كادىر بىلەن بىرنەچچە ئاممىمۇ تۇشمۇتۇشتىن سۆز ئېلىپ، غۇلام نىيازنى ئىككى پۇلغا ئالغۇسىز قىلىۋەتتى...

www.uyghurkitap.com

ھەر خىل كۆچلۈك، زەردىلىك تەنە ـ تەئەددىلەر خۇددى مەھشەر گۈرزىسىگە ئوخشاش غۇلام نىيازنىڭ بېشىغا تەگمەكتە ئىدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاسىم «ماكماك»نىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئەندىكىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ خۇددى ئاشتىن تاش چىققاندەك يۈزىنى پۈرۈشتۈردى. شۇ تاپتا قاسىم «ماكماك»نىڭ قەلب دېڭىزىدا خۇددى شىددەتلىك ئېقىنغا ئوخشاش بىر خىل روھىي كۈۋەجەش كۆتۈرۈلگەنىدى.

ئۇ ئويلىغانسېرى خىياللىرى خىياللىرىنى، ھېسلىرى ھېسلىرىنى بىردەم ئىنكار قىلاتتى، بىردەم مۇئەييەنلەشتۈرەتتى. پۇل قاسىم «ماكماك»نىڭ كۆزىگە بىردەم ئوت بولۇپ كۆرۈنۈپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىللىتسا، بىردەم مۇز بولۇپ چېچىلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى شۈركۈندۈرەتتى. ئۇ شۇنچە يىل ياشاپ، شۇنچە چىغىرىقلاردىن پۈتۈن چىقىپ بۈگۈنكىدەك بۇنداق تەڭقىس ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغانىدى.

يەردە ناننىڭ ئۇۋۇقىنى كۆرسە ئۇنى پۇۋلەپ ئېلىپ، كۆزىگە سۈرتۈپ يۇقىرىغا ئېلىپ قويىدىغانلار كۆپ. توپىغا مىلىنىپ ياتقان بىر تۇتام پاختىنى كۆرگەندىمۇ ئۇنى تازىلاپ، تايىنلىق يەرلەرگە قويۇپ قويۇشقا ئادەتلەنگەنلەر بار. چۈنكى، بۇ تەۋەررۈك نېمەتلەرنى ئىنسان ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، شۇڭا ئۇ قەدىرلىنىشكە ھەقلىق. لېكىن ئىنسان ناھەقچىلىكتە ئۇچراپ خاكسار بولۇپ قالسىچۇ؟ ئۇنىڭ قەددىنى تىكلىشكە ياردەملىشىپ، زەخىم يېگەن قەلبىگە تەسەللى بېرىدىغان مەردۇ مەردان تېپىلارمىكىن؟...

قاسىم «ماكماك» شۇلارنى ئويلاپ، ئۆزىدە بىر خىل جاسارەت، ھېسداشلىق پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆزىگە غۇلام نىيازنىڭ شۇ كۈنلەردىكى قانداقتۇر ئىپلاس، يىرگىنچلىك قوللار تەرىپىدىن غىجىملاپ تاشلانغان، بەختسىز، ناتىۋان تۇرقى نامايان بولغاندا ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆزى ھۆرمەتلەيدىغان بۇ ئادەمنىڭ ئادالەتسىزلىك ۋە شەپقەتسىزلىكنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىشىگە چىدىمىدى.

ھەرقانداق قارا قورساق، ئاچ كۆز ئادەمنىڭمۇ قەلبىدە ئادەمگەرچىلىك، ئادىمىي ھېسداشلىق تۇيغۇسى غالىب كېلىدىغان ۋاقىتلار بولىدۇ. شۇ تاپتا قاسىم «ماكماك» غۇلام نىيازنىڭ ھالىغا قاراپ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ كەتتى. «تۇيۇقسىز كەلگەن ئامەت دېگەن بىۋاپا خوتۇنغا ئوخشايدۇ، — دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى ئۇ، — ۋاقتى كەلسە دەقىقە ئىچىدە يۈز ئۆرۈپ كېتىۋېرىدۇ... توغرا، سەن... سەن قاسىم... نان ئۇزاتقاننىڭ قولىنى چىشلىمە!...»

قاسىم «ماكماك»نىڭ خىيالى ئۈزۈلۈپ، ئەسلىگە قايتىش بىلەن يۈرىكىنى غەشلىك قاپلىدى. ئۆزىدىن ئۆزى نەپرەتلەنگەندەك بولدى، بېشى لوق - لوق قىلىپ، ئاغزى بەتتەم بولۇپ كەتتى. ئۇ خېلىدىن بېرى دىلىنى تىرناپ كەلگەن، نە چۈشىدە، نە ئويغىدا ھالاۋەت بەرمەي، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، دۇنياسىنى زىمىستانغا ئايلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاشۇ پۇل توغرىسىدا يەنە بىر كەررە چوڭقۇرراق ئويلىشى، دەرھال بىر قارارغا كېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭدا ئەڭ كەسكىن ئىچكى غەلىيان باشلاندى:

«توغرا، ئادەمنىڭ چاپىنى ياماق بولسىمۇ، دىلى ياماق بولمىسۇن!...»

قاسىم «ماكماك» بىر خىل ئىچكى ئازاب بىلەن غۇلام نىيازغا قارىدى ۋە ئۇنىڭ كۆزىدە بىرىنچى مەرتىۋە مەيۈسلۈك ئىپادىسى كۆرۈندى، دەم ئۆتمەي بۇ كۆزلەردىن شىرىلداپ ياش ئىقىپ كەتتى. بۇ ياشلار خۇددى غەم ـ قايغۇ، دەرد ـ ئەلەم ھاسىل قىلغان يارىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قاندەك ئىدى. ھە، يارا پىششىپ يېرىلغانىدى، ئۇ ئاۋازىنى راسا قويۇۋېتىپ يىغا ئارىلاش ۋارقىرىدى:

ــ توختاڭلار، غۇلام مۇدىردا گۇناھ يوق! ئۇ ياخشى ئادەم، ياخشى ئادەمگە ئۇۋۇال قىلىنسا بولمايدۇ، زادى بولمايدۇ! ئۇ ئاق ھەم پاك!

گويا ئاسماندىن غارايىپ بىرنەرسە شالاپ قىلىپ زالغا چۈشكەندەك ھەممەيلەن تەڭلا قاسىم «ماكماك»قا قارىدى.

ــ ئاسمانمۇ كۆزىنى يەردىن ئۈزمەيدۇ. خەققە بۇنداق تۆھمەت قىلىش ياخشى ئەمەس! ــ دېدى ئۇ بايىقىدەك تەمكىن، ياڭراق ئاۋازدا، ــ پۇل مانا مەندە، ئۇنىڭ غۇلام مۇدىر بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق!

ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلارنى كۆپچىلىككە ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەردى. ئۇ بۇ گەپلەرنى تولىمۇ ئەستايىدىل، كامىل ئىشەنچ بىلەن ئېيتتى، ئاخىرىدا:

ــ پاكىز دىل ئەينەككە ئوخشاش بولىدۇ. ئۇنىڭدا ھەرقانداق نەرسە ئۆز ئەكسىنى تاپماي قالمايدۇ! ــ دېدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۆزى پەخىرلىنىپ كەتتى.

يىغىندا ئەينى دەقىقىدە ئاجايىپ ھالەتلەر يۈز بەردى. غۇلام نىياز گويا ئۆزىنى ئاسانلىقچە يامىشىپ چىققىلى

بولمايدىغان پۈتاقسىز سۈۋادان تېرەكتەك مەغرۇر ۋە مەزمۇت سەزدى. ھېزىم ھەسەننىڭ بولسا، چىرايى خۇددى قىرووۋدا قالغان پاخالدەك سولىشىپ كەتتى. تېخى بايىلا رەقىبىنى قاچۇرغان نوچى خورازدەك بازلاپ، قانات قېقىپ يۈرگەن بۇ ئادەم ئەمدى كۆرۈك توخۇدەك رۇكۇلداپ، شۇمشىيىپ قالغانىدى.

تەقدىرنىڭ ئاشۇنداق ئاجايىپ مۆرۈۋۋەتلىرى باركى، مۆلچەرلەشتە ھەرقانداق ئەقىل ئەندىزىلىرىمۇ كەملىك قىلىدۇ! ئەنە شۇنداق ئەقىلنى لال قىلغان، كۆڭۈللەرنى ھەيرەتكە سالغان، ھاياتقا نۇر تارقاتقان ساقىيقۇدرەت تەقدىرگە تەشەككۈرلەر بولسۇن!

غۇلام نىياز گويا بېشىغا چۈشكەن ئېغىر تەۋقى ـ لەنەت، دەرد ـ ئەلەم يۈكلىرىنى تۈيۈقسىز بىر ساخاۋەتلىك قول يەلكىسىدىن ئىرغىتىپ تاشلىغاندەك ئۆزىنى يەڭگىل سەزدى، قەددىنى تىك تۇتۇپ، قاسىم «ماكماك»نى باغرىغا تارتتى، قېرىنداشلارچە قۇچاقلىدى. ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرىدىن ھاياجانلىق ياشلار ئاقتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى قۇتلۇقلىغان خەلق بىلەن بىللە زالدىن چىقتى، ياش يۇقى كۆزلەر غەرب تەرەپكە تىكىلگەندە، ئۇپۇق قىپقىزىل ئالۋۇنغا پۈركەنگەن قۇياش بىلەن نۇرلىنىپ كەتكەنىدى...

# 23

شان ـ شۆھرەت، ھوقۇق ـ ئەمەل دېگەن بۇ نەرسىمۇ

قىزىق. كىمكى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىسا، ئۇ بەدەر قاچىدۇ، كىمكى ئۇنىڭدىن قاچسا، ئۇ دەرھال قوغلايدۇ. ئۇنىڭغا مەھلىيا بولساڭمۇ، ئۇنى قوغلىغۇچى بولساڭمۇ، ئوخشاشلا ئىشتىن قالىسەن، ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭغا ئېتىبار بەرمەسلىك كېرەك، ئۇ ئۆزىنىڭ يولى بىلەن كەلسۇن!

ئەمما، ھېزىم ھەسەن ئۇنداق قىلالمايتتى، شان ـ شۆھرەت، ھوقۇق ـ ئەمەل دېگەنلەرگە ئۇ پۈتۈن ئەسل ـ ۋەسلى بويىچە بېرىلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن، بۇ نەرسىلەرگە چوقۇم ئېرىشىشى، ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە قارىماي كۈرەش قىلىش كېرەك ئىدى. ئۇ مۇددىئاسىغا يارىشا ئاز ـ تولا ئېرىشتى ۋە ئەمدىلا ھوقۇقنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقاندا خۇددى قارا باسقاندەك ئۇنىڭدىن يەنە ئايرىلىپ، غۇلام مۇدىرنىڭ قول ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا بەكمۇ ئەلەم قىلدى، ھار كەلدى. ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان ئاشۇ كۈنكى يىغىندا قاسىم «ماكماك»نىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ھازىرمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن خۇددى قامچىنىڭ زەھەرلىك تىلىغا ئوخشاش قايتا ـ قايتا سىلكىنىپ ئۆتۈپ، يۈرەك ـ باغرىنى ئۆرتەشكە باشلىدى. ئەگەر شۇ كۈنى ئۇنىڭ قولىدىن كەلگەن بولسا، بۇ بەتبەشىرە ئەخلەتچىنىڭ ماكماك ئاغزىنى يىرىپ، شۇم تىلىنى سۇغۇرۇۋالغان بولاتتى. دېمىسىمۇ، قاسىم «ماكماك» ئۇنىڭ ئىشىغا توپا سالدى. ئەگەر ئىش بۇنداق ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ

هازىرقى مۇدىرلىق مەنسىپىنى پەلەمپەي قىلىپ، قەدەممۇقەددەم يۇقىرى ئۆرلىگەن بولاتتى. ئەمەلدارلار سورۇنىغا كىرمەك تەس، كىرىپلىۋالدىكمۇ خۇددى قاتتىق ياغاچنى يەيدىغان يۇمشاق قۇرتتەك، بەزى تۇگۇلۇپ، بەزى يېيىلىپ يۇقىرىغا قاراپ ئۆمىلەشكە بولىدۇ. ئەمەلدارلىق ئورۇندۇقلىرى هامان بوشاپ تۇرىدۇ، بەزىلەر يۇقىرى ئۆرلەپ ئورنىنى بوشىتىدۇ، بەزىلەر تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشۈپ ئورنىنى بوشىتىدۇ، بەزىلەر بولسا ئۆلۈپ بوشىتىدۇ. مانا شۇنداق بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش جەريانىدا تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ سىلجىش، ئۆرلەش بولۇپ تۇرىدۇ. هېزىم هەسەن مانا شۇنداق بوش ئورۇنلارنىڭ بىرەرىنىڭ ئۇزۇنغا قالماي ئۆزىگە نېسىپ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەمما، بۇ ئىش بۇ دۇنياغا خاسىيەتسىز بىر كۈندە تۇغۇلۇپ قالغان هېلىقى قاسىم «ماكماك» تۇپەيلى بىردىنلا يوققا چىقتى، كۆپۈككە ئايلاندى. هېزىم هەسەن ئۈچۈن ئىشنى يەنە باشتىن — نۆلدىن باشلاشقا توغرا كەلدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئاچچىقى، دەردى هېسابسىز ئىدى. ئۇلۇغ پىلانلىرىنى، شېرىن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بەربات قىلغان قاسىم «ماكماك»نى چايناپ يۇركۇۋەتسە دەردى چىقمايتتى.

«يەنە قاچانغىچە شىلىلىق قۇرتتەك دۇنيانىڭ بىر بۇلۇڭىدا سۆرىلىپ يۈرىمەن؟!— دەپ ئىچ - ئىچىدىن يۇچىلىنىپ ئويلايتتى ئۇ،— نېمە ئۈچۈن مېنىڭمۇ يوغان - يوغان ھوقۇق تۇتۇپ، زاكون تايىقىنى ئوينىتىپ، باشقىلاردەك قەدىمىمدىن ئوت چاقنىتىپ يۈرىدىغان كۈنلىرىم بولمايدۇ!؟...»

ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ روھى چۈشەتتى، كۆڭلى يېرىم بولاتتى. يۈرىكىنىڭ قات - قېتىدا ئاداۋەت، ھەسەت، رەنج - ئەلەم دېگەندەك ئاچچىق ھېسلار توپلىنىپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۇ بۈگۈن خېلىدىن بېرى كۆرۈشمىگەن ئاغىنىسى روزى «كالاچ» (ئۇنىڭ ئاغزى يوغان بولغاچقا، بۇرادەرلىرى «كالاچ» دەپ لەقەم قويغانىدى) بىلەن ئۇچرىشىپ، ھاراق ئىچكەچ دەردىنى تۆكتى.

دوستلارنىڭ سۆھبىتى چوڭقۇر بولدى. بولۇپمۇ، كونا دوستلارنىڭ سۆھبىتى. روزى «كالاچ» نېمىلا دېگەنبىلەن ھېزىم ھەسەنگە كونا دوست ھېسابلىناتتى. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىقىنى قىلىدىغان بۇ ئادەم ھەرھالدا ئوقۇمۇشلۇق ئىدى. ئىنتىلىشكە، ئىزدىنىشكە ئامراق ئىدى. شۇڭا، ھېزىم ھەسەننىمۇ ھەمىشە كىتاب ئوقۇشقا، پىكىر قىلىشقا ئۈندەيتتى. ھېزىم ھەسەن ئاغزىدا ماقۇل دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆمرىدە بىرەر كىتابنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىقمىغانىدى. ئىلىم - پەندىن، سەنئەتتىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇ ئالىملاردىن مىچۇرىنىنى بىلەتتى، بىلگىنى شۇ ئىدىكى، «تەشتەكتە ئاجايىپ بىر ئۆسۈملۈكنى ئۆستۈرگەن» دەپ ئاڭلىغانىدى. سەنئەتكارلاردىن بىرنەچچە ئۇسسۇلچىلار بىلەن ناخشىچىنى بىلەتتى. چۈنكى ئۇلارغا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشقىۋازلىق قىلغانىدى. يازغۇچى — مۇخبىرلاردىن بىر چاغدا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە بىر ئىش ئىزلىرى توغرىسىدا بىر

پارچە قىسقا ئۇچىرلىك يازغان بىرىنى بىلەتتى ۋە ئۇنىڭغا بىرنەچچە قېتىم چاي قۇيغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى باشقا بىر ئىش ــ كادىرلارنىڭ سىياسىي ھاياتىغا تەئەللۇق ئىشلار ئىدى. قايسى كادىر قانداق مەنسەپكە چىقتى، قايسى كادىر قانداق مەنسەپتىن چۈشتى، كىم ـ كىمگە ئەمەل بەردى، كىم ـ كىمدىن ھوقۇق تارتىۋالدى دېگەندەك ھاكىمىيەت ئىچىدىكى ئىشلار ھەمىشە ئۇنىڭ دىققەت مەركىزىدە بولاتتى ۋە بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنى ناھايىتى قىزىقىپ ئاڭلايتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئۆزىمۇ بىلىپ ـ بىلمەي ئەمەل مەستانىسىگە ئايلىنىپ قالدى. بىر مەزگىل غۇلام نىيازنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھوقۇقنىڭ تەمىنى تېخىمۇ تېتىپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ خۇشتار، تېخىمۇ ھېرىسمەن بولۇپ كەتكەنىدى.

ئىككى دوست بىرنەچچە رومكا ئىچكەندىن كېيىن كەيپلىرى كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئايىماي ئېيتىشتى. ئۆتكەن ئىشلاردىن دىلى ئۆكسۈگەن ھېزىم ھەسەن بوغۇق، ئەمما زەردىلىك ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

ــ ئاداش... ھازىر خىزمەت پايلىرىدىن بىزگە ئوخشاش قابىلىيەتلىك ئادەملەر ئەمەس، بەلكى پۇلى كۆپ، ئارقا تىرىكى كۈچلۈكلەر يۇقىرى قاراپ كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ! مەن بۇنداق ئادالەتسىزلىككە چىدىمىدىم، ئاداش! «ئېشەكنىڭ كۈچى ھالال، ئۆزى ھارام» دېگىنى راست ئىكەن، سەن بۇ ھېكمەتنىڭ مېغىزىنى چېقىپ باققىنا! ئېشەككە ئوخشاش قارا تەرگە چۆمۈپ ئىشلەپ، ئاخىرى ھالاۋەت كۆرمەي، بۇ دۇنيادىن

ماڭا ئوخشاش نام ـ نىشانسىز ئۆتۈپ كەتسەڭ قانداق بولىدۇ؟! بۇنى خۇدامۇ راۋا كۆرەمدۇ؟!
روزى «كالاچ» ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچىدەك گەپنى يىراقتىن ئەگىتتى:
— مېنىڭ ئويۇمچە، مەنسەپ ـ ئەمەلنىڭ چوڭ ـ كىچىكى يوق، ئاداش! مىسالى نانىنىڭ پۈتۈنىمۇ نان، ئۇۋۇقىمۇ نان بولغاندەك. شۇڭا، ئەل ـ يۇرت خىزمىتىدە ھەممە مەنسەپ ـ ئەمەللەر شەرەپلىك!
— كۆتۈر ئۇنداق گېپىڭنى!— دېدى ھېزىم ھەسەن رومكىنى گۈپلا قىبقىۋېتىپ،— مەندە ھازىر نانىنىڭ ئۇۋۇقچىلىكمۇ مەنسەپ بولمىسا، نەدىكى شەرەپلىك ئىش ئىكەن ئۇ؟!
— ئاداش، سەن نېمىلا دېگەنبىلەن يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشكەن كادىر،— دېدى روزى «كالاچ» پىكرىنى شەرھلەپ،— كوچا ـ مەھەللىلەردىكى پۇقرالارنى باشقۇرىسەن، تەربىيەلەيسەن، يېتەكلەيسەن. بۇ ئىشلار شەرەپلىك ئەمەسما؟
ھېزىم ھەسەن ئەلەم ۋە ھەسرەت بىلەن دېدى:
— ئۇلارنى باشقۇرۇش ماڭا غۇلام «چاپاق»تىن ئاشامتى!؟ ھەممە ئىشتا مەن ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قۇيرۇقىدا يۈرسەم...
— سەن ھازىر رەسمىي ئەمەل كويىغا چۈشۈپسەن، ئاداش!— دېدى روزى «كالاچ» دوستىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ،— ئەمەل سەۋداسى — بۇ مۇشكۇل سەۋدا!...
مەن ساڭا دېسەم، باشلىقلارنىڭ ئورۇندۇقلىرى كۆرۈنۈشتە يۇمشاق، سىلىق بولغان بىلەن، ئەمما

ئاستىدا يوشۇرۇن مىخلار بولىدۇ. شۇڭا، ئەمەلدارلار ئۇنىڭدا ئۇزاق ئولتۇرالمايدۇ، ئۇزاق ئولتۇرسىمۇ دەيدىكەن، ئۇنىڭ ئازابىغا چىداش كېرەك. سەندە شۇنداق جۈرئەت بارمۇ؟

ھېزىم ھەسەن ئورنىدىن يېرىم قوزغىلىپ، خۇددى بىرنىگە ۋەدە بەرگەندەك تەنتەنىلىك ئاۋازدا دېدى:

— بار، ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، ئەمەل ئۈچۈن دوزاخ ئازابىغىمۇ چىدايمەن!

— چىدىيالمايسىز ئەمەسمۇ!— دېدى روزى «كالاچ» مىيىقىدا كۈلۈپ،— ئازابنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدىغان راھەت ـ پاراغەت قالتىس ـ دە!

— شۇ ئەمەسما؟— دەپ كۆڭلىدىكىنى يوشۇرمىدى ھېزىم ھەسەنمۇ،— ئاڭلىمىغانمىدىڭ، پاشىغا ئەمەل تەگسە، بۇركۇت سالامغا كېلەرمىش!

ئىككى دوست بىردەم ئەنە شۇنداق گەپلەر بىلەن دىلكەشلىك قىلىشتى، كېيىن روزى «كالاچ» ئۇنىڭغا رەسمىي ئەقىل ئۆگەتكەندەك قىلىپ:

— يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا،— دەپ زوق بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى،— كۈنتۇغدى ئايتولدىغا مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئولتۇرغان كۇرسىنىڭ پۇتى ئۈچدۇر. شۇڭا خاتىرجەم ئولتۇرۇۋاتىمەن، ئۈچ پۇتلۇق نەرسە سىلجىپ كەتمەيدۇ، مۇستەھكەم، توغرا ۋە راۋرۇس تۇرىدۇ...» مانا شۇ ھېكمەت بويىچە ئېيتقاندا، سەن يەنە بىر پۇت تېپىشىڭ كېرەك. شۇ چاغدىلا، مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايسەن.

— قايسى پۇتنى تاپىمەن؟ — سورىدى ھېزىم ھەسەن دوستىنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— چوڭامنى...

— چوڭامنى؟

— ھەئە... چوڭامنى ئۆزۈڭگە پۇت قىلساڭ، تېخىمۇ ئېگىزگە چىقالايسەن.

— توغرا دېدىڭ، ھەق گەپ بولدى! — دەپ قايىللىقىنى بىلدۈردى ھېزىم ھەسەن، — ھازىر كادىرلار سىياسەتكە ئەمەس، بەلكى ئادەمگە ئەگىشىۋاتىدۇ، سەن ئەگەشكەن ئادەمنىڭ ئەمەلى قانچە چوڭ بولسا، سېنىڭ ئىستىقبالىڭمۇ شۇنچە يورۇق بولۇۋاتىدۇ، ئەگەر جۇ شۇجى دېگەن ھېلىقى كىتاب سارىڭى غۇلام «چاپاق»نى قوغدىمىغان، يۆلىمىگەن بولسا، ئۇ ھەرگىزمۇ مۇدىرلىق ئورنىدا قايتا ئولتۇرالمايتتى. سېنىڭ دېگىنىڭ بەكمۇ توغرا، ئاداش! مەن چوقۇم يەنە بىر پۇت تېپىشىم، بۇ پۇت جۇ شۇجىدىن كۈچلۈك ھەم ئۈستۈن بولۇشى كېرەك.

— شۇنىڭ ئۈچۈن چوڭامنى تاپ دەۋاتىمەن - دە! — دېدى روزى «كالاچ» ئۆز پىكرىنىڭ ئاغىنىسىگە يارىغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ.

ئۇلارنىڭ «چوڭام» دەۋاتقىنى بۇ يۇرتتىكى كاتتىلارنىڭ بىرى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مەنسەپ كۇرسىدا سالاپەت بىلەن غادىيىپ ئولتۇرىدىغان، ھوقۇق پىچىقى سۇدىن ئۆتۈپ لايدا توختاپ قالسىمۇ ھار ئالمايدىغان، ئەمما ئۆز يېقىنلىرىنى ئانچە نائۈمىدتە قويمايدىغان خېلى چوڭ ئەمەلدار ئىدى. ھېزىم ھەسەن ئۇنى تونۇيتتى، سىرداشلىقلىرىمۇ يوق ئەمەس، ئەمما بۇ

سىرداشلىق كېمىگە بىللە چۈشۈپ قالغان، مەجبۇرەن بىر ـ بىرىگە باغلانغان ئىككى ئادەمنىڭ مۇناسىۋەتلىرىدىن پەرق قىلمايتتى، بۇنداقلار كېمە كۆزلىگەن مەنزىلگە بارغاندا، ھېچقانداق تارتىشمايلا ئايرىلىپ كېتىۋېرەتتى.

— سەن مېنى «چوكامنىڭ پېشىنى تۇت» دېمەكچىمۇ سەن؟ — سورىدى ھېزىم ھەسەن دوستىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ.

— شۇنداق، چوكامنىڭ پېشىنى چىڭ تۇت! — دېدى روزى «كالاچ» ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگىتىپ، — ئەسلىدە بىرەرىنىڭ پېشىنى تۇتمىغان ياخشى ئىدى، چۈنكى سەن پېشىنى تۇتقان ئادەم بىر بولغان بىلەن، لېكىن ئۆزۈڭگە ئونلاپ دۈشمەننى كۆپەيتىۋالىسەن، دۈشمەنلەر سەن پېشىنى تۇتقان پىرگە ئەمەس، كۆپ ۋاقىتتا ساڭا ئوخشاش مۇرىتقا ھۇجۇم قىلىشىدۇ...

— ئۇنىڭدىن قورقمايمەن! — دېدى ھېزىم ھەسەن مەيدىسىگە ئۇرۇپ.

توغرا، ئۇ قورقمايدۇ، روزى «كالاچ»مۇ ئۇنىڭ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ھېزىم ھەسەن كىچىككىدىنلا باغرى قاتتىق، ئۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارغا كۆزىدىن ياش چىقمايدىغان، قەھرلىك بالا ئىدى. ئۇ ئون ئۈچ ياش ۋاقتىدا دادىسى ئېلىپ بەرگەن بىر جۈپ كەكلىكنى باقتى. بىر كۈنى كەكلىكلەر ھويلىدا دانلاپ يۈرگەندە قوشنىسى ئابلا تامچىنىڭ مۈشۈكى كەكلىكلەرنىڭ بىرىنى بوغۇپ قاچتى. بۇنى بىلگەن ھېزىم ھەسەن ئەتىسى بىر كۈن

پايلاپ يۈرۈپ ھېلىقى مۈشۈكنى تۇتۇۋالدى ۋە مەھەللىدىكى بالىلارنى «مەن سىلەرگە ئويۇن كۆرسىتىمەن» دەپ يىغدى، بۇنىڭ ئىچىدە روزى «كالاچ»مۇ بار ئىدى. ھېزىم ھەسەن ھەممەيلەنگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، قولىدىكى مۈشۈكنىڭ ئىككى كۆزىگە مىخ تىقتى. شۇ چاغلاردا روزى «كالاچ» بۇ ۋەھشىيلىككە قاراشقا پېتىنالماي يۈزىنى چەتكە بۇرىۋالغانىدى. ئىككى كۆزى مىختىن كور بولغان مۈشۈك جان ئاچچىقىدا مياڭلاپ، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇراتتى، قاياققا ئۇرسا بىر نەرسىگە ئۇسۇپ، تېخىمۇ ئېچىنىشلىق مياڭلايتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىدىن ھېزىم ھەسەن مەززە قىلىپ كۈلەتتى...

بايا ھېزىم ھەسەن «ئۇنىڭدىن قورقمايمەن» دېگەندە، روزى «كالاچ» بۇنىڭدىن يىگىرمە يىللار بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن مانا شۇ كىچىككىنە مۇدھىش ئىشنى خىيالىدا ئەسلەپ قالغانىدى.

ئىككى دوست يەنە خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى. چوڭكامنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش، ئۆزىگە قانداق مايىل قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇردى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئاجىزلىقلىرى ئۈستىدە پىكىرلەشتى. ئاخىرىدا، ھېزىم ھەسەن ئۆز گېپىگە مۇنداق يەكۈن ياسىدى:

— بۇ ھاياتتا پەقەت راست گەپ قىلىپ، راست ئىش قىلىپ ياشىغىلى بولمايدۇ، ئاداش! يالغان گەپنىمۇ، يالغان ئىشنىمۇ قىلىپ تۇرۇش كېرەك. چۈنكى، ئادەملەر تېخى كامالەت چوققىسىغا يەتكىنى يوق. شۇنى ئېسىڭدە تۇتكى، ئادەم — ئالداشنى بىلگىنى ئۈچۈن ئادەمدۇر!



www.uyghurkitap.com

# 24

ئادەم بەزىدە بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزى بىر ئۆمۈر رىئايە قىلىپ كېلىۋاتقان ھايات مىزانلىرىغا مۇخالىپ ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. مانا بۇ ــ ئادەم روھىنىڭ مۇرەككەپلىكى، سىرلىقلىقى ۋە زەئىپلىكى!

بۇگۇن چۈشتىن كېيىن نىمە ئۈچۈندۇر چوڭاخۇننىڭ يۈرىكى سىقىلىپ، ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، بىر يەردە ئولتۇرالماي قالدى. كۆڭلىدە بىر خىل بىسىپ بولماس ئازاب بىلەن غەشلىك بار ئىدى. تۇنۇگۇن ئۇنىڭ ئەنجان رەستىسىدىكى گەزمالچىلىق دۇكىنى چېقىلدى. ئۇ خۇددى ھازا تۇتقاندەك ئاشۇ يەردە بىر كۈن ئاچ قورساق پىرقىراپ، ھوشىدىن كېتىشكە تاس قالدى. ئۇنىڭ ھەرقانچە قىلسىمۇ قىسمەتنىڭ بۇنداق كۆڭۈلسىز، شۇم يولىنى كۆڭلى خالىغان تەرەپكە بۇراشقا قۇربى يەتمىدى. دۇكان چېقىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ھۆكۈرەپ يىغلاپ: «ۋاقتىدا مەھكەم تۇرمىدىم، يولىغا يېتىۋېلىشىم كېرەك ئىدى!ــ دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە خىتاب قىلدى،ــ دادامنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا، قومۇشنى بوش تۇتساڭ قولۇڭنى كېسىدۇ!...»

ھاياتلىق يولىمىزدا بىزنى بىسىپ تۇرىدىغان شۇنداق يۈكلەر باركى، بىز ئۇلارنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇرمىز، شۇلارنىڭ بىرى ئىنتائەتمەنلىك يۈكىدۇر. بۇ شۇنچىلىك ئېغىر يۈككى، ئۇنىڭ زەربىسىدە يەلكىلەر ئېزىلىپ، سۆڭەكلەر قاقشايدۇ. مانا شۇ يۈكنى كۆپرەك كۆتۈرىدىغان

ئادەم بەئەينى ھېرىپ ـ چارچاپ ئۆلمىدىغان ئات ـ ئېشەككە ئوخشايدۇ.

چوڭاخۇن دادىسىنىڭ ئالدىدا ئەنە شۇنداق ئادەم ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن دۇكاندىن ئايرىلىپ، بىكارچى بولۇپ قالغانلىقى دەردىنى تارتسا، يەنە بىر تەرەپتىن دادىسىغا قانداق يۈز كېلىشىنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتاتتى...

شۇڭا، ئۇ بۈگۈن دىلى تارتقان ئىككى ئۈلپىتى بىلەن ئاشپۇزۇلغا كىرىپ، ئۆمرىدە قىلمىغان ئىشتىن بىرنى قىلدى. دەسلەپ ئۇ ئۆزىنى تۇتتى. ئىككى ئاغىنىسى ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ زورلىسىمۇ ئۇنىمىدى. ئەمما، بىرى كۆزگە ئىلمىغاندەك كەمسىتىپ:

— بۇ ھاراق ئىچەلەمتى!؟ لەڭپۇڭ يېسە ئاچچىق سۇيىدە مەست بولۇپ قالىدىغان نىمە بۇ!— دېگەندىلا، كۆڭلىدىكى ئازابلارغا بۇ گەپنىڭ ئاچچىقى قوشۇلۇپ، ئۆزىنى تۇتالماي ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە رومكا ئاق ھاراقنى ئىچىۋەتتى. كېكىردىكىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتكەن ھارارەتلىك ھاراق ئۇنىڭ بەدىنىدە بىر خىل كۈچ ۋە خۇشاللىق بولۇپ ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىر خىل شېرىن، ئەسەبىي تۇيغۇ بىلەن جانلىنىپ كەتتى.

— قېنى كۆتۈرەيلى!— دېدى چوڭاخۇننىڭ گۈپچەك، زۇۋانداز ھېلىقى ئۈلپىتى يەنە بىر رومكىنى قولىغا ئېلىپ،— بۈگۈن ئاغىنىمىز چوڭاخۇننىڭ بىزگە ئۈلپەت بولۇپ ھاراق ئىچكەنلىكىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!

هاراق ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى زوۋانداز چوڭاخۇننى ئۆزىگە قارىتىپ مۇنداق دېدى:

— قارا، بۇرادەر! ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆز خوتۇنىنىڭ ئىككى خىل قىياپىتى شەكىللىنىپ تۇرىدۇ. بىرىنچىسى، ئەسلىي قانداق بولسا، شۇنداق؛ ئىككىنچىسى، قانداق ھالەتتە كۆرۈشنى خالىساڭ، شۇنداق! تۇرمۇشمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، كەڭگە كەڭ دۇنيا، تارغا تار دۇنيا! سەنمۇ ئۇنداق ھەممە ئىشقا ئىچىڭنى پۇشۇرۇپ، بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرۈۋەرمەي، بىزگە ئوخشاش ھاراقنى بۇقۇرۇپ - بۇقۇرۇپ ئىچىپ، «جېنىم بالىخان»نى بولۇشىغا توۋلاپ، كۆڭلۈڭنى شاد - خۇرام تۇتۇپ ئۆتمەمسەن!...

يېنىدىكى يەنە بىرەيلەنمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى:

— توغرا، چوڭاخۇن ئاداش! سەن دېگەن ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى، ئۆز تۇرمۇشۇڭ، ئۆز پىكرىڭ، ئۆز غايەڭ بولۇشى كېرەك! قېنى، يەنە بىرنى ئىچەيلى، ھاراق بىلەن كۆڭلۈڭدىكى غۇبارلار يۇيۇلسۇن!...

ئۇلار كۈن قايرىلغاندا ئاشپۇزۇلدىن چىقتى، بىردەم يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىشىپ، بىر - بىرلىرىگە تارتىشىپ چوڭ يولنىڭ دوقمۇشىدا تۇرۇشتى، كېيىن تەستە ئايرىلىپ خوشلاشتى.

شىركەيپ بولغان چوڭاخۇن يولنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، خۇددى شامالدا قالغان ساردەك لەپپەڭشىپ مېڭىشقا باشلىدى، مەھەللىسىگە كىرگەندە ئۆزىنى سەل - پەل ئوڭشىۋالدى. يىراقتىنلا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ

تۇرغان ھەشەمەتلىك قورۇ ـ جاينىڭ قوش قاناتلىق نەقىشدار دەرۋازىسىغا قاراپ بىردەم تۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بۇ قەدىم جاي تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ گۈزەل ۋە تېخىمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ گەۋدىلەندى. دىمىسىمۇ، بۇ كوچا، بۇ مەھەللىلەردە چوڭاخۇن بالىلىقىنىڭ، ياشلىقىنىڭ، مۇھەببىتىنىڭ بىر ئۆمۈر ئۇنتۇلماس ــ مۇزىكىدەك كۆڭۈلنى يايراتقۇچى، غەزەلدەك يۈرەككە قۇيۇلغۇچى، چۈشتەك تۇمانلىق دەقىقىلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزگەن. گەرچە ئۇ كۈنلەر ھازىر مەڭگۈ قايتماس بولۇپ يىراقلارغا، ناھايىتى يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىنسان قەلبىنى شادلاندۇرىدىغان شېرىن لەززەتلىرى بىلەن ئاچچىق داغلىرى ھېلىمۇ ئۇنىڭ يۈرەك قاتلىرىدا ساقلانماقتا. «ئاھ، مېنىڭ كوچام! ــ دەپ ھەسرەتلىك نىدا قىلدى چوڭاخۇن، ــ سەن كوچىلارنىڭ ئەڭ گۈزىلى، مەھەللىلەرنىڭ سەرخىلى ئىدىڭ! سېنى خەقلەر ناخشا ـ قوشاقلارغا قېتىپ، نامىڭنى ئەرشئەلاغا كۆتۈرگەندى، ئەمدى ساڭا كۆز تەگدى! ... دادام توغرا دەيدۇ: بىزنىڭ يىلتىزىمىز، ئەسلى ـ نەسلىمىز مۇشۇ يەردە! ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئاۋات قىلىپ بىزگە مىراس قالدۇرغان جايلارنى نام ـ نىشانسىز يوقىتىش جىنايەت ئەمەسما!؟...»

ئاستا ـ ئاستا يوقىلىۋاتقان ھاراقىنىڭ كۈچى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنە بىر قېتىم ھارارەت دولقۇنى پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ بەدىنى قىزىپ، بېشى ئىسسىلغاندەك بولدى. چوڭاخۇن ھويلىغا كىرىپ، ئۈجمىنىڭ يېنىدىكى كۆپنىڭ

مۇزدەك سۇيىدىن غۇرتۇلدىتىپ بىر نوگاي ئىچتى، ئارقىدىن بىر نوگاي سۇنى بېشىدىن كوركىرىتىپ قۇيۇپ بىر ئاز سەگىگەندەك بولدى. شۇ چاغدا سىرتتىن زاھىر ھاجى كىرىپ قالدى، ئۇ ئوغلىنىڭ سۇغا پىشلىغان ئىتتەك بولۇپ كەتكەن ئەپتى ـ ئەنگىزىگە قاراپ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ «شەيتان سۇيدۇكى» ئىچىپ قويغانلىقى ناھايىتى ئېغىر كەلدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي نەشتەردەك سانجىلدى:

ــ قارىغىنا سېنى، نېمە بولۇپ كېتىۋاتىسەن ـ ھە!؟ سېنىمۇ يىگىت، ئەركەك دېگىلى بولامدا!؟ ئەركەك ئادەم ئوت بولۇپ ياشىشى كېرەك! ئەمما سەن نېمە بولۇپ كېتىۋاتىسەن؟! مەنغۇ قېرىپ قولۇمدىن ئىش كەلمەس بولۇپ قالدىم. ئەمما، سەن يەتتە ئەزايىڭ ساق، پۈتۈن ـ سۇرۇك يىگىت تۇرۇپ، قولۇڭدىن ھېچ ئىش كەلمىدى! دۇكاننىغۇ قولدىن بېرىپ قويدۇڭ، مۇبادا مۇشۇ ئۆي ـ ماكان چېقىلسا، سەن ماڭا ئەمەس، ئۇ دۇنيادىكى بوۋا ـ مومىلىرىڭغا قانداق يۈز كېلىسەن!؟ قايسى يۈزۈڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارىسەن!؟

بۇ كۈنلەردە زاھىر ھاجىمۇ دەرد ـ ئەلەمگە بوغۇلۇپ يۈرەتتى. ئايۇپ ئىمامنىڭ تۇيۇقسىز يوقىلىشى ۋە ساپ ئالتۇن دەپ ئەتىۋارلاپ يۈرگەن ئادىمىنىڭ ئاخىر بىر پارچە پاخشە خىش بولۇپ چىقىشى، تۇنۇگۈن ئەنجان رەستىسىدىكى تىللا قاقىدىغان دۇكاننىڭ چېقىلىپ، بىر پارچە ئاختارمىلىققا ئايلىنىپ قېلىشى قاتارلىق بىرمۇنچە كۆڭۈلسىز ئىشلار ئۇنىڭ دىلىدىكى ئەسلى جاراھەتكە مەلھەم ئەمەس، بەلكى زەھەر قۇيغاندەك، ئۇنى

www.uyghurkitap.com

قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىنغاندى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى مىسالى دەز كەتكەن ئەينەكتەك شىكەستە ۋە خىرە ئىدى. شۇڭا ئۇ سىرتقا چىقىرالمىغان دەردىنى ھازىر ئىتائەتمەن ئوغلى چوڭخۇندىن ئىلىۋاتاتتى:

— بىلەمسەن، ئاتا رازى — خۇدا رازى دېگەن گەپ بار! مەن سەندىن رازى ئەمەس! ئاتا ـ ئانا ھەققىنى ئادا قىلمىغان ئوغۇلنى ئوغۇل بالا دېگىلى بولامدا!؟

بۇ گەپلەر چوڭخۇننىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ، پۈتۈن خىيالى ئۇچتەي ـ توڭتەي بولۇپ كەتتى. ئاتىسىنىڭ ئەيىبلىشى يىگىت ئۇچۇن گويا بوينىغا ئېسىلغان تەۋقى ـ لەنەت تېشى ئىدى. يۈز بەرگەن ئىشلار، بولۇۋاتقان گەپلەر ئۇنىڭ ئىنسانلىق غۇرۇرىنى پايمال قىلدى، پىكىر ـ خىيالىنى، پۈتۈن ھاياتىنى ئىزدىن چىقىرىۋەتتى. ئىچ ـ ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان بىر ئەسەبىي تىترەك بىراقلا مېڭىسىگە ئۇرۇلدى ـ دە، بېشى بىر ئوچاق ئوتقا ئايلاندى، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، ئەقلى ـ ھوشى قېتىپ قالغاندەك بولدى.

شۇ تاپتا چوڭخۇننىڭ ۋۇجۇدىدا ۋەھشىي بىر كۈچ غەلىيان قىلىۋاتاتتى، كىمنىدۇر ئېتىپ تاشلىغۇسى، كىمنىدۇر دۇمباللىغۇسى، نېمىلەرگىدۇر ئوت قويۇپ كۆيدۈرگۈسى، سۇ قۇيۇپ ئاقتۇرغىسى كېلەتتى. «مال ـ دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئادەم پالتىدىن يانمايدىغان ئۆكۈزگە ئايلىنىدۇ» دېگىنى راست ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ئەلپازى بەئەينى تاغۇ تاشلاردا نەرە تارتىپ يۈرگەن شىرنىڭ تۈيۇقسىز يارىلانغان ۋاقتىدىكى

ئەسەبىيلەشكەن ھالىتىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ ھازىر يەرۇ كۆككە سىغمايتتى. ۋارقىرىغۇسى، يۇگۇرگۇسى، بىشىنى تاملارغا ئۇرغۇسى كېلەتتى.

ھەدېدىن زىيادە ئەسەبىيلىك ئاخىر ئۇنى قارام، جىنايى بىر ئىشقا ئۈندىدى. ئۇ ئايۋانغا پالاقشىپ كىرىپ، مومىسىنىڭ پۈتىنى تۇتقاچ چۆچەك ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئون ئىككى ياشلىق ئوغلى خەيرۇللانى قولىدىن تارتىپ سۆرىگىنىچە سىرتقا ئېلىپ ماڭدى، ئانىسى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ قالدى، دادىسى ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتكەچكە، ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئەمما، ئېرىنىڭ قان تولغاندەك قىزىرىپ كەتكەن سۇرلۇك كۆزلىرىدىن، تاتىرىپ كەتكەن خۇنۇك چىرايىدىن قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى سەزگەن مەستۇرىخان بېشىدىكى رومالچە بىلەن يۈز ـ كۆزىنى يېرىم ـ يارتا يۆگەپ، ئېرى بىلەن ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن كوچا بېشىغىچە يۈگۈرۈپ چىقتى. چوڭاخۇن بىر قولىدا يوغان پىچاق، بىر قولىدا ئوغلىنىڭ شىلىسىدىن قاماللىغىنىچە سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. يۈرىكى ئېغىپ پۈت ـ قولىدا جان قالمىغان مەستۇرىخان لاكاسلاپ كەلگىنىچە ئېرىنىڭ قولىغا ئېسىلدى، ئەمما چوڭاخۇن غەزەپ بىلەن ئۇنى ئىتتەردى ۋە قان تولۇپ چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى، ئۇنىڭ ۋەھشىيلىك ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە خوتۇنىنىڭ ئەتىگەندىلا ئۇسما قويۇپ، ياراشسا ـ ياراشمىسا پەرداز قىلىۋالغان رايىش چىرايى بەكمۇ غەلىتە، خۇنۇك كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇڭا ئۇ

تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ خوتۇننى ئىتتىرىپ ۋارقىرىدى:

— ماڭا ئېسىلما، ئالۋاستى! مەن بۇگۈن بېشىمغا كەلگەننى كۆرىمەن!

مەستۇرىخان يولنىڭ چېتىگە يىقىلدى، ھۆكىرەپ يىغلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرالماي قالدى. چوڭاخۇن شۇ ئەلپاز، شۇ ھالەتتە غەزەپ بىلەن يۈرۈپ، چوڭ يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئىككى قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ يەر كوچا باشقارمىسىنىڭ ئىشخانىلىرى ئىدى. چوڭاخۇننىڭ ئالىتاغىل ۋارقىراشلىرى بىلەن ئەتراپقا بىردەمدە نۇرغۇن ئادەم يىغىلدى. ئىشخانىلاردىنمۇ غۇلام مۇدىر باشلىق كادىرلار بىنانىڭ ئالدىغا چىقتى. چوڭاخۇن خۇددى ئەتراپتىكىلەرگە ۋەز ئېيتىۋاتقاندەك ۋارقىراپ – جارقىراپ پەلپەتىش سۆزلەۋاتاتتى:

— سىلەر بىزنى قەدىم جايلىرىمىزدىن، تۇرمۇش مەنبەيىمىز بولغان دۇكانلىرىمىزدىن ئايرىپ، بۇ يەرلەرنى كىمگە خۇنچىلاپ بەرمەكچى!؟ — دەيتتى ئۇ ئوڭ قولىدىكى ئۆتكۈر پىچاقنى ئوغلىنىڭ بوغۇزىغا تىرەپ تۇرۇپ، — دۇكاننىغۇ چاقتىڭلار، ئەمدى ئۆيىمىزنىمۇ چاقىمىز دەيدىكەنسىلەر، مۇشۇ نارەسىدە ئوغلۇمنى ئالدىڭلاردا بوغۇزلاپ، ئاندىن بېشىمغا كەلگەننى كۆرىمەن!

چوڭاخۇن غەزەپتىن تىترەيتتى، ئېيتىۋاتقان گەپلىرى بوغۇزىدىن ئاللىقانداق خۇنۇك بىر تاۋۇشقا ئايلىنىپ خىرقىراپ چىقىۋاتاتتى.

چوڭاخۇن پەيدا قىلغان بۇ قورقۇنچلۇق، سۈرلۈك مەنزىرە ھەممە ئادەمنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى.

ھەممەيلەن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بىرنەرسىلەرنى دېيىشكە باشلىدى. ھەممە ياق قىي - چۇۋ بولۇپ كەتتى.
ئادەملەر بارغانسېرى كۆپەيدى، توپ ئىچىدە داۋالغۇش، ئەنسىزلىك پەيدا بولدى. ئۆز دادىسىنىڭ قولىدا مەھكۇملۇقتا چۈشكەن مەسۇم بالىنىڭ قورققان، ئەندىككەن سەبىي كۆزلىرى ئەتراپتىكى كىشىلەردىن شەپقەت تىلەيتتى. ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىغان بەزىلەر چوڭئاخۇننى ئەيىبلەپ ۋارقىرىدى:
— ھەي، نوچى بولساڭ كىچىككىنە بالىنى ئەمەس، ئۆزۈڭنى بوغۇزلىمامسەن، نامەرد!
— بالا ئۆزۈمنىڭ، نېمە قىلسام ئىختىيارىم!— دېدى ئۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە گۆلىيىپ قاراپ،— ھەرقايسىڭنىڭ چاتىقى بولمىسۇن، بۇگۈن ماڭا يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم!
ھازىر بۇ يەردە ۋەھشىيلىك بىلەن دىيانەت، ھەققانىيەت بىلەن ئۆكتەملىك كۈچ سىنىشىۋاتاتتى. ھېچقانداق ئۆزرە ياكى ئىلتىجا شۇ تاپتا چوڭئاخۇننى بۇ يولدىن قايتۇرۇۋالالمايتتى. ئۇ شۇنداق ئەسەبىي، شۇنداق ۋەھشىي ھالەتكە كەلگەنىدى!...
بۇ ھالنى كۆرگەن غۇلام مۇدىرنىڭ ھەلقۇمىغا بىرنەرسە تىقىلغاندەك نەپىسى بوغۇلدى، غەزەپتىن كۆكىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.
— ھاي - ھاي، چوڭئاخۇن!— دېدى ئۇ ئاخىر چوڭئاخۇننىڭ ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم يېقىنلاپ،— شەيتانلىرىغا ھاي بەرسىلە، قاراملىق قىلمىسىلا، ئىماندىن چىقمىسىلا! بالا گەرچە ئۆزلىرىنىڭ بولسىمۇ،

لېكىن ئۇ ئوخشاشلا قانۇن تەرەپتىن قوغدىلىدۇ، ئۇنى ئۆلتۈرسىلە ئوخشاشلا قاتىل بولۇۋېرىلا!

— ماڭا يېقىن كەلمە، غۇلام «چاپاق»! — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن چالۋاقاپ، — ھەممىسى سېنىڭ كاساپىتىڭ، ھەممىنى قىلغان سەن! سەن بىزنىڭ ئۆي ـ ماكانلىرىمىزنى بۇزۇپ ـ چېقىپ، باشقىلارغا سېتىپ ئوتتۇرىدىن ھايان ئالماقچى!

يۈزلەر، كۆزلەر غۇلام مۇدىرغا تىكىلگەن، ھەممە ئۇنىڭ ئاغزىنى پايلايتتى. ئۇ تەمكىنلىك بىلەن يەنە ئېغىز ئاچتى:

— ئۇنداق ئەمەس يوق، چوڭاخۇن! سىلى يامان ئادەملەرنىڭ پىتنە ـ پاسات، يالغان گەپلىرىگە ئىشىنىپسىلە! دېسەم ـ دېمىسەم، سىلى بىلەن دادىلىرى ھېلىقى ئىمامىلىق تونىغا ئورنىۋالغان پاسىق ئايۇپقارىنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىنى بەكرەك ئاڭلاپ كەتتىڭلا. ئەلۋەتتە، دىن — كىشىلەرنىڭ شەخسىي ئىشى، كىمگە ئىشىنىش، كىمگە چوقۇنۇش ھەركىمنىڭ ئىختىيارى. ئەمما قايسىبىر دىن خەلق، پارتىيە ۋە دۆلەت يولىدا يېڭىچە تۈرمۈش قۇرۇشقا ھالاقىت بېرىش ئۈچۈن كۆندىلەڭ بولۇپ تۇرۇۋالسا، بۇنىڭدىن يامىنى يوق. بىزنىڭ تەكىتلەيدىغىنىمىز، يەنىلا تىنچلىق، ئىناقلىق مەۋجۇت جايدا تۈرمۈش كامال تاپىدۇ! تۇقايلىقتا ئوت كەتسە، ھۆل بىلەن قۇرۇق باراۋەر كۆيگەندەك، يامانلارنىڭ كاساپىتىگە نۇرغۇن ياخشىلارمۇ كېتىپ، ئوخشاش رىيازەت چېكىدىغان گەپ. «دىندىن چىقساڭ چىق، ئەلدىن چىقما!» دېگەن گەپ بار. شۇڭا، سىلىمۇ ئۆزلىرىنى

تۇتۇۋېلىپ، ئەل قاتارى ئىش قىلسىلا، چوڭخاخۇن!
توپ ئىچىدە بىرنەچچە ساقچى پەيدا بولدى. بىر ساقچى ئالدىغا ئۆتۈپ، چوڭخاخۇننى گەپ بىلەن قايىل قىلماقچى بولدى:
— بالاڭ بەك قورقۇپ كېتىپتۇ، بۇنداق قىلمىغۇرسەڭ ئۇنىڭ نېرۋىسى كاردىن چىقىدۇ. ئاۋۋال سەن ئۇنى قويۇۋەت، ھەرقانداق ئىش بولسا، چىرايلىقچە سۆزلىشەيلى.
— چىرايلىقچە؟!— چوڭخاخۇن مەسخىرە ئارىلاش دىمىقىنى قاقتى،— سەنلەردىن چىرايلىقچە گەپ چىقامدا! بىرىڭ سىياسەت سۆزلەپ قورقۇتۇشىسەن، بىرىڭ تاپانچا تەڭلەپ جاننى ئالماقچى بولۇشىسەن! مەن بۈگۈن جاندىن تويدۇم، سەنمۇ قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل، مەنمۇ قولۇمدىن كەلگىنىنى قىلىمەن، قانداق؟!
شۇ پەيتتە پۇقراچە كىيىنگەن بىر ساقچى ناھايىتى چاققانلىق بىلەن تۇيدۇرماي چوڭخاخۇننىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى، چوڭخاخۇن تېخىچە ئۆزىدىن تۆت ـ بەش قەدەم نېرىدىكى ساقچى بىلەن غۇلام مۇدىرغا ھۆركىرەپ، تەنە ـ تەئەددى قىلىۋاتاتتى. ھېلىقى پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى ئېھتىيات بىلەن چوڭخاخۇننىڭ پىچاق تۇتقان قولىنىڭ جەينىكىدىن «كاپپىدە» ئېلىپ، شۇنداقلا بىر پەنت ئىشلىتىۋىدى، خەيرۇللانىڭ كانىيىغا تىرەلگەن پىچاق ئۇنىڭ قولىدىن ئاجراپ توككىدە يەرگە چۈشتى. چوڭخاخۇننىڭ پىچاق تۇتقان قولى بىردىنلا سەزگۈسىنى يوقاتقاندەك لاكاسلاپ قالدى.
تېخى بايىلا نۇرغۇن ئادەمنى ۋەھىمىگە، ساراسىمىگە

سېلىپ قاتىللىق ھىدى پۇراپ تۇرغان جىددىي ۋەزىيەت بىردىنلا بوشاشتى. كىشىلەر تارقىلىشقا باشلىغاندا، ساقچىلارمۇ چوڭاخۇننى ئېلىپ ماڭدى. بۈگۈن غۇلام مۇدىر ئۇنىڭ ئارىسىغا چۈشمىدى. ئۆتكەندە تەشكىلدىن ئۇنىڭغا «كادىرلارنى چىرىتىشكە ئۇرۇنغان» دەپ جازا بەرمەكچى بولغاندا، غۇلام مۇدىر ئارىغا چۈشۈپ: «بۇ قەستەن قىلغان ئىش ئەمەس، ئۆي بىلەن دۇكاننىڭ بىرلا ۋاقىتتا چېقىلىدىغانلىقىغا چىدىماي قىلىپ سالغان سەۋەنلىك، تەربىيە بىلەن ئوڭشاپ كېتىمىز» دەپ ئۇنى ئاسراپ قالغانىدى. ئەمما، چوڭاخۇننىڭ بۈگۈنكى ئىشى غۇلام مۇدىرنىڭ نەزىرىدە ئەقىل ـ ئىدراك، ھېس ـ تۇيغۇ دېگەن ئۇقۇملاردىن ئاللىقاچان ھالقىپ، «جەمئىيەت ئامانلىقىغا تەھدىت پەيدا قىلغان» جىنايى قىلمىشقا ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆز قىلمىشىغا يارىشا جازاغا تارتىلىشى يوللۇق ئىدى. قانۇن ھەممىگە باراۋەر بولۇش كېرەك ـ دە! سۈنى كىم لايلاتقان بولسا، ئۆزى ئىچسۇن!

## 25

ھايات قانداق ئۆتمىسۇن، ئۇنىڭ ئۆز قانۇنلىرى بار. جۇپلۇك، نەسىل قالدۇرۇش بىلەن باغلىق لەززەت: زوق، ئانا بولۇش، يۈرىكىڭ ئاستىدا مۇشتتەك بىر جاننىڭ يارىلىشى، ئۆسۈشى... نەقەدەر ھاياجانلىق!

بىراق، لەيلى بۇنداق لەززەتتىن ھۇزۇرلىنالمايتتى،

ئانا بولغانلىقىدىن پەخىرلىنەلمەيتتى. بىر دەملىك ھاياجاندىن، كىچىككىنە سەۋەنلىكتىن ئاپىرىدە بولۇپ قالغان بۇ بالا — بۇ ھامىلە ئۇنىڭ ئۈچۈن بەخت ئەمەس، ئازاب؛ شەرەپ ئەمەس، نومۇس ۋە ئەبەدىلئەبەد ھارام ئىدى!...

لەيلى بۈگۈن دوختۇرنىڭ ئاغزىدىن بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، دۇنيا بولۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە شۇنداق زۇلمەتلىك، شۇنداق ۋاپاسىز كۆرۈندى. ئۇنىڭ قەلبى دەھشەتكە چۆمدى، غەزەپتىن، ئازابتىن بوغۇلدى. كۆزلىرى ئالايدى، كىرپىكلىرى ھەرىكەتتىن توختىدى، گويا جېنىنى ئېلىشقا كەلگەن ئەزرائىلغا كۆزى چۈشكەندەك بىر دەقىقە چەكچىيىپ قالدى. ئۆزىنىڭ ساددا، بىپەرۋا، يەڭگىلتەكلىكى تۈپەيلى مۇشۇنداق ئېغىر ھار ـ نومۇسقا، شەرمەندىچىلىككە، ۋاپاسىزلىققا يول قويغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئەيىبلىدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئۆمرىنىڭ ئەڭ مۇدھىش پاجىئەسى دەپ قوبۇل قىلدى!

لەيلى ئەمدى قانداق قىلىشى كېرەك!؟ بېشىنى تامغا ئۇرسۇنمۇ؟ كوچىغا چىقىپ داد سالسۇنمۇ؟ «شۇنداق كويغا سېلىپ قويدۇڭ» دەپ ھېزىم ھەسەننىڭ ياقىسىدىن ئالسۇنمۇ؟! ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقسۇنمۇ؟ يا يەرگە كىرىپ كەتسۇنمۇ!؟ ئاھ خۇدا، بۇنداق تۇزكورلۇق، مۇنداق نومۇس داغىنى ئۇ ئەمدى قانداق كۆتۈرىدۇ!؟ ئىنسان شەنىگە ماس كەلمەيدىغان بۇنداق شەرمەندىلىكنى كۆتۈرمەككە يۈرەك قايدىيۇ، يەڭمەككە جاسارەت قايدا!؟!...

بىچارە لەيلى، جېنى تاش لەيلى! سەندە — يىگىرمە

www.uyghurkitap.com

ياشلىق بىر ساددا قىزدا تەقدىرنىڭ نېمە قەستى بار بولغىيتتى؟! ئىنسانىنىڭ بەرداشلىقىنى سىنىماقچى بولسا، باشقا چوڭراق، كۆچلۈكرەك ئادەملەردە سىنىمامدۇ؟!...

لەيلى دوختۇرخانىدا بىرھازا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئولتۇرغانسېرى ئىچى سىقىلدى، ئاخىر ئورنىدىن تۇردى، خۇددى بۇ تۇيۇقسىز ئازابلاردىن قۇتۇلۇش، ئۆزىنى بىداۋا دەردمەن قىلىپ قويغان بۇ ھاياتنىڭ، بۇ رەزىل تۇرمۇشنىڭ سىرىنى ئېچىپ، ئازراق بولسىمۇ يۈكىدىن چىقىپ راھەتلەنمەكچىدەك تۇمەن دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. شۇ تاپتا ئۇ تاسادىپىيلىق، پۇشايمان ۋە تۇرمۇش ھەققىدىكى كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەر گادىرماچلىقى ئىچىدە ئۆزىنى يوقاتقانىدى.

ھاۋا ئىسسىپ تۇرغانلار بىلەن قارلىغاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى ئاڭلىنىۋاتقان بولسىمۇ، يامغۇردىن دېرەك يوق، يامغۇرسىز باشلانغان ياز بىپەيزى، غېرىب كۆرۈنىدۇ... تېخى يېقىندىلا ياشناپ ــ باراقسانلاپ تۇرغان دەرەخلەر ھازىر سولاشقان، شۇمشۇك ئىدى. قۇياش خىرەلەشكەن ئەينەكتەك، نۇرلىرى تۇتۇق، ماجالسىز، سۈيى سوغۇلۇپ، بۇلغانغان دەريا مەنزىرىسى غېرىب ــ مىسكىنلىكىنىڭ كۆرۈنمەس بىر پەردىسىگە پۈركەنگەن، زېرىكىشلىك مۇھىت يامغۇرنىڭ سوغۇق، ئەمما جەزبىلىك بۇ خۇشاللىقىغا زار ئىدى.

تۇمەن دەريا بويىدىمۇ لەيلىنىڭ كۆڭلى تەسەللى تاپالمىدى. ھەي!... ئالەم شۇنچە كەڭ، بىپايان، ئەمما ھازىر بۇ ئالەمدىن ئۇنىڭغا بار ــ يوقى بىرمۇنچە ھەسرەت ــ

نادامەت قالغانىدى، خالاس! شۇڭا ئۇنىڭ غۇربەت دەرياغا تىكىلگەن كۆزلىرى ئىلگىرىكىدەك چاقناپ ئەمەس، ئىنتايىن خۇنسىز، مەيۇس ۋە مەنىسىز باقاتتى. ئازغىن يۈز سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان، چاچلىرى قۇلاقلىرىغىچە بىسىپ چۈشكەن، ھەتتا بىرنەچچە تال ئاقمۇ ئارىلاپ قالغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن ئاچچىق بىر نالە ـ پىغان كۆتۈرۈپ چىقاتتى: «ئاھ خۇدا، مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟! ئاتا ـ ئانامغا نىمە دەيمەن؟! ئوبۇقنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟!...»

دەريا بويىدا لەيلىنىڭ دىگىز سۈيىدەك شاۋقۇنلۇق ئاۋازى ياڭرىدى، بۇ ئاۋاز گاھ مۇڭلۇق تۈس ئىلىپ، يۈرەكلەرنى تىرنايتتى، گاھ گۈلدىرەپ، ھىس ـ تۇيغۇلارنى دولقۇنلىتاتتى.

ھەيھات!... بۇ قانداق دۇنيا ئۆزى؟! ھەممە نەرسىگە قاباھەت، رەزىللىك ئۆز پەنجىسىنى ئۇرغان، ئالەم ـ جاھاننى ناپاكلىق پەردىسىگە ئورىغان... تۇيغۇلارنى، ئارزۇلارنى، ئادىمىيلىك قەدىر ـ قىممىتىنى پايمال ئەتكەن، يەرگە ئۇرغان... بۇلارنى نىمە پاكلىشى مۇمكىن؟! بۇلارنى — پەقەت ئۆلۈم پاكلىشى مۇمكىن... پەقەت ئۆلۈم!

بۇنداق پەيتلەردە ئادەمنى ساراڭ بولۇپ قالمايدۇ، دەپ كىم ئىيتالايدۇ؟ بۇنداق بىداۋا، بىھۇدە، مۇدھىش ھاقارەتكە كىممۇ چىداپ يۈرەلەيدۇ؟! لىكىن لەيلى يەنىلا چىدىدى، ناتىۋان دادىسىنى، رايىش ئانىسىنى، ئاشىقى ئوبۇقنى ئويلاپ چىدىدى، لەۋلىرىدىن قان چىققۇدەك چىشىنى چىشلەپ چىدىدى!...

ئىنسان تەقدىرى خۇددى بىر پارچە چىنە ـ تەخسىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ پۇچۇلغان يەرلىرىنى قاداش مۇشكۇل!

كىچىكىدىن دادىسىنىڭ قاداقچىلىق ھۈنەرلىرىنى تولا كۆرۈپ، كۆزى پىشىپ قالغان لەيلى بۇ ھەقىقەتنى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ ئۇزاق ئويلاپ ئاخىرى كۆڭلىدە يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان جىمى نومۇسلۇق سىرلىرىنى ئوبۇققا ئېيتىش قارارىغا كەلدى.

ئۇلار بۈگۈن كەچكە يېقىن ئانا دەريا ــ تۈمەن بويىدا ئۇچرىشىشقا ۋەدىلەشتى.

لەيلى ۋاقىت توشمايلا ئۆيدىن چىقىپ، ئاستا ـ ئاستا ئويچان قەدەم تاشلاپ تۈمەن دەرياسى تەرەپكە ماڭدى. ماڭغانسېرى ئۇپۇققا سىڭىشىپ كەتتى.

ئوبۇق دەريا بويىغا چىققاندا ئەتراپتا لەيلى كۆرۈنمەيتتى، ئۇ تۆت تەرەپكە بويۇنداپ لەيلىنى ئىزدەپ يۈرگەندە، ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىنلا يەردىن ــ ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئاڭلاندى. ئوبۇق بۇ ئاۋازنى تونۇيدۇ، بۇ ئاۋاز بىر ئۆمۈر يىگىتنىڭ جان قۇلىقىغا، بەلكى ۋۇجۇد ــ ۋۇجۇدىغا مۆھۈرلىنىپ قالغان لەيلىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ئۇلار دەريا بويىدىكى بىر تۈپ قېرى دوڭغاق سۆگەتنىڭ ئالدىسىغا ئولتۇرۇشتى. دەريا ساھىلىگە سالقىن چۈشۈشكە باشلىغانىدى. شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى ھەممە يەرنى سىلاپ ئەللەيلەيتتى. ئاستا ـ ئاستا كەچ كىرىشكە باشلىدى، دەريا قارايدى، ياش چوكانلارنىڭ شىۋىر ـ شىۋىرىگە ئوخشاش ئاۋاز چىقىرىپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ كۆكۈچ رەڭگى بارا ـ بارا قارىيىپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتتى، پۈتۈن دەريا بويى



www.uyghurkitap.com

سالقىنلىقىا، رايىشلىقىا، چىقىلغىلى بولمايدىغان سەلتەنەتكە چۆمۈلگەنىدى...

لەيلى خۇرسىنىدى، ئۇنىڭ خۇرسىنىشى خېلى ئېغىر ھەم غەمكىن ئىدى. ھەر دائىم ئوبۇق بىلەن كۆرۈشكەندە كۆكسىدە ئىللىق، سىرلىق بىر ھاياجان سېزىدىغان لەيلى بۇ قېتىم ئۇنى تولىمۇ ھېسسىياتسىز، سوغۇق كەيپىياتتا كۈتۈۋالدى. يىگىتنىڭ تۇيغۇن يۈرىكى قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىكنى سەزگەندەك سوئال نەزىرىدە قىزغا جىددىي قارىدى. ئۇ لەيلىنىڭ ئۇچۇق يۈزى، زارىققان نىگاھى، ئەلەم بىلەن قىمتىلاپ تۇرغان لەۋلىرى، پىستە رەڭ ياغلىق ئاستىدىن بوينىغا چۇشۇپ تۇرغان تارام ـ تارام چاچلىرى — ھەممە ـ ھەممىسىنى بىر يولى كۆرۈپ تۇرۇشنى، كۆرۈپ ئۆزىنى ئىنتايىن خاتىرجەم، بەختلىك سېزىشنى ئىستەپ قىز تەرەپكە تېخىمۇ سىلجىدى ۋە ئەندىكەندەك بىر خىل مەيۈس ئاۋازدا سورىدى:

— لەيلى، بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى؟ بەكلا پەرىشان كۆرۈنىسەنغۇ، ئۆيدە بىرەر ئىش بولدىمۇ ـ يە؟!

ئوبۇق قىزنىڭ قولىنى ئۆزىگە تارتتى، ئۆزىگە تارتتىيۇ، بۇدرۇق قىزنىڭ ئىللىق، خۇشبۇي نەپەسىدىن سېھىرلىنىپ، بېشى سەل ئايلانغاندەك بولدى، قىز ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن قورقۇپ كەتتى. ئوبۇقنىڭ كۆڭلىدە قىزغا ئېيتىش ئۈچۈن ئەتىۋارلاپ يۈرگەن، كېچىلىرى ئۇخلىماي ئويلاپ قويغان گەپلەر بار ئىدى. لېكىن بۇلارنى ھازىر ئېيتىشقا ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ تىلى

كالۋالىشاتتى. ئۇ پەقەت باياتىنقى گېپىنىلا قايتا تەكرارلىدى:

— گەپ قىلغىنا، لەيلى! كۆزلىرىڭ نېمانداق مۆڭلۈك؟

قىز ئۈنچىقمىدى، پەقەت بېشىنى يېنىك سىلكىپ قويدى. ھازىر ئۇنىڭ يۈرىكى ئازابتىن مۇجۇلۇۋاتاتتى. كۆڭلىدىكى گەپلەرنى — توغرىراقى، ئۆزىنىڭ ۋاپاسىزلىقى، مۇھەببەتكە ئاسىيلىقىنى قايسى تىل، قايسى يۈز بىلەن ئۆزى سۆيگەن يىگىتكە يانمۇيان ئولتۇرۇپ ئېيتىشتىن قىينىلىپ ئازابلىنىۋاتاتتى. ئەمما، ھېسسىز تەبىئەت بولسا، گويا ئىككى سۆيۈشكەن يۈرەكلەر بىر - بىرى بىلەن قېنىپ - قېنىپ سۆزلىشىۋالسۇن، بىر - بىرلىرىگە قاراپ تويۇشۇۋالسۇن دېگەندەك، ئىككى ئاتەش قەلب ئۈچۈن خالىسانە تەشۋىش چېكىپ سۈكۈناتقا چۆمگەندى.

لەيلى ئاخىر غەيرەتكە كەلدى، كۆزىنى يۇمۇپ لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئوبۇق، سىزمۇ بىلىسىز، «ياخشى قىز ياقىدىكى قۇندۇز» دېگەن گەپ بار. لېكىن مەن ھازىر ياقىدىكى قۇندۇز ئەمەس، ئېغىلدىكى توڭگۇز بولۇپ قالدىم!...

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، لەيلى؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى ئوبۇق، — نېمانداق باش - ئاخىرى يوق گەپلەرنى قىلىپ ئادەمنى ئەنسىرىتىسەن؟!

— مەن سىزگە ئېيتاي، ئوبۇق! — دېدى لەيلى ھەسرەتلىك تىنىپ، — ھەممىنى ئېيتاي!

لەيلى ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر باشتىن سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ بۇ ۋەقەلەرنى

سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، كۆزلىرىدە بالىلارنىڭكىدەك سەبىي راستچىللىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە قايتۇرۇپ بولماس ئاچچىق پۇشايمان، ئازاب ۋە ئۆكۈنۈش بار ئىدى. ئۇ كۆز يېشى ئىچىدە بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ تۈگەتكەندە ياش بىلەن خىرەلەشكەن كۆزىگە بۇ يورۇق دۇنيا زىمىستان بولۇپ كۆرۈندى. ئەمدى ئوبۇقىمۇ قىزنىڭ ئاۋازى خۇددى ئۇۋچى ئوقىدىن يىقىلىپ جان ئۈزۈۋاتقان بالىسىنىڭ بېشىدا بوزلاۋاتقان كېيىك نالىسىدەك ئازابلىق ئاڭلاندى. كۈتۈلمىگەن بۇ ئىشلار ئوبۇقنىڭ يۈرىكىنى تۈگمەن تېشىنىڭ ئارىسىدىكى داندەك ئېزىۋەتتى. ئۇ ئەمدى دۇنياغا سىغماي قالدى، بەئەينى قاپقانغا چۈشكەن بۆرىدەك تولغىنىشقا باشلىدى. بۇ مەشۇم ئىشلار ئۇنىڭ روھىدا زادىلا يوقالمايدىغان بىر ئىز تىراپ، جىسمىدا زادىلا ئېرىمەس بىر تاش بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىر ئوتلۇق لاۋا، بىر مۇڭلۇق ئارمان قالدى، ۋۇجۇدىدا چۆكۈپ قالغان قىزنىڭ دەردى دولقۇنلىدى، قوللىرىنى پەرياد بىلەن ئاسمانغا سوزدى:

«ئاھ خۇدا، قېنى ئۇ تۇنجى مۇھەببەت، تۇنجى ئىشق...!؟ ئۇ ئەمدى يوق، ئۇ يوقالغان! ئاشىقنىڭ كۆزلىرىدە قايناق كۆز ياشلىرى بولۇپ قالغان ئۇ ئىشق! ئاشىق بىچارە ئەمدى نېمە قىلسۇن؟ ھېچنېمىنى ئاشۇ تۇنجى مۇھەببەتكە ئوخشىتالمىسا! سۆيۈش — ئۆمۈردىن ئەزىز، ئۆلۈمدىن كۈچلۈك تۇرسا!»

ئوبۇقنىڭ پەريادىدا ھېسابسىز بىر دەرد، ئۈمىدسىزلىك ۋە زەئىپ غەزەپ ئىشىتىلدى. ئۇ بۇنىڭ

بىلەن ئۆزگە بىرئاز تەسەللى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بەربىر جىسمىدە ئۈنسىز بىر ئىسيان قالدى.

شۇ تاپتا ئوبۇقنىڭمۇ، لەيلىنىڭمۇ ئىچىنى دەرد، قۇرۇم، ئىس بېسىپ، كۆڭۈللىرى بەتتەر خىرەلەشكەندى. ئۇلارنىڭ بەرنا ياشلىقى، ئوتلۇق مۇھەببىتى مانا شۇ ئىشنىڭ رەھىمسىزلىكى بىلەن ئاستا ـ ئاستا خوراپ، غايىب بولۇشقا باشلىدى. بۇ رەزىللىك، مۇناپىقلىق، ئالدامچىلىق ـــ ۋاپاسىز دۇنيانىڭ مانا شۇ ئىككى يۈزلىمىلىكى ئوبۇقنىڭ دىلىنى كۆيدۈرۈپ، جىسمىنى ئازابلاشقا باشلىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوبۇق بىلەن لەيلى نېمە توغرىسىدا سۆزلەشمىسۇن، بىر ـ بىرلىرىگە نېمە دېيىشمىسۇن، ئۆزىدىن ئۆزى مەنىسى يوقلىپ باردى.

يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى، دەريانىڭ يۈزىدە سوغۇق شامال كۆتۈرۈلدى، شامال ئۇچۇرغان سۇ ئۇنچىلىرى قىرغاقلارغا سەپچىپ كېلىپ، ئۇ يەردە ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرغان ئوبۇق بىلەن لەيلىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى سەگىتتى...

لەيلى ئورنىدىن تۇرۇپ يولغا چىقتى، ئۇ ئەندىكىپ نەپەس ئالاتتى. ھازىر ئۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغان، كۆز ئالدىدا بار نەرسىلەرمۇ مەۋھۇمدەك بولۇپ قالغانىدى.

يامغۇر كۈچىيىشكە باشلىدى. يۈرەكنى سىقىدىغان قارا يامغۇرغا ئايلانغانىدى. ئۇنىڭدىن ئادەمنى ئەندىكتۈرىدىغان كەچ كۈزدىكى سىرىق قارنىڭ ھىدى كېلەتتى. يۇپقا كىيىنگەن ئادەملەر پاناھ ئىزدەپ ھەر

تەرەپكە يۈگۈرەيتتى، ماشىنىلارنىڭ چاقى ئاستىدىن لاي ئارىلاش سۇ چاچرايتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەرەخلەر تەبىئەتنىڭ مۇقەررەر ھۆكۈمى ئالدىدا ئىلاجسىز تەزىم قىلغاندەك شۈمشىيىپ قالغانىدى...

لەيلى ئۈنسىز يىغلاپ باراتتى، يامغۇردىن كىرپىكلىرى يۇچۇلۇپ، كۆزىنى ئاچالماي قالدى، بۇرنى ئاچچىق ئېچىشىپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتتى. ئايىغىدىن نەم ئۆتۈپ كەتكىنىنى، يۈزىگە سوغۇق ئۇرۇلۇۋاتقان يامغۇر ئارىسىدىن لەۋلىرىگە شورتاڭ كۆز يېشى ئېقىپ كىرىۋاتقىنىنى سېزىپ تۇراتتى، بىراق ھېچنېمىنى ئويلىغۇسى كەلمەيتتى، پەقەت خىيالىدا بىرلا نىيەت — قورسىقىدىكى ھامىلىنى ھەرقانچە ئازابلىق بولسىمۇ ئەتىلا ئالدۇرۇپ تاشلايمەن، دېگەن قەتئىي بىر نىيەت قەسەمدەك چەرخ ئۇراتتى.

## 26

ھېزىم ھەسەن بىلەن چوڭقامنىڭ باردى ـ كەلدىسى خېلى قويۇقلىشىپ قالدى. ئادەم دېگەن شۇنداق نېمە، ئېغىز يېسە يۈز ئۇيىلىدۇ!

ھېزىم ھەسەن راستىنلا چوڭقامنىڭ پېشىگە ئېسىلدى، ئېسىلغاندىمۇ چىڭ ئېسىلدى. ئەلپازىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ قولىدىن بىرەر مەنسەپ دەستىكىنى ئالماي قويمايدىغاندەك قىلاتتى.

تەخت، ھوقۇق، مەنسەپ دېگەنلەر گويا قۇياشقا ئوخشاپ

كېتىدۇ، ھەممىگە باراۋەر نۇر چاچىدىيۇ، ئەمما ھەممىنى باراۋەر ئىسسىتمايدۇ. قۇياشنى يۇلۇۋالىمەن دەپ سوزۇلغان ئاشۇ قوللارغا بولسا، ھاياتبەخش نۇرلار بەئەينى نەيزە بولۇپ سانجىلىدۇ!

ھازىر ھېزىم ھەسەن ھوقۇق ـ مەنسەپنىڭ خۇمارىدا ئۇنىڭ نەيزىدەك سانجىلىدىغان رەھىمسىز تەرەپلىرىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى، خىيالىدا پەقەت ئۇنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىلا بار ئىدى. ئۇ ھەمىشە ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ دۇنيادا كىم ئەقىللىق بولسا ــ شۇ ئەمەلدار؛ كىم ئەمەلدار بولسا ــ شۇ ئەقىللىق!» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرەتتى.

ھېزىم ھەسەن بۈگۈن چوڭام ئۈچۈن خاس داستىخان سالدى. ئادەم كۆپ ئەمەس، پەقەت ھېزىم ھەسەننىڭ ئىككى دوستىنى قوشقاندا تۆت ئىدى. ئەمما ئۇ يىغىنچاق بۇ ئولتۇرۇشنى خۇددى ئىككى پەردىلىك ئويۇنغا ئوخشاش ئىككى باسقۇچقا بۆلدى. بىرىنچى باسقۇچتا تۆت ئەركەك سىردىشىپ، ئۇلپەتلىشىپ ھاراق ئىچىش ۋە كەيپىياتنى تەڭشەش؛ ئىككىنچى باسقۇچتا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن پەرىزاتلاردەك بىرىنەچچە سەتەڭ چوكان پەيدا بولۇپ، كەيپىياتنى كۆتۈرۈش...

ھەممە ئىش ئەنە شۇ پىلان بويىچە بولدى. ھېزىم ھەسەننىڭ نەزىرىدە ھاراق بىلەن تانسىغا ئامراق چوڭام بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشتىن چوقۇم رازى بولاتتى.

ھېزىم ھەسەن تونۇگۈن ئۆزى خۇپىيانە ئارىلىشىپ يۈرىدىغان گۈلقەمەر ئىسىملىك چوكاننىڭ ئالدىغا بىرمۇنچە پۇلنى قويۇپ، چوڭام ئۈچۈن چىرايلىق،

ھېسسىياتلىق، ياش چوكاندىن بىرنى تېپىپ تەييارلاپ تۇرۇشنى، ئۆزى قاچان تېلېفون قىلسا، شۇ ھامان دېگەن يەرگە يېتىپ بېرىشنى ئېيتىپ:

— بىردىنبىر ئۈمىدىم سىزدە جۇمۇ، گۇلقەمەر! مەن دېگەندەك قىلسىڭىز جانۇجاھانىم ئابات بولىدۇ، قىلالمىسىڭىز، زامانۇزامانەم بەربات بولىدۇ! چوڭام ئۈچۈن تەييارلايدىغان مال چوقۇم ئىشەنچلىك، كۆرۈملۈك بولسۇن. قالغان ئىككىسىگە كىمنى تاپسىڭىز مەيلى، تاپالايدىغانسىز؟ چوقۇم تېپىڭ، گۇلقەمەر! بۇ قېتىم مېنىڭ كۆڭلۈمنى ھەرگىز يەردە قويماڭ، سىزنى قالتىس رازى قىلىمەن! — دەپ يېلىنغانىدى.

گۇلقەمەر ئۇنى خاتىرجەم قىلدى ۋە شۇ كۈنى كەچتىلا ئۆزىنىڭ دىلكەش، سەتەڭ دوستى ئايجامال بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا چوڭامنى غايىبانە تونۇشتۇردى ۋە ئۇنىڭغا بىر كېچە ھەمراھ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئايجامالمۇ بۇنداق ئۇچرىشىشنى ئامەت دەپ بىلىپ، خۇشاللىق بىلەن رازى بولغانىدى. مانا ھازىر ئۇ ئىككىسى خۇددى سەھنىگە چىقىدىغان ئارتىسلاردەك ياسىنىپ ـ تارىنىپ، ھېزىم ھەسەننىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى.

چوڭام ۋاقىت ـ قەرەلىدە زىياپەتكە يېتىپ كەلدى. ھېزىم ھەسەن ئۇنى تولىمۇ ھۆسلى ـ سۈلكەت بىلەن كۈتۈۋالدى. ئازادە، پىنھان ئايرىمخانا تىنچ، سالقىن، ھەشەمەتلىك ئىدى. چوڭام دەسلەپ باشقىلار بىلەن مۇنداقلا كۆرۈشتى. روزى «كالاچ»نىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرغان ئوتتۇرا بوي، قارىمۇتۇق كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ

چاچلىرى شالاڭ، بۇرنىنىڭ ئوتتۇرىسى سەل ـ پەل ئىچىگە پاتقاندى. مەئىشەتكە بېرىلگىنىدىن بولسا كېرەك، بىمەھەل قورساق سالغان بەستى ئادەتتە كېلەڭسىز ھەم كۆرۈمسىز كۆرۈنەتتى. پېشانىسى ئېگىز، ئەمما، تار، يوغان ـ يوغان قوڭۇر كۆزلىرى بەزىدە ئادەمگە غەلىتە قاراپ قوياتتى. ھەيۋىسىدىن ئات ئۈركۈيدىغان بۇ ئادەمنىڭ ئاشۇ غەلىتە قاراشلىرىدىن خېلى ھاكاۋۇر، مەنمەنچىلىكى چىقىپ تۇراتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ كاتتىكىدىن يېڭى چىققان خورازغا ئوخشايتتى. ئەمما، ئۆزئارا تونۇشلۇق بېرىلىپ، ئارىدا شېرىنسۇخەن گەپلەر بولۇنغاندىن كېيىن چوڭشامنۇ كۆرۈكى يېشىلگەن تۇخۇدەك ئېچىلىپ قالدى. ھېزىم ھەسەن زىياپەتنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلاپ، قولىغا بىللۇر قەدەھنى ئالدى، دۆلەت ھارىقى ماۋتەيىنىڭ سۇزۇك شولىسى رەڭدار چىراغلاردا جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

ــ بۈگۈن بىز چوڭشامنى چۈرىدەپ، ئىتتىپاقلىشىپ، بۇ يەرگە جەم بولدۇق، ــ دېدى ئۇ زىياپەتنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ، ــ «كۆلكە بار ئۆيگە بەخت كىرىدۇ» دېگەن گەپ بار. بۈگۈن مەن بۇ سۆزنى چوڭشام بار ئۆيگە بەخت كىرىدۇ دەپ چۈشىنىمەن! چۈنكى چوڭشامدەك قەلبى مۆرۈۋۋەتكە تولغان ياخشى ئادەملەر ھازىر كۆپ ئەمەس، مۇنداق ئادەملەر نەدە بولسا، بەخت شۇ يەرگە يار بولىدۇ. بۇنداق ئادەمنىڭ سەدىقىسى كەتسەڭ ئەرزىيدۇ!...

تېخى بىرەر رومكا ئىچمەي تۇرۇپلا سۆزلىنىۋاتقان بۇ ماختاش، بۇ ئۇچۇرۇش سۆزلىرى چوڭشامغا بىر ئاز

ئوڭايسىز ۋە غەلىتىرەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ماختاشنى تولا ئاڭلاپ ئادەتلىنىپ كەتكەن، ماختىمىسا كۆڭلى يېرىم بولىدىغان ئەمەلدارلارغا ئوخشاش بۇ ئادەممۇ ماختاش ۋە ئۇچۇرۇشلاردىن ئانچە بىزارلىق ھېس قىلمايتتى. شۇڭا، ھېزىم ھەسەننىڭ سۆزلىرىگە باشقىچە ئىنكاس ۋە باشقىچە ھەرىكەتتە بولمىدى.

ئادەم يۈرەك سۆزىنى ئۆزىگە ئېيتىدۇ. ھېزىم ھەسەننىڭ ھازىر يۈرەك سۆزۈم دەپ ئېيتىۋاتقىنى ھەرگىزمۇ يۈرەك سۆزى بولماستىن، بەلكى ئېغىز سۆزى ئىدى. شۇڭا ئۇ ھېچقانداق خىجىللىق ۋە تەمتىرەش ھېس قىلماي سۆزلەۋەردى:

— بىز چوڭامنى قانچىلىك ئىززەتلىسەك ئەرزىيدۇ، ئالدىغا بەيتۇللانىڭ كاناپ داستىخىنىنى سېلىپ، ئورۇس قوشۇقىدا، نىكولاي تەخسىسىدە، جياڭنەننىڭ جانان چىنىسىدە تائاملارنى قويساقمۇ كەملىك قىلىدۇ! — ئۇ بىرئاز تۇرۇۋېلىپ، كەمتەرلىك ۋە تەۋازۇ بىلەن داۋام قىلدى، — ئەمما كۆڭلىمىز كەڭ، كۆڭلىمىز باي! چوڭامنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ كۆڭلىمىز خۇددى سەھىپىسى ئوچۇق تۇرغان كىتابنىڭ ئۆزى، خالىغان بىرىدىن ئوقۇسا بولۇۋېرىدۇ! قېنى ئەمىسە، تۇنجى قەدەھنى شۇ كۆڭۈللىرىمىز ئۈچۈن ئىچەيلى، خوش!

ھەممەيلەن قەدەھنى كۆتۈرۈشتى. ئىككىنچى قەدەھنى ئالىدىغان چاغدا چوڭام ئۆزىنى گويا يىغىن ئېچىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، ھېزىم ھەسەندىن سورىدى:

— ھېزىمجان، تەۋەيىڭلاردىكى ئىشلار قانداق بولۇۋاتىدۇ

كېتمۇۋاتىدۇ؟ ئۆي چېقىش، كۆچۈرۈش ئىشلىرى ئوڭۇشلۇقتۇ؟

— ئوڭۇشلۇق دېسەكمۇ بولىدۇ، چوڭئام! — دېدى ھېزىم ھەسەن تىلىنى چاينىماپ، — ئەممازە... بەزى خەقلەر بەك بىغەرەز ئىكەن. سىياسەتنى شۇنچە سۆزلىسەكمۇ «ھە» دەپ قويۇپ، يەنىلا ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەيدىكەن...

— ئېسىڭىزدە بولسۇن، ھېزىمجان، — ئەمەلدارلىق تەلەپپۇزىدا جېكىلىدى چوڭئام، — ئۆزىنى چاغلىمايدىغان ئۇنداق ئادەملەرگە ئوچۇق ئېيتىڭلار. بۇ ئۆزى زىل سىياسەت، قاتتىق سىياسەت! ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي تەلەي سىنىماقچى بولسا، ئاقىۋىتى خۇددى پەرۋانىنىڭ ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغاندەك پاجىئەلىك بولىدۇ!

— مانا - مانا... كۆڭلۈمدىكى گەپ بولدى - دە بۇ! — ئېچىلىپ - يېيىلىپ كەتتى ھېزىم ھەسەن، — مەن خۇددى ئۆزلىرى دېگەندەك، كېسىپ - كېسىپ، غاچ - غۇچ ئىشلەشنى ئويلاتتىم، ئەمما بەزىلەر لىڭتاسىملىق قىلىپ، خەقنىڭ رايىغا باقمىساق بولمايدۇ، چىن كۆڭلىدىن قايىل قىلىش كېرەك... دەپ سىياسەتنىڭ ئىجراچىسى ئەمەس، قۇيرۇق چۆرىگۈچىسى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشلىرىمىز تازا ئاقمايۋاتىدۇ، چوڭئام. مەن گەپ قىلاي دېسەم، بېسىم تاشقا تېگىپ كەتكەن ئادەممەن، ئانچە ئۆتمەيدۇ!...

— ئۆزى پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ ئاش - نېنىنى يەپ، ئىش قىلىڭ دېسە پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت - پەرمانلىرىنى بەجانىدىل ئىجرا قىلمايدىغان ئاشۇنداق

تۆزكورلارنىڭ بىر ـ ئىككىسىنىڭ ماتېرىيالىنى ماڭا ئەكېلىپ بېرىڭ، ــ دېدى چوڭام جىددىي قىياپەتتە، ــ مەن بىر كۆرۈپ باقاي، ئۇنداقلار يا ئىشلەيدىغان بولىدۇ، يا ئورنىنى بوشىتىپ، ئاپتاپسىنىدىغان بولىدۇ!

ــ ماقۇل ـ ماقۇل، چوڭام! ــ دېدى ھېزىم ھەسەن كۆڭلىگە ئاللىنېمىلەرنى پۈكۈپ، ــ سىلى باشپاناھ بولسىلىرى ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييارمەن، چوقۇم دېگەنلىرى بويىچە قىلىمەن...

بۇ گەپلەردىن كېيىن يەنە ھاراق ئىچىلىشكە باشلىدى، خۇددى ئادەم ئادەمنىڭ دەردىنى ئالغاندەك، جانغا جان قۇۋۋەت بەرگەندەك، قەدەھلەر نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرى، نۇرغۇن تەكەللۇپ ۋە تەۋازۇلار بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئايلاندى.

ھاراق شىشە ئىچىدە جىم تۇرغان بىلەن گالدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئادەمنى جىم تۇرغۇزمايدۇ. ھازىر ھەممىسىنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ، خۇش چاقچاق، خۇش ئاۋاز بولۇپ كېتىشتى.

ھېزىم ھەسەننىڭ بىر دوستى ھوقۇقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى، ئەمەلدارلارنىڭ راھەت ـ پاراغىتى توغرىسىدا سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ چوڭامغا ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ھېزىم ھەسەن گويا چوڭامنىڭمۇ دەرد ـ ھەسرىتىنى بىلىدىغاندەك ھېسداشلىق بىلەن:

ــ ھەي...ئاداش، «تۆتۈنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلگەندەك»، ئەمەلدارنىڭمۇ دەردى بار. ھوقۇقنىڭ دەردى يامان دەردا! كىچىك ھوقۇق ـ كىچىك دەرد؛ چوڭ ھوقۇق ــ چوڭ دەرد دېگىنە! ــ دېدى.

www.uyghurkitap.com

— توغرا... توغرا! — دەپ ئالدىراپ تەستىقلىدى چوڭام قولىدىكى ئىچىشكە تەمشەلگەن هاراقنىمۇ ئىچمەي تۇرۇپ، — «خانغا يارىغان بىشىم تازغا يارىماپتۇ» دەپ، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئىشلىسەك، بۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەرنىڭ پىكرى چىقىپ، سىنى تەڭلىكتە قويغان. ئىشقىلىپ، ئەمەلدار دېگەننىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بار، ئامبالنىڭ ئامبالچە، دوتەيىنىڭ دوتەيچە... — چوڭام قولىدىكى هاراقنى بىرلا كۆتۈرۈشتە ئىچىۋېتىپ، ئەمەلدارلىق تەلەپپۇزىدا داۋام قىلدى، — ئەگەر ئىمكانىيەت بولسا، قول ئاستىمدىكى بەزى مەنسەپدارلارنى تۇيۇقسىز بىر يىل ياكى ئىككى يىل ئىشتىن بوشىتىپ تاشلايتتىم، سەۋەبىنى ئېيتىپ ئولتۇرمايتتىم. كېيىن يەنە بىردىن مەنسەپكە تەيىنلەيتتىم، ئاۋۋالقى ئورنىغا ئەمەس، ئۇنىڭدىن يۇقىرىراقىغا تەيىنلەيتتىم...

— بۇ گەپكە تازا چۈشەنمىدىما، چوڭام؟ — هەيران بولۇپ سورىدى هېزىم هەسەن.

— ئەلۋەتتە چۈشەنمەيسىز ـ دە، هېزىمجان، — دېدى چوڭام ئۇنى هەم ئۈمىدلەندۈرۈپ، هەم ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ، — چۈنكى سىز رەسمىي مەنسەپكە ئولتۇرۇپ، هوقۇق يۈرگۈزۈپ باقمىدىڭىز، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بەزىلەر مەنسەپكە ئۆگىنىپ قېلىپ، شۇ ئەمەل ئۇنىڭغا گويا ئاتا مىراس قىلىپ بېرىلگەندەك هېس قىلىشىدۇ. ئەگەر ئاشۇنداقلار بىر ـ ئىككى يىل مەنسەپتىن ئايرىلىپ، ئاددىي پۇقرا بولۇپ يۈرگەندە، ئاندىن كىمنىڭ

دوست، كىمنىڭ دۈشمەنلىكىنى ئېنىق بىلمۇاللايدۇ. شۇ چاغدا مەن ئۇنى قايتىدىن يۇقىرىراق مەنسەپكە تەيىن قىلسام، ئاندىن ئاق - قارىنى پەرق ئېتىپ، بىمالال ئىشلەپ كېتەلەيدۇ.

— توغرا، توغرا، بۇمۇ بولىدىغان ئامال ئىكەن!— دېدى روزى «كالاچ» تەستىقلاپ ۋە دەرھال گەپنى ئەسلىي مۇددىئاغا بۇرىدى،— مېنىڭچە، بۇ ئىشنى ھېزىم ھەسەندە سىناق قىلىپ باقسىلىرى بولغۇدەك، چوڭئام. چۈنكى، ئۇ مۇشۇ شەرتكە توشىدىكەن. ئۆتكەندە بىر مەزگىل مۇدىر بولۇپ، ھوقۇق يۈرگۈزدى، كېيىن يەنە ۋەزىپىدىن ئايرىلىپ، ئاددىي كادىر بولدى، بۇ جەرياندا دوست - دۈشمەننى، ھەق - ناھەقنى، ئاق - قارىنى ئوبدان پەرق قىلالايدىغان بولدى...

— ئەلۋەتتە...ئەلۋەتتە... ھېزىمجان ياخشى نامزات!— دېدى چوڭئام خېلى ئەستايىدىللىق بىلەن،— لېكىنزە... شۇ... نېمە دېسە بولار... ھە، كۆشەندىسى كۆپرەك تۇرىدۇ، شۇ!

روزى «كالاچ» بۇنىڭغىمۇ ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن رەددىيە بەردى:

— ئەمدى، چوڭئام، تاش - داڭگالمۇ مېۋىسى ئوخشىغان دەرەخكە ئېتىلىدۇ، ھېچكىم مېۋىسى يوق قاداقشىغان دەرەخكە تاش ئاتمايدۇ - دە!

— بەلەن گەپ بولدى، ناھايىتى بەلەن ئوخشىتىش بولدى،— دەپ ئېچىلىپ - يېيىلىپ كەتتى چوڭئام،— مەن بۇ گېپىڭىزگە قايىل، روزىئاخۇن، قېنى كېلىڭە، ئىككىمىز شۇ گېپىڭىزنىڭ ھەققى ئۈچۈن بىردىن ئىچىۋېتەيلى!

رومكىلار ئەنە شۇ يوسۇندا خېلى كۆپ ئايلاندى، كۆڭۈل سۆزلىرىمۇ خېلى كۆپ ئېيتىلدى. چوڭئامىنىڭمۇ كەيپىياتى تەڭشىلىپ، «كەھ» دېسە ئۇچۇپ كېلىپ قولغا قونىدىغان موللاقچى كەپتەردەك ھالغا كەلگەنىدى.

ھېزىم ھەسەن ئويۇننىڭ ئىككىنچى پەردىسىنى ئېچىش ئۈچۈن گۈلقەمەرگە تېلېفون قىلدى. خۇددى تاڭشۇرۇلغان ئاتتەك ھازىر تۇرغان تۆت چوكان پەيدا بولدى.

لايىقىدا قىلىنغان گىرىملىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان، كىيگەن كىيىملىرى ئۆزىگە ياراشقان بۇ سەتەڭلەرنىڭ لاتاپىتى ھەرقانداق كۆڭۈلنى كۆيدۈرگۈدەك دەرىجىدە جەزىبىلىك، ھەرقانداق قەھرلىك مۇزنى ئېرىتىشكە قادىر ئىدى. ئۇلار بۇ يەرگە ھەقىقەتەنمۇ ئالاھىدە بىر روھ، ئالاھىدە بىر سۈلكەت ئەكىرگەنىدى. ئۇلار كېلىپ زىياپەت ھەقىقەتەنمۇ بەزمە تۈسىنى ئالدى، ئۇلار كېلىپ ئولتۇرۇشتا ھەقىقەتەنمۇ جانلىنىش، جۇشقۇنلۇق پەيدا بولدى. ئايال دېگەن شۇ، ئۇلار شېرىن، ئۇلارنىڭ شىرىسى ھەرقانچە مۇرەككەپ نەرسىلەرنىمۇ بىر چەتكە سۈرۈپ تاشلىمايدۇ، دەمسىز!؟

بۇ دۇنيادا غەم بىلەن تەشۋىش، كۆلپەت بىلەن نادامەت ئۆز ھالىچە ياشايدىكەن؛ ئويۇن ـ تاماشا بىلەن كۈلكە ـ چاقچاقمۇ ئۆز ھالىچە...

ئايجامال ئۇدۇل كەلگىنىچە چوڭئامىنىڭ يېنىدا ناز بىلەن ئولتۇردى. چوڭئام ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بۇ چوكانغا خېلى زەن سېلىپ قارىدى. تىپتىنىق ماۋى كۆزلەر شۇ قەدەر جەزىبىلىك، يۇپقا لەۋلىرى تەبەسسۇمغا

www.uyghurkitap.com

مايىل، ئۈچىسىدا بەدىنىگە يېپىشىپ تۇرىدىغان ھال رەڭ يىپەك كۆڭلەكتىن باشقا لىباس يوق. ئۇنىڭ ئاق، سىلىق يۇزىدىكى زىننەتلىرى چىرايلىق، جاراڭلىق كۇلۇشلىرىمۇ، ئۆزىمۇ، سۆزىمۇ چىرايلىق. قىسقىسى، ھەۋەس قىلغۇدەك ئىدى. ئەنە شۇ چىنىدەك سىلىق، ئەسەبىي بەشىرىسىدىن، شىددەت بىلەن قارايدىغان يوغان - يوغان جادۇ كۆزلىرىدىن ئادەمنى چۆچۈتىدىغان، ساراسىمىگە سالىدىغان ئاللىنېمە — مەنمەنلىكمۇ، شەپقەتسىزلىكمۇ تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يىپتەك ئىنچىكە قاشلىرى جىمىرلاپ يېپىلغاندا، ئۇلڭ قېشىغا يېقىنراق يەردىكى قارىقات دانىسىدەك چىرايلىق خالى ئويناپ كېتەتتى. قاپقارا چاچلىرىنى ئىككى ئۆيەم قىلىپ، زەر دوپپىغا چەمبىرەك نۇسخا باغلىۋالغان، چېكىسىدىكى گىجىكى بەئەينى چايانىنىڭ قۇيرۇقىدەك قايرىلىپ كەتكەنىدى...

ئايجامال ئېڭىشىپ، ئەجەب بىر تەۋازۇ بىلەن چوڭامغا چاي ئۇزاتقاندا تىزگىن كۆرمىگەن كۆكرەكلىرى يىپەك كۆڭلەك پۇرمىلىرىنى تۇرتەكلەپ، چوڭامنىڭ ھاراقتىن غىلايغان كۆزلىرىنى ئوينىتىۋەتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە لەپپىدە قارىشىپ جىم بولۇشتى. قالغان سۆزلەرنى ئۇلارنىڭ تادان كۆزلىرى قىلىشتى.

ئىككى قېتىم ئەردىن چىققان، تېخىچە بالا يۇزى كۆرمىگەن بۇ ئايال چوڭامدەك ئادەملەرنى تاپقاندا قانداق مۇئامىلە قىلىش، كۆڭلىنى قانداق ئېلىشنى ياخشى بىلەتتى. بۇنداق ئەمەلدارلار بىلەن تونۇشۇپ ئۇلپەت بولۇشنى ئۆز تۇرمۇشىدىكى بەخت ۋە ئامەت دەپ

بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ھازىر ھەر خىل تۇستە تاۋلىنىپ، ئاياللىق لاتاپىتىنىڭ بارلىق ئىمكانىيەتلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانماقتا ــ سۆھبەتدىشىنى قۇشلىماقتا، سېھىرلىمەكتە. سۆھبەتدىشىمۇ ئۇنىڭغا مەھلىيا، ئۇنىڭغا بەند بولغان، بەندە بولغان. ئەمدى ئۇنى ھەر كويغا سېلىشى مۇمكىن، خالىسا ــ لايدەك پېتىقلاپ، خام كوزا ياسىشى ھېچ گەپ ئەمەس. شۇ دەمدە بۇ قۇدرەتلىك، مەككار جانانىنىڭ قولىدىن ھەر ئىش كېلىدۇ، لازىم تاپسا بۇرنىدىن يىپ ئۆتكۈزۈپ مايمۇندەك ئوينىتىدۇ. چۈنكى ئۇ ياش، گۈزەل، قەددى ـ قامەتنىمۇ خۇدا ئايىماي بەرگەن، «يەپ قويىمەن» دېگەندەك كىشنەپ، ئويناقلاپ تۇرۇپتۇ. ھەرقانداق بىر ئەركەك زاتى ئۇنى كۆرگەندە «ئاھ» دەپ سېلىشى تۇرغان گەپ. سەۋەب، دۇنيادا گۈزەللىككە تەلپۈنمىگەن، مەپتۇن بولمىغان زات يوق، گۈزەللىكنىڭ ئىشقىۋازى يۈزلەپ ـ مىڭلاپ! ئىشقىۋازمۇ گەپمۇ، گۈزەللەرنىڭ ئاياغلىرى ئاستىغا دۇنيانىڭ ئۆزىنى تاشلاپ بېرىشكە تەييار تۇرغانلار ئازمۇ؟!...

بۇنىڭ ئىچىدە يەنە كېچە ـ كۈندۈز ئەينەك ئالدىدا ئولتۇرۇپ پەرداز قىلىشتىن ئېرىنمەيدىغان، يۈزىنىڭ تەبىئىي رەڭگىدىن رازى بولماي رەڭ سۈرۈشكە، قېشىدىن رازى بولماي نى ـ نى ئازابقا چىداپ تەردۈرۈشكە، كىرپىكىدىن رازى بولماي سۈنئىي كىرپىك يېپىشتۇرۇشقا، خۇدا بەرگەن كۆزىنىڭ شەھلالىقىغا رازى بولماي يىڭنە بىلەن چەكتۈرۈشكە، ياخشى كۆرۈپ تەگكەن ئېرىگە قانماي، ئۇنى غەلەت قىلىپ ئىشرەتخانىلارغا

بىرىشقا ئامراق چوكاندىن ئىككىسى بار ئىدى.

قەدەھ سوقۇشتۇرۇش يەنە يېڭىباشتىن باشلاندى. بۇ قېتىم ھەممەيلەن ئاياللار ئىچىدىغان «خۇڭفاڭ» دەمدۇ، «خېفاڭ» دەمدۇ، ئىشقىلىپ، يۇقىرى گىرادۇسلۇق قىزىل ھاراقنى ئىچىشكە باشلىدى.

ئايجامال چىراغ نۇرىدا قىزىل ياقۇتتەك جۇلالىنىپ تۇرغان بىللۇر قەدەھنى قولىغا ئېلىپ، چوڭئامىغا قاراپ تۇرۇپ دېدى:

— ئادەتتىكى ئايال ھەرقانچە چىرايلىق بولسىمۇ، بەربىر تېز قېرىيدۇ، ئەمما ئەمەلدارنىڭ ئايالى قېرىمايدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ ئەمەلدارنىڭ خوتۇنى بولۇپ، ئاشۇنداق بەختكە ئېرىشەلمىگەنلىكىمدىن ئۆكۈنىمەن...

— ئۆكۈنمەڭ، چىرايلىقىم! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئەپقاچتى ھېزىم ھەسەن، — ھەرگىز ئۆكۈنمەڭ، بۇرۇن بولالمىغان بولسىڭىز، بۈگۈن بولسىڭىز بولىدۇ ئەمەسما؟

— توغرا - توغرا، — دەپ ھېزىم ھەسەننى قۇۋۋەتلىدى روزى «كالاچ»، — ھەممىشە قۇرۇق بەخت ھەققىدە ئويلىغاندىن كۆرە، بەختكە ئېلىپ بارىدىغان يوللارنى ئىزدەش يېقىملىقراق!

— ئەمىسە، ھەممىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن ئىچەيلى! — دېدى ئايجامال قەدەھنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — بەختكە ئېلىپ بارىدىغان يوللارنى تېپىش ئۈچۈن ئىچەيلى، خوش - خوشە!

ئۇ تۇنجى قەدەھنى چوڭئام بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئىچتى. ئۈچ قېتىملىق ئايلىنىشتىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاق

سېرىق كەلگەن يۈزى پەردازدىنمۇ ياكى چىراغنىڭ نۇرىدىنمۇ قىرمىزى تۇسكە كىردى، ئاغزىمۇ ئېچىلىپ، تېخىمۇ خۇش ئاۋاز، خۇش چاقچاق بولۇپ كەتتى.

شۇ تاپتا ھەممەيلەننىڭ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ، ھېسسىياتى قوزغىلىپ، ھېچ نەرسىدىن تەپ تارتمايدىغان، ھېيىقمايدىغان ئەسەبىي بىر ھالەتكە كەلگەندى. روزى «كالاچ» بىر رومكىنى قولىغا ئېلىپ، ھەممەيلەننى ھاراققا تەكلىپ قىلغاچ مۇنداق دېدى:

— ئاغىنىلەر... ھەممىمىز بۇ شەھەرنىڭ دۇردانە ئوغۇل — قىزلىرى... ھاراق دېگەننى ئىچتۇق... كۆلكە — چاقچاقنىمۇ قىلدۇق... ئەمدى تانسا ئوينايلى... تانسا! قىز — چوكانلىرىمىزنىڭ ۋاقتى زايە كەتمىسۇن... مۇھەببەت دېگەن بىر ئاپتاپ... ھەممەيلەننىڭ ئاشۇ ئاپتاپتىن بەھرىمەن بولغۇسى كېلىدۇ... شۇڭا ئاپتاپ نۇرىدا ئىسسىنىش گۇناھ سانالمايدۇ... بۇ ئاللاغىمۇ خوپ كېلىدۇ...

روزى «كالاچ»نىڭ تەكلىپى ھەممەيلەنگە خوپ كەلدى. ئۇلار خۇددى شۇ گەپنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك دەرھال VCD پىلاستىنكىسىنى ياڭراتتى، ئۈستىباشلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ جۈپ — جۈپ بولۇپ مەيدانغا چۈشتى. تانسا ئىككى مەيدان شوخ، تېز مۇزىكىلارغا ئوينالغاندىن كېيىن، ئەمدى يېنىك، ئاستا، لەرزان مېلودىيەگە ئۆزگەردى، چىراغلارمۇ بىر — بىرلەپ ئۆچۈرۈلۈپ، ئايرىمخانا گۇڭگا، گىرىمسەن ھالەتكە كەلدى، تانسىمۇ دەسلەپكى دۈرۈس، نورمال ھالەتتىن ئەمدى يۈزىنى

يۈزىگە يېقىپ ئوينايدىغان قوچاقلاشما ھالەتكە ئۆزگەردى...

ھازىر بۇ يەردە ئار-نومۇس، پاكلىق ۋە ھايا ھەققىدىكى مۇستەھكەم چۈشەنچىلەر ئەيش - ئىشرەت، ئىشقۋازلىق تۇپەيلى تۇپراققا كۆمۈلگەن، قاباھەتكە ئايلانغاندى، ھېچكىم ئۇنىڭغا ھاكىملىق قىلالمايتتى. بىردىنبىر ھاكىملىق قىلغۇچى ۋىجدان بولسا، ئېغىر سۈكۈتكە چۆمگەندى!...

چوڭام تانسىنى ئالا قويماي ئويندى، پۇتلىرى گىلدىڭشىپ قالسىمۇ، گەپلىرى ئاغزىدىن چۈشۈپ كېتىۋاتسىمۇ تەن بەرمىدى، باشتىن - ئاخىر ئايجامالغا سالجىدەك يېپىشىۋالدى. تولىمۇ چىرايلىق، شەددات بۇ چوكان ئۇنى ئۆزىگە ئوبدانلا مەھلىيا قىلىۋالغانىدى. ئەمما، ھازىر ئۇنىڭغا مەپتۇن بولغىنى يالغۇز چوڭاملا ئەمەس، ھېزىم ھەسەنمۇ شۆلگىيىنى ئېقىتىپ، ئۇنىڭغا يوشۇرۇن مەھلىيا بولۇپ ئولتۇراتتى. ئايجامالنىڭ ئويناپ تۇرغان بوتا كۆزلىرى، تال چىۋىقتەك نازۇك بېلى، خۇش قامەت، خۇش تەبەسسۇمى، بولۇپمۇ ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل سىپتە يۈزى ئاللىقاچان ئۇنىڭ ئەس - ھوشىنى ئوغرىلاپ كەتكەنىدى.

«كاساپەت!... بىر پارچە چوغ ئىكەنغۇ!— دەپ ھەسەت بىلەن ئويلىدى ھېزىم ھەسەن،— گۈلقەمەر بۇ دوستىنى ئەجەب ماڭا كۆرسەتمەپتا! قىزغىنىپتۇ - دە! قىزغانساڭمۇ ھەربىر باغنىڭ ئۆز گۈلى، ھەربىر گۈلنىڭ ئۆزىگە خاس ھىد - پۇرىقى بار ئەمەسما! سەن سېرىق سەبدە بولساڭ، ئۇ قىزىل لالە ئىكەن ئەمەسما! ئۇنى

تۆيدۇرماي ئۆندەككە كەلتۈرۈش كېرەك!...»

ھېزىم ھەسەن ئەنە شۇنداق ھارام نىيەت بىلەن چوڭام ئەدەپكە چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئايجامالنى تانسىغا تارتتى ۋە بېزەڭلىك بىلەن ئۇنى ئۆزىگە چىڭ تارتىپ تۇرۇپ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى:

— چوڭام بىلەن خېلى چىقىشىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن؟ ئەمما ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئالدىراپ ئۇنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرماڭ. ئۇ سىزدەك چەشمە بۇلاققا دائىم تەلپۈنىدىغان، ئەمما سۈيىنى ئىچەلمەيدىغان بولسۇن. ئۇ ھەر قېتىم بۇلاق بويىغا كەلگەندە، سۈيىڭىزنى چاچرىتىپ يېنىڭىزغا يولاتماڭ، چاڭقاقلىق، تەشنالىقتىن ئۇنىڭ لەۋلىرى گەز باغلاپ كەتسۇن!...

— قىزغىنىڭىزغا قاتامسىز، ھېزىم ئاكا؟!— دېدى ئايجامالمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

— سىزدىن ئادەمنى ئەمەس، بەدىنىڭىزگە قونغان ئەركەك چىۋىننى قىزغانسىمۇ ئەرزىيدۇ، ئايجامال!

خېلى ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ تەنناز چوكان ھېزىم ھەسەننىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، قەھقەھ ئۇرۇپ كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى شۇنداق ساز ھەم جاراڭلىق ئىدى...

ئولتۇرۇش تۈن ھەسسىگىچە داۋاملاشتى. ھەممەيلەن ھاراقتىن ئېزىلىپ، تانسىدىن چارچاپ، باش قويسىلا ئۇخلايدىغان ھالەتكە يەتكەنىدى. بولۇپمۇ ھەممەيلەننىڭ «كۆڭلۈم» دەپ تۇتقان ھارىقىنى چالا قويماي ئىچىۋەرگەن چوڭامنىڭ ھالى بەك ئېغىر ئىدى. بېشى ئېسىلىپ، پۇتلىرى گىلدىڭشىپ قالغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرلا

ھېزىم ھەسەن جانلىق ۋە سەگەك ئىدى. ئەگەر ئۇمۇ تۇگەشكەن بولسا، بۇگۈنكى پىلانى بەربات بولاتتى. شۇڭا ئۇ ھاراقتىن ئىككى - ئۈچ رومكا ئىچىپلا، قالغىنىنى چايغا ياندۇرۇپ، ئۆزىنى ساقلاپ قالغانىدى.

ئولتۇرۇش تارقىدى. ھېزىم ھەسەن چوڭامنى يۆلەشتۇرۇپ ناھايىتى تەستە تاكسىغا سالدى، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئايجامال بىلەن گۇلقەمەر ئولتۇردى. ھېزىم ھەسەن تاكسى شوپۇرىغا يول باشلاپ، ئۇدۇل گۇلقەمەرنىڭ ئۆيىگە كەلدى. گۇلقەمەر ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە يالغۇز تۇراتتى. ھېزىم ھەسەن تونۇگۇنلا گۇلقەمەر بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ پىلاننى بېكىتكەنىدى.

چوڭام تاكى ئۆيگە كىرىپ، تەييارلاپ قويغان ئورۇنغا ياتقۇچە ھېچ نەرسىنى تۇيمىدى، ئۇ ئاق ھاراق بىلەن قىزىل ھاراقنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىۋېرىپ، لايىدەك ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. ھېزىم ھەسەن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، بەدىنىنىڭ ئۇستۇنكى تەرىپىنى يالىڭاچلىدى، ئاندىن ئايجامال بىلەن گۇلقەمەرنى ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا يېتىشقا بۇيرۇدى، ئۇلار كىيىملىرىنى سېلىپ، يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە چوڭامنىڭ ئىككى تەرىپىدە يېتىپ، بەلنىڭ ئاستى تەرىپىنى بىر ئەدىيال بىلەن ياپتى. ھېزىم ھەسەن چوڭامنىڭ بىر قولىنى گۇلقەمەرنىڭ بويىنىغا گىرە سالغان، يەنە بىر قولىنى ئايجامالنىڭ ئوچۇق كۆكسىنى قاماللىغان ھالەتكە كەلتۇردى. شۇ تۇرقىدا ئۇ — ئىككى چوكاننىڭ ئوتتۇرىسىدا تەگدىشى يوق بىر پاراغەت ھۇزۇرىدا ياتاتتى. ھېزىم ھەسەن مانا شۇ ئۇياتلىق

هالەتنى بىرنەچچە قېتىم ــ ئۇدۇلىدىن، ئوڭدىن ۋە سولدىن بىرنەچچە پارچە سۈرەتكە تارتتۇالدى...

چوڭخام ھېچ نەرسىنى سەزمىدى، پەقەت تۈرۈپ ـ تۈرۈپ گەزەرگەن لەۋلىرىنى يالاپ، «سۇ ـ سۇ» دەپ قوياتتى...

ھېزىم ھەسەن مەقسىتىگە يەتتى، ئۇ تېخىمۇ چوڭ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، قالتىس بىر دەسمايىگە ئىگە بولغانىدى.

ئۆز نەزىرىدە ئىمانى كامىل، ئەقىدىسى كۈچلۈك، تىلىدىكى سۆيۈملۈك كەلىمىسى «مۇھەببەت» ئاتىلىدىغان ھېزىم ھەسەندەك بەندىلەر بەزىدە ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن مىراس قالغان «ئىشق» ئاتىلىق مەرھەمەتتىن مەنپەئەت يولىدىمۇ پايدىلىنىدۇ: لازىم بولغان جايدا ئۇنى «مۇھەببەت» دەپ، لازىم بولمىغان جايدا بولسا، «زىنا» دەپ دەپسەندە قىلىشتىن يانمايدۇ!...

## 27

بۇ كۈنلەردە ئوبۇق گويا ئۇسسۇزلۇقتا قاغجىراپ كەتكەن زىرائەتتەك سولىشىپ، روھسىزلىنىپ كەتتى.

سۆيگەن قىزى لەيلىنىڭ ئوتلۇق خىيالى بىلەن تەك جانلانغان بىرنەچچە قېتىملىق بەختىيار دەقىقىلەر ۋە تومۇرلىرىغا شەربەتتەك تارقىغان شېرىن تۇيغۇلار ھازىر بىر ـ بىرلەپ يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى زەھەر ـ زوقۇمغا ئوخشايدىغان ئاچچىق ھەسرەت ۋە ئۆچمەنلىك

ئـىـگـىلـىـۋالغانـىـدى. يىگـىـتـنىـڭ پـۈتۈن ۋۇجـۇدىـنـى ئىگـىلـىـۋالـغان بۇ شەپـقەتسـىـز تۇيغۇ ئـەمدى ئۇنـى هـەر كويغا سالـماقچـى بولـۇۋاتاتـتى، ئۇ خۇددى بـىـر مۇدهـىـش ئاۋازنـىڭ كۈچى بىلەن ئىچ ـ باغرى قوزغىلىـپ كەتكەن ئادەمدەك تىنچسىز، ئەسەبىي هالغا كېلىپ قالغانىدى.

دېمـىـسىمۇ، هاياتـتىـن ساڭا تەگكىنى بـىر قۇش بولـسا، سەن ئۇنى سۆيسەڭ، ئالدىغا قەلبىڭ ئۇرۇقىنى چېچىپ، كۆز نۇرلىرىڭ بىلەن ئۇنى سۇغارساڭ، كۆڭـۈل تۆرىڭنـى ئۇنىڭغا ئاشىـيـان قىلـىـپ، جېنـىـڭدىن ئـۇنىڭغـا ئـۇۋا ياسـىساڭ، پەيـلىرىنـى ۋۇجۇدۇڭ سۈيى بـىلەن يۇساڭ... كۈتۈلمىگەنـدە ئۇ قولۇڭـدىن چىقىپ، بۇلۇتـلار ئىچىـدە پەرۋاز قىلسا، كېيىن پەسكە قاراپ شۇڭغۇپ، باشقا بـىـر قەپەسنـى ئاشيان قىلسا، ئـۇنى چىقىرىشـنىـڭ ئامـالـى بولمىسا، ئۇنداقتا سەن قانداق قىلاتتىڭ، يىگىت؟! ماڭا ئېيتچۇ، قولۇڭدىن نېمە كېلەتتى؟ سەن بۇنىڭغا تاقەت قىلىـپ تۇرالارمىـدىڭ؟! بـىـرەر نـەرسىگـە يەنە ئۈمىـد قىلالارمىدىڭ؟! ئاخىر ئۇنى كۆڭـۈلدە ساقلاپ يـۈرۈش — يۈزمىڭ جازادىن بەتتەرغۇ! بۇنىڭدىنمۇ ئـارتۇق مۇدهـىـش ئازاب بارمۇ ئادەم ئۈچۈن!؟...

ئوبـۇق ئويلاپ شۇ يـەرگە كەلگـەندە نەپسـى ئەلەمدىـن بوغۇلدى، شامالدا تىترىگەن قـومۇشتـەك ئـاياغلـىـرى قالتىرىدى.

ئەگەر سۆيگۈ تەبىئەتنىڭ ئۇلۇغ ئېهسانى بولسا، ئۇمۇ هەرقانـداق ئېهسـانغا ئـوخـشاش ئەزىـز بـولىدۇ. مـۇبـادا: «دۇنيـادا ئىـزگـۈلـۈك يوق بولۇپ كـەتمەسلىكى ئـۈچـۈن گادالار مەۋجۇتتۇر» دېيىلسە، شۇ تـاپتا ئوبـۇق بۇ گەپكـە

شەك كەلتۈرمەيتتى. ئۇ ئۆزىنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ پېقىر گادايدەك ھېس قىلىۋاتقانىدى.

لەيلى دېگەن نام تىلغا ئېلىنىش بىلەن ئوبۇقنىڭ نىگاھىدا تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرۇپ بولمايدىغان بىر يورۇقلۇق پەيدا بولاتتى. بىراق، شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە يەنە تامىقىنى غىقىقىدە بوغۇپ، ئەندىكتۈرۈپ، كۆزىدىن مەرۋايىتتەك تىنىق ياشلار ئاققۇزاتتى، پۈتۈن ھايات يولىنى، تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا، پۈتۈن ئاڭ ـ زېھنىگە ھاكىم بىر سىيما نامايان بولاتتى. بۇ سىيمانى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن زامان ئۇ پۈتۈنلەي تەگپۇڭلۇقىنى يوقىتاتتى، يۈرىكى ئويناشقا باشلايتتى، پىكىرلىرىدىكى ئىزچىللىق، مۇپەسسەللىك يوقىلىپ، ئورنىنى ئاللىقانداق داۋالغۇش ئىگىلەيتتى، زېھنى ئۆتمەس بولۇپ قالاتتى. بۇ سىيما ــ بىساتىدىكى ئەڭ ئېسىل، ئەڭ بىباھا مۈلكى ئىدى! بۇ سىيما ــ يولىنى يورۇتۇپ تۇرغان ئاپتاپ ئىدى! بۇ سىيما ــ يېقىنىدىن بېرى يەلكىسىنى بېسىپ كېلىۋاتقان يۈك ۋە ئازاب ئىدى!...

ئوبۇق ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ئۇنى ئىزدەپ كەلدى. مەقسىتى، كۆڭلىگە ئاز ـ تولا تەسەللى بېرىپ، كۈتۈلمىگەن بىرەر كۆڭۈلسىز ئىشلارنى چىقىرىپ قويۇشتىن توسۇش ئىدى. لېكىن، كۆرۈشەلمىدى. چۈنكى، لەيلى ھازىر كېسەلمەن ئىدى، تۇزاققا ئىلىنغان تۈيغۇلىرىنىڭ ھارارىتىدە شامدەك ئېرىپ ياتاتتى، خۇددى بورانىدا قالغان مۆئەتتەر ھىدتەك يوق بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. دېمىسىمۇ بۈرۈنقى لەيلى ھازىر يوق! ئۇنىڭ

قۇۋناق چېھرىسى گويا چوڭقۇر - چوڭقۇر قورۇقلار سايىسىدە قالغاندەك، قاپقارا، تىنىق كۆزلىرى ئىزتىراپنىڭ يالتىرىغان چوغىغا ئايلانغاندەك، مەشۇتتەك قوڭۇر چاچلىرى ئاپپاق ئاقارغاندەك ئىدى!...

لەيلىنىڭ ھالىنى خىيالەن تەسەۋۋۇر قىلغان ئوبۇقنىڭ كۆڭلى تېخمۇ بۇزۇلدى. بىر ھەپتىدىن بېرى خىيالىدا، دوزاخ ھارارىتى لاۋۇلداپ تۇرغان بۇ ناپاك زېمىنىنىڭ ئۆزگىچە ئەكەلگەن ئاھانەت ۋە مەھرۇملۇقلىرىنى ئويلىغانسېرى، ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ، كۆڭلىگە مۇدھىش بىر پىلاننى پۈكتى. ئوبۇق ئەمدى ئاشۇ بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ۋە ئۆزى سۆيگەن قىز ھاياتىنىڭ بەربات بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان ھېلىقى ناكەس دەللال ــ ھېزىم ھەسەندىن ئۆچ ئېلىشقا قەسەم قىلغانىدى. «بىر ئۆمۈر نامەرد ياشىغاندىن، بىر كۈن مەرد بولۇپ ياشىغان ياخشىغۇ!ــ دەپ ئۆز - ئۆزىگە خىتاب قىلدى ئۇ،ــ مەردلىك مەڭگۈلۈك!»...

## 28

ھايات گويا بىر شاھمات تاختىسىغا ئوخشايدۇ. ئۇنى ئوينىغۇچىنىڭ ماھارىتى تۆۋەن بولسا، كۈچىنى پىيادىگە كۆرسىتىشتىن باشقا يول تاپالمايدۇ!

ھېزىم ھەسەن ھازىر شۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن تەن بەرگۈسى كەلمىدى، باشقا يول تۇتۇپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش نىيىتىگە كەلدى.

دوستىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەن روزى «كالاچ» تەئەججۈپ ئارىلاش سورىدى:

— ھازىرقى خىزمىتىڭدىن شۇنچە زېرىكتىڭمۇ، ئاداش؟

ھېزىم ھەسەن قاتتىق بىزارلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— زېرىكتىم، غۇلام «چاپاق»نىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىدىن زېرىكتىم، ئاداش! بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىدىنمۇ زېرىكتىم. بۇ ئاساسىي قاتلام مەھەللە دېگەندە ئاجايىپ ئادەملەر ياشايدىكەن، خۇددى جەمئىيەتتىكى سايپا - ساياقلارنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلىپ قالغاندەك: قولۇڭنىڭ ئۇچى تېگىپ كەتسە ۋايجان دەيدىغان كۆكەرمە - ئۇششۇقلار؛ پۇتى قىچىشسا ئۆتۈكىنىڭ ئۈستىدىن قاشلايدىغان ئەخمەق - گالۋاڭلار؛ كاللا دېسە پاقالچاق دەيدىغان بىغەرەز - ھاڭۋاقتىلار... بۇنداق ئادەملەرنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ بولغۇچە ئۆزۈڭ تۈگىشىپ كېتىدىكەنسەن. ئۇلارنى خۇددى بۇزۇق ھارۋىنى ئوڭشىغاندەك ئۈچ كۈندە بىر ئوڭشاپ تۇرمىساڭ ئىزىدىن چىقىپ كېتىدىكەن. بۇنداق يەردە ماڭا ئوخشاش زىل، كەسكىن ئادەم ئەمەس، غۇلام «چاپاق»تەك ئەزمە، خامۇش ئادەملەر ئىشلىسە بولىدىكەن. شۇڭا، بۇ يەردىن كېتىش نىيىتىگە كەلدىم، كېتىشنىڭ بىردىنبىر يولى — چوڭامنىڭ ئىلتىپاتى.

— چوڭام ئىلتىپات كۆرسىتىدىغاندەك قىلامدا؟— سورىدى روزى كالاچ.

— بېشارەت بار،— دېدى ھېزىم ھەسەن ئىشەنچسىز ھالدا،— لېكىن ئەمەلىي ئىش يوق...



تۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ھە... شۇڭا ئەمدى گەردىنى چىقىرىپ شاھ دەيمەن دەپسەن - دە!

— شۇنداق، كەچكىچە پىيادىنى يۈرۈۋەرسەم، ئويۇننىڭ ھەم قىزىقى بولمىغۇدەك، ھەم ئاخىرى چىقمىغۇدەك...

— ئۇنداق قىلساڭ، ئۇ چوقۇم مات بولىدۇ! — دېدى روزى «كالاچ» ئۆزىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، — ئەمما، سەنمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالارسەنمىكىن!؟

— مەن قانداق ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمەن؟ — دىككىنىپ تۇرۇپ سوئالغا سوئال قويىدى ھېزىم ھەسەن.

— مېنىڭ دېگىنىم... — ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى روزى «كالاچ»، — ئەمەلدار دېگەن سىياسىيون، سىياسىيونلۇقنىڭمۇ توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ بولىدۇ! بىز ئادەملەرنى ئاختا قىلىۋېتىشكە ئۇستا، ئاداش! دەرۋەقە، ئۆتمۈشتىكى ۋەھشىيلىكلەر ھازىر يوق، ھازىر مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان، ئىنسانغا جىسمانىي ئازاب بېرىلمەيدۇ، ئەمما روھىي جەھەتتە ئازابلايدۇ، ئېتىباردىن قالدۇرۇپ مەجرۇھ قىلىشىدۇ ياكى يامان ئاتلىققا چىقىرىپ، تىرىك مۇردىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ... بۇنداق ئىشلار ئەرباپلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئەگەر سەن قولۇڭدىكى كوزىرنى ئىشقا سالساڭ چوڭامنى بىردىنلا غالجىرلاشتۇرۇپ، ئۆزۈڭگە دۈشمەن قىلىۋېلىشىڭ مۇمكىن. ئۇ سېنى دەماللىققا بىرنەرسە قىلىۋېتەلمىسىمۇ، ئەمما دۈڭگە يىقىتىش ئۇسۇلى بىلەنمۇ ھامان مۇددىئاسىغا يېتىدۇ!

— مەن چوڭامنىڭ ئۇنداق يۈزسىزلىك بىلەن مېنى

نابۇت قىلىۋېتىشكە ئىشەنمەيمەن! — دېدى ھېزىم ھەسەن كۆرەڭلىك بىلەن، — ئەكسىچە، مېنىڭ قولۇمدىكى كوزىر ئۇنى نابۇت قىلىۋېتەلەيدۇ. قارا، ئاداش، تۆگە ھەرقانچە يوغان بولسىمۇ، بەربىر ئۇنىڭ تاپىنىدا خامان يۇمشىمايدۇ. خامان يۇمشىتىش ئۈچۈن قاتتىق تۇياقلىق چارۋىلار كېرەك. چوڭقامغا ھازىر ئاشۇنداق قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇ ئىككى كادىرنى باشقارما دەرىجىلىك قىلىپ ئۆستۈردى، مەن دەرھال ھەرىكەت قىلمىسام، ئۇلار بوشاتقان بۆلۈم دەرىجىلىك ئورۇندىنمۇ قۇرۇق قالىمەن.

— بىرنەچچە كۈن كۈتۈپ باقمامسەن! — دېدى روزى «كالاچ» ئۇنى يەنىلا سەۋر - تاقەتكە ئۈندەپ، — «سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەن گەپ بارغۇ!

بۇ گەپلەر ھېزىم ھەسەننىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى:

— ئەمدى بولدى، ئاداش! ئۇسسۇغاندا ئۈزۈمنى ئاپتاپقا سېلىپ يېتىۋەرسەم بولمايدۇ!

ھېزىم ھەسەن ئەتىسى ئەتىگەندىلا، چوڭقام بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا باردى. چوڭقام ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن، سەمىمىي كۆرۈشتى. ھېزىم ھەسەن ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى بۇلغار تاشلىق ئورۇندۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ بىرھازا «باشلىقىم، باشپاناھىم، سۆيۈنگەن تېغىم...» دېگەندەك گەپلەرنى ئېرىنمەي قىلىپ، كۆڭلىنى چۈشەندۈردى. ئەمما، بۇ گەپلەر ئاخشامدىن بېرى ھاراق ئىچىپ، يەلكىسىدە باش ئەمەس،

گويا بىر پارچە تۆگمەن تېشى يۇدۇۋالغاندەك بېشىنى ئاران كۆتۈرۈپ ئىشخانىغا كەلگەن چوڭئامىغا ئانچە ياقمىدى، قۇلىقىغا گويا سازلانمىغان غېجەكنىڭ ئاۋازىدەك يېقىمسىز ئىشتىلدى. شۇڭا ئۇ:

— نېمانچە ئالىيجاناب بولۇپ كەتتىڭىز!— دېدى سوغۇقلا،— نېمىدېگەن جىق تەكەللۇپ سۆزلەر بۇ! بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭىز؟

ئارىغا جىملىق چۈشتى، بىردىنلا پەيدا بولغان بۇ سوغۇق، پەرىشان كەيپىيات كۈتۈلمىگەندە ھېزىم ھەسەننى دادىللاشتۇرۇپ قويدى. ئۇمۇ مەنسىتمىگەندەك گەپلىرىنى چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ:

— مېنىڭ قانداق ئىش بىلەن كەلگەنلىكىم ئۆزلىرىگە بەش قولدەك ئايان، چوڭئام!— دېدى ئۇ ۋە سومكىسىدىن بىر كونۋېرتنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى،— بۇنى كۆرۈپباقسىلىرى مېنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىم تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ!

چوڭئام لىككىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ، «نېمە بۇ؟» دېگەندەك پەرۋاسىز نەزەر بىلەن ھېزىم ھەسەنگە قارىدى ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى كونۋېرتنى ئېلىپ ئاستا ئاچتى، ئاچتىيۇ، گويا تاغ بېسىۋالغاندەك ئېزىلىپ كەتتى. كۆزلىرى قىسىلىپ، رەڭگى شىپپىدە ئۆچتى. ئاچچىق، زەھەرلىك بىر ھېس بىلەن ھېزىم ھەسەنگە قاراپ چەكچەيدى. چۈنكى ئۇنىڭ قولىدا ئۇ چۈشىدىمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئۈچ پارچە شەھۋانىي سۈرەت پارقىراپ تۇراتتى.

چوڭئام دەسلەپ خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك

بىر دەقىقە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئېسىگە كەلدى، كاللىسىدىكى خامۇشلۇق، كۆڭلىدىكى ئالاقزەدىلىك يوقىلىپ، خېلى سەگەكلەشتى ۋە چاقماق تېزلىكىدە شۇ چاغدىكى ئىشلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئاشۇ كۈنكى زىياپەت تارقىغاندا ئۆزىنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرغانلىقىنى ھەقىقەتەن بىلمەيتتى. ئەتىسى كۈن چاشگاھ بولغاندا ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ بىگانە بىر ئۆيدە ياتقانلىقىدىن ھەيران بولۇپ ۋارقىرىدى:

— ئادەم بارمۇ؟ بۇ قەيەر؟! مەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىمەن؟!

ئۇنىڭ ئەنسىز ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئاشخانىدا ناشتىلىق تەييارلاۋاتقان گۈلقەمەر بىلەن ئايجامال يۈگۈرۈپ چىقتى.

— بىز بار، چوڭام! قورقمىسىلا، — دېدى گۈلقەمەر، — بۇ مېنىڭ ئۆيۈم. ئاخشام خۇدىلىرىنى بىلمىگۈدەك مەست بولۇپ كېتىپتىكەنلا، ھېزىم ئاكام سىلىنى بۇ ھالدا ئۆيگە ئاپارساق يەڭگەم خاپا بولىدۇ، دەپ مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپ قويغان، كېچىچە ئايجامال بىلەن ئىككىمىز سىلىگە ھېزى بولدۇق...

— مەن سىلەرنى ئاۋارە قىلىمىغاندىمەن؟ — سورىدى چوڭام ئىككى چوكانغا مەنىلىك قاراپ.

— ۋىيەي... نەدىكىنى! — دېدى ئايجامال قاش ـ كۆزلىرىنى ناز بىلەن سۈزۈپ تۇرۇپ، — سىلە بىزنى ئاۋارە قىلمىدىلا، ھاراق سىلىنى ئاۋارە قىلدى، كېچىچە لايدەك ئېزىلىپ ياتتىلا شۇ...

چوڭامنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى، ھەر ھالدا ئۆزىنىڭ

تېخى سىرداش بولمىغان بۇ نازىنىن خېنىملارنىڭ ئالدىدا ناشايان ئىش قىلىپ، تىزگىنىنى تۇتقۇزۇپ قويمىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولۇپ، كۆڭلى ئەمىن تاپقانىدى. لېكىن، كىم بىلسۇن، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەي، «ھېچ ئىش بولمىغان» ئاشۇ كېچىنىڭ مۇدھىش پاكىتى سۈپىتىدە بۇنداق قەبىھ سۈرەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى!؟

چوڭام سۈرەتلەرنى كۆرۈپ ھەممىنى چۈشەندى: ھېلىقى كۈنى ئۆزىنىڭ ئىككى باسقۇچلۇق ئولتۇرۇشتا بولۇشىغا ھاراق ئىچىپ، يەتكۈچە تانسا ئويناپ، ئاخىرى ھېزىم ھەسەننىڭ ئەپچىللىك بىلەن قۇرغان قىلتىقىغا چۈشكەنلىكىنى بىلدى، بىلدىيۇ، ئۇنىڭ چىرايىدىن، گەپلىرىدىن بۇرۇنقى سۈر، قەتئىيەت ۋە دەبدەبىلەر يوقالدى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاللىقانداق ۋەھىمە، زەئىپلىك ئىگىلىۋالدى. دېمىسىمۇ، بۆرىگە دۈچ كەلسە، ئېشەك جېنىدا توقۇمىنى تاشلاپ قاچىدۇ ـ دە!

شۇ تاپتا چوڭام ئۆزىنىڭ روبىروسىدا ھېزىم ھەسەننى ئەمەس، بەلكى ئاجايىپ بىر مەخلۇقنى، بىر دىۋىنى كۆرگەندەك بولدى. بۇ دىۋە ھەممە نەرسىنى يالماپ يۇتىدىغان بالايىئاپەت، دوزاخ نەپەسلىك مەخلۇق ئىدى... مەخلۇق ئۇنىڭغا قاراپ تەھدىت بىلەن كېلەتتى، ئۇ جۈرئەتسىزلىك بىلەن چېكىنىشكە باشلىدى، بىراق ئارقىسىدا تۈۋىسىز يارنى كۆردى. ئۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمىدى، چېكىنسە ــ يارغا غۇلايدۇ، چېكىنمىسە ــ دىۋە يالماپ يەيدۇ! ھەيھات!... ئۇ شارتتىدە قىلىچىنى سۇغۇردى ـ دە، دىۋىنىڭ بېشىغا سالدى:

ـــ ئۆلۈم ھەممىنى پاكلايدۇ!...

چوڭام ئىغىر خىيالدىن، خىيالىي تۇيغۇدىن سەگىپ بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى، ئۆزىگە مەسخىرىلىك كۈلۈپ تۇرغان ھېلىقى ئاجايىپ مەخلۇق ــ ھېزىم ھەسەننىڭ كۆرەڭ بەشىرىسىنى كۆردى...

چوڭام دۈچ كەلگەن نەرسىگە ئۆزىنى قىيناپ بولسىمۇ دىققەت بىلەن تىكىلىپ قاراشقا باشلىدى: تورۇسقا، دېرىزىگە، ئىشكاپقا كۆز يۈگۈرتتى. شۇ يوسۇندا يۈرىكىدىكى ۋەھىمىنى، كۆزىدىكى ئەنسىزلىكىنى ئاز ـ تولا بېسىپ، ئاندىن قولىدىكى سۈرەتلەرنى «شارت ـ شۇرت» يىرتىپ تاشلىدى. گويا شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش تۈگىگەندەك يېنىك بىر تىن ئالدى. ئەمما، دەم ئۆتمەي بېشى يەنە گاراڭشىپ، شىرەنىڭ ئىككى قىرىدىن تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا كۈچلۈك دولقۇنلارغا دۈچ كەلگەن كېمە قانداق تەۋرەنسە، ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى يەرمۇ خۇددى شۇنداق چايقالغاندەك بولدى.

دەرۋەقە، ئۇ سۈرەتلەرنى يىرتىپ تاشلىغىنى بىلەن باشقا نۇسخىلىرى بۇ مۇتتەھەمنىڭ قولىدا بولۇشى مۇمكىنغۇ! ئۇ ئەنە شۇنىسى بىلەن داۋاملىق تەھدىت قىلىدۇ...

بۇنى ئويلاپ كۆزلىرى تىنىپ كەتتى، بېشى شىلىق قىلىپ تۆۋەن ئېگىلىپ، بەدىنى تېخىمۇ بوشىشىپ كەتتى. «ئاھ، چوڭام! ــ دەپ چەكسىز ئەلەمزەدىلىك بىلەن ئىچىدە خىتاب قىلدى ئۇ، ــ شۇنچە چوڭ زېمىننى، شۇنچە كۆپ پۇقرانى باشقۇرغان ئادەم قانداق قىلىپ



www.uyghurkitap.com

بۇ بەتنىيەتنىڭ تۇزىقىغا ئىلىنىپ قالدىڭمۇ؟...»

بىرىدىن رەنجىش، قېيىداش ئاسان. لېكىن، ئۆزۈڭدىنچۇ؟ بارچە گۇناھ ئۆزۈڭدە تۇرۇپ، يەنە كىمدىن رەنجىمەكچى؟!

دانىشمەنلەر توغرا دەپتىكەن: ھەي ئىنسان! ئىنساپلىق بول، ھەرگىز بىھۇدە نام ـ مەنپەئەت، راھەت ـ پاراغەت قوغلاشمىغىن. ئۆزۈڭگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسىگە قول سوزما! ھەقىقىي تۇرمۇش مەنتىقىسى ئەنە شۇ!...

«ھەممە ئىش ئۆزۈمدىن ئۆتتى، ھەرقانچە پۇشايمان قىلساممۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ! ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ سۈرەت ئاشكارىلانسا، پۈتۈن ئادەم ماڭا لەنەت ئوقۇيدۇ! ئەمەلدارلىق كۈرسىدا داۋاملىق ئولتۇرۇشۇممۇ بەسى مۈشكۈل! بۇ كاززاپ ماڭا قارا سۆگەلدەك يېپىشتى، ئەمەل ئالماقچى، مەنسەپ تونىنى كىيمەكچى! زادى قانداق قىلىش كېرەك؟!...»

چوڭام خېلىغىچە مانا شۇ سوئالنىڭ ئىسكەنجىسىدە ئازابلىق تولغاندى، ئاخىر جاۋاب تاپقاندەك ئۆزىگە ئۆزى دېدى: «ئىتنى سۆڭەك بىلەن ئۇرۇش كېرەك! سۆڭەك بىلەن ئۇرساڭ قاۋاشتىن توختايدۇ، خىرىسىمۇ قىلمايدۇ!...»

## 29

بەخت دېگەن ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى بىر خىل خۇشاللىق! بەخت ــ ئادەمنى خالىغانچە ئالدايدىغان

شادلىق! بەخت ــ ئادەمنىڭ ئۆز نىيىتىگە يارىشا كېلىدىغان كۆڭۈللۈك تۇيغۇ!

ۋەھالەنكى، چوڭئام بىلەن ھېزىم ھەسەن ئۇچۇن بەخت ـ ئەمەل ـ مەنسەپ ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بىرى ئەمەل ـ مەنسەپكە ئېرىشىش، يەنە بىرى ئەمەل ـ مەنسىپىنى قوغداش ئۇچۇن بىر ـ بىرلىرى بىلەن بەزىدە يوشۇرۇن، بەزىدە ئاشكارا كۈرەش قىلىشقاتتى.

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۆز يېنىدىن پۇل خەجلەپ، بىرەرىگە داستىخان سېلىپ باقمىغان چوڭئام بۈگۈن ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن كاتتا بىر رېستوراننىڭ خالىي ئۆيىدە ھېزىم ھەسەننى مېھمان قىلدى. مەقسىتى، ھېزىم ھەسەننىڭ ئۇزۇنراق كۈتۈشكە تاقىتى يەتمەي، تەلۋىلىك بىلەن ھېلىقى سۈرەتلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەسكىلىك قىلىپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى.

ــ ھېزىمجان، ــ دېدى ئۇ قولىدىكى فرانسىيەنىڭ مارتىن ھارىقى توشقۇزۇلغان رومكىنى كۆتۈرۈپ، ــ سىز بىلەن مەن يېقىن بۇرادەرلەردىن بولۇپ قالدۇق، بۇرادەر ئىكەنمىز، بىر ـ بىرىمىزنىڭ غېمىنى يېمىسەك بولمايدۇ. مەن ھازىر سىزنىڭ غېمىڭىزدە! بىراق، كادىرلارنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى بىرئاز مۇرەككەپ، نازۇك بىر مەسىلە. يۇقىرىدا شۇجىنىڭ، تۆۋەندە ئاممىنىڭ پىكرىنى ئالمىساق بولمايدۇ، بۇنىڭغا مەلۇم جەريان كېتىدۇ. مەن ھازىر مۇشۇ ئىشلارنىڭ كويىدا، شۇڭا، سىزنىڭ بىرئاز سەۋرچان بولۇشىڭىزنى، ماڭا ئىشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن! سىز ئەزەلدىن مەرد



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادەم، مەردلىك — ياخشى نەرسە. بولۇپمۇ تونۇلغان ئادەملەرنىڭ مەردلىكى!

چوڭام بۇ گەپلەرنى ئاغزىدا شۇنداق چىرايلىق، مۇلايىم ئىپتقان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە بىر خىل غەزەپ، ئاداۋەت قايناپ تۇراتتى. ئۇ ئەسلىدىنلا ھېزىم ھەسەننى ياراتمايتتى. ھەممىلا يەردە سۆزلەپ، ۋىتىۋالاقنىڭ ئۆپكىسىنى يېگەندەك ۋالاقشىپ يۈرىدىغان بۇنداق تۇتۇرۇقسىز ئادەمنىڭ قولىدىن ياخشى، خەيرلىك ئىشلارنىڭ كېلىشىگە ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ مەنسەپ دەۋاسىنى ئاڭلىماسلىققا سېلىپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغانىدى. ئەمما، چوڭام ھازىر ئۇنداق قىلالمايتتى، تىزگىنى ھېزىم ھەسەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ھازىر بىر ئاماللاپ ئۇنىڭ ئاشۇ شۇم ئاغزىنى ئەتمىسە، چوڭامنىڭ تۇرمۇشىغا، ھوقۇقىغا، نام - ئاتىقىغا قاتتىق دەز كېتەتتى. شۇڭا ئۇ يۈرىكى يىغلاپ تۇرسىمۇ، چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى. ئامال قانچە؟ باش قانچە يوغىنىسا، شۇنچە يوغان بۆك كىيىدىغان گەپ ئىكەن! ئۇنىڭ تەشۋىشلىرى شۇ تۈپەيلىدى كۆپەيگەنىدى.

— «قەلبداش دوستلۇق — تۈز قوشۇلغان ھەسەل» دېگەن گەپ بار، چوڭام!— دېدى ھېزىم ھەسەنمۇ قولىدىكى رومكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، تىل ياغمىلىق بىلەن،— مېنىڭ بەزى سۆز - ھەرىكەتلىرىمدە ئېشىپ كەتكەن تەرەپلەر بولسا توغرا چۈشىنىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. سىلە كۆكلەپ، ياشىرىپ تۇرسىلىرى مەنمۇ بۇغداي ئارىسىدىكى قارىمۇقتەك ياخشى ياشىيالايمەن.

مېنىڭ باشقا مەقسىتىم يوق، ھەممەت قوللىرىنى ئازراق سوزۇپ قويسىلىرىلا بولىدۇ. كىچىككىنە مەنسەپ شۇ كۆنلەردە مەن ئۈچۈن خۇددى تامىقىمدا تۇرۇپ قالغان ناننى يۇتۇشقا زۆرۈر بولغان سۇدەك زۆرۈر بولۇپ قالدى، شۇ بولسىلا مەن ھازىرقى خىزمەت ئورنۇمدىن بوشىنىپ، كاتتا ھۆرلۈككە چىققاندەك بولۇپ قالىمەن!...

ھېزىم ھەسەنمۇ ئارتىسلىق قىلدى. ئاغزىدا «ھازىرقى خىزمىتىمدىن زېرىكتىم، ماڭا ماس كەلمەيدىكەن» دېگەنبىلەن، يۈرىكىدە تېززەك ئەمەلگە ئېرىشىپ، غۇلام نىيازغا كۆز ـ كۆز قىلماقچى ۋە ئۆتكەندە چىقىپلا چۈشۈپ كەتكەن مۇدىرلىق مەنسىپىنىڭ ئەلىمىنى چىقارماقچىدى. شۇڭا ئۇ نۇرغۇن پۇل خەجلەپ چوڭامنى قولغا كەلتۈرگەن، ئاخىرىدا ئۇستىلىق بىلەن ئۇنى تۇزاققا چۈشۈرۈپ، ئۆز دېپىغا ئۇسسۇل ئويناتماقچى بولغانىدى.

ھازىر ئۇ ئىككىيلەن ئاغزىدىكى گەپلىرى بىلەن بولسىمۇ ئۆز مەقسەتلىرىگە يەتتى. چوڭام ئەمەل بېرىدىغان، ھېزىم ھەسەن سەۋرچانلىق بىلەن ئەمەل تاجىنى كۈتىدىغان بولدى...

ئۇلار قول ئېلىشىپ خەيرخوش دېيىشتى، چىرايلىرىدا كۈلكە ئەگىدى، كۆڭۈللىرىدە بولسا غۇسسە ئويغاندى...

ھېزىم ھەسەن چوڭامدىن ئايرىلىپ، روزى «كالاچ»نى تاپتى. ئۇنىڭ يەنە ھاراق ئىچكۈسى بار ئىدى، چوڭام بىلەن ئىچكەن مارتىن ئۇنى چالا كەيپ قىلىپ

قويغانىدى. ئىككىسى بىر كىچىك قاۋاقخانىغا كىرىپ، هاراق ئىچكەچ مۇڭداشتى.

— مەن دېمىدىممۇ، ئاداش! كوزىر كارامىتىنى كۆرسەتتى! — دېدى هېزىم هەسەن كۆڭلىدىكى خۇشاللىقنى دوستىغا تۆكۈپ، — چوڭام سۈرەتلەرنى كۆرۈپ خۇددى پىلە قۇرتىدەك يۇمشاپ كەتتى، بۈگۈن مېنى چاقىرتىپ كاتتا مېهمان قىلدى، بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلىپ تۇرۇشۇمنى ئۆتۈندى.

— مۇرادىڭغا يەتكۈدەكسەن، ئاداش! — دېدى روزى «كالاچ» ئۇنى تەبرىكلەپ ۋە چاقچاق ئارىلاش داۋام قىلدى، — ئۆتكەندە «پاشىغا ئەمەل تەگسە بۈركۈت سالامغا كېلىدىكەن» دەۋاتاتتىڭ، ئەمدى بىزمۇ سېنىڭ ئالدىڭغا يەتتە تەزىم بىلەن كېلىدىغان بولدۇق - دە!

— خۇدا بۇيرۇسا، ساڭا ئۇنداق قىلدۇرمايمەن - دە! — دېدى هېزىم هەسەن ئۆزىچە كەمتەرلىك بىلەن.

— ئەمدى سەن داۋاملىق ئۆسۈشۈڭ مۇمكىن، — دېدى روزى «كالاچ» ئاغىنىسىنى قېقىلىپ، — چۈنكى چوڭامنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇۋالدىڭ، ئۇنىڭ تەقدىرى سېنىڭ قولۇڭدا! ئەمما ئېسىڭدە بولسۇن، ئاتا - بوۋىلىرىمىز: «ئەگەر ئاسمانغا چىقساڭمۇ، كۆزۈڭنى يەردىن ئۈزمە!» دېگەن. بۇ هېكمەتنى هەرگىز ئۇنتۇپ قالما. بىزنىڭ نۇرغۇن ئەمەلدارلىرىمىز خۇددى خوراز قونداققا چىقىپلا ئۇيقۇغا چۆشكەندەك مەنسەپكە ئېرىشىپلا كۆزلىرى تورلىشىدۇ، تۆۋەندىكى خەقلەرنى كۆرمەيدۇ! بۇ بەك يامان ئىش. بۇنداقلار ئاخىرقى هېساباتا خەلقنىڭ قارغىشىغا كېتىپ، ئەمەلدارلىق ئۆمرىمۇ كوتا بولىدۇ!

— ئېسىمدە تۇتىمەن، — دېدى ھېزىم ھەسەن خۇددى مەنسەپ كۇرسىغا ئاللىقاچان ئولتۇرۇپ بولغاندەك تۇيغۇدا، — سەندەك قەدىناس ئاغىنەمنىڭ گېپىنى ئېسىمدە تۇتمىسام قانداق بولىدۇ؟ بۇ ئىشتا سېنىڭمۇ تۆھپەڭ چوڭ بولدى...

— ئەمدى بۇ گەپلەرنى قويۇپ، نەق گەپكە كېلەيلى، ئاداش! — دېدى روزى «كالاچ» قولىدىكى رومكىنى تەسلىكتە سىلكىنىپ ئىچىپ، — ئەمەلدار بولۇش ئارزۇيۇڭغىمۇ يېتىش ئالدىدا تۇرىسەن، ئەمدى قاچان بېشىڭنى ئوڭلاپ، سايەڭنى ئىككى قىلىسەن؟ يېشىڭمۇ قىرىققا تاقاپ قالدى، بۇنداق بويتاق كېتىۋەرسەڭ بولمايدۇ. قويۇۋەتكەن خوتۇنۇڭ بىر ئوبدان ئەرگە تېگىپ كەتتى، قىزىڭمۇ خەقنىڭ بالىسى بولۇپ كەتتى. ئەمدى گۇلقەمەردەك چوكانلار بىلەن يەنە داۋاملىق ئارىلىشىپ ئۆتىمەن دېسەڭ، ئەمەلدارلىق شەنىڭگە داغ چۈشۈرۈۋالىسەن. ئەڭ ياخشىسى، دەرھال بىرىنى تېپىپ، بېشىڭنى ئوڭلىۋال!

— بۇ ئىشتا ئالدىراش يوق، ئاداش! — دېدى ھېزىم ھەسەن پەرۋاسىزلا، — مېنىڭ كۆڭلۈمدىمۇ سان بار. ئاۋۋال چوڭامدىن ئالدىغاننى ئالاي، ئاندىن خوتۇن دېگەن ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ، شۇ چاغدا تاللاپ بىر ئىش قىلارمىز...

ھېزىم ھەسەن ھەمىشە ئاياللار ھەققىدە: «خوتۇن كىشى مەن ئۈچۈن قول ياغلىقتەك گەپ — خالىسام ئاغزىمنى ئېرتىمەن، خالىسام بۇرنۇمنى!» دەپ سۆزلەشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۇنجى نىكاھى بالىسى

تۇغۇلۇپ ئىككى ئايلىق بولغاندا بۇزۇلغانىدى. بۇنىڭ پۈتۈن سەۋەبىمۇ ھېزىم ھەسەندە ئىدى.

ئىشتىن، جاپادىن قاچىدىغان ئادەم ئوڭايلا شاھانە ھايات خىياللىرىنىڭ تۇزىقىغا ئىلىنىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، ئائىلە تەشۋىشى، بالىچاقا تەربىيەسى — ئەستايىدىل ۋە تەلەپچان ئىشلارنىڭ ئەڭ چوقىقىسىدا تۇرىدۇ. ۋەھالەنكى، كۆڭلى ھەمىشە شاھانە ساراي، ئەمەل ـ مەنسەپ ۋە باغۇئېرەملەردە يۈرىدىغان ھېزىم ھەسەندەك ئادەملەر ئۇچۇن ھەر كۈنى ئۆيگە بېرىپ ھەر كۈنى بىر خىل ئادەملەرنى كۆرۈۋېرىش بەئەينى زىندان ئازابى بىلەن ئوخشاش ئىدى!

تۈنجى خوتۇنىنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن ئۇ ھازىرغىچە قايتا ئۆيلىنىش قارارىغا كېلەلمىدى. سەۋەب، ئۇنىڭغا مۇناسىپ تېپىلمايتتى، قەشقەردەك شەھەرى ئەزىمدە ئۇنىڭغا ياقىدىغان قىز يوق ئىدى. بىرى چاپاق، بىرى جىرتاق ئىدى. بىرنەچچىسى بىلەن كۆرۈشۈپمۇ كۆردى، لېكىن شۇ «كىچىككىنە، كىچىككىنە...»

ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئېسىگە كەلگەن مانا شۇ «كىچىككىنە» دېگەن گەپ بىلەن ئۇنىڭ خىيالىغا قايسى بىر زۇۋانداز ئېيتىپ بەرگەن لەتىپە چۈشەتتى:

بىرىنىڭ قىزىغا ئەلچى كەپتۇ، ئانىسى قىزىنى تەرىپلەپ ئولتۇرۇپ: «كىچىككىنە ئەيىبىنى دېمىسە...» دېگەن گەپنى تەكرارلاپتۇ. «نېمە، قىزلىرىنىڭ پۈتى توكۇرراقمۇ؟» دەپ سوراپتۇ ئەلچى. «ياقەي، پۈتى ساپساق... ئەمما زە، كىچىككىنە ئەيىبى بار ـ دە، شۇ...»، «ھە، كۆزى ئالغاي ئىكەن ـ دە!» «نېمە دەۋاتىدىلا، قىزىم شەھلا كۆز جۇمۇ!

ئەمما، كىچىككىنە ئەيىبى بار، شۇ...»، «تاپتىم ـ تاپتىم، كالانپايىراق بولسا كېرەك ـ ھە؟» «ئاغزىڭىزغا قاراپ سۆزلەڭ! قىزىمىز شۇنداق چاققانكى، روزغارنىڭ ئوتىدىن كىرىپ، سۇيىدىن چىقىدۇ، پەقەت شۇ كىچىككىنە...»، «ئۇنداق بولسا، گەپ قىلىشىلىرچۇ، ئاخىر نىمە ئەيىبى بار زادى؟»، «شۇ... ھېچقانداق ئەيىبىغۇ يوق، لېكىن شۇ... كىچىككىنە ئىككىقاتراق ـ دە!...»

مانا شۇ لەتىپە ھېزىم ھەسەننىڭ قىزلار توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەندى. ئۆزگە ئىشەنمەيدىغان ئادەم ئەلۋەتتە باشقىلارغىمۇ ئىشەنمەيدۇ. ھېزىم ھەسەندەك جىنى تاتلىق، ئۇچمە كۆڭۈل، ئىرادىسىز ئادەملەر ئۇچۇن بىرەر جۈيتى ھالال بىلەن ئۆمۈرلۈك روزغار قۇرۇش مۇشكۈل ئىش. چۈنكى، بۇنداقلار ھەمىشە ئەيىبنى قارشى تەرەپتىن ئىزدەپ، ئۆزىنى ئەيىبسىز، پاك قىلىپ كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە تۇرمۇش تەڭپۈڭلۈقى بۇزۇلۇپ، ئائىلە ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدۇ!...

ھېزىم ھەسەن بىلەن روزى «كالاچ» ھاراقتا راسا قىيامىغا يېتىپ، خېلى كەچ بولغاندا قاۋاقخانىدىن چىقتى. كوچىدا ئادەم شالاڭ، ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. ئۇلار چوڭ يولدا خېلى يەرگىچە مۇدۇرۇپ ـ چوقۇرۇپ، قولتۇقلىشىپ بىرگە ماڭدى. يول بويىدىكى چىراغ نۇرى بىلەن دەرەخ سايىسىدە ئۇلار بەزىدە كۆرۈنۈپ، بەزىدە كۆرۈنمەيتتى. ئۇلاردىن ئون قەدەم ئارقىدا بەستلىك، بەردەم بىر يىگىت ئەگىشىپ كۆزىتىپ كېلىۋاتاتتى. يىگىت بۇ ئىككى مەستنىڭ ئالتاغىل دەسسەپ، بىر ـ

بىرگە دېيىشىۋاتقان تېتىقسىز گەپلىرىنى خىرە-شىرە ئاڭلاپ مېڭىپ، ئۇلارغا ئېچىنغاندەك بولدى، ئۇلارنىڭ ئۇشبۇ ئاجايىپ ئەييامدا ھېچ نەرسىنى سەزمەي، ئالەمدىن بىخەۋەر، پەرۋاسىز يۈرۈشلىرىگە ئېچىندى. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىپ، بازارمۇبازار تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەتنى، ئىشقنى بىلمەي، دۇنيادا شۇنداق شېرىن تۇيغۇنىڭ بارلىقىنى خىياللىرىغىمۇ كەلتۈرمەي، ھەتتا ئۇنى دەپسەندە قىلىپ، يەنە شۇنداق بەخىرامان يۈرۈشلىرىگە ئېچىندى. شۇ تاپتا ئۇلار ھەتتا دۇنيادا ھېچكىم يىگىتنىڭ كۆڭلىدە مەۋج ئۇرغان تۇيغۇلارنى، ئازابلىق پىغانلارنى بىلمەيتتى. يىگىتنىڭ كۆڭلىدە بۇ تۇيغۇلار بىردىنلا بېسىپ بولماس چۇقانغا، ئەلەم ۋە ئىسيانغا ئايلاندى. بۇ يىگىت خېلىدىن بېرى ھېزىم ھەسەننىڭ ئىزىغا چۈشكەن، ئۇنى پايلاپ يۈرگەن ئوبۇق ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئوبۇقنىڭ ھېزىم ھەسەنگە بولغان ئۆچمەنلىكى، ئاداۋىتى كۈچىيىپ باردى. مۇھەببىتى، ئاشىقى ۋە غۇرۇرى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئىستىكى كۈنسايىن ئۇلغايدى. ئۇ لەيلىنى ئەيىبلىيەلمەيتتى، ئۇنى گۇناھكار دېيىشكە تىلى بارمايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەقىقىي گۇناھكارلار لەيلىنى يولدىن ئازدۇرغان ھېزىم ھەسەن بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى پۇلدارلار ئىدى. ھازىر ئۇنىڭدىن ئۇن قەدەم ئالدىدا كېتىۋاتقان مانا شۇ ئادەم ئۇنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىنى پايمال قىلىپ، ساددا، سەبىي بىر قىزنىڭ تۇرمۇشىنى ئىزىدىن چىقارغانىدى. شۇڭا، بۇ كۈنلەردە

ئوبۇقنىڭ يۇرىكى بەئەينى پىژغىرىم يازكۈنلىرى سازلىق بويىدىكى پىتقلىقتا ئۆكۈزلەرنىڭ ئاچىماق تۇياقلىرىدىن چۇشكەن لاي ئىزلاردەك ئۇيۇل داڭگال بولۇپ قاتقانىدى!...

ئىككى مەست چوڭ يولنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا خوشلىشىپ، ئىككى تەرەپكە قايرىلدى. ھېزىم ھەسەن ئاللىقانداق بىر ناخشىنى غىڭشىپ، قوللىرىنى ئارۋاڭ - سارۋاڭ سالغىنىچە كۇنپىتىشتىكى قاراڭغۇ، ئادەمسىز كوچىغا قاراپ ئىچكىرىلىدى. ئوبۇق ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شەپە چىقارماي، تاپان باستى قىلىپ كوچىغا كىردى. شۇ دەقىقىدە قورقۇش — ئۆلۈم ۋە ھايات ئارىسىدىكى كۆۋرۈككە ئايلانغانىدى. دەقىقىلەرنىڭ دەقىقىسى ئۇنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىدىغان پەيت ئىدى. بۇنداق پەيتلەردە كۈرەشچان ۋە ئىنتىلىشچان ئادەملەرلا تىرىك قېلىشى مۇمكىن. قورقۇنچاقلار بولسا بىر دەمدە ھوشىدىن كېتىدۇ - دە، شۇ ھالەتتە ئامانەتنى تاپشۇرىدۇ. قورقۇش ئىنسان تەبىئىتىنى، ئىرادىسىنى سىنايدىغان، ئۆلچەيدىغان مىزاندۇر...

شۇلارنى ئويلاپ ئوبۇق سەللا ئۆزىنى قولغا ئېلىشقا ئىنتىلىۋىدى، بوشىشىپ كېتىۋاتقان ئىدراكى بىردەمدە چىڭىدى، ۋۇجۇدى يىغىباشتىن كۈچ - قۇدرەتكە تولدى. ئۇ ھېزىم ھەسەننىڭ ئارقىسىدىن تىمتاس قاراڭغۇلۇق ئىچىگە شۇڭغۇدى...

ھېزىم ھەسەن بېشىغا ئېغىر بىرنەرسە زەرب بىلەن ئۇرۇلغاندەك «ۋاھ» دەپ ئىڭراپ كەتتى، كېيىن كۆزلىرى ئۆلگەن بوزاقنىڭ كۆزلىرىدەك چەكچىيىپ قالدى.

ھېزىم ھەسەن ھوشىنى يوقاتقانىدى. ئوبۇق ئۇنى تاغارچىلاپ يەلكىسىگە ئارتتى ۋە قاراڭغۇ كوچىنىڭ دوقمۇشىغا ئاچىقىپ، بىردەم ئەتراپىنى كۆزەتكەندىن كېيىن، چوڭ يولنىڭ بىر چېتىدىكى ئاغزى ئوچۇق قالغان يەر ئاستى تۇرۇبا يولىغا چۈشۈرۈۋەتتى...

ئوبۇق شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىپ قويغانلىقىنىڭ پەھمىگە يەتمەيتتى، پەقەت يۈرىكىدە يېقىندىن بۇيان توپلىنىپ قالغان زەردابىنى چىقىرىۋالغانلىقىدىن خۇشال ئىدى!

※ ※

ھېزىم ھەسەننى ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، تازىلىق ئىشچىلىرى تۇرۇبا يولىدىن چالا ئۆلۈك ھالەتتە تارتىپ چىقتى. شۇ چاغدىمۇ ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن ھاراق پۇراپ تۇراتتى. كىشىلەر ئۇنى «مەستلىكتە تۇرۇبا يولىغا چۈشۈپ كېتىپ يارىلىنىپتۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىشتى. ئۇ ھازىر دوختۇرخانىدا ياتىدۇ. تېخىچە ھوشىغا كەلگىنى يوق. دوختۇرلار: «مېڭىسى قاتتىق سىلكىنىپ كېتىپتۇ، ھوشىغا كەلسىمۇ، بىر مەزگىل خاتىرىسىنى يوقىتىشى مۇمكىن» دەپ دىياگنوز قويۇشتى.

بۇ خەۋەر بىردەمدە شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالدى. غۇلام مۇدىر ئاڭلاپ ئېچىندى. ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر رىقابەتچىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ئېچىندى. ئەگەر بۇ رىقابەتچىسى ھەمىشە يېنىدا بولغان بولسا، ئۇ

ئۆزىنى دائىم ئويغاق، زېھنى ئۆتكۈر ۋە ئىرادىلىك سېزەتتى، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالاتتى، ئەقىل ئۆگىنەتتى، كۈچ توپلايتتى. «ھەتتىگىنەي!...— دەپ كۆڭلى يېرىم ھالدا ھەسرەتلەندى ئۇ،— ئۆزۈڭنى چاغلىماي ئېگىز ئۇچماقچى بولدۇڭ، چۈمۈلە قانات چىقارسا ئۆلۈمى يېقىن، دېگەن گەپ بار ئىدى، ئەمدى بۇنى كىمدىن كۆرىسەن؟!»

بۇ خەۋەر چوڭقامغا يەتكەندە، ئۇ كۆڭلى يېرىم بولغاندەك، ئەپسۇسلانغاندەك قىياپەتتە: «ياخشى كادىر ئىدى، ئۆستۈرۈش نىشانىمىز ئىدى. بار ئامال بىلەن داۋالاپ ساقايتىڭلار!..» دېگەن بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدە خۇشال بولدى، گويا يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر بىر تەۋقى ـ لەنەت تېشى يۇلۇپ تاشلانغاندەك، جىسمىغا چاپلىشىۋالغان ناجىنس بىر رودۇپاي تۇيۇقسىز غايىب بولغاندەك... ئۆزىنى يېنىك، ئازادە سەزدى. قانداقتۇر بىرنەرسىلەرنى ئوقۇپ ـ ئۇرۇپ، ئۇنىڭ ھوشىغا كەلمەسلىكىنى تىلىدى. ئۇ ۋاقىت دېگەن بۇ نەرسىنىڭ ھەم ئۇلۇغ، ھەم شەپقەتسىزلىكىنى بىلەتتى. چۈنكى، دۇنيادىكى جىمى مەۋجۇدات ۋاقىتنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولىدۇ، ۋاقىت — ئادەمنى بۇ دۇنياغا ھەشەم ـ دەرەم بىلەن ئاپىرىدە قىلىدۇ، يەنە شۇ ۋاقىت ئادەمنى بۇ دۇنيادىن قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن ئەكېتىدۇ! ھېزىم ھەسەننى كىممۇ ساقىيىدۇ ياكى ئۆلىدۇ دېيەلەيدۇ؟ ساقايسىمۇ ۋاقىت كېتىدۇ، ئۆلسىمۇ ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇنىڭغىچە نېمە ئىشلار بولمايدۇ، بۇ ئالەمدە!؟...

# 30

تەشۋىش ئۈستىگە تەشۋىش!...

خۇددى يوغان كېمىلەرنى كۆتۈرگەن دەريا مىسقال تۆمۈرنى كۆتۈرەلمىگەندەك زاھىر ھاجىنىڭ ھاياتىدا يەنە تەشۋىشلىك كۈنلەر باشلاندى. ھايات ئۈچقۇنلىرى ئۇنىڭ تېنىدە ئارانلا پىلدىرلاپ قالغانىدى، ھەممە ئىش گويا قاباھەتلىك چۈشكە ئوخشايتتى.

چوڭ ئوغلىنىڭ قولغا ئېلىنىشى، كىچىك ئوغلىنىڭ بۇ ئائىلىدە يات ئادەمدەك پەرۋاسىز يۈرۈشى، كېلىنلىرىنىڭ شۇنچە چوڭ ھويلىغا پاتماي، بىر ـ بىرىنى سەتلەپ، غىتىر ـ غىتىرلىشىپ تۇرۇشى، ئىشەنگەن ئادىمى ئايۇپ ئىمامىنىڭ بىر كېچىدىلا «خوش» دەپمۇ قويماي غايىب بولۇشى، ئۆي چېقىش مۆھلىتىنىڭ كۈنسېرى يېقىنلاپ كېلىشى، ھېلىقى «ئەرز»گە بارماق باسقان بەزى ئادەملەرنىڭ لەۋزىدىن يېنىپ، توختامغا قول قويۇشى قاتارلىق بىرتالاي كۆڭۈلسىز، سەۋدايى ئىشلارنىڭ قاپساپ كېلىشى بىلەن زاھىر ھاجىنىڭ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئىككى قوۋۇزى چۆكۈپ، كۆزلىرى چانىقىدا پىلدىرلاپ قالدى. بۇرۇنقى تېمەن، بەستلىك گەۋدىسىمۇ ئېگىلگەن يادەك غۇچچىدە بولۇپ قالدى. بۇنداق سەۋدالار ئادەمنىڭ ياشلىقىدا ئانچە بىلىنمىسىمۇ، ئەمما قېرىغان ۋاقىتتا باشقا چۈشسە، ئەنە شۇنداق چۆكۈپ، ئېزىلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. «توۋا، قانداق كۈنلەرگە قالدۇق ـ ھە؟! ـــ دەپ ئىچىدە ئۇھسىناتتى

ئۇ، — پىچىقىمىزنىڭ بىسى قايتقان، نە تاشقا ئۆتىدۇ، نە سۇغا!...»

زاھىر ھاجى ئەتىگەندىن كەچكىچە چىرايىنى ئاچماي، ھېچكىمگە گەپ قىلماي، ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە ئۆتۈۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدە بىر ئالەم گەپ ياشايتتى. بۇ گەپلەرگە ئېغىر مۇڭ، ھەسرەت ۋە ئازاب يوشۇرۇنغانىدى. ئۇ كىملەردىندۇر رەنجىيتتى، ئاغرىناتتى، كىملەرنىدۇر سۆكەتتى، قارغايتتى... بىرىدىن رەنجىش، قېيىداش ئاسان، لېكىن ئۆزىدىنچۇ؟!

ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە، ئۆزىگە راۋا كۆرگەننى باشقىلارغا راۋا كۆرمەيدۇ، ئۆزىنىڭمۇ ئۆزى ئەيىبلىگەن ئادەمگە ئوخشاش خام سۈت ئەمگەك بەندە ئىكەنلىكىنى ئويلىمايدۇ، ئادەم ئۆز يۈرىكىنى ئۆزى قولىغا ئالالمىغانغا ئوخشاش، ئارزۇسىغىمۇ ئۆمۈر بويى تەلپۈنۈپ ئۆتىدىغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ. خۇددى بىرى يەلكىسىدە بىر تاغار بۇغداينى كۆتۈرۈپ بىمالال كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭغا قاراپ ھەۋەسلىنىدىيۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ يۈزىگە قونغان، مىسقال كەلمەيدىغان چىۋىننى بىر دەقىقىمۇ كۆتۈرۈپ تۇرالمايدۇ!...

زاھىر ھاجى بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى زادىلا تىنچلىنالمىدى. خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ، كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى مەلۇم — ئۇ ئۆزىنىڭ دەۋرۇدەۋرانلىرىدىن ئايرىلغان، تەرەققىياتنىڭ ھېچقانداق توسۇق بەس كېلەلمەيدىغان شەپقەتسىز ھۇجۇمى قارشىسىدا ئۇ ئۆمرىدە بىرىنچى مەرتەم ئاجىز — ناتىۋان بولۇپ قالغانىدى!

ئۇنىڭ قورۇ - جايىنى ساقلاپ قېلىش ئۇمىدى تېخى ئۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سەگەك، ھېسابلىق كاللىسى ئۇمىد يىپىنىڭ بارغانسېرى ئىنچىكىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. ئەمما، بۈگۈن ناماز ئەسىردىن يېنىپ مەسچىتنىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە چايخانىدا بىرنەچچە چايخور دىلكەشلىرى بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىغان بىر خەۋەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى باشقا بىرتەرەپتىن ئۇمىدلەندۇرۇپ قويدى.

بىر پارچە قوڭۇر كىگىز بىلەن بىر پارچە نىمكەش زىلچا سېلىنغان چايخانا قارىماققا ئاددىي، كۆرۈمسىز بولسىمۇ، ئەمما مېھرى ئىسسىق ئىدى. بۇ يەردە ئەتىگەندىن كەچكىچە چايخور چۆپقەتلەرنىڭ ئايىغى ئۈكسۈمەيتتى. بەزىلەر چاي ئىچكەچ مۇڭدىشىپ، كۆڭۈل سىرلىرىنى تۆكۈشەتتى؛ بەزىلەر دۇتار چېلىپ ناخشا توۋلاپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى؛ بەزىلەر بولسا ئالاھىدە دەملەنگەن خۇش پۇراق چايلارنى ئىچىپ چاي خۇمارلىرىنى بېسىشاتتى... ئىشقىلىپ، تاملىرىنىڭ ھاكلىرى ئۇركۇپ، تورۇسلىرى ئىسلاشقان، كىگىز - گىلەملەرنىڭ مويلىرى چۈشۈپ ياغاقلىشىپ كەتكەن غۇربەت چىراي بۇ يەر ھەممىشە دىلكەشلەرنىڭ يىغىلىپ كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان ئارامگاھى، گەپچىلەرنىڭ پو ئېتىپ، چاقچاقلىشىپ، يېڭى خەۋەرلەرنى تارقىتىدىغان ئۇچۇر مەركىزى ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن بۇ يەردە يەنە بىر تەسەللى بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ، ناخشا! يۈرەكنى سېھىرلەيدىغان، دىلرەبا ناخشىلار! ناخشىنىڭ كۆزگە

www.uyghurkitap.com

كۆرۈنمەس مەيىن دولقۇنلىرى بۇ كۆرۈمسىز چايخانىنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىدىن ھالقىپ، خېلى يىراقلارغا تارقىلاتتى، يۈرەك ـ يۈرەكلەرگە كىرىپ باراتتى!...

زاھىر ھاجى بىرنەچچە ئۈلپەتلىرى بىلەن «خوش ـ خوش»لىشىپ كىرگەندە، چايخانىدا خېلى كۆپ ئادەم بار ئىدى. بۇلۇڭدا ئولتۇرغان ئورۇق، پالكۆز بىرى قارنىغا دەز كەتكەن دۇتارنى سازلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ يېنىدىكى دوغىلاق، خاپان باش بىرى غىجەكنى تەڭشەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇلار بىرھازا سازلىرىنى تەڭشەپ بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۆزئارا جور بولۇپ ساز ـ ناخشىلىرىنى باشلىدى. دۇتار بىلەن غىجەكنىڭ قوشۇلمىسىدىن ئاجايىپ دىلكەش بىر ناۋا ياڭرىماقتا ئىدى.

چۈمچۈق ئۆسۈپ سەمرىسىمۇ غاز بولمايدۇ،
سۇ يۈزىدە مىڭ يۈرسەڭمۇ ئىز بولمايدۇ.

مىڭ يىل ياشاپ يايرىساڭمۇ ئالەم ئارا،
ياشلىقىڭدەك لەززەتكە باي دەم بولمايدۇ.

ياخشىلارنىڭ يۈرىكىدە غەرەز بولماس،
قۇياشنى كۆر، قۇچىقىدا مۇز بولمايدۇ.

مەرد، دانا، سېخىيلەردە پەزىلەت بار،
غەيۋەتچىنىڭ سۆزلىرىدە تۇز بولمايدۇ.

پەرۋىش قىلىپ قىرنى ياش قىلالمايسەن،
مومايغا بېزەك تاقىساڭمۇ قىز بولمايدۇ.

كەل دوستۇم، خىزمەت قىلىپ ئالقىش ئالغىن،
رەھمەت، دېگەن گەپتىن ئۇلۇغ سۆز بولمايدۇ.

ئەمدى ئۇلار سازلىرىنى تېخىمۇ شوخ، ئەركىن پەدىگە يۆتكىدى:

كۇلۇۋەرمەڭ كۇلكىنى،
يىغلىتىدۇ بىر كۇنى.
توشقان تۇتقان تۇلكىنى،
بۆرە يەيدۇ بىر كۇنى.

ئەتراپتىن يېنىك، خۇشال كۇلكە كۆتۈرۈلدى. ئەمما، بۇ كۇلكە زاھىر ھاجىغا ياقمىدى. چۇنكى ئۇ ناخشىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىماسلىققا سالغانىدى. ناخشىچىنىڭ ئاۋازى قۇلاقلىرى ئاستىدىن ئۇشتەك تارتقان شامالدەك چىرقىراپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزلىرى قىلىۋاتقان قىزىق سۆھبەتكە تەسىر يەتكەچكىمىكىن، ئىشقىلىپ، سازچىلارغا يىراقتىن ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— قېنى - قېنى... تاياجى، — دېدى ئۇ كۇلكە بېسىقاندىن كېيىن يېنىدىكى سۆھبەتدىشىغا بويۇنداپ، — ھېلىقى گەپلىرىنى داۋام قىلغايلا، تازا بەلەن يېرىگە كېلىۋىدى...

«تاياجى» دەپ ئاتالغان كۆتمەك ساقاللىق، قاشلىرى يېيىلاڭغۇ، چېقىر كۆز ئادەم بېشىدىكى يېشىل مەنپۇ دوپپىسىنى نېرى - بېرى ئىتتىرىپ قويۇپ داۋام قىلدى:

— ھە، شۇ... شۇ... ھېلىقى كوچىدىكى سەلەي

www.uyghurkitap.com

«بىغەم»نىڭ ئۆيىنى چېقىپ كولاۋاتقاندا دېسىلە، ھۆجرا ئۆينىڭ ئاستىدىن بىر ساندۇق نەرسە چىقىپتىكەن، ئۇنى شۇ ھامان ھۆكۈمەت ئەكېتىپتۇ دېسىلە... ئۇنداق نەرسىلەر خانلىقتا تەۋە بولارمىش...— تاياجى بىرپەس تۇرۇۋالدى، كېيىن ئەتراپقا سىرلىق قاراپ قويۇپ، ئاۋازىنى پەسلىتىپ داۋام قىلدى،— مەن دەيمەن، ئۇ ساندۇقتىكى نەرسە ئەزبىرايى خۇدا زىخچە ئالتۇن، ھېچبولمىغاندا نىكولاينىڭ تىللاسى بىلەن يۇەن شىكەينىڭ ئاق تەڭگىسى دېسىلە... نېمىشقا دېگەندە، ئاشۇ ئۆيىنىڭ بۇرۇنقى مەرھۇم ئىگىسى خارجى ئەللەرگە چىققان دۆلەتمەن زەرگەر ئىكەن.

مانا شۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن زاھىر ھاجىنىڭ كۆڭلى تىنچىمىدى، كاللىسىدا پۇتمەس - تۈگىمەس خىياللار بار ئىدى، ئىچىدە ئەھلى رەھمان بىلەن نەپسى شەيتان ئويۇر - تويۇر بولۇپ ئېلىشىۋاتاتتى. بىرى: «بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئاستىدىمۇ ئالتۇن - كۈمۈش بار» دېسە، يەنە بىرى: «ئالتۇن - كۈمۈش دېگەن ھەممە ئۆيىنىڭ ئاستىدىن چىقىۋېرىدىغان ئەسكى داڭگال ئەمەس!» دەيتتى. ئويلا - ئويلا، ئاخىر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قوترىغان ئاچ كۆزلۈك، مال - دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىك غالىب ئورۇنغا چىقتى.

بۇنداق چاغدا ئادەمنىڭ خاتىرىسى كۈچلىنىپ، ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان ئەسلىمىلەر قايتىدىن جانلىنىپ يادىغا كېلىدىغان ئوخشايدۇ. زاھىر ھاجى بۇنىڭدىن يىگىرمە بەش يىل بۇرۇن دادىسىنىڭ سەكراتتا يېتىپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرىنى بىرمۇبىر ئېنىق

ئەسلىدى: «ئوغلۇم، ئادەم بۇ دۇنياغا يالىڭاچ كېلىپ، يالىڭاچ كېتىدىكەن... دۇنيانىڭ نەرسىسى دۇنيادا قالىدىكەن... هازىر زامان بەكمۇ زىل، هەرقانداق ئىش قىلىشتا زامانغا باقمىساڭ بولمايدۇ... قولۇڭنى ئۇزۇن سوزما، قول ئۇزىراپ كەتسە، ئۆمۈر قىسقىراپ كېتىدۇ...»

زاهىر هاجى ئۇ چاغدا بۇ سۆزلەرگە ئانچە ئېرەن قىلمىغانىدى، بۇنى ئادەتتىكى «ئاتا ۋەسىيىتى» قاتارىدا كۆرۈپ ئاڭلاپ قويغانىدى، خالاس! ئەمما هازىر ئويلىسا، بۇ گەپلەرنىڭ تېگىدە گەپ باردەك قىلاتتى: «دۇنيانىڭ نەرسىسى دۇنيادا قالىدىكەن»...

زاهىر هاجى چوڭ بوۋىلىرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تىجارەت ۋە سودىگەرچىلىك بىلەن خېلى چوڭ ئۆتكەن ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. كىم بىلىدۇ، ئۇلار بەلكىم ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى تۇڭگان يېغىلىقى بىلەن 40 ـ يىللاردىكى شېڭ دۇبەننىڭ تالان ـ تاراجى ۋاقتىدا بىساتىدىكى بىر قىسىم ئېرىغ مالنى كۆمۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ دادىسىمۇ گەرچە 1958 ـ يىلىدىكى سودا ـ سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ۋاقتىدا بىر قىسىم پۇل ۋە ماللىرىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىر قىسىم پۇل ـ پۇچەكلىرىنى يوشۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىنغۇ! ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن تولا ھەپىلىشىپ قاقباش ـ تادان بولۇپ كەتكەن بۇ ئادەملەرنى ئۇنداق قىلمايدۇ، دېگىلى بولامدۇ! «بەرھەق شۇنداق!ــ زاهىر هاجىنىڭ ئىشەنچى بارغانسېرى كۈچەيدى،ــ خەزىنە بار يەردە يىلان بار دېيىشىدۇ. ئۆتكەن يىلى هويلىدا پەيدا بولغان ھېلىقى

بىر سويام كېلىدىغان چار يىلان بۇنىڭ دەلىلى ئەمەسما!
مەن بۇ تەۋەررۇك خەزىنىنىڭ يات قوللارغا چۈشۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرسام بولمايدۇ. خەزىنىنىڭ بىردىنبىر ھالال ھەقدارى ئۆزۈم! مەن ئۇنى تېپىپ، قورۇ ـ جاينى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىشىم كېرەك، ئالتۇننى كۆرسە كۆزى قىزارمايدىغان كىم بار؟ مانا بۇ ئەجدادىمنىڭ ماڭا قىلىۋاتقان مەدەتكارلىقى!...»

شۇ خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن زاھىر ھاجى بۈگۈن خۇپتەندىن يېنىپ، ئۆيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ كەتكەن مەھەلدە ئۆزى ياتىدىغان كىچىك مېھمانخانىنىڭ ئاستىنى پەم بىلەن كولاشقا باشلىدى. بۇ مېھمانخانا ئۇنىڭغا بوۋىسى بىلەن دادىسىدىن قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇشۇ مېھمانخانىدا يېتىپ ـ قوپۇپ، مۇشۇ يەردە كۆز يۇمغانىدى...

زاھىر ھاجى ئاۋۋال سىڭار مۇشتى بىلەن داق يەرنىڭ ھەممە يېرىگە ئۇرۇپ چىقتى، قەيەر پوكۇلدىسا شۇ يەرگە گەج بىلەن بەلگە قىلىپ ئاندىن قېزىشقا باشلىدى...

زاھىر ھاجىنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتمىدى، بىرىنچى قېتىم كولاشتىلا ئانچە چوڭقۇر بولمىغان يەردىن بىر ساپال كوزا چىقتى، ئۇ ھاياجانلاندى، خۇشال بولدى، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن كوزىنىڭ ئاغزىنى تەستە ئېچىپ، سىڭار يان قىلىۋىدى، كوزىدىن ئالتۇن ئەمەس، بەلكى «شاررىدە» قىلىپ بىر ئېتەك يىڭنە تۆكۈلدى، يىڭنىلەر چىراغ نۇرىدا پارقىراپ كۆزنى چاقاتتى، زاھىر ھاجى بۇ ئاددىي تەۋەررۇكتىن بىر ئوچۇمنى قولىغا ئېلىپ ئۇزاق تىكىلدى، يىڭنىلەر تېخى ھېلىلا زاۋۇتتىن چىققاندەك يېڭى، پارقىراق ئىدى. بۇ قارىماققا ئاددىي،

كىچىك نەرسە بولغىنى بىلەن، ئۇ زاھىر ھاجىغا بۇ شەھەرنىڭ سودا تارىخىنى، تىجارەت دائىرىسىنى ۋە يەنە بازار ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەندەك بولدى. زاھىر ھاجى ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ تىجارەتنى، سودىنى نېمىدىن باشلىغانلىقىنى — مۇشۇنداق ئاددىي، ئۇششاق نەرسىلەرنىمۇ چېگرا ئاتلاپ ئەكېلىپ، ئىشنى خەلقنىڭ ئەڭ كىچىك ئېھتىياجلىرىدىن باشلىغانلىقىنى چۈشەندى، ئۇلارنىڭ مانا شۇ يىڭنىدەك چىڭ، مۇستەھكەم ئىرادىسىگە، يىڭنىدەك ئۆتكۈر ئەقىل ـ پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

قېزىش، كولاش داۋاملىشىپ، يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا مېھمانخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن يېرىم گەز چوڭلۇقتىكى بىر تۆمۈر ساندۇق چىقتى، ساندۇقنىڭ ئاغزى سىم بىلەن تولغاپ ئېتىۋېتىلگەنىدى. بۇ قېتىم زاھىر ھاجىنىڭ تەر ۋە توپا ـ چاڭ باسقان يۈزىگە كۈلكە ياماشتى، كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى. ئۇ ساندۇقنى ئاۋايلاپ تارتىپ چىقىرىپ ئالدىغا قويدى، دەسلەپ ساندۇق يۈزىنى قوللىرىدا مېھىر بىلەن سىلىدى، ئالىقانلىرىغا ئاز ـ تولا چاڭ ـ غۇبار يۇققاندەك بولدى. «ئالتۇنغا غۇبار يۇقىدۇ، ئەمما يېپىشالمايدۇ» دېدى ئۆزىچە ۋە بۇ دانا پىكىردىن خوشال بولۇپ كەتتى. «ئالتۇنلار — ئادەم پاراغىتى، ئالتۇنلار — دۇنيادىكى ئەڭ ۋاپادار نەرسە! — ھاياجان بىلەن پىچىرلاشقا باشلىدى ئۇ، — بېشىڭغا كۈن كەلگەندە ھەمىشە قولتۇقۇڭغا كىرىدۇ، سېنى ئىسسىتىدۇ، ساڭا كۈچ بېرىدۇ، ھەرگىز شەرت قويمايدۇ، ساداقەتنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق نەمۇنىسى بولۇشى مۇمكىنمۇ!» ئۇ ساندۇقنى دەرھال ئېچىشقا كۆزى

قىيماي، باغرىغا باستى ۋە داۋاملىق ئۆزـ ئۆزىگە شىۋىرلىدى...

مانا، ئۇنىڭ ۋاپادار، سادىق پەرزەنتلىرى ــ ساندۇقتا نۇرلىنىپ ياتقان ئالتۇن ـ كۇمۇش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئوغۇللىرى، قىزلىرى بولىدۇ! ھە، مانا ئۇنىڭغا كۆيۈنىدىغان، كېرەك بولسا مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلىدىغان جىگەر پارىلىرى! دۇنيادا بۇلاردىن ئارتۇق مېھرىبانۇ مۇشپىق تېپىلماس! پۇل ئادەمنىڭ يۈزىنى سارغايتمايدۇ، پۇلنىڭ قەدىمى يەتمەيدىغان يەر يوق!...

زاھىر ھاجى بىردىن دەھشەت ئىچىدە قالدى. ھەيھات!... ئەگەر بىر كۈن ئۆلۈم ئۇنىڭ بېشىغا سايە تاشلىسا... كاتتا مال ـ مۈلۈك، دۇنيادەپىنە... كىمگە قالىدۇ؟! دەھشەتلىك ھەقىقەت قازا قىلىچىدەك ئۇنىڭ بېشىدا تۇراتتى. نە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ بولاتتى، نە كۆز يۇمۇپ!...

زاھىر ھاجى خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىدىن ئۆزى چۆچۈپ كەتتى، نەدىندۇر پەيدا بولغان ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى سۈپكۈچ بىلەن چۆرۈپ تاشلىدى. قىزىق، ئادەم قېرىغانسېرى، كۆزۈڭگە تۇپراق تولىدىغان كۆنلەر يېقىنلاشقانسېرى مال ـ دۇنيا شۇنچە گۈزەل، شۇنچە مەپتۇنكار كۆرۈنىدىكەن ـ دە!

ئۇ ئالتۇن تەمەسىدە پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارقىلىۋاتقان ھاياجانلىق تىترىكىنى ئاران بېسىپ، قەلەمتىراچ بىلەن ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، ئاچتىيۇ، نەپسى ئىمزا تارتقاندەك لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ساندۇقتا ئالتۇن ـ كۇمۇش ياكى ئۈنچە ـ مەرۋايىت ئەمەس، بەلكى شۇ

كۆنلەردە ئىتتىك بازارغا ئاچىقسا، دانىسىنى ئۈچ ـ تۆت موچەندىن ئالىدىغان مىس داچەن بىلەن سېرىق يارماقلار تۆراتتى. يەر ئاستىدا ئۇزاق تۇرغانلىقتىن بولسا كېرەك، بۇ داچەنلەر كۆكىرىپ، داتلىشىپ كەتكەنىدى. داچەننىڭ يۈزىدىكى خەتلەردىن قارىغاندا ئۇ چىيەنلۇڭ دەۋرىدىكى پۇلدەك قىلاتتى.

زاھىر ھاجىنىڭ دەسلەپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، دۇنيا تېپىش ئۈمىدى كۆپۈككە ئايلانغاندەك بولدى. ئەمما، كېيىن بىردىنلا روھلىنىپ، ئۈمىد ـ ئىشەنچى بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچىيىپ كەتتى. مۇشۇ بىر ئۆينىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى قېزىپ، ئانچە كۈچىمەيلا تاپقان بىر مۇنچە داچەن ـ يارماقلار ئۇنىڭ بۇرۇنقى پەرىزىنىڭ توغرىلىقىنى، بۇ ئۆيلەرنىڭ مەلۇم يېرىدە چوقۇم كۆمۈلگەن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىغاندەك قىلاتتى.

زاھىر ھاجى تېخىمۇ غەيرەتكە كەلدى، بايىقى قېزىش ـ كولاش بىلەن ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن پۇت ـ قوللىرىغا قايتىدىن جان كىردى. ئۇنىڭ پۈتۈن ھېس ـ تۇيغۇسى ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىشقى بىلەن سېھىرلەنگەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خىرە ـ شىرە ئۇچۇپ يۈرگەن ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار ئۇنى تەگداشسىز كۈچ ـ قۇدرەت بىلەن جاسارەتكە ئىگە قىلغانىدى.

زاھىر ھاجى ئازراق دېمىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ھويلىغا چىقتى ۋە پۇت ـ قوللىرىنى ئەركىن سوزۇپ ئاسمانغا قارىدى. ھاۋا ساپ ۋە سالقىن ئىدى، قاراڭغۇلۇق قوينىغا پاتقان خىيابان ھويلا شۇنچە تىمتاس، شۇنچە رايىش ئىدى. بۇلۇتلار ئارىسىدىن مارىشىپ تۇرغان

www.uyghurkitap.com

يۇلتۇزلار يىقىنلا يەردە چاقنىغان لەئەل ـ ياقۇتلاردەك گاھ يېنىپ، گاھ ئۆچۈپ تۇراتتى. زاھىر ھاجىنىڭ كۆزلىرى خىرەلىشىپ كەتكەچكە، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. پۈتۈن شەھەر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە سۈكۈتكە چۆمگەندى، ھەممە خامۇش ئۇيقۇدا، ئۇچار قۇشلار چۇرۇقلىمايتتى، گۈل ـ گىياھلارمۇ شىلدىرلىمايتتى، ئەتراپقا كۆڭۈلنى ئەزگۈچى، يۈرەكنى سىققۇچى بىر قاراڭغۇلۇق بىلەن تىمتاسلىق ھۆكۈمران ئىدى! توۋا، كىشىلەر ئېيتىدىغان زاۋال پەيتى دېگىنى شۇمىكىنە!... بۇنداق پەيتتە ئادەم نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلەيدۇ، نۇرغۇن ئەسلىمىلەر خىيالىدىن ئۆتىدۇ. ئارقىدا قالغانلارغا ئەپسۇس ۋە نادامەتلەر بىلەن ئۆزى قىلغان خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەرنى تەكرارلىماسلىقنى، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، غەيرىيلىكتىن، ئاچ كۆزلۈكتىن خالىي ھالال، پاك ياشاشنى ئېيتقۇسى كېلىدۇ! ئەمما، ئۇنىڭ كاللىسىدا يەنە باشقا ئادەملەرگە ئېيتىشقا، چۈشەندۈرۈشكە بولمايدىغان، نۇرغۇن يىل چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپمۇ چۈشەندۈرۈپ بولالمايدىغان ئاللىنېمىلەر قېپقالىدۇ، ئۆز كاللىسىدىن زادىلا سىرتقا چىقىشنى خالىمايدىغان بۇ نەرسىلەر مەڭگۈ ئۇنىڭدىن ئاجرالمايدۇ، ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئادەمنىڭ سىرلىق، مۇرەككەپ بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە!...

زاھىر ھاجى خېلى سەگىدەپ، ھاردۇق چىقىرىپ ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئەمدى ئۇ ئىشنى قەيەردىن باشلاشنى ئويلىدى. مېھمانخانىنى داۋاملىق قىزىۋېرىشكە

بولمايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ھېسابىچە بىرەر نەرسە كۆمۈلگەن دەپ گۇمان قىلىنىشقا بولىدىغان يەرلەر قالمىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئەمدى دىققەت ـ نەزەرىنى مۇشۇ مېھمانخانىنىڭ شەرقىي بۇرجىكىدىكى قازناققا ئاغدۇردى. قازناق كىچىك، قاراڭغۇ ۋە تاشلاندۇق بولغىنى بىلەن، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئەڭ پىنھان، كۆزگە چېلىقمايدىغان بىخەتەر جاي دەپ قارىلاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەقىللىق ئاتا ـ بوۋىلىرى يۈز نەچچە يىلدىن بېرى مۇشۇ مېھمانخانىغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بۇ كىچىككىنە خالىي جاينى ئۆزلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى يوشۇرىدىغان ئەپلىك يەر دەپ تاللىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

زاھىر ھاجى ئۆز قىياسىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنەتتى. چۈنكى، ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى مۇلاھىزە قىلىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك ئادەملەر قاتارىدا سانايتتى.

ئۇ ئىشنى باشلىۋەتتى، ئىشەنچ ئۇنىڭغا غەيرەت ئاتا قىلدى. مال ـ دۇنيا ۋەسۋەسىسى ئۇنى كۈچلۈك، ھارماس ئادەم قىلىپ قويدى. زاھىر ھاجى قازناقنىڭ ئىككى يېرىگە شام ياقتى، قاراڭغۇ، تىنچىق قازناق يورۇدى. ئۇ بىر نەرسىلەرنى كۇسۇرلاپ ئوقۇپ، تۆت تەرىپىگە ئۇردى، ئاندىن قولىغا بىردەم كەكە، بىردەم گۈرجەكنى ئېلىپ، قازناقنى بىر باشتىن قېزىشقا باشلىدى، يۇمشاق، نەمخۇش سېرىق توپا چېلەك بىلەن ئۇدۇللۇق سىرتقا توشۇلۇپ تۇردى. زاھىر ھاجى تەرلەپ، كۆڭلەكلىرى چۆپ ـ چۆپ بولۇپ كەتتى، بەزىدە ھاۋا يېتىشمىگەندەك دېمى كېسىلىپ، ھۆمۈدەپ قالاتتى.

ئەمما شۇ ھالەتتىمۇ ئۇ ئىشنى توختاتمىدى، پەقەت بولالمىغاندا، ئازراق دېمىنى ئېلىۋېلىپ يەنە ئىشلەيتتى، قېزىش چوڭقۇرلاشقانسېرى يەر ئاستىدىن زەي پۇرىقى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. توپىلارنىڭمۇ نەملىكى ئۆرلەپ، قېزىش ئاسانلىشىپ كەتتى. زاھىر ھاجى بۇنى مەقسەتكە يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتى دەپ قاراپ، تېخىمۇ غەيرەت بىلەن كولاشقا باشلىدى...

دەل شۇ پەيتتە — زاھىر ھاجىنىڭ پۇلغا ئامراق، مال - دۇنيا ئالدىدا ھەرقانداق مۇقەددەس نەرسىنىمۇ ئاياغ ئاستى قىلىشتىن يانمايدىغان قارام يۈركى ئالتۇن - كۈمۈش تەمەسىدە تېپچەكلەپ ئۇرۇۋاتقان پەيتتە — كۈتۈلمىگەن پاجىئە يۈز بەردى: قارا تۈن قوينىدا نېمىدۇر بوغۇق گۈرۈلدەپ، يەر قەرىدىن ۋەھىمىلىك، ئەنسىز بىر گۈمبۈرلەش كۆتۈرۈلگەندەك بولدى. قورقۇپ كەتكەن زاھىر ھاجى دەلدۈگۈنۈپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى، ئەمما ئىشىككە بارا - بارماي، بېشى ئۈستىدە نېمىدۇر غاراسلاپ، توپا بىلەن خىش پارچىلىرى تۆكۈلدى. تەكچىدە خىرە يېنىپ تۇرغان شام لىپىلداپ چايقالدى. زاھىر ھاجىنىڭ نەزەرىدە تاملار تەۋرىگەندەك بولدى، تورۇسنىڭ لىم، جەگىلىرىمۇ قاراسلاپ كەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، تورۇسنىڭ بىرنەچچە يېرىدىن چوڭقۇر دەز كەتكىنىنى كۆردىيۇ، ئاغزىنى ئېچىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن ياغاچ ۋە توپا كېسەكلەر بىلەن بىللە ئالدىقاندىكى بىر چوڭقۇرلۇققا غۇلاپ كەتتى. ئۇنىڭ جان ھەلقۇمىغا كەلگەندە ئىختىيارسىز ۋارقىرىغان بوغۇق ئاۋازىنى قارا گۆردەك

قازناق ئۆز قەرىگە يۇتۇپ كەتتى. ئۇنىڭ جىسمى ھاۋادا سايىدەك ئاستا ئۈزۈپ بېرىپ، تۇۋسىز قاراڭغۇلۇقتا گويا ئېرىپ كەتكەندەك غايىب بولدى. ئەزىرايى، ھاجىم گويا گۇناھىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇياتتا يۈزىنى تۇپراق ئاستىغا يوشۇرغاندەك بىر ئىش بولدى!...

بۇ كۈتۈلمىگەن پاجىئەدىن ئۆيدىكىلەر ئەتىسى ئەتىگەن تاڭ سەھەردە خەۋەر تاپتى. بۇ ئىش ھەممەيلەننى چۆچۈتۈپ، قوشنا ـ قولۇملارنى ئۆرتۆپە قىلىۋەتتى. قازناق يۇتۇنلەي گۇمۇرۇلگەن، مېھمانخانىنىڭ قازناققا ياندىشى تاملىرىمۇ ئۆرۈلگەنىدى.

بىرمۇنچە كىشىلەر چۇشكىچە چالما ـ كېسەكلەر بىلەن ھەپىلىشىپ، زاھىر ھاجىنىڭ تاش ـ تۇپراققا كۆمۈلۈپ كەتكەن غېرىب جەسىتىنى ئاران تارتىپ چىقىشتى. بۇ شۇم خەۋەر بىردەمدە كوچا ـ مەھەللىلەرنى جۇت ـ شۇۋىرغاندەك كېزىپ، شەھەرنىڭ يېرىمىغا تارقىلىپ بولدى. ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلار بۇ قەدىم جاينىڭ ئازادە ھويلىسىغا يىغىلىپ ھازا ئېچىشتى، مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك يىغا ـ زار يۈرەكلەرنى ئېزەتتى.

ئابدۇش دادىسىنىڭ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن جەسىتى ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، پاناھىدىن ئايرىلغان بوتىلاقتەك بوزلاپ، ئېچىنىشلىق يىغلىدى. يىغىدىن ئۇنىڭ لەۋلىرى كۆبجۈپ، كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. مويسىپىت تۇغقانلار ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ، تەسەللى بەردى:

ــ بولدى قىل، بالام! ئورنۇڭدىن تۇر، ئۆلۈكنىڭ بەدىنىگە گۈل چۈشسە گۈرزە ئۇرغاندەك بولىدۇ،

www.uyghurkitap.com

خۇدانىڭ قەھرى كېلىدۇ، بولدى قىل، سەۋر قىل!...

شۇ كۈنى چوڭاخۇنمۇ تۈرمىدىن چىقتى، دادىسىنىڭ ئۆلۈمى تۈپەيلى غۇلام مۇدىر ئارىغا چۈشكەچكە، ئۇنى قويۇپ بەرگەندى.

چوڭاخۇن بوسۇغا ئاتلاپلا تۇرۇپ قالدى. ھەممە نەرسە رەتسىز، چېچىلىپ يېتىپتۇ، خۇددى بوسۇغا ئاستىدىن يىلان چىقىپ كۆچۈپ كەتكەن ھويلىدەك قۇتسىز، ئىشىكلەر سەللا شامال تەگسە مۇڭلۇق غىچىرلايدۇ... ئۇنىڭ بالىلىقى مېھىر تاپقان جايلار، دەسلەپكى ھاياجان، دەسلەپكى خۇشاللىقلار... نەدە قالدى ئۇ تەشۋىش، غەم ـ قايغۇ ۋە شاد ـ خۇراملىقلار بىلەن قايناپ ـ تاشقان كاتتا ئائىلە؟!...

چوڭاخۇن بەكلا جىمغۇر ۋە خاپىغان بولۇپ كەتكەنىدى. خورلۇق ئىچىدە ئۆتكەن يىگىرمە نەچچە كۈنلۈك تۈرمە ھاياتى ئۇنىڭ خۇيى ـ پەيلىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. ئابدۇش ئاكىسى بىلەن سالاملىشىپ، ئۇنىڭ قويۇق ساقال باسقان يۈزى بىلەن ھارغىن كۆزلىرىگە تىكىلدى، تىكىلدىيۇ، يۈرىكى شۈركۈنۈپ كەتتى، ئاكىسىنىڭ كۆزىدە نە ئەلەم، نە ياش يوق، نىگاھى مۇزلاپ قالغانغا ئوخشايتتى.

چوڭاخۇن ھازىرغىچە ئۆز قىلمىشىنى تونۇپ يەتمىدى، تۈرمىدىكى سوئال ـ سوراقلارغىمۇ گۆشىيىپ ئۈندىمىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەرنى زىندانغا سالساڭمۇ، ئۆكۈزگە ئوخشاش بويىنىنى ئەگمەيدۇ!

ھويلىغا توپلانغان كىشىلەر ئۆزئارا پىچىرلىشىپ، بۇ تۇيۇقسىز پاجىئەنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتمەكچى

بولۇشاتتى. جەسەتنى تېپىشقا قاتناشقان بىرى مۇنداق چۈشەنچە بەردى:

— قازناقنىڭ تېگى ھاڭدەك لەخمە ئىكەن ئەمەسما! بىز ئاشۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا كولىغان لەخمىلەر! ئۇنىڭغا ئەۋرەزنىڭ يۇندىسى بىلەن يامغۇر سۇلىرى سىڭىۋېرىپ زەيلىشىپ كېتىپتىكەن. زاھىر ھاجىم قازناقتىن بىرنەرسە تاپىمەن دەپ كولاۋەرگەن چېغى، ئاران تۇرغان قازناق گۇمۇرۇلۇپ، ئۇنى سۆرەپ كېتىپتۇ ئەمەسما! بۇ دۇنيادىكى رىزقى شۇنچىلىك ئىكەن رەھمەتلىكنىڭ!...

زاھىر ھاجىنىڭ مېيىتى ناماز ئەسىرگە ئاچىقىلدى. ئۈستىگە يېشىل دۇخاۋا يېپىلغان سۇرلۇك جىنازا بۇ ھەشەمەتلىك قورۇنىڭ دەرۋازىسىدىن لەڭ ئۇرۇپ چىققاندا، قىرىق نەچچە يىللىق مۇرەببىيسىدىن ئايرىلىپ قالغان كۆزى ئاجىز مەزلۇم ھەسرەتكە چىدىماي ھوشىدىن كەتتى. كېلىنلەر بىلەن نەۋرىلەر داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ بوسۇغىدا قالدى.

زاھىر ھاجى ئۇنتۇلماس ئىيۇل ئېيىنىڭ ئون ئىككىسى شانۇ شەۋكەتلەرگە تولغان يەتمىش بىر يىللىق ئۆمرىنى ئەنە شۇنداق پايانىغا يەتكۈزدى!

※ ※

«ئىشىكتىن مۇردا چىقسا، تۈڭلۈكتىن سەۋر كىرىدۇ» دېگەندەك، زاھىر ھاجىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا كۆتۈرۈلگەن نالە ـ پەريادلار بىلەن قايغۇ ـ ھەسرەتلەر ئاستا ـ ئاستا

بىسىقتى. ئۇنى يەرلىكگە قويغانىنىڭ يەتتىنچى كۈنى بۇ تەۋەررۇك قەدىم جايىنىڭ ھويلىسىغا داش قازان ئېسىلدى، كالا سويۇلۇپ، مەرھۇمنىڭ يەتتە نەزىرىسى بېرىلدى.

تۇرمۇش يەنە ئۆز ئىزىغا چۈشتى. ئابدۇش ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ بېشى — ئاپپاق بۇلۇتلار بەئەينى سۈت كۆپۈكىدەك كۆجۈم ـ كۆجۈم بولۇپ شەھەر ئۈستىدىن لەرزان ئۈزۈپ كېتىۋاتقان، قۇياش يېلىنجاپ شەھەرنىڭ توپا ـ چاڭلىق يوللىرىنى قىزدۇرۇۋەتكەن سەرەتان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئانىسى، ئايالى ۋە بەش ياشلىق قىزىنى ئېلىپ تاختا كۆۋرۈكتىكى يېڭى مەھەللىنىڭ داچا ئۆيىگە كۆچۈپ چىقتى. چوڭخۇن بولسا ئۇ يەرگە چىقىشنى خالىمىدى. خىجىللىقتىنمۇ، قېيىداشتىنمۇ ياكى غورۇرى يول قويمىغانلىقتىنمۇ، ئىشقىلىپ، بىر ئاخشىمى ئۇن ـ تىنسىزلا بالا ـ چاقىلىرى بىلەن يۈك ـ تاقلىرىنى بىر ھارۋىغا بېسىپ، شەھەرنىڭ ئىچكىرىسىدىكى قات ـ قات كوچىلارنىڭ بىرىگە سىڭىپ كەتتى...

شۇ ئىشلاردىن ھەپتە ئۆتۈپ، بۇ قەدىمىي كونا كوچىغا قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ تىراكتورلىرى، كىرانلىرى شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تۆمۈر تاپانلىرى بىلەن پولات پەنجىلىرى چوقچىيىپ ياتقان يەر ـ باغرىنى تىلغاپ، قۇدرەتلىك نەرە تارتىپ، جىمىپ قالغان غېرىب، خاموش مەھەللىنى قايتا ئويغاتتى.

يولنىڭ چېتىدە قاراپ تۇرغان بىرنەچچەيلەن بۇ مالامەتلەرگە يۈرىكى ئېزىلىپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى



www.uyghurkitap.com

يېرىم، دىلى پەرىشان ئىدى. يۈرىكىدىن ھەسرەتلىك بىر پىغان كۆتۈرۈلەتتى: «ئاھ، قەدىناس كونا كوچام! كونا بولساڭمۇ رىشتىڭ چوڭقۇر ئىدى. مانا ئەمدى بىزنىڭ تەقدىرىمىز بىلەن تەقدىرداش بولغان سۆيۈملۈك نامىڭدىن بۇ دۇنيادا نىشانمۇ قالمايدىغان بولدى. ئادەمنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسى ئېچىلىپ، دىل ـ بەھرى يايرايدىغان جايلار تۈگىدى...»

ئىنسان بالىسى تۇغۇلۇشىدىنلا قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن گۈزەل، مۆتىۋەر ناملارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ كەتمەيدۇ. مۇبادا، بۇنداق ناملار تۇيۇقسىز غايىب بولسا، بۇ گويا ئۇلار ئۇچۇن بەئەينى جېنىدىن ئەلا بىلىپ سۆيگەن جانانىدىن تۇيۇقسىز جۇدا بولغانغا ئوخشاش بەكمۇ ئازابلىق، ئۇنتۇلغۇسىز ئىش بولىدۇ. گەرچە بۇ كونا كوچىنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلۇپ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن بىرەر بەلگە ـ نىشان قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ روھى، گۈزەل نامى تارىخ بەتلىرى بىلەن كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ياشاپ قالىدۇ!...

دەل شۇ پەيتتە، يېڭى مەھەللىنىڭ گۈللۈكلىرى ئارىسىدىن تار ئاسفالت يولدا سەيلە قىلىپ كېتىۋاتقان ئابدۇشنىڭ قەلبىدە باشقىچە ئۇچقۇر خىياللار كېزەتتى: «مانا، بۇ ھاۋالىق، ئازادە يەردە بارا ـ بارا مەھەللىلەر شەكىللىنىۋاتىدۇ، ئادەملەر كۆپەيسە، مەھەللە ئەمەس، ھەتتا كىچىك شەھەرچە پەيدا بولۇشى مۇمكىن. يەنە ئون يىل، يىگىرمە يىل ئۆتسە، بۇ مەھەللىلەرمۇ قەدىناس، تەۋەررۈك جايلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ... ئادەم دېگەن

شۇنداق نەرسە، قەيەرگە بارسا شۇ يەردە ياشناپ يىلتىز تارتىپ كېتىدۇ! چۈمۈلە جېنىدا ئەيىبىم بىلمىنىڭ ئىنچىكىلىكى، بولمىسا مەككە ـ مەدىنەڭنى سۆرەپ كېلەتتىم، دەپتىكەن، بىز ھەر ھالدا چۈمۈلە ئەمەسقۇ، ئىنسانىنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلىدىغان نىمە بار دۇنيادا؟!... ھاياتنىڭ ئۆزى ئىنسانلاردىن ھەر كۈنى يېڭى بىر ئىشنى قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا، تۈنۈگۈنكى ئىشنىڭ بۈگۈنگە توغرا كېلىمەسلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۆتكەنكى نەتىجىلىرىمىز ھەرقانچە ئۇلۇغ، شەرەپلىك بولسىمۇ، ئۇ بەرىبىر ئۆتمۈشكە تەۋە، ھەرگىزمۇ كەلگۈسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئادەم بۇ دۇنياغا يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن تۇغۇلغان. شۇڭا، كەلگۈسىنى يەنىلا ئۆزىمىز يارىتىپ، زامانغا لايىق ياشىشىمىز كېرەك. قېرىنىڭ ياشقا، كونىنىڭ يېڭىغا، بۈگۈننىڭ ئەتىگە ئورۇن بوشىتىشى ئادەملەرنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغان مۇقەررەرلىكقۇ! مانا شۇ مۇقەررەرلىك تۇرمۇشىمىزنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، بىزنى تېخىمۇ گۈزەل مەنزىلگە قاراپ سىلجىتىدۇ. بۇنداق سىلجىش ئەلۋەتتە بەدەلسىز بولمايدۇ. ئەدناسى، دىۋانە بولماقمۇ ئاسان ئەمەسقۇ، پاقالچاقنى ئىت چىشلەيدىغان گەپ!...»

ئابدۇشنىڭ خىيال كەپتىرى رىشىت پەلەكنىڭ يېڭى مەھەللە ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان ئويۇنچى كەپتەرلىرىگە قوشۇلۇپ، تېخىمۇ ئېگىز، تېخىمۇ يىراقلارغا كەتتى...

# خاتىمە

تارىخ ھەرقانچە ئۇلۇغۋار، سەلتەنەتلىك بولسىمۇ، ئۇ ھامان تارىخ. ئۇ ھەرگىزمۇ بۈگۈننىڭ ۋە ئەتىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

ئۇ بىر ئۆزۈلمەس ئوچۇق ئېكران. شۇڭا، ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەرنىڭمۇ كونىراپ، ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. تارىخ مەڭگۈ داۋام قىلىدىغان تالاش ـ تارتىشتىن ئىبارەت، ئۇ يەنە ھازىر بىلەن ئۆتمۈش ئارىلىقىدىكى توختىماي داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان سىرلىق، شېرىن بىر سۆھبەت. شۇڭا، ئادەم بۇ دۇنياغا تۆرەلگەنىكەن، بۇنداق دىلخۇمار سۆھبەتلەرگە قىزغىن قاتنىشىپ، ئەجدادلار ياراتقان بۈيۈك شانۇ ـ شەۋكەتلەردىن پەخىرلىنىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۆزى ياشىغان، ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ يېڭى بىر سەلتەنەتلىك تارىخىنى يارىتىش ئۈچۈنمۇ ئىنتىلىشى، كۈرەش قىلىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا، تارىخنىڭ مۇقەررەرلىكىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلغان بولىدۇ ۋە ئادەملىك قەدىر ـ قىممىتىنى تاپالايدۇ!

بۈگۈن بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ ئەڭ كونا كوچا ـ مەھەللىلىرىدە بولۇۋاتقان شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك ئۆزگىرىشلەر كىشىلەرنىڭ يېڭى بىر تارىخي سەلتەنەت

يارىتىش، ئۆزلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتىنى زامانىۋى، مەدەنىي تۇستە ئۆزگەرتىش يولىدىكى مۇقەررەر بىر قەدەمدۇر!

تارىخ ھامان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۇ گەرچە ئەينى ئادەم، ئەينى ھادىسىلەر بويىچە قايتا تەكرارلانمىسىمۇ، لېكىن ئۇ يېڭى ئادەم، يېڭى ھادىسىلەر بىلەن ھامان تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، يېڭى تۇستە قەد كۆتۈرگەن بۇ كوچىلاردىن يەنە ئۇلۇغۋار خىياللارغا چۆمۈپ ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر؛ قەلىمىنى شەمشەر ئورنىدا ئوينىتىپ يازغۇچى - شائىرلار؛ مۇقام توۋلاپ، مەشرەپ ئويناپ يېتۈك سەنئەتكارلار؛ ئەل - يۇرت غېمىنى دىلىغا پۈككەن بۈيۈك زاتلار ئۆتىدۇ!

بۇ كوچىلاردىن...

2009 - يىل ماي، قەشقەر.
2010 - يىلى فېۋرال، ئۈرۈمچى.

**图书在版编目（CIP）数据**

老巷：维吾尔文/艾海提·吐尔迪著．－乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2010.10
ISBN 978－7－5371－8784－8

Ⅰ．①老… Ⅱ．①艾… Ⅲ．①长篇小说－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．①Ⅰ247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2010）第 188451 号

责任编辑：**阿布力孜·克尤木**
责任校对：**阿布力孜·阿巴斯**
**依巴达提·亚森**
封面设计：**阿里甫·夏**

**老 巷**（维吾尔文）
（长篇小说）
**艾海提·吐尔迪 著**

---

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷 1 号　邮编：830049）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230 毫米　32 开本　12.125 印张
2010 年 10 月第 1 版　2010 年 10 月第 1 次印刷
印数：1—3000

---

ISBN 978－7－5371－8784－8　定价：32.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换